国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION
دۆلەتنىڭ نەشر فوندى تۈرى

غەيرەتجان ئوسمان

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (22)

# قەشقەر كىلاسسىك ئەدەبىياتى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (22) قەشقەر كىلاسسىك ئەدەبىياتى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ۋاڭ ياڭ



ISBN 978-7-5373-2756-5

（民文）定价：38.00元

دۆلەت نەشرىياتچىلىق فوندىنىڭ ياردەم
مەبلىغىگە ئېرىشكەن ئەسەر

国家出版基金资助项目

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

غەيرەتجان ئوسمان

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (22)

# قەشقەر
# كىلاسسىك ئەدەبىياتى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئارزۇگۈل سىدىق
مەسئۇل كوررېكتورى: بەختىيار ئابلىمىت

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (22)

# قەشقەر كىلاسسىك ئەدەبىياتى

ئاپتورى: غەيرەتجان ئوسمان

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14- قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880 مم 1/32
باسما تاۋىقى: 12.375 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2012 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى
2012 - يىلى 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 3000 — 1

---

ISBN 978 — 7 — 5373 — 2756 — 5
باھاسى: 38.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927 — 0998

# «قەشقەر» مەجمۇئەسنى تۈزۈش ھەيئىتى

باش پىلانلىغۇچى: ئىسمائىل تىلىۋالدى

مۇدىرلار: لىۇ چاڭمىڭ
مجىت قادىر

مۇئاۋىن مۇدىرلار: جاڭ شىنتەي
گۈلشەن تۇراخۇن
ئىمىن ئەھمەدى
جاۋ شىنيۇ
مۇتەللىپ توختى

ھەيئەتلەر: ئابدۇكېرىم رەھمان
ئادىل مۇھەممەت
نىي گۋاڭيۇ
كېرىمجان ئابدۇرېھىم
ئابلاجان سىيىت
ئەركىن ئەمەت

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

# 《喀什噶尔》系列丛书编委会

总策划：司马义·铁力瓦尔地

主　任：刘长明

米吉提·卡德尔

副主任：张新泰

古力先·吐拉洪

依明·艾合买提

赵新尉

木太力甫·托合提

委　员：阿布都克力木·热合曼

阿迪力·穆罕默德

聂光玉

克力木江·阿布都热依木

阿布拉江·色依提

艾尔肯·艾麦提

主　编：阿迪力·穆罕默德

www.uyghurkitap.com

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

# كىرىش سۆز

قەشقەر ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. قەشقەر ۋىلايىتىگە 12 ناھىيە (شەھەر) تەۋە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 137 مىڭ 600 كىۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 3 مىليون 690 مىڭدىن كۆپرەك.

قەشقەر قەدىمدىن تارتىپ ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلىپ كەلگەن. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجۇ 2 - يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى) خەن سۇلالىسى شىنجاڭدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر رايونى غەربىي يۇرتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ۋەتىنىمىزنىڭ خەرىتىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەن. 15 - ئەسىردە دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى قەشقەر ئىزچىل تۇردە قەدىمىي «يىپەك يولى» دىكى قاتناش تۈگۈنى سۈپىتىدە، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغاندى.

قەشقەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي كىلاسسىك مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ بۆشۈكى. قەشقەردە بارلىققا كەلگەن «سۈلى نەغمىلىرى» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ، ئېلىمىزنىڭ نەغمە ۋە ئۇسسۇلىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن: «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «تارىخى رەشىدىي»، «ئون ئىككى مۇقام» قاتارلىق ئۆلمەس مەدەنىيەت - سەنئەت

جەۋھەرلىرى دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقاندى. قەشقەرنىڭ شارائىتى ئەۋزەل، بايلىقى مول، ئۆزگىچە يەرلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىككە ئىگە، «مېۋە - چېۋە ماكانى» ۋە «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن ئېسىل نامى بار. قەشقەر ئۆزىنىڭ مول ۋە كۆپ قاتلاملىق، يەرلىك ۋە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە تارىخى، مەدەنىيەت ئاساسى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشىگە سىمۋول بولۇپ قالغانىدى. «قەشقەرگە بارمىسىڭىز شىنجاڭغا بارغان بولمايسىز» دېگەن سۆز دەل مۇشۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ سۆز قەشقەرنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر تەلپۈنىدىغان سىرلىق بىر جايغا ئايلاندۇرغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، پۇختا ۋە ساغلام بولغان، ھاياتىي كۈچكە تولغان سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى بەرپا قىلدى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 30 يىلدىن بۇيان قەشقەرنىڭ قىياپىتىدە مەملىكىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ھازىر قەشقەر مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ۋىلايەت دەرىجىلىك تاۋار پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى؛ ئاشلىق جەھەتتە ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولدى؛ نېفىت، توقۇمىچىلىق، ئېلېكتىر، خىمىيە سانائىتى، كۆمۈر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلىدىغان سانائەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى؛ مول ۋە رەڭدار ساياھەت بايلىقى، چاقناپ تۇرىدىغان پارلاق تارىخي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ھەيۋەتلىك تەبىئىي مەنزىرىلەر ۋە

ئۆزگىچىلىككە ئىگە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى قەشقەرنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇتۇپ، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان قايناق زېمىنغا ئايلاندۇردى؛ قەشقەردە سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيەت مۇقىم، ئىقتىساد راۋاجلانغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغان، ئىشىك سىرتقا يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلگەن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. دۆلەتنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشى قەشقەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مىسلىسىز ياخشى تارىخىي پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. مەن قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىك بىلەن بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەشقەردە كەڭ ئېچىۋېتىش، كەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ۋە جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق قەشقەردىن ئىبارەت «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت» نى تېخىمۇ جۇلالاندۇرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى قەشقەرنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ يەنە بىر مول مېۋىسى بولۇپ، بۇ مەجمۇئەدە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق، دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا قەشقەرنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەسى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارىخى، مەدەنىيەت ـ سەنئىتى، سىياسىي ـ ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللار ئوبيېكتىپ ۋە چىنلىق بىلەن بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ بۇ مەجمۇئەدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ سوتسىيالىستىك يېڭى

قەشقەر قۇرۇپ چىققانلىقىدەك شانلىق تارىخى نۇقتىلىق بايان قىلىنىغان. بۇ مەجمۇئەنىڭ مەزمۇنى مول، ماتېرىياللىرى ئەينەن، سان - سىپىرلار توغرا بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ يەرلىك ئەھۋالىنى سىستېمىلىق ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، قەشقەرنى چۈشىنىش ۋە قەشقەرنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان، بىرقەدەر يۇقىرى ئىلمىي ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە «قامۇس» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەن كۆپچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ قەشقەرنىڭ يەرلىك تەزكىرە — قامۇسى ھېسابلانغان بۇ مەجمۇئەنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ۋە ئىلھام ئېلىپ، شۇ ئارقىلىق يەرلىك تەزكىرىنىڭ «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش، تارىخنى ساقلاش، خەلقنى تەربىيەلەش» تىن ئىبارەت ئىجتىمائىي رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

(imza)

(مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

2009 - يىل 1 - يانۋار، بېيجىڭ

# نەشرىياتتىن

«‹يىپەك يولى› دىكى مەرۋايىت» دەپ نام ئالغان قەشقەرنىڭ تارىخى ئۇزاق، مەدەنىيىتى مول ھەم رەڭگارەڭ بولۇپ، ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن داڭ چىقارغان. قەشقەر بوستانلىقى ئۇيغۇر مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى ھەم ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا قەدىمكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۈزۈكسىز جۇغلانغان، ئىزچىللاشقان ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، تەرەققىي قىلىپ كەلگەن جاي.

قەشقەرنىڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق، تولۇق تونۇشتۇرۇش نۆۋەتتە شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى مۇھىم، تەخىرسىز خىزمەت بولۇپ، نەشرىياتىمىز نەشىر قىلماقچى بولغان «قەشقەر» مەجمۇئەسى مۇشۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان، قەشقەرنىڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدىغان مەجمۇئە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى جەمئىي 30 كىتاب بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، مەدەنىيىتى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيەسى، ئېكسپېدىتسىيەسى، قەدىمكى ئەسەرلىرى، مائارىپى، سەنئىتى، فولكلور مەدەنىيىتى، مىللەتلەر، دىن، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى، قاتنىشى، ساياھەتچىلىكى، يەر ناملىرى، ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقى، تەبىئىي بايلىقلىرى، كىلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئەدىبلىرى، ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتى، مەشھۇر شەخسلەر، چوڭ ئىشلار خاتىرىسى، ئىلمىي مەنبەلىرىدىكى

قەشقەر ۋە چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى قەشقەر قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن مەجمۇئەدىن قەشقەرنىڭ ئۆتمۈشى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ۋە قەشقەرنىڭ كەلگۈسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە پىلانلىشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى باشلىقلىرىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى، بىر تۈركۈم ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا چىققان ئەل رايى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ قەشقەرنى دۆلەت ئىچى - سىرتىغا تەشۋىق قىلىدىغان، قەشقەرنى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، «شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى»دىكى نۇقتىلىق تۈردۇر.

بىز بۇ مەجمۇئەنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن «قەشقەر» مەجمۇئەسىنى تۈزۈش ھەيئىتىدىكى رەھبەرلەرگە، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە ئاپتورلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

2010 - يىل 1 - ئاپرېل، قەشقەر

www.uyghurkitap.com

# ئاپتوردىن

قەشقەر (كاشغەر) قەدىمىي پۇراق ۋە چوڭقۇر مەنىگە ئىگە، مەنزىرىسى گۈزەل، تارىخى ئۇزاق، مەدەنىيىتى ئۆزگىچە، ماددىي ۋە مەنىۋى ئالاقىلىرى راۋان، ئىگىلىكى راۋاج تاپقان، يېزىلىرى كۆجۈم، يايلاقلىرى كۆركەم، رەستە- بازارلىرى ئاۋات، خاسىيەتلىكلىكى، تەۋەررۇكلۇكلۇكى بىلەن تارىخ بەتلىرىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن، داڭقى تەرەپ - تەرەپكە تارالغان مۇقەددەس جاي. قەشقەر يەنە غەربىي يۇرت، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ مەشھۇر جايلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. «قەشقەر» دېگەن نامنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىسا ئۇنىڭ نەقەدەر گۈزەل ۋە چىرايلىق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتكىلى بولىدۇ. قەشقەر زامان- زامانلاردىن بۇيان ئەقلى ئويغاق سانسىزلىغان ئىنسانلارنى تەلپۈندۈرگەن، سۆيۈندۈرگەن، ئىپتىخارلاندۇرغان، سېھىرلىك ھېسسىياتقا كەلتۈرگەن، تارىخچى - تەزكىرىچىلەر، يازغۇچىلار كىتابلارغا پۈتكەن، شائىرلار بەس - بەستە نەزمىگە قاتقان ئورۇن. ئۇنىڭ باغباراڭلىرى، ئېكىنزارلىق - توقايلىقلىرىدىن، ئوتلاق، كۆل - دەريا بويلىرىدىن بىر خىل پۇراق چىقىپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمىي كوچا- رەستە ۋە مەھەللىلەردىن، دۆڭ- يارلىقلاردىكى قەۋەت - قەۋەت كونا پاسوندىكى ئۆيلەردىن، قۇملۇق ۋە سازلىقلاردىكى شېغىللىق ۋە توپىلىق يەرلەردىكى چىغىر يوللاردىن چىقىۋاتقان پۇراقلار كىشىنى ئىنتايىن ھاياجانلاندۇرىدۇ ۋە مەستخۇش قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قەشقەرنىڭ گۈزەللىكىنى بۇ زېمىندىكى كىشىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

گۆزەللىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ قولى ئەپچىل، ئىشچان، ئەمگەك سۆيەر، زىھنى ئۆچۈق، زىرەك، پاراسەتلىك، ئىلىمگە ھېرىسمەن، ئالىملارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئىجادچانلىقتا، كەشپىياتقا ھېرىسمەن، ھۈنەر - سەنئەت، تىجارەتكە ماھىر، ئادىمىيلىك پەزىلىتى يۇقىرى، ئېجىل - ئىناق، مەرد، سېخىي، ئومۇمىيەتچىلىكى كۈچلۈك بولۇپ، بۇ جەھەتتىن شىنجاڭلىقلارنى پەخىرلەندۈردۇ ۋە ئىپتىخارلاندۇردۇ.

قەشقەر تارىختىن بۇيان كۆپلىگەن مەشھۇر ئەدىبلەرنى، شائىر -يازغۇچىلارنى يېتىشتۇرۇپ چىققان ئىلىم – مەرىپەت بۆشۈكى. سان - ساناقسىز ئەدەبىي ئەسەرلەرگە تۇرمۇش مەنبەسى بولغان سېھىرلىك زېمىن. بۇ يەردە يەرلىك پۇراق ۋە مىللىي خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەر ھەم ئالەمشۇمۇل خاراكتېرگە ئىگە، دۇنياۋى مەزمۇنغا باي ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. ئۇلاردا پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەنىۋىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بەدىئىي ۋە تىپىك پېرسوناژلار يارىتىلغان. بۇنداق بەدىئىي ئەسەرلەر ۋە بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن كەڭ شىنجاڭ خەلقى ئۆزىنىڭ پاك ۋە غۇبارسىز قەلبىنى، چىدام ۋە غەيرەتلىك قىياپىتىنى، يالقۇنلۇق ۋە ئۈمىدۋارلىققا تولغان ئارزۇسى ۋە ئىرادىسىنى قايتىدىن كۆرەلىگەن ھەمدە ھېس قىلىپ يېتەلىگەن. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇلارنىڭ ھاياتى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئومۇمىي مىللىي كەيپىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

«قەشقەرنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتى» ناملىق بۇ كىتابتا قەشقەرنىڭ مىڭ نەچچە يۈز يىللىق ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى قىسقىچە تەسۋىرلىنىپ، كىشىلەرگە قەشقەرنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى توغرۇلۇق چۈشەنچە بېرىپ ئۆتۈلدى، چوڭقۇر رېئاللىزملىق ۋە باي خەلقچىللىققا، قويۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك روھقا تويۇنغان ئەدەبىياتنىڭ ئىلغار مەزمۇنلىرى بايان قىلىندى، نۇرغۇن

ئۇقۇملار شەرھلەندى، كۆپلىگەن بىلىملەر تونۇشتۇرۇلدى. كىتابنىڭ سەھىپە ئېتىبارى بىلەن يەنە بىرمۇنچە مەزمۇنلارنى قىسقارتىشقا ياكى قالدۇرۇپ قويۇشقا توغرا كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدىن قەدىمكى قەشقەرنىڭ ئەدىبلىرى ۋە ئەدەبىياتى توغرىسىدا بەلگىلىك چەشەنچىگە كېلىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن پۈرسەت ۋە ئىمكانىيەت يار بەرگۈدەك بولسىلا بۇ ماۋزۇ توغرىسىدا يەنىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئىرادىسى كۆچىيىپ بارىدۇكى، ھەرگىز سۇسلىشىپ كەتمەيدۇ.

قەشقەر ئەدەبىياتى چوڭ بىر ماۋزۇ. ئۇ پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ غوللۇق قىسمى. بۇ خىل ئەھۋال قەدىمدە شۇنداق بولۇپ كەلگەن بولماستىن، بەلكى يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامانلاردىمۇ شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. چۈنكى، شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنى ياكى ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەك ئاھالىسىنى قەشقەر ئۇيغۇرلىرى تەشكىل قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قەشقەرلىكلەر ئەدەبىيات ئىشلىرىغا تولىمۇ ھېرىسمەن، قەشقەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا ئىنتايىن قولاي شارائىت، پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرنى بەرگەن. شۇڭا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا ئاددىي ياكى تولۇق چۈشەنچىگە كېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان قەشقەر ئەدەبىياتى توغرىسىدىمۇ چوڭقۇرراق تونۇشقا كېلىش تارىختىن بۇيان زۆرۈرىي ئىنتىلىش بولۇپ كەلگەن، ئەلۋەتتە. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كىتابتا قەشقەر ئەدەبىياتىنىڭ ساغلام، ئاكتىۋال مەزمۇنى ۋە پاساھەتلىك بەدىئىي شەكلى توغرىسىدا بىرقەدەر كەڭرەك ۋە ئىلمىيرەك بولغان قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئاساسىي مەقسەت قىلىنىپ، زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، كەڭ ئوقۇرمەنلەر ۋە ئىلمىي خادىملار ئۇنىڭ مەزمۇنىنى چوقۇم ئوبدان ھەزىم قىلالايدۇ ۋە توغرا چۈشىنەلەيدۇ دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

«قەشقەرنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتى» ئىلگىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلمىي خادىملار، ئىلمىي ئورگانلار، ئوقۇتۇش ئورۇنلىرىدىكى خادىملار، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى تەرىپىدىن بىۋاسىتە تېمىدا ئەمەس، بەلكى ۋاسىتىلىك تېمىدا ئايرىم تارماقلار، ئۇنىۋېرسال ساھەلەر بويىچە كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان ۋە تەكرار ـ تەكرار ئىشلەنگەن. بۇ توغرۇلۇق مول ماتېرىياللار ئوتتۇرىغا چىققان، جەزبدارلىقى كۆرسىتىلگەن ۋە ئۇتۇقلار قولغا كەلتۈرۈلۈپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلار يەكۈنلىنىپ، كىشىلەرنى ئىنتايىن سۆيۈندۈرگەن، بۇلار بۇ قېتىم رەسمىي «قەشقەرنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتى» دېگەن تېمىدا يورۇقلۇققا چىقىپ، بۇ كىتابتا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى، يەنى بۇ كىتابتا قەشقەرنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى توغرىسىدا ئىزدىنىلگەن ئىلمىي ئەسەرلەر، ئىلمىي خادىملار بايانلىرىنىڭ جەۋھەرلىرى قوبۇل قىلىندى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسىم ـ شەرىپى، ئەسەرلىرىنىڭ نامى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ، تېگىشلىك جايلاردا ئەسكەرتىپ ئۆتۈلدى. بەزىلىرى مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن تىلغا ئېلىنماي قېلىندى. شۇڭا، بىر قىسىم خادىملارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي بايانلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تىلغا ئېلىنىپ، مەنبە ئاساسى كۆرسىتىلمەي قالغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلار مۇشۇنداق بىر ئەھمىيەتلىك ئىلمىي ئەمگەكنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا نامسىز تۆھپە قوشالىغانلىقلىرىدىن شەرەپ ھېس قىلىشلىرىنى، ئېپتىخارلىنىشلىرىنى كىتاب مۇئەللىپى چىن يۈرىكىدىن ئۈمىد قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ «قەشقەرنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتى» توغرىسىدىكى ھەرقانداق پىكىر ـ تەكلىپلىرى، تولۇقلاشلىرى، تەنقىد ـ تۈزىتىشلىرى سەمىمىي قارشى ئېلىنىدۇ.

2012 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى



www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................................................ 1
بىرىنچى باب قەدىمكى ئېپوسلار ........................ 47
1. «ئوغۇزنامە»............................................ 47
2. ئافراسىياپ ........................................... 49
ئىككىنچى باب قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات... 65
1. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ۋە
ئەدەبىياتى ..................................................... 65
2. ھەسەن بۇغراخان.......................................... 79
3. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇبىلىك» ................ 81
4. مەھمۇد كاشغەرىي ۋە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»............ 99
5. ئەھمەد يۈكنەكى ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ................ 111
ئۈچىنچى باب چاغاتاي ۋە تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدىكى
ئەدەبىيات ........................................................ 117
1. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ۋە
ئەدەبىياتى ...................................................... 117
2. تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ............. 122
3. ناسىرىددىن رابغۇزى «قىسەسۇل رابغۇزى»................ 127
4. سەئىدىددىن مۇھەممەد كاشغەرىي .......................... 133
5. سەككاكىي ........................................................ 140
6. ئۇبەيدۇللا لۇتفىي..................................... 141
تۆتىنچى باب ياركەند سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى
ئەدەبىيات ....................................................... 143

www.uyghurkitap.com

1. يارکەند سەئىدىيە خانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتى ...... 143
2. سۇلتان سەئىدخان ........................... 146
3. ئابدۇرەشىدخان .............................. 149
4. دوستى ياركەندىي ........................... 155
5. يۇسۇپ قىدىرى .............................. 156
6. ئامانىسساخان ................................ 164
7. مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر ....................... 169
8. ئايازى ..................................... 177
9. مەھمۇد چۇراس .............................. 182
10. زۇلەيخا بېگىم .............................. 188
11. مۇھەممەد ئەمىن ھىرقەتىي ..................... 189
بەشىنچى باب **18** ـ ئەسىر ئەدەبىياتى ............... 197
1. 18 ـ ئەسىر كاشغەر جەمئىيىتى ۋە ئەدەبىياتى ....... 197
2. موللا فازىل ................................ 213
3. سەلاھى .................................... 217
4. ئەرشى .................................... 223
5. فۇتۇھىي ................................... 232
6. مەشھۇرىي .................................. 235
7. مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي ...................... 239
8. مۇھەممەد سىددىق رەشىدىي ..................... 248
9. موللا يۇنۇس ياركەندىي ........................ 251
10. موللا مۇھەممەد تۆمۈر كاشغەرىي ................ 254
11. شاھى ھىجران ............................... 256
12. ئۆمەر باقى ياركەندىي ......................... 257
13. موللا مۆمىن ياركەندىي ......................... 258
ئالتىنچى باب **19** ـ ئەسىر ئەدەبىياتى ............... 260
1. 19 ـ ئەسىر كاشغەر جەمئىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ
ئومۇمىي ئەھۋالى ................................ 260

2. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ........................ 282
3. مىرھەسەن سەدايى ................................ 294
4. موللا سىددىق ياركەندىي .......................... 297
5. خۇشھال غەرىبى .................................. 298
6. ئابدۇرەھىم نىزارىي .............................. 299
7. تۇردى غەرىبى ................................... 310
8. نورۇز ئاخۇن زىيائىي ............................. 319
9. ئىمىر ھۇسەيىن سەبۇرى ........................... 324
10. زوھۇرى ........................................ 327
11. مۇھەممەد نىياز ياركەندىي ....................... 329
12. نىيازى ........................................ 331
13. ئاسىي ......................................... 332
14. ئابدۇللا ئاخۇن خەستە ........................... 334
15. موللا سەئدۇللا ................................. 337
16. زاھىد ئاخۇن ................................... 339
17. موللا مۇھەممەد نىيازى .......................... 341
18. سابىر ئاخۇن ناقىس .............................. 343
19. ھۇسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى ...................... 347
20. قۇلئەلىم ...................................... 352
21. ئابدۇللا پوسكامىي ............................... 355
22. ئابدۇقادىر ئەزىزى ............................... 357
23. ئارەزى ........................................ 360
24. ئۇسمان ناتەۋانى ................................ 362
25. موللا فەنائىي ................................... 365
ئاخىرقى سۆز ...................................... 368

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

كاشغەر[1] كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى ياراتقان كاشغەرلىكلەر ئۇيغۇرلارنىڭ غوللۇق قىسمى بولۇپ، ئۇلار تارىخنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا خىلمۇخىل ناملار بىلەن ئاتالغان. 11 - ئەسىردە ياشىغان تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»تە «تۈرك» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان. ئۇ كاشغەر ۋە كاشغەرلىكلەرنىڭ تارىخى توغرۇلۇق توختىلىپ: كاشغەرنىڭ «ئوردۇ كەند» دېگەن نامىنىڭ بارلىقى، ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولۇپ، ئافراسىياپ دېگەن خاقان شۇ يەردە تۇرىدىغانلىقى، ئۇنىڭ

---

[1] كاشغەر دېگەن بۇ نام مىلادىيە 1069 — 1070 - يىللىرى كاشغەردە يېزىلغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق داستانىنىڭ مۇقەددىمىسى ۋە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ 1072 — 1074 - يىللىرى باغدادتا تاماملىغان«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» («تۈركىي تىللار دىۋانى») ناملىق كىتابلىرىدىن تارتىپ شىنجاڭدا يېزىلغان ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگىچە يەنى كاشغەرلىك ئىمىر ھۈسەيىن قارىھاجىم 1954 - يىلى تاماملىغان «تارىخىي ئەسەر ۋاقىئەئى كاشغەر»ناملىق ئەسەرگىچە ۋە 1956 - يىلى كۆچۈرۈلگەن موللا يۈنۈس ياركەندىينىڭ «مۇھەببەتنامە» ناملىق داستانىنىڭ كاتىپى موللا مۇھەممەد ئىبنى ئىسلام ئەل كاشغەرنىڭ نامى («بۇلاق» ژۇرنىلى 1992 - يىلى 3 - سان)غىچە ئوخشاش تەلەپپۇز شەكلىدە ھۆججەتلەشتۈرۈلۈپ كېلىنگەن. بۈگۈنكى كۈنگىچە بارلىق چەت ئەل تىللىرىدا خۇددى مۇتەپەككۇر كۆڭۈزنىڭ «ئىسىم ئۆز ئىگىسىدىن كېلۇر» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىگە ئەمەل قىلىنغاندەك، بۇ ئىسىم «كاشغەر» (چەت ئەل تىللىرى تەلەپپۇزى بويىچە Kashghar) شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئەپسۇسكى، 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ «قەشقەر» دېگەن تەلەپپۇز شەكلى ئەدەبىي تىل فورمىسى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ قېلىنغان. بۇ ماقالىدە تارىخ ۋە تارىخىي مەسىلەر سۆزلەنگەنلىكى ئۈچۈن، تارىخىي تىلشۇناسلىق، ماتېرىيالىزملىق قاراش ۋە تارىخىي مەنتىقىلىق پىرىنسىپ بويىچە 1949 - يىلدىن ئىلگىرىكى ۋەقەلەرنى تەسۋىرلىگەندە خاسىيەتلىك تارىخىي نام بولغان «كاشغەر، ياركەند» دېگەن ئاتالغۇلار ئەينى توغرا تەلەپپۇز شەكلى بويىچە ئېلىندى. 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىدىن كېيىنكى ئەھۋاللار سۆزلەنگەندە «قەشقەر»، «يەكەن» دېگەن شەكىلدە ئىشلىتىلدى — ئاپتوردىن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

يەنە ئالىپ ئەرتۇڭا دېگەن ئېتىنىڭمۇ بارلىقى، ئافراسىياپنىڭ ئوغۇللىرى تېگىن، قىزلىرى قاتۇن ۋە باشقا ئايال جىنسلىق ئەۋلادلىرى ئالتۇن تارىم دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تۈرك، بارچۇق، بارمان، چارۇق، بارسغان، قازىمەرۋ قاتارلىق شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ چىققانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇرلار بەرگەن[1]. مەھمۇد كاشغەري يەنە تۈركلەر[2] دەپ ئاتالغان بۇ خەلقنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى يېزىپ چىققان:

«تۈركلەر باشقا خەلقلەرگە قارىغاندا پەزىلەتلىك، چۈنكى ئۇلارغا تەڭرى ئۆزى ئات قويغان، ئۇلارنى يەر يۈزىنىڭ ئەڭ ئېگىز، ئەڭ ھاۋالىق جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان ۋە ‹ئۆز قوشۇنۇم› دېگەن. بۇنىڭ ئۈستىگە تۈركلەر كۆركەم، يېقىملىق، ئوچۇق چىراي، ئەدەپلىك، قېرىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان، ئاددىي - ساددا، كەمتەر، دادىل، مەرد ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سان - ساناقسىز پەزىلەتلەرگە ئىگە. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قاچان كۆرسە ئانى تۈرك،
بۇزۇن ئانغا ئانىڭ ئايداقى.
موڭار تەگەر ئۇلۇغلۇق،
مۇندا نەرۇ كەسلىنۇر.
[قاچان ئۇنى تۈرك دەپ تونۇسا،
خەلق ئۇنىڭغا شۇنى ئېيتىدۇ:
بۇنىڭغا ئۇلۇغلۇق تېگىدۇ،
بۇنىڭدىن باشقىسىغا ئاشمايدۇ.]

---

[1] مەھمۇد كاشغەري: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ قاتارلىقلار تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 -، 1983 -، 1984 - يىلى نەشرى.

[2] بۇ نام كەڭ ۋە تار مەنىدە ئىشلىتىلگەن. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مەركىزي ئۆلكىسىدىكى خەلقلەر ئومۇمەن «تۈرك»دەپ ئاتالغان.

بىر كىشىنى ماختاپ شۇنداق دېيىلگەن: ئەگەر ئۇنى تۈرك دەپ تونۇسا، خەلق جەزمەن ئۇلۇغلۇق، ياخشىلىق بۇ ئادەمگە يارىشىدۇ ۋە بۇنىڭدىن باشقىغا ئاشمايدۇ، دەيدۇ»[1].

چاغاتاي خانلىقى زامانىسىدا ياشىغان ئالىم جەمال قارشى (1230 — 1315) «مۇلھەقاتى سۇرراھ» ناملىق ئەسىرىدە كاشغەر ۋە كاشغەرلىكلەر توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق يازغان:«كاشغەر شەھىرىنىڭ پەخىرلىك شەھەر بولۇشى ئۇنىڭ ئىسلام مەركىزى ۋە ئالىم - ئۆلىمالار جايلاشقان بىلىم - مەرىپەت بۆلىقى، ئىسىل پادىشاھ - خاقانلارنىڭ ۋەتىنى، كاتتا ئالىملارنىڭ يۇرتى بولۇشىدا...... كاشغەرنىڭ شەرەپلىك ئادەملىرى ئادەملەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى......»[2]

ياركەند سەئىدىيە خانلىقى (1514 — 1680)نىڭ تارىخچىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان «تارىخى رەشىدىي» (1499 — 1551)دە كاشغەرنىڭ خىسلەتلىرى توغرىسىدا مۇنداق بايان قىلغان: «بىلىش كېرەككى، كاشغەر مەشھۇر ۋە قەدىمىي شەھەردۇر. قەدىمكى زاماندا كاشغەرنىڭ سۇلتانلىرى ئافراسىياپ تۈركنىڭ نەسلىدىن ئىدى. ئافراسىياپ تۈركنى موغۇل خەلقى بۇقاخان دەپ ئاتايتتى...... كاشغەر سۇلتانلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان كىچىك ۋاقتىدا ئىسلام شەرىپىگە ئېرىشىپ، پۈتكۈل كاشغەر ۋىلايىتىنى مۇسۇلمان قىلدى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاندىن كېيىن قانچىلىغان كىشى كاشغەردە پادىشاھ بولدى، ھەتتا ماۋارەئۇننەھردىمۇ سۇلتان سۇتۇق

---

[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ قاتارلىقلار تەييارلىغان)، I توم، 456 ــ، 457 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىلى نەشرى.

[2] جەمال قارشى: «مۇلھەقاتى سۇرراھ»: خۇاتاۋ: «8 — 10 - ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» (ئۆمەرجان نۇرى تەرجىمىسى)، 522 ــ، 523 - بەتلەر، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 - يىلى نەشرى.

بۇغراخان ئەۋلادىدىن پادىشاھ بولۇپ ئۆتتى»[1][2]. كاشغەرنىڭ مازارلىرى ئىچىدە بىرىنچىسى ئافراسىياپنىڭ نەسلىدىن بولغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرىدۇر...... سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ روھىناتلىرىغا يۈزلىنىش كىشىنى ئۇلۇغ بىر ھوزۇر ۋە پەيز ئىچىگە باشلايدىكەن[3].

17 - ئەسىردە بەلختە ياشىغان ئالىم مۇھەممەد ئىبنى ۋەلى «بەھرۇل ئەسرار» (سىرلار دېڭىزى) ناملىق كىتابىدا كاشغەر ۋە كاشغەرلىكلەر توغرىسىدا مەخسۇس توختىلىپ مۇنداق يازغان: «كاشغەر ئالەمنىڭ مەشرىقىدىكى كاتتا ئەللەرنىڭ...... مەشھۇر مەملىكەتلەرنىڭ بىرى[4]...... ئىسلام ئەللىرىنىڭ چېگراسى، ئۇ

---

[1] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي» (مۇھەممەتتۇردى مىرزائەخمەت تەييارلىغان)، 616 -، 617 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 - يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى.

[2] دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى يېتەكچىلىكىدە تەييارلانغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتا «ئافراسىياپ»قا ئىزاھات بېرىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: «‹دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك› تە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ئافراسىياپقا باغلاپ چۈشەندۈرۈلگەن...... ‹تەزكىرەئى بۇغراخان› دا ئافراسىياپ قاراخانىيلار خانلىقى ھەم ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ بەگلىرىدىن ئىبارەت يوقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى بارلىقى سۆزلەنگەن» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 24 -، 25 - بەتلەر، ئۈرۈمچى)؛ رېن يىفېي، ياسىن ھوشۇر «ئۇيغۇر مىللىتى» («维吾尔族») ناملىق كىتابتا «قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىقى رايونىدىكى ئۇيغۇرلار يەنە ئافراسىياپقا چوقۇنغان، ‹تەڭرى›گىمۇ چوقۇنغان، ئۇلار ئافراسىياپنى (قەدىمكى) تۈركىيلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى خاقانى دەپ ھېسابلىغان، ئافراسىياپنىڭ تۈركىيچە ئاتىلىشى ‹تۇڭا ئالىپ ئەر› بولۇپ، مەنىسى ‹قاپلانغا ئوخشاش باتۇر ئەر› دېگەنلىك. (ئۇلار) ئۆز مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مۇشۇ رىۋايەتتىكى قەھرىمان شەخس بىلەن باغلاپ قارىغان ھەم ئۆزلىرىنى ئافراسىياپنىڭ ئەۋلادى دەپ ئېلان قىلغان» (شۇ كىتاب 43 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1997 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ). بۇ ھەقتە يەنە ئەرەب تارىخچىسى مەسئۇدىنىڭ «مۇرەج ئەد دەخەب» (ئالتۇن يايلاق) ناملىق كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرى، 174 - بېتى (چىڭخەي خەلق نەشرىياتى 1998 - يىلى نەشرىگە قارالسۇن).

[3] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي» (مۇھەممەتتۇردى مىرزائەخمەت تەييارلىغان)، 642 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 - يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى.

[4] بۇ ئابزاس جۈملىدىكى «ئەل»، «مەملىكەت» دېگەن ئاتالغۇنى «شەھەر»، «ۋىلايەت» دەپ چۈشىنىش لازىم ــ نەقىلچىدىن.

موغۇلىستان دالاسى، قىتاي، تىبەت، بەدەخشان ۋە پەرغانە بىلەن چېگرالىنىدۇ. ياركەند، ئاقسۇ، خوتەن، چالىش، تۇرپان، باي، كۇسەنلەر ئۇنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدۇر. بۇ ئەلنىڭ مەركىزي شەھەرلىرىمۇ كاشغەر دېيىلىدۇ...... ئاھالىسى تەرتىپ - ئىنتىزاملىق. كاشغەر خەلقى باشقا جايدىكى كىشىلەرگە قارىغاندا كۆپ ئەۋزەللىككە ۋە ئىمتىيازغا ئىگە. بۇ يەرنىڭ شائىر، ئالىملىرى بەتئەخلاقلىقتىن خالىي، ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك، ئۇلار ئىجتىھاتلىق...... كاشغەرلىكلەر كەمدىن - كەم ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ كېتىدۇ، ئۇلار تۇركچە ۋە تاجىكچە سۆزلىشىدۇ، ھەر ئىككى تىلدا خاتاسىز سۆزلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدە باشقىلارغا زىيان يەتكۇزىدىغان، سۇيىقەست قىلىدىغان ئادەملەر يوق. ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنلىك، ماختانچاقلىق، ئالدامچىلىق ۋە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشقا ئوخشاش يامان قىلىقلار ئۇلارنىڭ مۇلايىم مىجەزىگە يات. ئۇلار داۋاملىق قالماقلار، قىرغىزلار ۋە بۇ زېمىننىڭ باشقا كۇشەندىلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇرىدۇ»①.

ئاقسۇدا ياشىغان يېقىنقى زامان تارىخ ئالىمى موللا مۇسا سايرامى«1836 – 1917) «تارىخى ھەممىدىيە» (1908 - يىلى)دە ھەم تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى «يەتتە شەھەر» دەپ ئاتاپ، بۇ يەتتە شەھەرنىڭ بىرىنچىسى قىلىپ كاشغەرنى ساناپ، ئۇنى«مەزكۇر يەتتە شەھەرنىڭ ئەڭ ئەلا ۋە ئەڭ ئاۋۋالقىسى»، «بۇ ناھايىتى كونا، داڭلىق ۋە مەشھۇر شەھەردۇر...... بۇ شەھەردىكى ئۆلىمالارنىڭ ئىلىم تالىپلىرىغا راۋاج بېرىش، فۇزىلا ۋە ساھىب دۇئالارغا روناق بېرىش، تىجارەتچىلەر ۋە دېھقان ئەشرەپلەرنىڭ ئۆشرە - زاكات ۋە خەير - سەدىقە بېرىشى، ئەھلى كەسىپ ۋە ھۇنەرۋەنلەرنىڭ تىرىشچانلىقى جەھەتتە باشقا شەھەرنىڭ

① مۇھەممەد ئىبنى ۋەلى: «بەھرۇل ئەسرار» (ئابدۇشۇكۇر تۇردىنىڭ تەييارلىشى بىلەن ئېلان قىلىنغان). «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 3 - سانى.

www.uyghurkitap.com

ئادەملىرىگە قارىغاندا ئۇستۇن ۋە زىيادە تۇرىدۇ، خۇسۇسەن، ئۆلىمالار راۋاجى ۋە سودىگەرلەرنىڭ سودا تىجارىتى بابىدا ئۇ شەھەر گويا ‹ئىككىنچى بۇخارا› دەپ ئاتالسا ئەسلا مۇبالىغە بولمايدۇ»[1] دەپ يازغان.

كاشغەر، ياركەند قاتارلىق شەھەرلەر يېقىنقى زامان ئۇيغۇر شائىرلىرى ھاياجان ئىلكىدە زوقلىنىپ نەزمىگە قاتىدىغان، ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەيدىغان سۆيۈملۈك يۇرت بولۇپ كەلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە گۇمنام، مەشھۇرىي، تەجەللى قاتارلىقلارنىڭ قەلىمى بىلەن قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈلگەن نەزملەر زاماندىكى دۇنيا شائىرلىرىنىڭ ئۆز يۇرتىنى تەسۋىرلەپ يازغان شېئىرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، قىممىتىنى تەڭشەپ كۆرۈشكە تامامەن مۇمكىنچىلىك شەرتىنى ھازىرلىغان، يېگانىلىكى بىلەن بىرىنچى رەتتە تۇرۇپ كەلگەن. مەسىلەن، 18 - ئەسىردە ياشىغان شائىر گۇمنامنىڭ «كاشغەر» رادىفلىق غەزىلى مۇنداق يېزىلغان:

1. مەزرەئىي لۇتفىي ئىلاھىدۇر دىيارى كاشغەر،
ئىشق ئېلىنىڭ قىبلەگاھىدۇر مازارى كاشغەر.

2. ئىشق ئۆلفەت چەشمەسىدىن دەردۇ مېھنەت جۇش ئېتەر،
تۇپراغى ھەسرەت بىلەن بىتكەن ھىسارى كاشغەر.

3. دىلرەبالەر باغرىنى لەئلى بەدەخشان ئەيلەگەي،
بىر نىگاھى غەمزەسىدىن گۈلئۇزارى كاشغەر.

4. ئابى رۇكنابات، گۈلگەشتى مۇسەللا سەھل ئىرۇر،
خۇلددىن ئەفزۇن تۇمەن مىڭ لالە زارى كاشغەر.

---

[1] موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدىيە» (ئەنۋەر بايتۇر تەييارلىغان)، 639 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 - يىلى نەشرى.

5. ئەيش ئېلىگە خارىدىن كەلگەي گۈلى ئىشرەت ئېسى،
چۈن سۈلايمان دۆلەتىدۇر خارى - زارى كاشغەر.

6. ئۇد، ئەنبەر تۇپرىغىدۇر، ئابى كەۋسەردۇر سۈيى،
دۇررى - مارجان تاشلىرىدۇر كوھسارى كاشغەر.

7. يا پەرى، يا ھۆرى يا باغى ئېرەم ياد ئەيلەمەس،
شەھرىنى ئۇنتار بولۇر ھەركىم دۇچارى كاشغەر.

8. ھۇشمەندۇ، دەردمەندۇ، مەرد زەندۇلەپ چوقەند،
نارخەندان، سىب رەنا ھەر نەبارى كاشغەر.

9. كاشغەر شەھرىن بىلىڭ گۈمنامىنىڭ يايلاغىدۇر،
دىلكۇشا، ئىشرەت پەزا ھەر سەبزە زارى كاشغەر.

[1. كاشغەر تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى تىرىلگەن جايدۇر،
ئۇنىڭ مازىرى ئاشىقلارنىڭ قىبلىگاھىدۇر.
2. ئىشق ئۇلپەت بولىقىدىن دەرد - مېھنەت جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ،
ئۇنىڭ قورغانلىرى ھەسرەت توپىسى بىلەن قۇرۇلغان.
3. كاشغەرنىڭ يۈزلۈكلىرى جىلۋىلىك بىر بېقىشى بىلەن ھەرقانداق،
گۈزەللەرنىڭ باغرىنى خۇددى بەدەخشان ياقۇتىدەك قىزىل قان قىلىدۇ.
4. ئۇنىڭ ئالدىدا رۇكنابات سۈيى ۋە مۇسەللا گۈلشىنى چاغلىقلا بىرنەرسە،
ئۇنىڭ لالىزارى جەننەتتىن تۇمەن مىڭ ھەسسە ئارتۇق.
5. كۆكۈل ئاچاي دېگەن كىشىلەرگە بۇ جاينىڭ ھەتتا تىكەنلىرىدىنمۇ يېقىملىق گۈل پۇرىقى كېلىدۇ،
ئۇنىڭ ۋەيرانلىرى سۈلايمان دۆلىتىگە تەڭدۇر.

6. ئۇنىڭ توپىسى ئىپار پۇرايدۇ، سۇلىرى بولسا ئابىكەۋسەر، كاشغەر تاغلىرىنىڭ تاشلىرى ئۈنچە - مارجاندۇر.
7. كىمكى كاشغەرگە كېلىپ قالسا، ھۆر - پەرىلەرگىمۇ، جەننەتكىمۇ ھەۋەس قىلمايدۇ. ئۇ ئۆز يۇرتىنى بولسا ئۇنتۇپلا كېتىدۇ.
8. ئەقىللىك كىشىلەر بولسۇن، دەردمەنلەر بولسۇن، ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، لېۋى خۇددى قەنت - شېكەرنىڭ ئۆزى، كاشغەر كىشىسىنىڭ يۈزى كۈلۈپ تۇرغان ئانار ياكى قىپقىزىل ئالما.
9. كاشغەر شەھىرىنى گۈمنامنىڭ يايلىقى دەپ بىلگىلار، كاشغەرنىڭ ياپيېشىل چىمەن باغلىرى كىشىنىڭ دىل بەھرىنى ئاچىدۇ، ھۇزۇرىنى بېغىشلايدۇ.][1]

كاشغەر تەۋەسىدىكى چوڭ ۋە قەدىمي شەھەرلەردىن يەنە بىرى ياركەند بولۇپ، 18 - ئەسىردە ئۆتكەن لىرىك شائىر ئىبراھىم مەشھۇري «ياركەند» رادىفلىق بىر غەزەل يېزىپ، گۈزەل ياركەند شەھىرىگە مۇنداق مەدھىيە ئوقۇغان:

گۈلئۇزارى كەلدىكىم بولدى گۈلىستان ياركەند،
نەۋ باھارى مەقدىمىدىن تازە بولستان ياركەند.
لۇتق ئىلە كەلتۈردى مەقدەم[2] بىر مەسھا[3]، مەقدىمى،
تاپتى جىسمىم ناتىۋانەك پەيزىدىن جان ياركەند.
كەلدىكىم قىش ئوتراسىدا بىر سىراپا نەۋ باھار[4]،

[1] «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» (تېيىپجان ئېلىيوپ، رەھمىتۇللا جارىلار مەسئۇللۇقىدا تەييارلانغان)، 520 ـ، 524 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى.
[2] مەقدەم (ئەرەبچە) ــ قەدەم كەلتۈرۈش، كېلىش.
[3] مەسھا ــ ئەيسا پەيغەمبەر.
[4] سىراپا نەۋباھار (پارسچە) ــ باشتىن - ئاياغ يېڭى باھار.

گۈل كەبى باشتىن - ئاياقىقا بولدى خەندان[1] ياركەند.
كەلدىڭ ئانداغ شەۋكەتۇشانۇ شەھى شاھى بىلەن،
كاشغەر ھەسرەتتە قالدى، بولدى ھەيران ياركەند.
رەڭبەرەڭ ئەۋافىنى[2] كىم ئەيلەمىش يۈز تىلە بىلەن،
خۇشنەۋا مەشھۇرى بۇلبۇلدۇر گۈلىستان ياركەند[3].

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى ھۇسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى (1856 – 1925)بولسا كاشغەر ھەققىدە ئاجايىپ پاساھەتلىك ۋە بالاغەتلىك مۇنداق لىرىكىلارنى يازغان:

جان فىزائىيۇ ئابۇ ھاۋايەش پىندارى،
كى ئافىرىنشى روھ ئەز تۇراپ كاشغەرەست.
ئەھل فەزل بەراندەم سۇ خەنكى ھەر يەك شان،
ھازار مەردۇ يەكى دەر ھىساب كاشغەرەست.

[كاشغەرنىڭ سۇ ۋە ھاۋاسىنىڭ جاننى ئارتتۇرغۇچىلىقىدىن «جاننىڭ يارىتىلىشى كاشغەر تۇپرىقىدىنمىكىن» دەپ گۇمان قىلىسەن. كاشغەردىكى پەزىلەت ئىگىلىرى ھەققىدە شۇنداق سۆز سۆرەلەيمەنكى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى كاشغەر ھىسابىدا بىر كىشى بولسىمۇ، ئەمما مىڭ كىشىگە تەڭدۇر.]

زاھىل فەزل چەرانىم سۇخەنكى ھەر يەك شان،
ھەزارەد ھەرويەكىن دەر ھىساب كاشغەرەست.
[كاشغەر ھەققىدە قانداقمۇ سۆز يۇرگۈزەلەيمەن. ئۇلارنىڭ

---

[1] خەندان (پارسچە) – كۈلگۈچى.
[2] ئەۋافىنى (ئەرەبچە) – سۇپەتلىرىنى.
[3] ئىبراھىم مەشھۇري: «دىۋانى مەشھۇري» (مەمتىمىن يۇسۇپ تەييارلىغان)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985 - يىلى نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uygurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھەربىرى باشقا يەرلەردە مىڭ كىشى، لېكىن كاشغەرنىڭ ھېسابىدا بىر كىشى.]

بىكەسىبى ھۆسنى مەكارىم مەرەۋ بىكەردەد جاھان،
كى ئەين مەئانى ئەندەر كىتاب كاشغەرەست.

[ئىلىم تەلەپ قىلماق ئۈچۈن باشقا يەرگە سەپەر قىلما، چۈنكى بۇ مەنىلەرنىڭ ھەممىسى كاشغەر كىتابى ئىچىدە تېپىلىدۇ.]

زى جىلۋە ھەشت بىھىشت ۋەز قەدىر ھەفت پەلەك،
نەسب كاشغەرەست ۋەنئىساب كاشغەرەست.

[سەككىز بېھىش كۆرۈنۈشىدە كۆرۈنۈش كاشغەرنىڭ نەسىبەسىدۇر. ئۈستۈنلۈكىنىڭ نىسابى كامىل بولۇشتا كاشغەر يەتتە ئاسمانغا ئوخشايدۇ.][1]

بۇنداق شېئىرىي مىسرالارنىڭ يۇرتسۆيەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىشتىياقىنى ئۇلغايتىشتا پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بايراق[2] بولۇپ كەلگەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇقلۇق. شىنجاڭ دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىلى قۇتلۇق ھاجى شەۋقى (1876 — 1937) نىڭ 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدا يازغان «كاشغەر» ناملىق غەزىلىدە مۇنداق مىسرالار بار:

كۆرمىگىل كاشغەرنى كەم، بۇ جايدا مەردانلار ياتۇر،

---

[1] «تەجەللى شېئىرلىرىدىن» (مۇختەر ماموت مۇھەممەدى تەييارلىغان)، 197 -، 198 -، 199 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشرى، بېيجىڭ.

[2] «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت تارىخى» (غەربىي شىمال قىسمى)، تۆمۈر داۋامەت باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1999 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغرايى خاقانلار ياتۇر.
خەلق ئۈچۈن قۇربان بولۇپ، دۈشمەن بىلەن قىلغان كۆرەش،
ئول شەھىدۇ، قەھرىمان ئالىپ ئارسلانلار ياتۇر.
نۇر چېچىپ ‹قۇتادغۇبىلىك› خەلقنى قىلغان بەختىيار،
خاس يۇسۇپ ھاجىپقا ئوخشاش ئەھلى ئىرپانلار ياتۇر.
يادىكار ئەيلەپ جاھانغا يازدى ‹دىۋانى لۇغەت›،
مەھمۇدىل كاشغەر كەبى ئەھلى شەرەپ - شانلار ياتۇر.
ئەيلىگەن ‹شەۋقى›نى مەفتۇن ئەل ئۈچۈن نۇرلار چېچىپ،
بۇ شەھەردە كۆپلىگەن خەلق ئوغلى ئىنسانلار ياتۇر[1].

كاشغەر شۇنداق خىسلەتلىك، شۇنداق جەزبىدار، شۇنداق ئۇلۇغ يۇرت بولغانلىقى ئۈچۈن، تارىختا ئۆتكەن سانسىزلىغان تارىخچىلار، تەزكىرىچىلەر، شائىرلار بۇ شەھەر ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەن، ئۇنىڭ تارىخىنى بايان قىلغان، دانا يولباشچىلىرى، مەشھۇر كىشىلىرى، داڭلىق ئەدىبلىرى، ئۇلۇغ ئالىملىرى، پاراسەتلىك، قولى چېۋەر، خىسلەتكە باي ئۇۋچى - پادىچىلىرى، دېھقانلىرى، ھۈنەرۋەن - كاسىپلىرى، بەگ - تۆرىلىرى ھەققىدە خاتىرىلەرنى، تەزكىرىلەرنى پۈتۈشكەن. كاشغەر ئوغلانلىرى ئۇنىڭ مۇبارەك، ئىللىق ۋە ئىلىم - ئىرپانغا تولغان قوينىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، بالاغەتكە يېتىپ، ئەقىل - پاراسىتىنى ئۇلغايتىپ، ھېسسىيات ۋە تەپەككۇرىنى قاناتلاندۇرۇپ، قولىغا قەلەملىرىنى ئېلىپ، ئىنسانىنىڭ ئەڭ نازۇك ھېسسىياتىنى ئىپادە قىلغۇچى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئالتۇن قۇرلۇق توم - توم كىتابلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئادىمىيلىكتىن نىشانە، ئىنسانىيلىقتىن ئەستىلىك قالدۇرۇپ، ئەۋلادلارنىڭ تەۋررۈك

[1] مۇھەممەتئىمىن قۇربانى (ئىشقى): «شائىر قۇتلۇق ھاجى شەۋقى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1980 - يىلى 3 – سان، 71 – 72 - بەتلەر؛ «قۇتلۇق ھاجى شەۋقى»، «جۇڭگو تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەت قەھرىمانلار شەجەرىسى» («中国历代少数民族英才传») IV توم، 3431 – 3432 - بەتلەر، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

قىلىشىغا قالدۇرغان. شۇنداق ئىيتىشقا بولىدۇكى، كاشغەر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ غولى. ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرلىك، نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ كۆپى كاشغەردە ياشىغان ئەدىبلەر تەرىپىدىن يارىتىلغان. كاشغەر ئەدەبىياتى بولمايدىكەن، بۈگۈنكىدەك بىر پۈتۈن، مول مەزمۇنغا ئىگە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەسكە توختىغان بولاتتى. 20 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك» نى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، 1000 يىللىق «كىلاسسىك ئەدەبىيات» ھادىسىسىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئىزچىللىقنى ئاساس قىلىپ تەرەققىي قىلىشىدا كاشغەر ئەدەبىياتى ئۇنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلگەن. يېقىنقى زامان ئەدەبىياتشۇناسلىرى يەكۈنلەپ چىققان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى كاشغەردە ياشىغان ئەدىبلەر بارلىققا كەلتۈرگەن. مەسىلەن، بىرىنچى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى يىراق دەۋردىن باشلانغان، ئۇنىڭ تەرەققىيات جەريانى ئىزچىللىققا ئىگە ؛ ئىككىنچى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئۈرنەك، خام ماتېرىيال قىلىش ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرى ئۇزاق يىل ساقلانغان؛ ئۈچىنچى، ئەدىبلەر قوشۇنىدا ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر يېزىش ئاساس قىلىنىش بىلەن بىرگە كۆپ خىل تىل ـ يېزىقتا ئەسەر يېزىش يانداشما ئىجادىيەت ئىزچىللىقىغا ئىگە قىلىنغان؛ تۆتىنچى، كۆپ خىل ئىجادىيەت مېتودى قوللىنىلغان، ئەدەبىي ئېقىملار ھەر خىل بولغان؛ بەشىنچى، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مىللىي ئۇسلۇب يولىنى بويلاپ راۋاجلىنىشنى ئاساس قىلىش بىلەن بىرگە ئەدەبىي ئىستىل شەكىللەندۈرۈشكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن؛ ئالتىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى باشتىن ـ ئاخىر ئىلغار ئىدىيەنى ئىپادىلەشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان؛ يەتتىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلگەن؛ سەككىزىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇنىۋېرسال پەنلەرنى ئەكس

ئەتتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلگەن؛ توققۇزىنچى، تەرجىمە ئەدەبىيات، تەقلىدىي ئەدەبىيات مىللىي ئەدەبىياتنى بېيىتىشتىكى ئايرىلماس ئىجادىيەت يولى بولۇپ كەلگەن؛ ئونىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى شەرق - غەرب ئەللىرى مەدەنىيەت ئالاقىسىنى مەنۋى ياقتىن كۆزىتىدىغان مۇھىم كۆزنەك بولغان، دېگەن ئىلمىي بايانىنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرى كاشغەر ئەدىبلىرى تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، 17 -، 18 -، 19 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىرقەدەر سىستېمىلاشقان، ئىلمىيلاشقان ۋە تۇراقلاشقان ھالىتىدە بارلىققا كەلگەن ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئالدى بىلەن كاشغەر ئەدىبلىرى ئەدەبىياتى ھادىسىسىدە كۆرۈلگەن. مەسىلەن، ئەدىبلەر قوشۇنىنىڭ ھەربىر تارىخىي باسقۇچتا تۈركۈملەپ مەيدانغا كېلىپ قوشۇننى كېڭەيتىشى، دىۋان تۈزۈشنىڭ شېئىرىي ئىجادىيەتنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى قىلىنىشى، ئەدەبىياتنىڭ نەسرىي شەكلى ۋە شېئىرىي شەكلى بويىچە ئايرىلىپ، تەڭ نىسبەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇشى، تەزكىرەئى ئەدەبىيات، تەقلىدىي ئەدەبىيات، تەرجىمە ئەدەبىيات ھادىسىسىنىڭ تەڭ قەدەملىك ھالدا بارلىققا كېلىشى، گۈللىنىشى، گۇمانىزم، كىلاسسىكىزم ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاددىي قامۇسچىلىق، ھەمكارلىشىپ ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش، ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى كىتابەت قىلىش، نۇسخىلاش ھادىسىسى[1] ۋە تەنقىدىي رېئالىزم مېتودىنىڭ ئىجادىيەتكە تەتبىقلىنىشى، ئاغزاكى ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈپ كىتابلاشتۇرۇش، يەرلىك بىر تۈركۈم مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ ئالغا سىلجىشىغا مەدەتكار بولۇشى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي كۈچلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇش قاتارلىقلاردىن

---

[1] بۇ ھەقتە ئابدۇشۈكۈر تۇردى يازغان «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ كاشغەردە كۆچۈرۈلگەن بىرنەچچە قول يازمىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىگە قاراشقا بولىدۇ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 2 - سانى.

ئىبارەت[1].

بۈگۈنكى زاماندا ياشىغان بەزى ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتچىلىرى يەكۈنلەپ چىققان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ «ئۈچ ئالتۇن دەۋرى»نىڭ ئىككىسى يەنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋەكىللىك قىلغان قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى ئەدەبىياتى، ئابدۇرەھىم نىزارىي ۋەكىللىك قىلغان 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى دەۋرىي ئەدەبىياتى دېگەن «ئالتۇن دەۋر »لەر كاشغەردە يارىتىلغان. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى بولغان ئەلىشىر نەۋايى ۋەكىللىكىدىكى چاغاتاي تىل ـ ئەدەبىياتى ئۇسلۇبىدىكى گۈللەنگەن دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارلىرى بولغان ئۇبەيدۇللا لۇتفىي، مەۋلانا سەككاكىي قاتارلىقلار كاشغەر بىلەن يېقىن ياكى بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر[2][3].

---

[1] بۇ نۇقتىلار ئەڭ دەسلەپ غەيرەتجان ئوسمانىنىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1987 ـ يىلى نەشرى) ناملىق كىتابىنىڭ 150 ـ، 151 ـ، 152 ـ، 186 ـ، 187 ـ، 188 ـ، 189 ـ، 190 ـ، 191 ـ، 192 ـ بەتلىرىدە تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (3 ـ قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن 1993 ـ يىلى نەشر قىلىنغان)نىڭ بىرىنچى قىسىم «غوجىلار دەۋرى ئەدەبىياتى»، ئىككىنچى قىسىم، «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ماۋزۇلىرى ئۈچۈن يازغان «ئومۇمىي بايان» قىسمىدا بۇ نۇقتىلار يەنىمۇ تولۇقلانغان ۋە سىستېمىلاشتۇرۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن يېزىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىغا دائىر كىتابلار ۋە ماقالىلەردە بۇ نۇقتىلاردىن كەڭ دائىرىدە پايدىلىنىلغان. جۈملىدىن ئىمىنجان ئەھمىدى قۇتلۇق، مۇھەممەتتۇردى مىرزائەخمەت، ھەبىبۇللا ئابدۇسالام، شاۋكەت ئىلاخۇن، مەھمۇدجان مۇھەممەد قاتارلىقلار يازغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (3 ـ قىسىم) نىڭ 6 ـ، 7 ـ بەتلىرىدە بۇ نۇقتىلار ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

[2] تارىخچى ليۇ زىشياۋ «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتابى (مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشرى، 601 ـ بەت)دا، لۇتفىينىڭ ئانا يۇرتى كاشغەر ئىدى،دەپ يازغان بولسا،يەنە بىر تارىخچى ۋاڭ شىشياڭ «قەشقەرنىڭ تارىخ ـ مەدەنىيتى» (王时祥著«喀什噶尔历史文化») ناملىق ئەسىرى (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2009 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 780 ـ بەت) دە، لۇتفىي كاشغەردە ئۆسۈپ چوڭ بولغان، دەپ يازغان.

[3] بۇ ھەقتە ئىمىن تۇرسۇن «نەۋايىنىڭ ئەسلىي نەسەبى توغرىسىدا» («جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيتى تەتقىقاتى» 1998 ـ يىلى 1 ـ سان، 256 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى) ناملىق ماقالىسىدە مەۋلانا سەككاكىينىڭ ياركەند سەككاكىي (پىچاقچىلار)لار كەنتىدىن كۆچ ـ كۆچ قىلغانلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن.

بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىسى بولغان ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتتە كامالەتكە يېتىشىنى كاشغەر مەدەنىيىتى بىلەن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇنى ئالدى بىلەن ئەلىشىر نەۋائىينىڭ نەسەبى، كېلىپ چىقىشىدىكى ئېھتىماللىقتىن گەپ باشلاپ چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا تۇتقان ئورنى»ناملىق يىرىك ماقالىسىدە مۇنداق پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان: «مەلۇمكى، مۇئەمما (سىر) — سفېنكس تېپىشماقلىرى سىياقىدىكى غەيرىي روشەن تېمىدىن ئىبارەت. ئەلىشىر نەۋائىينى گەرچە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى مەدەنىيىتىدىن ئايرىپ ئېلىپ قارىغىلى بولمىسىمۇ، گەرچە ئۇنى مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يەسەۋى ۋە سەئىدىدىن كاشغەرىيدىن ئايرىپ تاشلاپ مۇھاكىمە قىلغىلى بولمىسىمۇ، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ نەسەب مەسىلىسى ھېلىمۇ سىر قىياپىتىدە تۇرماقتا...... (مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر) ‹تارىخى رەشىدىي› دىدە مۇنداق مۇھىم ئۇچۇر قالدۇرۇلغان: ‹(ئەلىشىر نەۋائىينىڭ) نەسەبى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسىنى كىچىككىنە باخشى دەپ ئاتىشاتتى، ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئىدى›...... مېنىڭچە، نەۋائىينىڭ ئائىلە نەسەبى، ئۇنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدىكى مىللىي تەۋەلىكى مەسىلىسىگە بۇندىن باشقا يەنە قانداقتۇر تارىخىي پاكىت ھاجەتلىكىگە ئورۇن قالمىسا كېرەك...... ئەلىشىر نەۋائىي مەيلى نەسەب، مەيلى ئەدەبىي تىل جەھەتتىن بولسۇن قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى ئەۋلادىغا مەنسۇپ بولۇشى تولىمۇ ئېھتىمال»[1].

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەجدادلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىننىڭ بۇ بايانىنىڭ خېلى

---

[1]«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 5 - سانىغا قارالسۇن.

سالىمىقى بارلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇمدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاتا ـ بوۋىلىرى ئەمىر تۆمۈر (ئاقساق تۆمۈر)، ئۇلۇغبەگلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا سەئىدىيدىن كاشغەريي جەمەتى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە كاشغەردىن ماۋارەئۇننەھرگە كېتىپ ئولتۇراقلاشقانلار بولسا كېرەك، دەپ ھېسابلىنىدۇ[1].

بۇ يىللاردا مەۋلانا مۇھەممەد ئەتتار دېگەن بىر زات ياشىغان. بۇ ھەقتە «تارىخى رەشىدىي»دە مۇنداق يېزىلغان. «مەۋلانا (مەۋلانا سەئىدىيدىندىن ئەتتار) ياشلىق ۋاقىتلىرىدا كاشغەردىن چىققان ئىدى. مەۋلانا مۇھەممەد ئەتتار مەشھۇر ئالىملاردىن بولۇپ، ئۇلۇغبەگ مىرزىنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. ئۇ زاتمۇ كاشغەرلىك. مەۋلانا مۇھەممەد ئەتتار مۇنداق دېگەن: مەۋلانا سەئىدىيدىندىن (كاشغەريي) بىلەن ئىككىمىز بىر شەھەردىن بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، بىز سەمەرقەنتتە ھەمىشە بىر ـ بىرىمىزگە ھەمراھ بولۇپ بىللە ئىلىم تەھسىل قىلاتتۇق. كۆپىنچە قىرائەت كىتابلىرىنى بىللە ئۆتكۈزۈشكەندۇق. دائىم ھەمسۆھبەت بولۇپ تۇراتتۇق.»[2]

---

[1] غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» («维吾尔古代文学研究») 146 ـ بەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى؛ ئەمىر تۆمۈر 1375 ــ 1379 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا شەرقى چاغاتاي ئۇلۇسىغا بەش قېتىم ھۇجۇم قىلغان، ئىسسىق كۆل ئۇرۇشىدا ئۇستۇنلۇككە ئېرىشكەن ئەمىر تۆمۈر قوشۇنلىرى ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئالمالىق ۋە كاشغەرگە ھۇجۇم قىلغان. ئۆمەر شەيخ بولسا 1370 ـ يىللىرى بىر قىسىم كاشغەر ئاھالىسىنى ئەنجانغا كۆچۈرۈپ كەتكەن. بۇ ھەقتە ئابدۇررازاق سەمەرقەنتنىڭ «مەتلەئەسسەدائىن ۋە مەجمۇئەل بەھرەيىن» ناملىق كىتابىدا خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلۇغبەگ كاشغەرنى ئۈچ يىل ئىدارە قىلىپ تۇرغان (بۇ ھەقتە تيەن ۋېيجاڭنىڭ «شىنجاڭ موڭغۇللىرىنىڭ دوغلات قەبىلىسى توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 ـ يىلى 1 ــ سان، 176 ـ، 177 ـ بەتلەر). مانا مۇشۇ چاغلاردا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر تۈركۈم كاشغەر ئاھالىسى سەمەرقەنتكە كېتىپ قالغان.

[2] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي» (مۇھەممەتتۇردى مىرزائەخمەت تەييارلىغان)، 402 ـ، 403 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 ـ يىلى نەشرى: بۇنىڭغا ئوخشاش مەزمۇن مەۋلانا نۇرىددىن ئابدۇرەھمان جامى ئۆزى يازغان «نەبھاتۇلئۇنس» ناملىق ئەسەردىمۇ قەيت قىلىنغان. بۇ ھەقتە ھاجى نۇرھاجىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1988 ـ يىلى 6 ـ سان، 60 ـ بەت) ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن.

مەيلى قانداقلىقى بولمىسۇن، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋايى ماۋارەئۇننەھر ۋە خۇراسان رايونىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئالەمشۇمۇل تەسىر پەيدا قىلىشتىن ئىلگىرى، باشقا مەدەنىيەت ھادىسىلىرى قاتارىدا كۆزنى ئاچايىپ قاماشتۇرىدىغان كاشغەر ۋە كاشغەرىيلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ ئاساسلىرى خېلى بار. مەسىلەن، ئۇ يىگىتلىك چاغلىرىدا تۇغۇلغان يۇرتى ھىراتتىن ئايرىلىپ، سەمەرقەنتكە كېلىپ بىرقانچە يىلنى ئۆتكۈزگەن ۋە ئىلىم تەھسىل قىلغان چاغلىرىدا سەمەرقەنتنىڭ ئەينى چاغدىكى ھاكىمى، «زامانىسىنىڭ تەڭدىشى يوق كىشىسى» مۇتەپەككۇر سۇلتان مالىك كاشغەرىينىڭ ئوغلى، «ۋاپائى» تەخەللۇسلۇق شائىر ئەھمەد ھاجىبەگ ئۇنىڭغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ،تۇرمۇشىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ[1]، يېتىمچىلىك، مۇساپىرچىلىق ۋە يوقسۇللۇقنىڭ دەردىنى تارتقۇزمىغان. ئەينى زامانلاردا بۇ خىل ياردەمنىڭ قىممىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايتتى، ئەلۋەتتە. ئەلىشىر نەۋايى ئۇستاز دەپ چوڭ بىلگەن، ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغان، تاجىكلارنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئابدۇرەھمان جامى دەل ھىراتتىكى تەسىرى چوڭ ئىدىيەۋى ئېقىم بولغان تەسەۋۋۇپنىڭ پىرلىرىدىن بىرى سەئىدىددىن كاشغەرىينىڭ شاگىرتى ۋە كۈيۇ ئوغلى ئىدى[2].

---

[1] بۇ ھەقتە نەۋايىنىڭ «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» ناملىق كىتابىدا ئۇچۇر بار.

[2] دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىي: «تەزكىرەتۇشۇئەرا» دىن پارچە (يۇسۇپ ئىگەمبەردى تەييارلىغان)، «بۇلاق ژۇرنىلى 2009 ـ يىلى 6 ـ سان، 44 ـ بەت: بۇ ھەقتە نەۋايىنىڭ «خەمسەتۇلمۇتەھەييىرىن» ناملىق كىتابىدا ئۇچۇر بېرىلگەن: دېمەك، «ئابدۇرەھمان جامى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد شەيخى سەئىدىدىندىن مۇھەممەد كاشغەرىينىڭ يېتەكچىلىكىدە سوپىزملىق سۇلۇكىنى تەتقىق قىلىپ، مەزكۇر مەزھەپنىڭ سادىق مۇرىتى ۋە مەشھۇر ئەللامەسىگە ئايلانغان ھەم ئۇنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن»، «جۇڭگو ئىسلام قامۇسى» [(«جۇڭگو ئىسلام قامۇسى»نى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن)، 255 ـ بەت، سىچۇەن قامۇس نەشرىياتى، چېڭدۇ، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى].

www.uyghurkitap.com

ئەلىشىر نەۋايى خاراكتېرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ بۇنداق ۋاسىتىلىك ئۇستاز - شاگىرتلىقنىڭ تەسىرىنى چەتكە قاقمايلا قالماستىن، بەلكى سەئىددىن كاشغەرىيگە ھەم چوڭقۇر ئىخلاس بىلدۈرمەيدۇ دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. دېمەك، ئەلىشىر نەۋايى يېتىلىۋاتقان زامانلاردا ھىرات، سەمەرقەنتلەردە كاشغەرلىك مۆتىۋەرلەرنىڭ، ئالىملارنىڭ ئورنى ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ تۇرغان[1]، ئۇلار ھوقۇق - مەرتىۋە ۋە ئىلىم - پەن ساھەلىرىدە خاس ئىمتىيازلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، دەۋرداشلىرىنى مەپتۇن قىلغان[2].

ئەلىشىر نەۋايىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى، ھىراتتىن ئايرىلىپ سەمەرقەنتكە كېلىپ، ئۇ يەردە 12 يىل تۇرۇشى ۋە يەنە ئۇ يەردىن ئايرىلىپ ھىراتقا قايتىشىنىڭ ھەممىسىدە كاشغەرىيلەرنىڭ ئالاقىسىنىڭ بارلىقى توغرىسىدا تارىخىي مەنبەلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەلىشىر 18 ياش ۋاقتىدا چوڭ پالاكەتكە ئۇچرىغان. سۇلتان ئەبۇ سەئىد پايتەخت ھىراتنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئۆمەر شەيخنىڭ ۋە شاھرۇخنىڭ ئەربابلىرى ۋە يېقىنلىرىنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزلىرىنى ھەر خىل جايغا سۈرگۈن قىلغان. شۇ قاتاردا ئەلىشىرنىڭ ئاتا مۈلكىمۇ مۇسادىرە قىلىنغان ۋە ئۆزى سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپ سەمەرقەنتكە — ‹كاشغەرىيلەر›دىن ئەھمەد ھاجىبەگ قېشىغا بارغان. تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىدىن سۇلتان ئەبۇ سەئىد خۇراسان پايتەختى — ھىرىنى ئىگىلىگەن يىلى — ھىجرىيە 863 - يىلى (مىلادىيە 1458 - يىلى) ئەلىشىر ھىراتتىن ‹ئىخراج› قىلىنغان (چىقىرىۋېتىلگەن)». «......بۇلاردىن ئەلىشىر نەۋايى بىلەن

---

[1] ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ تاغىسى يەنى سۇلتان مالىك كاشغەرىينىڭ ئىنىسى جانىبەگ دولدايمۇ بىر مەزگىل سەمەرقەنتكە ھاكىم بولۇپ تۇرغان.ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ ئىنىسى، سۇلتان مالىك كاشغەرىينىڭ ئوغلى ھافىز مۇھەممەد بەگ دولداي ئەنجانغا ھاكىم بولغان.

[2] غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس»، 102 -، 103 - بەتلەر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1987 - يىلى نەشرى.

بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەھمەد ھاجىبەگ كاشغەرىي خۇراساندا تەلىم ئالغان يۇكسەك مەدەنىيەتلىك كىشى ئىدى. سۇلتان ئەبۇ سەئىد ۋاقتىدا ھىراتقا (1464 — 1465 - يىللىرى) ھاكىم، كېيىن 1496 - يىلىغىچە سەمەرقەنت ھاكىمى بولغان. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ھېرىنى ئىشغال قىلىپ ئۆز سەلتەنىتىنى تىكلىگەندە، ئەلىشىر نەۋايى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن ئەھمەد ھاجىبەگدىن رۇخسەت ئېلىپ، ھىجرىيە 875 - يىلى (مىلادىيە 1470 - يىلى) مەكتەپداش دوستى (ھۈسەيىن بايقارا)نىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ مۇلازىمىتىدە بولغان. نەۋايى سەمەرقەنتتە 12 يىل ياشىغان»[1]. «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى» ناملىق كىتابتىمۇ ئەھمەد خوجابەگ دېگەن كىشىنىڭ ئەلىشىر نەۋايى سەمەرقەنتتىكى چېغىدا ئۇنىڭغا ھامىيلىق قىلغانلىقى سۆزلەنگەن[2]. بۇ يەردىكى ئەھمەد خوجابەگ ئەھمەد ھاجىبەگ دېگەن كىشىنىڭ ئۆزىدۇر، ئۇ يەنە باشقا مەنبەلەردە ئەھمەد جامبەگ دېگەن نام بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ[3].

ئەلىشىر نەۋايىنىڭ تەلىم ئالغان مۇھىم ئۇستازى — مەۋلانا فەسىھۇددىن مۇھەممەد نىزامىي يەنى «فەسىھۇددىن ئاخۇنۇم» دېگەن كىشىدۇر. بۇ زات ھەققىدە تارىخچى خاندەمىر «خۇلاسەتۇل ئەخبار» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «مەۋلانا فەسىھۇددىن مۇھەممەد نىزامىي تۇرمۇشىنىڭ بىنۇقسانلىقى ۋە

---

[1] بۇ ھەقتە ئىمىن تۇرسۇننىڭ «نەۋايىنىڭ ئەسلىي نەسەبى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» 1998 - يىلى 1 - سان، 247 -، 250 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 - يىلى 7 - ئاي نەشرى.

[2] «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى» («中亚文明史»)، IV توم، 1 - قىسىم، 272 - بەت، ب د ت پەن - مائارىپ تەشكىلاتى (ONESKO) يېتەكچىلىكىدە يېزىلغان، جۇڭگو تاشقى ئىشلار تەرجىمە نەشرىياتى شىركىتى 2010 - يىلى 1 - ئاي خەنزۇچە نەشرى.

[3] بۇ ھەقتە ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «مەجالىسۇن - نەفائىس»نىڭ«ئەھمەد ھاجىبەگ» ماددىسىغا قارالسۇن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 - يىلى نەشرى.

نەسەبىنىڭ ياخشىلىقى، ئىلمۇپەندە مۇكەممەللىكى بىلەن، پەزىلەتپىشە ۋە بېنەزىردۇر...... ئانھەزرەت ئەمىر ئەلىشىر زۆرۇر ئىلىملەرنىڭ پارچىسىنى جانابىي مەۋلىۋى ھۇزۇرىدا ئۆگەنگەن ۋە ھەرقاچان ئۇ كىشىنى ئاخۇن دەپ چاقىرار ئىدى...... ئاخۇن فەسىھۇددىن مۇھەممەد نىزامىينىڭ ھېكمەت، رىيازەت، مەنىلەر بايانى، سەرف ۋە نەھۋە ئىلىملىرى بويىچە يازغان ئەسەرلىرى كۆپ ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تەلەبەلەر ئارىسىدا مەشھۇردۇر. ئۇل جاناب فىقھە (ئىسلام قانۇنى) ۋە ھەدىس ئىلىملىرى بويىچە ھەم ئىنتايىن ماھىر بولغىنى ئۈچۈن، مۇشۇ كۈنلەردە ‹ۋەقايە›گە شەرھى يېزىش بىلەن بەنددۇر.»

ئالىي مۇھەررىر (پروفېسسور) ئىمىن تۇرسۇن بۇ ھەقتە توختىلىپ شۇنداق يازغان: «(تۆمۈرىيلەر خانلىقى زامانىسىدا نەقىلچىدىن) ھىرات، سەمەرقەنت ھەم ئەنجان ۋىلايەتلىرىدە، ھەتتا خارەزمدە، زىيالىيلار قاتلىمى ۋە مەنسەپدارلار قاتارىدا ‹ئاخۇنۇم› ۋە ‹كاشغەرىي› ياكى ‹موغۇلىستان› دەپ ئاتالغان كىشىلەر كۆپ ئىدى. بۇلار ئىلىم - پەن ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەلىرىدە ھەم ھاكىمىيەت دائىرىلىرىدە تەسىرى چوڭ ۋە مۇھىم ئورۇنلارنى تۇتقانىدى. مەسىلەن، مەشھۇر تاجىك شائىرى ئابدۇرەھمان جامىنىڭ پىر - ئۇستازى سەئىددىن كاشغەرىي، ئەلىشىر (نەۋايى)نىڭ ئۇستازى فەسىھۇددۇن ئاخۇنۇم ئىدى. نىزامۇددىن ئەلىشىر سەمەرقەنتتە ھىجرانلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرگىنىدە، ‹مۇرەببىي› (تەربىيەچى) ۋە ‹مۇقەۋۋىسى› (مەدەت بەرگۈچى) ئەھمەد ھاجىبەگ ئىبنى سۇلتان مالىك كاشغەرىي ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۆپ ئاتىدارچىلىق قىلغان. ئەھمەد ھاجىبەگ ئەھمەد مىرزىنىڭ ئەمىرلىرىدىن ئىدى ھەم سۇلتان ئەبۇ زامانىدىمۇ ئەمىر ئىدى...... دېمەك، تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىدە ھۆكۈمرانلىق تەبىقىسىدىمۇ مەرتىۋىلىك مەنسەپدار ئۇيغۇر كىشىلىرى كۆپ ئىدى. مەسىلەن، سۇلتان مالىك كاشغەرىي، ئۇنىڭ ئىنىسى جانىبەگ

دولداي، سۇلتان مالىك كاشغەرىنىڭ ئوغۇللىرى ئەھمەد ھاجىبەگ ۋە ھافىز مۇھەممەد بەگ يەنى ئابدۇلكەرىم ئەشرەت ۋە باشقىلار[1].

ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «ئاخۇن» سۆزى ھەققىدە توختىلىپ، ئۆزبېكلەر «ئۇيغۇرلار» مەنىسىدە چۈشەنگەن دەيدۇ. يەنە بەزى پېشقەدەملەرنىڭ بايانىچە، ئۆزبېكلەر ئاساسەن «كاشغەرلىك» لەرنى «ئاخۇن ئەكە»، «ئاخۇن» دەپ ئاتار ئىكەن. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، مەۋلانا فەسىھۇددىن مۇھەممەد نىزامىنى ھەم كاشغەرلىك دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. ئۇ ھىراتتىكى كاشغەرىلەر مەدەنىيىتىنىڭ بايراقدارلىرى بولۇپ ياشاپ ئۆتكەن. ئومۇمەن، «ئەلىشىر يىگىتلىك دەۋرىدە ئىشتىياق بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىشقا بېرىلگەندە، ئۇنىڭغا تۈرلۈك پەنلەردىن دەرس بەرگۈچى ‹ئاخۇنۇم› دۇر؛ ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە مەدەتكار بولغۇچى ‹كاشغەرىلەر›دۇر»[2].

ئۇنىڭدىن باشقا، كاشغەردە يارىتىلغان «قۇتادغۇبىلىك»، «كاشغەر تىلى» بىلەن يېزىلغان «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىقلار ئەلىشىر نەۋايىنىڭ دىققەت نەزىرىدە بولغانلىقىنى دەلىللەپ كۆرگەنلەر بار. مەسىلەن، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ لىرىك شېئىرلىرى، داستانلىرى ۋە باشقا ئىلمىي ئەسەرلىرىدە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى، بەدىئىي شەكلى ۋە ئىدىيەۋى مەزمۇنىنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ دەپ يېزىلىدۇ، مۇناسىۋەتلىك ئەدەبىيات تارىخى كىتابلىرىدا شائىر ئەسەرلىرىدە ئىپادىلىگەن مەرىپەتلىك ئادىل شاھ باشچىلىقىدا مەركەزلەشكەن دۆلەت قۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن تەۋرەنمەي كۈرەش قىلىش ئىدىيەسى بىلەن

---

[1] ئىمىن تۇرسۇن: «نەۋايىنىڭ ئەسلىي نەسەبى توغرىسىدا»، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» 1998 - يىلى 1 - سان، 248 -، 249 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 - يىل 7 - ئاي نەشرى.

[2] ئىمىن تۇرسۇن: «نەۋايىنىڭ ئەسلىي نەسەبى توغرىسىدا»، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» 1998 - يىلى 1 - سان، 245 -، 246 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 - يىل 7 - ئاي نەشرى.

www.uyghurkitap.com

ئىلىم ـ مەرىپەت، كىشىلىك ئەخلاق، چىن، سەممىي ۋاپادارلىق، ئىنسانىي بۇرچ نۇقتىئىنەزەرىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىجادىيىتىگە يېقىندىن ياندىشقان[1]. نەۋايىنىڭ «خەمسە» سى دۇنياۋى كاتتا ئەسەر. ئۇنىڭدا ئىپادە قىلىنغان ئىدىيەۋى مەزمۇنلارمۇ ناھايىتى چوڭقۇر، يۈكسەك ۋە كۆپ قىرلىق. شائىر ئۇنى يازغاندا خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى، «خەمسە» ئۇستىلىرىنىڭ «خەمسە» لىرىگە نەزەر ئاغدۇرۇش بىلەن بىرلىكتە «قۇتادغۇبىلىك» كىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن مۇراجىئەتلەر قىلغان. بىزگە مەلۇمكى، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مۇھىم بىر نۇقتىئىنەزەرى بىلىملىك، ئادىل شاھ ئەخلاق، بىلىم ۋە قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەل ـ يۇرتنى گۈللەندۇرەلەيدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. يۈسۈپنىڭ بۇ قارىشى نەۋايىنىڭ «ھەيرەتۇلئەبرار»، «پەرھاد ۋە شىرىن» ھەم «سەددى ئىسكەندەرى» داستانلىرىدا خېلىلا روشەن ئىپادىسىنى تاپقان، بولۇپمۇ «سەددى ئىسكەندەرى» دىكى ئىسكەندەرنىڭ ئادىل، ئىنسابلىق، مەرىپەتلىك ۋە تىنچلىق سۆيەر خاراكتېرى «قۇتادغۇبىلىك» تىكى بىلىملىك، ئادالەتلىك كۈنتۇغدى ئوبرازىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىدە يارىتىلغانلىقىنى جەزم قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ھەقتە رۇس شەرقشۇناسلىرىدىن پىروفېسسور بېرتېلس 1948 ـ يىلىلا نىزامىي گەنجىۋى «خەمسە» سىدىكى ئىسكەندەر ئوبرازىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى ئوبرازنىڭ ئوخشايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كېلىپ[2]، نەۋايى داستانىدىكى ئەنئەنىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىن كەلگەنلىكىنى تىلغا ئېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن[3].

---

[1] شېرىپىدىن ئۆمەر: «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1994 ـ يىلى 1 ـ سان، 162 ـ بەت، ئۇرۇمچى.

[2] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئالمۇتا، «پەن» نەشرىياتى 1983 ـ يىلي نەشرى) نىڭ 61 ـ بەت.

[3] ئەلىشىر نەۋايى: «سەددى ئىسكەندەرى» ناملىق ئەسىرىدە بىر زاھىتنى تاغدىن چاقىرىپ كېلىپ پادىشاھ قىلماقچى بولىدۇ. بۇ «قۇتادغۇبىلىك»تە زاھىت ئۇدغۇرمىشنى غاردىن چاقىرىپ كېلىپ، كۈنتۇغدىنىڭ خىزمىتىگە سېلىش ھەققىدىكى ۋەقەلىك بىلەن يېقىنلىشىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» بولسا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بىۋاسىتە تەسىرىدە يېزىلغان داستان بولۇپ①، تەھقىقلىنىشىچە، ئەلىشىر نەۋايى بۇ ئەسەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. مەسىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ «نەسەئىمۇلمۇھەببەت» دېگەن ئەسىرىدە ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى توغرىسىدا ئالاھىدە توختىلىشتىن سىرت، باشقا بىر ئەسىرىدە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىن بىرنەچچە بېيىتنى مىسال كەلتۈرىدۇ، «سەددى ئىسكەندەرى» داستانىدىكى بىرنەچچە مىسرادا بولسا ئۇنىڭدىن ئېلىنغان قاپىيەنى ئەينەن قوللىنىدۇ.

قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدىكى فاراب شەھىرىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان مۇتەپەككۇر ئەبۇ ناسىر فارابى ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ پەلسەپە جەھەتتىكى قاراشلىرى ئەلىشىر نەۋايىغا كۈچلۈك تەسىر قىلغان. ئۇ فارابىنىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن. نەۋايى «مۇنشائات» ناملىق ئەسىرىنىڭ 87 - پاراگرافىدا ئۆزىنىڭ پىفاگور (فىساغورۇس)، ئارىستوتېل (ئارستو) دىن تاكى ئەبۇ ناسىر فارابىغىچە ئۆگەنگەنلىكىنى ئېيتقان، بولۇپمۇ نەۋايىنىڭ غايىۋى جەمئىيەت قاراشلىرىدا فارابىنىڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكى تولىمۇ روشەن ئىكەنلىكىنى ئالىملار خېلى بۇرۇنلا دەلىللىگەن. دەۋرىمىز تەتقىقاتچىلىرى بۇ خىل تەسىرنى نەۋايىنىڭ قەدىمكى گىرېك مەدەنىيىتىگە، گىرېك پەلسەپىسىگە، بولۇپمۇ تولىمۇ پەرقلىق ھالدا ئارىستوتېل قاراشلىرىغا بولغان ئالاھىدە ھۆرمىتىدىن قىياس قىلىپ چىققان. نەۋايى «پەرھاد - شىرىن» داستانىدا پەرھادنى ھېكمەت خەزىنىسى بولغان يۇنانىستان (گىرېتسىيە) غا تەلپۈندۈرىدۇ ۋە ئۇنى ئىسكەندەر تىلسىمى (پەلسەپە خەزىنىسى) نى ئېچىشتا سوقرات ھېكىم

---

① ب.گ.غاپۇرۇۋ ۋە ئا.قاسىمجانوۋلار يازغان «مەدەنىيەت تارىخىدا ئەل فارابى» دېگەن ئەسىرىدە گىرۇزىيە ئويغىنىش دەۋرىنىڭ يىرىك ۋەكىلى شوتا رۇستاۋىلىنىڭ «يولۋاس تېرىسى يېپىنغان باتۇر»ناملىق داستانىغا«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ كونكرېت تەسىر قىلغانلىقىنى، بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ ئېستېتىك يۆنىلىشىنى «قۇتادغۇبىلىك»تىن ئالغانلىقىنى بايان قىلغان. (بۇ ھەقتە «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق 1 - سانىنىڭ 162 - بېتىگە قارالسۇن).

بىلەن يۇز كۆرۇشتۇردۇ. بۇ گرېك پەلسەپەسىنى سوقراتتىن باشلاپ ئۆگىنىش، پىلاتوننى بىسىپ ئۆتۇش ۋە ئارىستوتېلدا ۋايىغا يەتكۇزۇش توغرىسىدىكى فارابى قاراشلىرى بىلەن بىردەك بولغان. ئەگەر «پەرھاد ـ شېرىن» دا چىن خاقانىنىڭ شاھزادىسى پەرھاد ئىشق ـ مۇھەببەت پىداكارلىقى رىشتىسىدىن يېگانە ھالدا شەرقتىن غەربكە سەپەر قىلىپ، جاھالەتلىك شاھ خۇسراۋ تەرىپىدىن پاجىئەگە ئۇچرىغان ۋە بۇ شەخسىي پاجىئە نەۋايى تەرىپىدىن تارىخىي پاجىئە دەرىجىسىگە كۆتۇرۇلۇپ ئىزاھلانغان بولسا، «سەددى ئىسكەندەرى» داستانىدا يۇنان شاھزادىسى ئىسكەندەر ئادالەت ۋە ئاسايىشلىق مەجبۇرىيىتى رىشتىسىدىن كۇچلۇك قوشۇن بىلەن غەربتىن شەرققە يۇرۇش قىلىپ، جاھالەتلىك شاھ دارا ئۇستىدىن غايەت زور زەپەر تەنتەنىسىگە ئېرىشىدۇ. بۇ جەريان باشتىن ـ ئاخىر ئىسكەندەرنىڭ «ئىسكەندەر تىلسىمى» نى ئاچقانلىقى بىلەن، باشقىچە ئېيتقاندا، ئارىستوتېلنى داھىي ۋە نامايەندە قىلغان گرېك پەلسەپىسى بويىچە ئىش قىلغانلىقى بىلەن يورۇتۇلغان①. ئەلىشىر نەۋايى ئىسكەندەرنىڭ چىن خاقانى بىلەن كۆرۇشۇپ سۇلھىلەشكەنلىكىنىڭ تەسۋىرىنى خەمسە ئۇستازلىرىنىڭ تەسۋىرىدىن كۆرە، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تورك» تىكى رىۋايەت ـ ھېكايىلەرگە يېقىن قىلىپ يېزىپ چىققان، يەنى نەۋايىمۇ ئوخشاشلا بۇ رىۋايەتلەرنى ئىسكەندەرنىڭ خاقانى چىن بىلەن ئىززەت ـ ئىكراملىق سۇلھىلەشكەن تەرزدە ئەينەن شېئىرىي شەكىل بىلەن ئىپادىلىگەن②.

ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئەدەبىيات سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۇپ

---

① ئا.م.ئىمىن: «ئەلىشىر نەۋايى ۋە ‹سەددى ئىسكەندەرى›»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1985 ـ يىللىق 4 ـ سانىنىڭ 67 ـ بېتى.

② مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بايانىچە، كاشغەر ئەينى زاماندا چىن دەپمۇ ئاتالغان. ياركەندلىك شائىر مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي (1676 ــ 1680 ـ يىللىرى تۇغۇلغان، تەخمىنەن 1750 ـ يىللىرى ۋاپات بولغان) بىر شېئىرىدا «چىندا مۇساپىردۇرمەن، ماچىن ئىچرە غېرىب» دەپ يېزىپ، كاشغەر، ياركەند، خوتەن قاتارلىق جايلارنى چىن، چىن ـ ماچىن دەپ ئاتىغان.

يېتىلىشىدە تەڭتى كاشغەردىن بولغان مەۋلانا لۇتفىي، ياركەندتىكى سەككاكىيلار — پىچاقچىلار كەنتىنىڭ ئەۋلادىدىن بولمىش مەۋلانا سەككاكىيلارنىڭ تەسىرى چوڭ ئىكەنلىكىنى شائىرنىڭ «مەجالسۇننەفائىس» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە بېرىلگەن تەسۋىرلەردىن ئۇچۇق قىياس قىلىش مۇمكىنچىلىكى بار.

«شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» ناملىق كىتابتا يېزىلىشىچە، سەئىدىيدىن كاشغەرىينىڭ ئۆز زامانداشلىرى ئۇبەيدۇللا لۇتفىي، ماۋلانا سەككاكىيغا بەرگەن تەسىرىمۇ كۈچلۈك بولغان①.

ئەدەبىيات، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ھېرىسمەن بەزى يەرلىك ھاكىمبەگلەرنىڭ قولايلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ يۈرۈشۈشىگە يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىش، رىغبەتلەندۈرۈش ياكى ھەيدەكچىلىك قىلىش ھادىسىسى كاشغەرنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا، بولۇپمۇ 18 — 19 - ئەسىرلەردە بىرقەدەر ئومۇملاشقان ئەھۋال بولۇپ، بۇ ئەينى زاماندا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى جايلارغا ئومۇملىشىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن:

18 - ئەسىردىكى ئەھۋاللارنى سۆزلىسەك، ياركەند ھاكىمى ئەمىن قۇربانبەگ خەزاناچىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن نامەلۇم تەرجىمان 1706 - يىلى «تارىخى بىناكەتى» ناملىق ئەسەرنى پارس تىلىدىن كاشغەر ئۇيغۇر تىلى شىۋىسىگە تەرجىمە قىلىپ چىقىپ، «تارىخى خەزاناچى» دەپ ئاتىغان②. موللا مۇھەممەد تۆمۈرنىڭ 1717 - يىلى «كەلىلە ۋە دەمنە» ناملىق ئەسەرنى پارسچىدىن كاشغەر ئۇيغۇر تىلى شىۋىسىگە تەرجىمە قىلىپ③

---

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، 928 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 - يىلى نەشرى.

② ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، 1058-، 1059 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 - يىلى نەشرى.

③ ئ.م.مۇگەنوپ: «ئۇيغۇرچە قول يازمىلار ھەققىدە مەلۇماتلار»، 17 - بەت؛ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، 1058- بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 - يىلى نەشرى.

چىقىشىغا كاشغەردىكى مۇھەممەد ئىمامبەگ سەۋەبچى بولغان، شۇڭا ئەسەرگە «ئاسار ئىمامىيە» دەپ قوشۇمچە ماۋزۇ قويۇلغان[1]. ئەمىر قۇربانبەگ بىننى نىيازى (ئەمىن قۇربانبەگ خەزاناچى بولسا كېرەك دېيىلىدۇ) نىڭ تەشەببۇسى بىلەن مىرفازىل كىچىك ساقى ناملىق كىشى مىرخۇەندىنىڭ «رەۋزەتۇسسەفا» ناملىق ئەسىرىنى 1737 - يىلى كاشغەر ئۇيغۇر تىلى شېۋىسىگە ئاغدۇرۇپ «تارىخى خاۋەندىشاھ» دېگەن نام بىلەن كۆچۈرۈپ تارقاتقان[2]. شاھ ھىجران خوجا ياقۇپ ئەرشىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1751 -، 1752 - يىللىرى ياركەند شەھىرىدە «شاھنامە»نى پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشىنى قولغا ئالغان. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي كاشغەر ھۆكۈمدارى مىرزا ئوسمانبەگنىڭ ئانىسى رەھىمخان ئاغىچا بېكەنىڭ ئۆتۈنۈشى ۋە مىرزا ئوسمانبەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مىلادىيە 1788 - يىلى «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىققان. موللا مۇھەممەد ئەيسا ياركەند ھاكىمى كېپەك بەگنىڭ قىزى ئايشە خېنىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1790 - يىلى «رىيازۇلمۇزەككىرىن» (ئاپتورى: ئاخۇن موللا كالان، ئەسەر 1770 - يىلى يېزىلغان) ناملىق كىتابنى پارس تىلىدىن كاشغەر ئۇيغۇر تىلى شېۋىسىگە تەرجىمە قىلىپ چىققان[3].

19 - ئەسىردىكى ئەھۋاللارنى سۆزلىسەك، 1800 - يىللىرى خوجا ياقۇپ ياركەندىينىڭ ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىنىڭ «چاھار دەرۋىش» ناملىق ئەسىرىنى پارسچىدىن كاشغەر ئۇيغۇر تىلى شېۋىسىگە ئاغدۇرۇپ چىقىشىغا تەشەببۇسكار بولغان ياركەند

---

[1] ئىمىن تۇرسۇن: «ئەدەبىي مىراس ھەم ۋەسىقىلىرىمىز»، «بۇلاق» 1980 - يىلى 1 - سان، 59 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى.

[2] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، 1058 -، 1059 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 - يىلى نەشرى.

[3] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1993 - يىللىق 3 - سانىدىكى غەيرەتجان ئوسماننىڭ «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئايال ئاپتورلار» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن.

ئەمىرى يۇنۇس ۋاڭ، 1813 - يىللىرى موللا سىددىق ياركەندىنىڭ «خەمسە نەۋايى» ناملىق ئەسەرنى نەسرلەشتۈرۈپ چىقىشقا ۋە «بۇلبۇلى گۇلشەن نەۋايى» (قوشۇمچە ماۋزۇسى «نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىنبەگ») دەپ نام بېرىلىشىگە تەشەببۇسكار بولغان ياركەند ھاكىمبېگى مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىنبەگ، 1830 — 1840 - يىللاردا ئابدۇرەھىم نىزارىي، نورۇزئاخۇن زىيائى، تۇردى ئاخۇن غەرىبى قاتارلىقلارنىڭ «ھېكايەتى غېرىب» («ھېكايەتى ئۇششاق» ياكى «مۇھەببەت داستانلىرى») ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئەدەبىي ئەسەرلەر توپلىمىنى رەتلەپ، كىتابەت قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلغان كاشغەر ھاكىمبېگى زوھۇرىددىن[1]، 1845 — 1846 - يىللىرى موللا مۇھەممەد نىياز ئابۇلغەفۇرنىڭ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر پارسچە يازغان «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسەرنى كاشغەر ئۇيغۇر تىلى شېۋىسىگە ئاغدۇرۇپ چىقىشىغا كۆرسەتمە بەرگەن ياركەند ھاكىمبېگى ئابدۇراخمان ۋاڭ ھاكىمبەگ قاتارلىقلارنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيەتشۇناسلىقى تارىخى ساھەسىدە ئەدەبىي تەخەللۇس، لەقەملەرنى ئىشلىتىش بىرقەدەر ئومۇملاشقان ھادىسىلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. مۇشۇ خىل ھادىسىنى ئۇيغۇر مەدەنىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە كاشغەر ئەدىبلىرى ۋە مەدەنىيەت ئەربابلىرى باشلاپ بەرگەن ۋە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنى بىر خىل سىستېمىلىق مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئاكتىۋال ئېلېمېنتىغا ئايلاندۇرغان. تارىختا نەزەر ئاغدۇرۇلىدىغان بولسا، «كاشغەرىي» تەخەللۇسىنى قوللىنىپ يۇرتسۆيەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرگەن نەچچە ئونلىغان ئەزىمەتلەرنىڭ ئىبتىنى ئىپتىخار ئىلكىدە ساناشقا بولىدۇ. مەسىلەن، ھۇسەيىن ئىبن خەلەف كاشغەرىي (مەھمۇد

[1] زوھۇرىددىن بەگ يەنە تۇردى ئاخۇن غەرىبىنىڭ «كىتابى غەرىب» ناملىق داستانىنىڭ يېزىلىشىغىمۇ كۆرسەتمە بەرگەن.

كاشغەرىنىڭ ئۇستازى[1]، مىلادىيە 973 ـ 1093 ـ يىللار)، ئىمادۇددىن كاشغەرىي (تېبابەت ئالىمى، مىلادىيە 10 ـ ئەسىر)[2]، راشىددىن كاشغەرىي (ئەللامە، تەخمىنەن 10 ـ ئەسىردە ياشىغان)[3]، جامالىددىن كاشغەرىي (مۇدەررىس، مىلادىيە 10 ـ ئەسىر)[4]، ئەبۇ ئابدۇللا كاشغەرىي (باغداد نىزامىيە مەدرىسەسىگە 1025 ـ 1026 ـ يىللىرى مۇدەررىس بولغان)[5]، مۇھەممەد بىننى رەشىد بىننى ئەلى كاشغەرىي (تېبابەت ئالىمى، ۋاپاتى مىلادىيە 1083 ـ يىلى)[6]، مەھمۇد كاشغەرىي (تىلشۇناس «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ ئاپتورى، مىلادىيە 1008 ـ 1090 ـ يىللار)، مۇھەممەد مەجىد كاشغەرىي (11 ـ ئەسىر، كاشغەر ـ باغداد)، ئالمائىي كاشغەرىي[7] (ئابدۇجاپپار بىننى ھۇسەيىن كاشغەرىي، ۋاپاتى 1082 ـ يىلى، «تارىخى كاشغەر» نىڭ ئاپتورى)، رابىيە كاشغەرىي (شائىرە،

---

[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» (ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ قاتارلىقلار تەييارلىغان)، I توم 456 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى نەشرى.

[2] مۇھەممەد ئوسمان «ئۇيغۇرلار تېببىي ئىلمىگە قەدىمدىنلا ئەھمىيەت بەرگەندۇر»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1981 ـ يىلى 2 ـ سان، 21 ـ بەت: ئىبراھىم مۇتىئى: «ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا يېڭى كىرگەن ۋاقىتتىكى ئىسلام مەدرىسەلىرى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1989 ـ يىلى 3 ـ سان، 107 ـ بەت.

[3] ئابدۇرېھىم ھاشىم: «ئاتۇش» (1)، 76 ـ بەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2005 ـ يىلى نەشرى.

[4] ھاجى ئەھمەد: «دېڭىز ئۈنچىلىرى»، 29 ـ بەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى: ئابدۇرەھىم سابىت «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، بىرىنچى كىتاب، 1 ـ قىسىم، 263 ـ بەت، قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى 1982 ـ يىلى باستۇرغان: ئابدۇشۇكۇر تۇردى قاتارلىقلار «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» 1 ـ توم 283 ـ بەت 2007 ـ يىلى نەشرى.

[5] يۈسۈپ ئىگەمبەردى: «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2010 ـ يىلى 5 ـ سان، 84 ـ بەت.

[6] ھاجى ئەھمەد: «دېڭىز ئۈنچىلىرى»، 29 ـ بەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى.

[7] خۋاتاۋ: «قاراخانىيلار خانىدانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئىككى نەپەر ‹كاشغەرىي› تەخەللۇسلۇق ئەدىب»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» 2008 ـ يىلى 2 ـ سان، 34 ـ بەت.



www.uyghurkitap.com

مىلادىيە 10 - ئەسىر)[1]، مۇھەممەد بىن سۇلايمان كاشغەري يىغان (سالجۇقىيلارنىڭ شەرقىي بۆلىكىدە 1122 — 1124 - يىللىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ھۆكۈمدار)[2]، ئىبىن مۇھەممەد خاكى كاشغەري (12 - ئەسىر، مۇدەررىس[3]، مىسىردا مىلادىيە 1363 - يىلى «تاجۇلسەئادەت ۋە ئەنۋانۇلسىيادات» ناملىق ئەسەر يازغان)[4]، زەينىددىن كاشغەري (14 - ئەسىر، ئەللامە) [5]، سەئىددىن كاشغەري (مۇتەپەككۇر، 1377 — 1456)، مەۋلانا ئەرشىددىن سۇلە ھايى كاشغەري (14 - ئەسىر، قەبرىسى كۇچادا) [6]، گۇلشەنى كاشغەري، مۇھەممەد رەشىدخان كاشغەري[7]، خاجە شەرىف كاشغەري (ئۇلۇغبەگ زامانى) ، سۇلتان مالىك كاشغەري (زامانىسىنىڭ كاتىتىلىرى، 14 -، 15 - ئەسىرلەر)، بىبىچە كاشغەري (خاجە ئىسھاقنىڭ ئانىسى، ۋاپاتى 1599 - يىلى) [8]، مەۋلانا سەئىد كاشغەري (كاشغەر كاتىتىلىرى، 16 - ئەسىر)[9]، سەئىد جىلىل كاشغەري (داڭدار

---

[1] «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» (3 - قىسىم)، غەيرەتجان ئوسمان تەييارلىغان، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1998 - يىلى نەشرى.

[2] يۇسۇپ ئىگەمبەردى: «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2010 - يىلى 5 - سان، 84 - بەت.

[3] بۇ كىشى مىسىر بايبارسىيە مەدرىسەسىگە مۇدەررىس بولغان.

[4] م.شاكىر ئۈلكۈ تاشىر (تۈركىيە): «بۈيۈك تىلچى مەھمۇد كاشغەري» 45 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشرى.

[5] بۇ ئادام سەئىددىن كاشغەرىينىڭ دادىسى بولۇپ،ئەينى زامانىنىڭ تونۇلغان ئەللامىسى سۈپىتىدە شۆھرەت قازانغان. مەھمۇد زەيدى: «سەئىددىن كاشغەري»، «شىنجاڭ گېزىتى» 1992 - يىلى 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى.

[6] موللا مىرسالىھ كاشغەري «چىڭگىزنامە» (ھاجى نۇرھاجى تەييارلىغان)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى، 71 - بەت.

[7] سۇلتان مۇھەممەد مۇترىبىي سەمەرقەندىي «تەزكىرەتۇششۇئەرا»، ئىران تېھران ئاينەئى مىراس نەشرىياتى، 1999 - يىلى پارسچە نەشرى («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2010 - يىلى 5 - سان، 86 - بەت).

[8] خاجە ئەخمەد ئىبىن مەۋلانا كاسانى (1542 — 1461 / 1462)، «جامىئۇل مەقامەتى مەخدۇم ئەئزەم كاسانى» ناملىق چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى قول يازمىغا قارالسۇن).

[9] ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 818 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 - يىلى نەشرى، بۇ زات سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋلادى بولۇپ، خوجا ھىسابلانغان خوجا ئىساق ئۇنىڭ قىزى بىبىچە كاشغەرىيگە ئۆيلەنگەن.

www.uyghurkitap.com

تىجارەتچى، 14 ــ 17 ـ ئەسىر)[1]، ئابدۇئەلى كاشغەرىي (ئابدۇلئەلى سىرمەنىي كاشغەرىي، 18 ـ ئەسىر، زەينىددىن كاغراقى كاشغەرىينىڭ ئەۋرىسى يازغان «مۇناقىبى خاجە زەينىددىن» نى 1797 ـ يىلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ كاشغەر تەلەپپۇزىدا تەرجىمە قىلغان)[2]، مۇھەممەد رىھىم كاشغەرىي (ئەدەبىي تەرجىمان، 18 ـ ئەسىر)، موللا مۇھەممەد تۆمۈر كاشغەرىي (ئەدەبىي تەرجىمان، 17 ـ ئەسىر)[3]، زۇلفىيە كاشغەرىي (شائىرە، 18 ـ ئەسىر)[4]، موللا مىرسالىھ كاشغەرىي («چىڭگىزنامە» ياكى «تارىخى كاشغەر»نىڭ ئاپتورى دېيىلىدۇ، 17 ـ ئەسىر)، ئابدۇللا نىدايى كاشغەرىي (ئابدۇللا بىن مۇھەممەد كاشغەرىي، 1688 ــ 1760، تەرىقەتچى شائىر، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزگەن، «نەقشىبەندىي»، «ئەييۇبىي» ۋە «نىدايى» دېگەن تەخەللۇسلىرى بولغان) [5]، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي (شائىر، تارىخچى، 1725 ــ 1849)[6]، مۇھەممەد ئابدۇل ئەلى كاشغەرىي («تەزكىرەئى ھەزرەت موللام»نىڭ ئاپتورى، 17 ــ 18 ـ ئەسىر)[7]،

---

[1] موللا ھاجى: «تەزكىرەئى بۇغراخان»، «شىنجاڭ دىن تارىخىي ماتېرىياللىرى» 16 ـ توپلام، خەنزۇچە، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى چىقارغان، 1988 ـ يىلى، 5 ــ 6 ـ بەتلەر، ئۇرۇمچى. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 3 ـ قىسىم، 8 ـ بەت، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشرى: بۇ كىشى شائىرە زۇلەيخا بېگىم (ئاپاق خوجىنىڭ ئانىسى)نىڭ دادىسى، قومۇلدا تىجارەت قىلغان.

[2] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 3 ـ قىسىم، 18 ـ بەت، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشرى.

[3] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 3 ـ قىسىم، 237 ـ بەت، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشرى.

[4] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1983 ـ يىلى 2 ـ سان: ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى، پىروگىراممىسى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 ـ يىلى 6 ـ سان، 108 ـ بەت: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 3 ـ قىسىم، 278 ـ بەت، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشرى.

[5] ئۆمەرجان نۇرى: «ئابدۇللا نىدايى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2011 ـ يىلى 4 ـ سان، 47 ـ بەت.

[6] «مەھمۇد كاشغەرىي» (ماقالىلەر توپلىمى)، 37 ـ بەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985 ـ يىلى نەشرى.

[7] ئابلىمىت روزى: «ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1981 ـ يىللىق 1 ـ سانى.

مۇتربىان كاشغەرىي (شائىرە، 18 ـ 19 ـ ئەسىرلەر)[1]، مولla توختى خەلپەت كاشغەرىي (تەزكىرىچى، 18 ـ 19 ـ ئەسىرلەر)[2]، موللا ياقۇپ بىننى ئۆمەر كاشغەرىي (تەزكىرىچى، 19 ـ ئەسىر)[3]، موللا توختى كاشغەرىي (ۋاپاتى 1855 ـ يىلى)[4]، ئاخۇن موللا ئابدۇغوپۇر كاشغەرىي (ۋاپاتى 1850 ـ 1851 ـ يىللار، كاشغەرنىڭ بۈيۈك فۇزەلەسى ئىدى)[5]، موللا توختى ئاخۇن كاشغەرىي (مۇدەررىس، 1800 ـ 1890)[6]، ئەبەيدۇللا باي كاشغەرىي (مەرپەتپەرۋەر باي، 19 ـ ئەسىر)[7]، موللا تۇردۇش ئاسىي

---

[1] ك.ئا.بروفكوف: «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش تارىخىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتقان ئورنى»، «تىل ـ ئەدەبىيات ۋە تارىخ مەسىلىلىرى»، 1948 ـ يىلى، ئالمۇتا.

[2] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 3 ـ قىسىم، 289 ـ بەت، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشرى.

[3] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 3 ـ قىسىم، 299 ـ بەت، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشرى.

[4] بۇ ئادەم ئەينى زاماندا كاشغەردە دەپتەردار، مىرزىلىق خىزمىتىنى بېجىرگەن. ئۇنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى قۇندۇزلۇق تارىخچى ئىمامەلى قۇندۇزى (1785 ـ 1858) تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى مەنزۇمە» (شېئىرىي يىلنامىلەر) ناملىق كىتابىنىڭ 73 ـ بېتىدە مەلۇمات يېزىلغان؛ بۇ ھەقتە ئا.خ.جالىلوپ، ت.ف.فائىزىيېپ (ئۆزبېكىستان) لارنىڭ «"تارىخي مەنزۇمە" ـ ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت مۇھىم قول يازما» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن. «مالۇپ ئەنجۇمەنى»، 203 ـ بەت، ئالمۇتا «غىلىم» نەشرىياتى 1990 ـ يىلى نەشرى.

[5] بۇ ئادەم ئەينى زاماندا كاشغەردە ۋەلەدى بۇزرۇكۋار مەغرۇر دىيانەتلىك شائىر دەپ تەرىپلەنگەن زات ئىدى. ئۇنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى قۇندۇزلۇق تارىخچى ئىمامەلى قۇندۇزى (1785 ـ 1858) تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى مەنزۇمە» (شېئىرىي يىلنامىلەر» ناملىق كىتابىنىڭ 62 ـ بېتىدە مەلۇمات يېزىلغان؛ بۇ ھەقتە ئا.خ.جالىلوپ، ت.ف.فائىزىيېپ (ئۆزبېكىستان) لارنىڭ «"تارىخى مەنزۇمە" ـ ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت مۇھىم قول يازما» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن. «مالۇپ ئەنجۇمەنى»، 207 ـ بەت، ئالمۇتا «غىلىم» نەشرىياتى 1990 ـ يىلى نەشرى.

[6] بۇ ھەقتە «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان غەيرەتجان ئوسمانىنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن مائارىپچىلىرى» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن.

[7] بۇ زات 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كاشغەر شەھىرىدە شەخسىي خىراجىتى بىلەن بىر مەدرىسە بىنا قىلغان؛ بۇ ھەقتە ئا.خ.جالىلوپ، ت.ف.فائىزىيېپ (ئۆزبېكىستان) لارنىڭ «"تارىخى مەنزۇمە" ـ ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت موھىم قول يازما»ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن. «مالۇپ ئەنجۇمەنى»، 205 ـ بەت، ئالمۇتا «غىلىم» نەشرىياتى 1990 ـ يىلى نەشرى.

www.uyghurkitap.com

كاشغەريي[1]، ئابدۇقادىر بىننى ۋارىس كاشغەريي (1862 — 1924)[2]، مولـلا مۇھەممـەد ئىبـنى ئىسـلام ئـەل كاشـغەريي (خـەتتات، 20 ـ ئەسـىر)[3]، دامولـلا ئـابدۇغوفۇر كاشـغەريي (19 — 20 ـ ئەسـىر)[4]، يۈسۈپ ھاجى كاشغەريي (تېۋىپ، 1876 — 1961)[5]، سەنجار ئىبنى ئىبـراھىم كاشـغەريي (19 ـ ئەسـىر)، مۇھەممەدئـەمىن سـەدرىي كاشـغەريي (19 ـ ئەسـىر)، خىسـلەر كاشغەريي (خىسـلەتىي، 19 ـ ئەسـىر)، ھـاجى ئابدۇلبـاقى كاشـغەريي (19 ـ ئەسـىر)، مولـلا ئابدۇسـەمەد كاشـغەريي (19 ـ ئەسـىردە ياشـىغان خـەتتات)؛ مولـلا مۇھەممـەد شەمسـىددىن كاشـغەريي (19 ـ ئەسـىر)، ئۇسـتاد بابـا كاشغەريي (19 ـ ئەسىر، مىسكەر)، ئۇستاد ئەييۇب كاشغەريي (19 ـ ئەسـىر، مىسـكەر)، فولادخاجـە كاشـغەريي (19 ـ ئەسـىر، مىسـكەر)، ھاجى سەئۇددىدىن كاشغەريي (1840 — 1850 ـ يىللاردىكى قىلىچ،

---

[1] مولـلا تـۇردۇش ئاسـىي كاشـغەريي ـ تـۇردۇش ئـاخۇن غـەرىبى، تـۇردى غـەرىبى دەپ ئاتىلىپ كېلىنگەن شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ «كىتابى غەرىب» ناملىق ئەسىرى بار. شائىر ئەھمـەد زىيـائى 1930 ـ يىلـلاردا «رابىئـە ـ سـەئىدىن» نـاملىق داسـتانىنى يېـزىش مەقسـتىدە كاشـغەرنىڭ ئوپال يېزىسـىدىكى «ھـەزرىتى مولـلام» مـازىرىنى زىيـارەت قىلغىـنىدا مـازارنىڭ ئىشـكىگە يېزىلغـان «ئۈمىـد بىرلـە كېلىپـمەن، دەرگـاھىڭغا پادىشاھىم دات، بۇ پەقرۇ ـ زارى بىرلە ئەرز قىلدىم، قىلمىغىل پەريات. 1254. مولـلا تۇردۇش ئاسى كاشغەريي» دېگەن خەتنى كۆرگەن ۋە خاتىرىسىگە يېزىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ «رابىئە ـ سەئىدىن»ناملىق داستانىغا نەقىل سۈپىتىدە كىرگۈزگەن. بۇ ھەقتە شائىرنىڭ «رابىئە ـ سەئىدىن» ناملىق داستانىنىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985 ـ يىلى نەشر قىلىنغان نۇسخىسىنىڭ 94 ـ بېتىگە قارالسۇن.

[2] مـەتىمىن قۇربانى: «ۋەتەنپـەرۋەر ئـالىم ۋە شـائىر ئـەزىزى»، قەشـقەر «كوناشـەھەر ئـەدەبىياتى» ژۇرنىلـى 1980 ـ يىلـى 2 ـ سـان: بـۇ ماقـالىدە ئابدۇقـادىر دامۇللامىنىـڭ «كاشغەريي» تەخەللۇسىنىڭ بارلىقى تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان.

[3] بـۇ كىشـى ھىجرىيـە 1376 ـ يىلـى (مىلادىيـە 1956 ـ يىلـى) مولـلا يۇنـۇس ياركەندىينىڭ «يۈسۈپ ـ زۇلەيخا» سۇژىتى ئاساسىدا يېزىپ چىققان «مۇھەببەتنامـە» ناملىق داستانىنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۇسلۇبى بويىچە كۆچۈرۈپ چىققان. بۇ ھەقتـە «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا قارالسۇن.

[4] بۇ كىشىنىڭ ھىجرىيە 1335 ـ يىلى (مىلادىيە 1916 — 1917 ـ يىللىرى) يېزىلغان «سازچى ھۆرمىتى» ناملىق كىتابى ساقلانغان. بۇ ھەقتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلانغان ئەسەرلەر تىزىملىكى» (چاغاتايچە ئەسەرلەر) نىڭ 78 ـ بېتىگە قارالسۇن، 2004 ـ يىلى تاييارلانغان.

[5] ئۇنىڭ «قانۇنچە» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان.

قورال ياساش ئۇستىسى)[1]، سىراجىددىن كاشغەرىي (19 - ئەسىر)، نىئمەتۇللا كاشغەرىي (19 - ئەسىر)، مۇھىددىن كاشغەرىي («تەزكىرەئىي غەۋس» نىڭ مۇئەللىپى)، ئىمام ھەسەن كاشغەرىي (1822 - يىلى، «دەستانى زەيىد ئەنسارى»نىڭ مۇئەللىپى)، ئابدۇقادىر ئىبىن موللابەھادىر كاشغەرىي (19 - ئەسىر، خەتتات)، موللا توختى ئىبىن موللا نۇرمۇھەممەد كاشغەرىي (19 - ئەسىر، خەتتات)، موللا ئىلمۇددىن ئىبىن موللا مۇھەممەد كاشغەرىي (19 - ئەسىر، خەتتات)، موللا توختى كاشغەرىي («فەتىۋائىي چوڭ» نىڭ خەتتاتى)، موللا مۇھەممەد شەمسىددىن كاشغەرىي («قىسسەئى جەمالىددىن سەئىدىۋاققاس» نىڭ مۇئەللىپى (1905 — 1906 - يىللىرى)، سابىد بىننى خۇدابەردى كاشغەرىي («مەقالەت» نىڭ مۇئەللىپى، 1905 — 1906 - يىللىرى)، غولام مۇھەممەد تۇردۇش كاشغەرىي («پالنامە»نىڭ مۇئەللىپى)؛ مۇساباي كاشغەرىي (مۇسابايېۋ)[2]، سابىت بىننى ئابدۇلباقى كاشغەرىي (1887 - يىللىرى، «شەرھى گۈلشەن»، «شەرائىتۇلئىمان» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى، 1917 — 1918 - يىللىرى، غەپپار ئەمىن ئىبراھىم كاشغەرىي («دەقايىقۇلئەخبار» نىڭ ئاپتورى، 1886 — 1887 - يىللىرى، خەتتات)، مۇھەممەد تاھىر كاشغەرىي (1880 — 1995 - يىللىرى، خەتتات)، ئابدۇللا كاشغەرىي (تەخەللۇسى نىدائىي، 18 -، 19 - ئەسىر، كاشغەر — تۈركىيە)، موللا مۇھەممەدئىمىن كېپەك سوپى كاشغەرىي (مىلادىيە 1859 —

---

[1] بۇ تۈت ھۈنەرۋەنىنىڭ ئىجادىيىتى ئۈچۈن ب د ت پەن - مەدەنىيەت مائارىپ تەشكىلاتى ۋە جۇڭگو سىرتقا قارىتا تەرجىمە - نەشر شىركىتى نەشىردىن چىقارغان «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى» 5 - قىسىم، خەنزۇچە، 2002 - يىلى 1 - ئاي 1 - نەشرى، 637 - بەت.

[2] قەشقەر شەھىرىدىن تېپىلغان مۇسابايېۋلار جەمەتىگە تەۋە بىر قىسىم ھېسابات تالونلىرىدا مۇسابايېۋلارنىڭ نامى «مۇساباي كاشغەرىي» دەپ پۈتۈلگەنلىكى مەلۇم، بۇ مۇسابايېۋلار جەمەتىنىڭ «مۇسابايېۋ» دېگەن سىلاۋيانلاشقان تەگاتنى قوللىنىشتىن ئىلگىرى ئىشلەتكەن نام - شەرىپى بولسا كېرەك.

1860 - يىللىرى كۆچۈرۈلگەن پارس تىلىدىكى «كىپەك سوپى كاشغەريي شېئىرلىرى» نىڭ ئاپتورى)، داموللا ئابدۇلغەفۇر بىننى ئابدۇللا كاشغەريي (1865 ـ 1935 - يىللىرى، پەيزاۋات شاپتۇل يېزا، «مىراجنامە» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى)، زەرىف قارىيھاجى كاشغەريي (تاشكەنت ـ كاشغەر ـ غۇلجا، 1858 ـ 1958)، ئابدۇللا كاشغەريي (كاشغەر ـ تۇرپان)[1]، ئىسمائىل ھەققى ئەكاشغەريي (20 - ئەسىر)[2]، يۇسۇف ھاجى كاشغەريي (كاشغەر ـ پاكىستان، 20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى)[3]، ئابدۇرەسۇل ئۆمەر كاشغەريي (ئوپال ـ قەشقەر شەھىرى، 20 ـ 21 - ئەسىر)، مۇھەممەد سالىھ داموللا ئەل كاشغەريي ـ ئارتۇشى (ئەرەبشۇناس)[4] قاتارلىقلار ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر خەتتاتلىق، كىتابەتچىلىك، كىتاب نۇسخىلاش، ئىشلىرى تارىختىن بۇيان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، شىنجاڭ تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئەلشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ نۇسخىلاش 19 - ئەسىردە تولىمۇ جانلانغان. باشقا مەدەنىي ئىشلارغا ئوخشاش بۇ ساھەدە كاشغەرلىك خەتتاتلارنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرى باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇرلار دائىم زوقلىنىدىغان ۋە ئىپتىخارلىنىپ تۇرىدىغان نامايەندە خاراكتېرلىك ھادىسە بولۇپ قالغان. بۇنىڭغا مۇنداق بىر

---

[1] بۇغدا ئابدۇللا: «زوھۇربەگ شېئىرلىرى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2009 - يىللىق 3 - سان، 43 - بەت.

[2] ئۆمەرجان نۇرى: «مۇستاپا كامالنىڭ ئۇيغۇر دوستى ـ ئىسمائىل ھەققى كاشغەريي»، «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى، 2011 - يىللىق 1 - سان.

[3] يۇسۇف ئىگەمبەردى «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە ئىزدىنىش ـ تەخەللۇس، نىسبە ۋە تەگات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 2010 - يىلى 5 - سان، 86 -، 87 - بەتلەر.

[4] ئۇ «قۇرئان كەرىم»نى بوگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تۇنجى قېتىم ئاغدۇرۇپ نەشر قىلدۇرغان كىشى. ئۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986 - يىللىق تەرجىمىسىدە ئۆز ئىسمىنى شۇنداق ئالغان.

ۋاستىلىك مىسال ئارقىلىق جاۋاب بېرىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، بۈگۈنكى كۈندە ئۆزبېكىستاندىكى مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ئورگانلاردا «كاشغەرىي» تەخەللۇسلۇق خەتتاتلار ۋە ئەدىبلەر ئۆز قوللىرى بىلەن كۆچۈرگەن ئەلىشىر نەۋايىنىڭ 1837 بەت (فورماتى ئوخشىمايدۇ)لىك قول يازما نۇسخا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، بۇلارنى ئابدۇلقادىر ئىبنى مولla باھادىر كاشغەرىي («خەمسە نەۋايى»نى 1833 — 1834 - يىللىرى كۆچۈرگەن)، مولla ئىلمۇددىن ئىبنى مولla مۇھەممەد كاشغەرىي («خەمسە نەۋايى»نى 1830 — 1831 - يىللىرى كۆچۈرگەن)، مولla ئابدۇلسەمەت («مەھبۇبۇلقۇلۇب» نى 1857 - يىلى كۆچۈرگەن)، مولla توختى ئىبنى مولla نۇرمۇھەممەد كاشغەرىي («ھەيرەتۇلئەبرار»نى 1867 — 1868 - يىللىرى كۆچۈرگەن)، مۇھەممەد سادىق بىن مۇھەممەد سالىھ كاشغەرىي («تەرمە دىۋان»نى كۆچۈرگەن)، مۇھەممەد فازىل ئوغلى ئابدۇرېھىم كاشغەرىي («كۇللىيات»نى 1824 — 1830 - يىللىرى كۆچۈرگەن) قاتارلىقلارنىڭ نام - شەرىپىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىش ھەربىر مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ھەۋەسكارىنىڭ مەجبۇرىيىتى بولۇشى كېرەك[1]. كاشغەر ھاكىمى زوھۇرىددىن بەگنىڭ 1838 - يىلى يازغان بىر خاتىرىسىدە كاشغەر شەھىرىنىڭ ئۆزىدە 500 نۇسخىدىن ئارتۇق نەۋايى «خەمسە»سىنىڭ ئۇيغۇر خەتتاتلىرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى كۆرسىتىلگەن[2]. بۇلاردىمۇ «كاشغەرىي» تەخەللۇسىنىڭ ئىشلىتىلىشى تۇرغان گەپ، ئەلۋەتتە. ئۇلار «كاشغەرىي» تەخەللۇسىنىڭ ئىلھامى بىلەن سانسىزلىغان كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ، مۇكچەيگەن بەللىرىنى تىك تۇتۇپ، ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئالتۇن قۇرلۇق نەزملىرىنى

---

[1] بۇ مەلۇماتلار توغرىسىدا ئابدۇشۈكۈر تۇردى يازغان «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ كاشغەردە كۆچۈرۈلگەن بىرنەچچە قول يازمىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىگە مۇراجىئەت قىلىشقا بولىدۇ. بۇ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[2] دىلبەر روزىيېۋا (قازاقىستان)نىڭ «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ 1980 - يىل 9 - فېۋرال سانىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىگە قارالسۇن (ب.ئە «ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرىدا داستان ژانىرى»، 131 - بەت، 1988 - يىلى، ئالمۇتا).

www.uyghurkitap.com

زېرىكمەي، ئېرىنمەي نۇسخىلاپ، ئۆز خەلقى ئىچىگە تارقىتىپ، مەرىپەتلىك رولىنى ئويناپ، مەدەنىيەت تارىخىنىڭ شانلىق بەتلىرىنى خاسىيەتلىك ئەمگەكلىرى بىلەن بېزىگەن. ئالىملارنىڭ تەھقىقلىشىچە، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا كاشغەر ئۇيغۇرلىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ نۇسخىلاش ئىشىغا كىرىشكەن ۋە بۇ خىل خىزمەت بىر خىل ئېقىم بولۇپ، كېيىنكىلەر ئۇنى «كاشغەر خەتتاتلىق مەكتىپى» دېگەن ئاتاق بىلەن ئاتاپ كەلگەن[1]. ئومۇمەن، ئۇيغۇر مەرىپەت تارىخىنى ۋاراقلاپ قارىغاندا، «كاشغەري» تەخەللۇسىنى ئىشلىتىپ مەرىپەت ئىزىنى قالدۇرۇپ كەتكەن كىشىلەر مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىپ، ھەممىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ كەلگەن.

ياركەند سەئىدىيە خانلىقى زامانىسىدىن باشلاپ بەزىبىر زاتلار «ياركەند» سۆزىنى تەخەللۇس قىلىپمۇ كەلگەن. مەسىلەن، يۇسۇپ قىدىرخان ياركەندي (مۇقامچى، ۋاپاتى 1560 -، 1561 - يىللىرى)، ئۆمەر باقى ياركەندي (1750 - يىلى)، موللا سىددىق ياركەندي (1813 - يىلى «خەمسە نەۋايى»نى نەسرلەشتۈرۈپ چىققان)، موللا يۇنۇس ياركەندي (1807 - يىلى «مۇھەببەتنامە» ناملىق داستاننى يېزىپ چىققان)، مۇھەممەد سادىق ياركەندي («غازات ئەل مۇسلىمىن»نى يازغان، 19 - ئەسىر). مۇھەممەد نىياز ئاخۇن ياركەندي، موللا مۇھەممەد سىددىق ياركەندي[2] قاتارلىقلار. مۇھەممەد نىياز ئاخۇن ياركەندي مەشھۇر «تارىخى رەشىدي»نى

---

[1] بۇ ھەقتە ئەسئەت سۇلايماننىڭ «خەمسە ھادىسىسى، ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابىغا قارالسۇن. بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001 - يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

[2] «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلانغان ئەسەرلەر تىزىملىكى» (چاغاتايچە ئەسەرلەر، 2004 - يىلى تاييارلانغان) نىڭ 79 - بېتىدە «جامىئۇل مۇقامات» ناملىق چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىككى قول يازمىنىڭ 98 - بېتىدە «مەجمۇئەتۇل مۇھەققىن» ناملىق چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قول يازمىنىڭ موللا مۇھەممەد سىددىق ياركەندىينىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى يېزىلغان. بۇ 1813 - يىلى «خەمسە نەۋايى»نى نەسرلەشتۈرۈپ چىققان موللا سىددىق ياركەندي بىلەن بىر ئادەممۇ، بۇنىسى نامەلۇم.

پارس تىلىدىن كاشغەر ئۇيغۇر تىلى شېۋىسىگە ئاغدۇرغان ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2007 - يىلى ئىككى توم بولۇپ نەشر قىلىنغان كىتابنى ئىشلەشتە ئاساس قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ تەرجىمانىدۇر. 18 ــ 19 - ئەسىردە ياشىغان تارىخچى ئىمامەلى قۇندۇزىنىڭ «تارىخى مەنزۇمە» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېيىلگەن: «مۇھەممەد نىياز ئاخۇن ياركەندىي مەزكۇر دىيارنىڭ يېتۈك فۇزالىلىرىدىن ۋە پېشقەدەم ئۇمەرالىرىدىن ئىدى. ئۇ غەزەلىياتتا نىيازى تەخەللۇسىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلار توپلىمى...... بولغان، تەقدىرنىڭ ئېغىر قىسمەتلىرىدىن قېچىپ كېلىپ خوتەندە ئىستىقامەت قىلدى. ئۇنىڭ جەسىتى ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھىرىگە ئېلىپ كېلىنىپ دەپنە قىلىنغان»[①]. بۇ تەخەللۇسىنىڭمۇ تەسىرى خېلى چوڭ بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «يېگىسارى»، «پوسكامى» قاتارلىق ناملارنى ھەم تەخەللۇس قىلغانلار بولغان.

يازما ئەدەبىيات شەكلىدە سىستېمىلاشقان 1000 يىللىق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىر خىل ئەدەبىي تىل ــ «كاشغەر تىلى»نى ئوق يىلتىز قىلىپ شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلىنىپ كەلگەن. دۆلەت ئىچىدىكى تۈركىي تىللار مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئىزدىنىشىگە ئاساسلانغاندا ئەلىشىر نەۋايى ۋايىغا يەتكۈزگەن «چاغاتاي تىلى» يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەھمەد يۈكنەكىلەر قوللانغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ياكى كاشغەر تۈركچىسىنىڭ راۋاجى، نەۋايىنىڭ تىلى شەك - شۈبھىسىز ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت. چەت

---

① بۇ ئۇچۇر قۇندۇزلۇق تارىخچى ئىمامەلى قۇندۇزى (1785 ــ 1858) تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى مەنزۇمە» (شېئىرىي يىلنامىلەر) ناملىق كىتابنىڭ 73 - بېتىدە مەلۇمات يېزىلغان: بۇ ھەقتە ئا.خ.جالىلوپ، ت.ى.فائزىيېپ (ئۆزبېكىستان) لارنىڭ «تارىخى مەنزۇمە» (ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت موھىم قول يازما») ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن. «مالۇپ ئەنجۇمەنى» 210 - بەت، ئالمۇتا «غىلىم» نەشرىياتى 1990 - يىلى نەشرى.

ئەللەردىكى تۈركىي تىللار مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەھسىل قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، چاغاتاي ئەدەبىي تىلى ئىسلاملىشىشتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدۇر، ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى بولسا چاغاتاي ئەدەبىي تىلىدىن كېلىپ چىققان دېگەن خۇلاسىگە كېلىشكەن[①]. دۆلەت ئىچىدىكى نوپۇزلۇق تۈركىي تىللار مۇتەخەسسىسلىرى ھەرقايسى ئەللەر تۈركولوگلىرىنىڭ چاغاتاي تىلى ئۈستىدىكى خۇلاسىلىرىگە بىرقۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ چاغاتاي ئەدەبىي تىلى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىشلەتكەن كاشغەر تۈركچىسىنىڭ راۋاجى، بۇ ئەدەبىي تىل ياكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى شەكىللەنگەنگە قەدەر ئۇيغۇر ئەدىبلىرى تەرىپىدىن ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن دېگەن ئىلمىي قاراشنى چاغاتاي تىلىنىڭ فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق دەلىللەيدۇ[②]. ئۇلار بۇنى ئەلىشىر نەۋايىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ تىلى ۋە خەلق تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسەن بىردەك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ[③].

يېقىنقى زامان دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەل تىلشۇناسلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلىنى باشقا تۈركىي تىللاردىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن، «كاشغەر تىلى»، «تۈركىي تىلىنىڭ كاشغەر شېۋىسى»

---

[①] بۇ قاراشنى س.ي.مالوف، ن.ئا.باسكاكوف قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويغان (بۇ ھەقتە مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، خەمىت تۆمۈرلەر يازغان «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1993 - يىللىق 1 - سانىدىكى ماقالىسىگە قاراڭ).

[②] بۇ ھەقتە مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، خەمىت تۆمۈرلەر يازغان «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1993 - يىللىق 1 - سانىدىكى ماقالىسىگە قاراڭ.

[③] ئابدۇقادىر جالالىدىن: «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى ۋە ئۇنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2009 - يىلى 1 - سان، 41 - بەت.

دېگەندەك ناملارنى ئىشلىتىپ كەلگەن ئەھۋالمۇ بار[①]. مەلۇمكى، «كاشغەر تىلى» دېگەن بۇ مۇبارەك ئاتاق ئەڭ دەسلەپ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ياشىغان ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق شەكىلدە ئۇچرايدۇ:

تامامى ئەرۈر كاشغەر تىلى بىلە،
ئايىتمىش ئەدىب رىققاتى دىل بىلە.
ئەگەر بىلسە كاشغەر تىلىن ھەر كىشى،
بىلۈر ئۇل ئەدىبنىڭ نە كىم ئايمىشى[②].

دېمەك، بۇ يەردىكى كاشغەر تىلى ئەينى زاماندا ئۆلچەملەشكەن، بىرلىككە كەلگەن، ئەدەبىيلەشكەن ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ نام يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامانغىچە داۋاملىشىپ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ساقلاپ كەلگەن.

ئومۇمەن، كاشغەر قاراخانىيلار خانلىقى زامانىسى (مىلادىيە 850 ـ 1212 ـ يىللار) دىن باشلاپلا شىنجاڭنىڭ مۇھىم مەمۇري، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، دىن، جۈملىدىن ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن. شۇنىڭ شەرىپىگە ئوردۇكەند (باشكەند) بولغان «كاشغەر» دېگەن بۇ نام ئەتراپقا كەڭ تارقىلىپ، تەسىرى ئىلگىرىكى «سېرىس ئېلى»نىڭ مەركىزى سۇلىدىن ئېشىپ كېتىپلا قالماستىن، بەلكى تەسىرى مىڭ يىللارچە سۇسلاشمىغان. كاشغەر يالغۇز كاشغەر ۋىلايىتىنىڭ

---

[①] بۇ ھەقتە ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىقنىڭ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» (مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىلى نەشرى) ناملىق كىتابىغا قارالسۇن.

[②] ئەھمەد يۈكنەكى: «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (خەمىت تۆمۈر، تۇرسۇن ئايۇپلار تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى.

نامى تەرىقىسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل تارىم بوستانلىقى ۋادىسى، ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سىمۋوللۇق نامى بولۇپ قوللىنىلغان[1]. بۇنىڭغا «بەھرۇل ئەسرار»، «كاشغەرىيە»، «تارىخى ھەمىدىيە» قاتارلىق كىتابلاردا ئېنىق جاۋاب بېرىلگەن. يەنە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مۇئەللىپ چۈن يۈەننىڭ «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلاردىن خاتىرە» (مىلادىيە 1777 - يىلى يېزىلغان)ناملىق كىتابىنىڭ 2 - جىلدىدىكى مۇنۇ بايانلار ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىقراق جاۋابقا ئېرىشەلەيمىز. بۇ كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «چەت ئەللىكلەر ھەرقايسى يەرلەردىكى مۇسۇلمان (ئەسلىي «回子 — خۇيزى» دېيىلگەن — نەقىلچىدىن) لارنى ‹كاشغەر مۇسۇلمانلىرى› (喀什噶尔回子) دەيدۇ، چۈنكى بۇ يەرنىڭ داڭقى ھەممىگە تونۇشلۇقتۇر.»

[椿园著《西域闻见录》曰："外藩人称各地回子，必曰'喀什噶尔回子'，则其地之表著可知矣"。]

بۇ جۈملىنى تەھلىل قىلىپ كۆرگەنلەرنىڭ بايانىچە بولغاندا، ئوتتۇرا غەربىي ئاسىيادىكى چەت ئەللىكلەر شىنجاڭلىقلار بىلەن ئۇچراشقاندا «كاشغەرلىكلەر» دېگەن ئومۇمىي نامنى ئىشلەتكەن. بۇنىڭدىن «كاشغەر»نىڭ چەت ئەللىكلەرگە نىسبەتەن تەسىرىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەزى چەت ئەللىك جۇغراپىيەشۇناسلار «كاشغەر» دېگەن نامنى دائىم تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە قوللانغان. ۋاھالەنكى، ئېلىمىزنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كاشغەردە «مەسلىھەتچىلەر ۋەزىرلىكى» (参赞大臣) تەسىس قىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى سەككىز شەھەر (كاشغەر، ياركەند، يېڭىسار، خوتەن، ئۇش، ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر)نىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى

---

[1] ۋاڭ شىشياڭ: «قەشقەرنىڭ تارىخ مەدەنىيىتى» (王时祥著：«喀什噶尔历史文化»)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2009 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 79 - بەت.

باشقۇرغان. يەنە تېخى پامىرنىڭ غەربىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنىڭ «كاشغەر» دەپ ئاتىلىشىنىڭ تەسىرى چەت ئەللىكلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان. بۇنى ئاتالغۇ جەھەتتىكى بىر ئۇقۇشماسلىق دېمەي بولمايدۇ. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە چەت ئەللەرنىڭ جۇغراپىيە ساھەسىدىكىلەر بۇ جەھەتتىكى بەزى سەۋەنلىكلەرنى تۈزىتىپ، كاشغەر شەھىرى ئەتراپىدىكى جايلارنى ئېنىق ھالدا «كاشغەر» دەپ ئاتاشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى ئىپادىلىگەندە «كاشغەر» دېمەستىن، بەلكى «كاشغەرىيە» دەپ ئاتىغان (رۇسىيەلىك كورپاتكىننىڭ «كاشغەر» ناملىق كىتابى ئەمەلىيەتتە «كاشغەرىيە» دەپ ئاتالغان[①]).

بۈگۈنكى زامان جۇڭگونىڭ بەزى تارىخ تەتقىقاتچىلىرىمۇ «كاشغەر»دىن شاخلىنىپ چىققان «كاشغەرىيە» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلىتىپ، بەزى تارىخىي ئۇقۇملارنى، چۈشەنچىلەرنى يېشىشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا ھېرىسمەنلىكىنى ئىپادىلىگەن[②]. قىزىق يېرى شۇكى، 1980 - يىللىرىغىچىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى، جۈملىدىن ئۆزبېكىستاندىكى يەرلىك كىشىلەر شىنجاڭنى

---

① رۇسىيەلىك كورپاتكىن يازغان «كاشغەرىيە» («喀什噶里亚»)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىلى نەشرى) ناملىق كىتاب بۇنىڭ بىر مىسالى.

②بۇنىڭغا خەنزۇ تەتقىقاتچى چېن شۆشۈن (陈学讯)نىڭ «‹قۇتادغۇبىلىك›ۋە كاشغەرىيەدىكى بۈيۈك تاڭ يوسۇنلىرى» ناملىق ماقالىسىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.بۇ ماقالا خەنزۇچە «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنىپ، شۇ گېزىتنىڭ ئۇيغۇرچە 2005 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 -، 24 - كۈنلىرى ۋە 12 - ئاينىڭ 1 - كۈندىكى سانىدا تەرجىمىسى ئېلان قىلىنغان. «<福乐智慧>与喀什噶里亚的大唐遗风». چېن شۆشۈن ئەپەندى مەزكۇر ماقالىسىنى باشلاشتىن ئىلگىرى ئامېرىكىلىق ئالىم W.M. مەككوۋېرنىڭ «كاشغەرىيە» دېگەن نام تىلغا ئېلىنغان بىر ئابزاس سۆزنى نەقىل ئالغاندىن كېيىن «بىز مەزكۇر ماقالىمىزدا بۇ بىر ئابزاس سۆزنى تەھلىل قىلىپ، پۈتكۈل تارىم ۋادىسىنى ‹كاشغەرىيە› دېگەن بۇ جەلپكار ئىسىم بىلەن ئاتىدۇق» دەپ يازغان («ئاسىيا كىندىكى»، 2005 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى).

«كاشغەر»، ئۇيغۇرلارنى «كاشغەرىي، كاشغەرىيلەر، كاشغەرلىكلەر» دەپ تونۇپ كەلگەنلىكى كىشىلەرنىڭ ئىبسىدىن ئاسانلا كۆتۈرۈلمەيدۇ[1].

مۇقام ئۇيغۇرلارنىڭ ئىبسىل مەدەنىيەت جەۋھىرى. ئۇ كىلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام»، «خوتەن مۇقامى»، «دولان مۇقامى»، «كۇچا مۇقامى»، «قۇمۇل مۇقامى»، «تۇرپان مۇقامى»، «ئىلى - ياركەند مۇقامى»، «ئابۇ چەشمە مۇقامى» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كىلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام» ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ يادروسى، قامەتلىك ئانىسى، بارلىق مۇقاملارنىڭ گۈل تاجى. ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى»نى يېزىش ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى» (新疆民族辞典)دا «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ تەۋەلىكىگە تەبىر بېرىپ مۇنداق يېزىلغان: «‹ئون ئىككى مۇقام› كاشغەر رايونىدا تارقالغان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسىقا (مۇزىكا) - ئۇسسۇللۇق يۈرۈشلەشكەن ئون ئىككى كۈيدىن تەركىب تاپقان بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. ئادەتتە ‹كاشغەر مۇقامى› دەپ ئاتىلىدۇ. ئەڭ ساپ، ئەڭ تىپىك بولغان، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسىقا (مۇزىكا) - ئۇسسۇللۇق ئەنئەنىۋى ئەسىرى.»[2] «غەربىي شىمال

---

[1] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت 1990 - يىل 25 - نويابىر ئۆزبېكىستاندا زىيارەتتە بولغاندا ئەنجان ئوبلاستىدىكى بىر قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىسىغا بارغان. ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ بارغان پىرىزدېنت ۋەزىرلەر مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ئەركىنجان مېھمانلارنى تونۇشتۇرۇپ: «بۇلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن كەلگەن مېھمانلار» دېسە، ئۇلار بۇ رايوننىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قېلىشقان. ئەنجان ئوبلاستىنىڭ باشلىقى قېيۇمجان مېھمانلارنى قايتا تونۇشتۇرۇپ: «بۇ مېھمانلار كاشغەردىن كەپتۇ» دېگەنىكەن، ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن مىدىرلاپ، مېھمانلارغا ئالاھىدە سالام بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى رەئىس تۆمۈر داۋامەتنى كۆرسىتىپ: «بۇ كاشغەرنىڭ ۋالىيسىمۇ» دەپ سوراپتۇ. بۇ ھەقتە ئەينى زاماندىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى مۇھەممەد ئىسمائىلنىڭ ئاشۇ قېتىملىق زىيارەتنى تەسۋىرلەپ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 4 - سانى (139 - بەت) دا ئېلان قىلغان «دوستلۇق رىشتىسى» ناملىق زىيارەت خاتىرىسىگە قارالسۇن.

[2] «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى» نى يېزىش ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان. بۇ بايان كىتابنىڭ 233 - بېتىدە ئېيتىلغان.



www.uyghurkitap.com

مىللەتلەر قامۇسى» (《西北民族词典》)[1]، «غەربىي يۇرت مۇزىكا تارىخى» (《西域音乐史》)[2] قاتارلىق قورال كىتابلاردىمۇ بۇ قاراش ئوخشاش ئىدىيەدە تۇرۇپ تەكىتلەنگەن. «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ تۇردى ئاخۇن ئاكا ئارقىلىق لېنتىغا ئېلىنغان نۇسخىسىنىڭ پۇتكۇل ئاھاڭلىرى 245 نەغمە بولۇپ، ئۇنىڭغا سېلىنغان مۇقام تېكىستلىرىنىڭ سانى 2482 كۇپلېتتىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭغا ئەھمەد يەسەۋى، ئەلىشىر نەۋايى، لۇتفىي، ۋافائى، زەلىلىي، نەۋبەتى، سەبۇرى، ئەمرى، موللا بىلال ۋە فۇزۇلىي، ھۇۋەيدا، مەشرەپ قاتارلىق ئون نەچچە كىلاسسىك شائىرنىڭ غەزەللىرى بەستىلەنگەن. پەقەت ئەلىشىر نەۋايىنىڭلا 30 نەچچە پارچە غەزىلى بەستىلەنگەن. يەنە «غېرىب - سەنەم»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان»، «يۇسۇپ - ئەھمەد»، «بابا روشەن» قاتارلىق خەلق داستانلىرىدىن پارچىلار تاللانغان[3]. بۇلار ياركەند سەئىدىيە خانلىقى زامانىسىدا سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھامىيلىقى بىلەن تۈزۈلۈپ، يۇسۇپ قىدىرخان، خانىش ئامانىساخان (نەفىسىي) قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك رەتلىنىشتە تاللانغان شېئىرلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نەزمىلەر مۇقام نەغمىلىرىگە بەستىلەنگەن شائىرلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى، قاپلىنىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر ۋە مەنىدارلىقى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەينى زاماندا كاشغەر،

---

[1] بۇ كىتاب ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى «شىنجاڭ غەربىي شىمال قامۇسى»نى يېزىش ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1998 - يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان. بۇ بايان كىتابنىڭ 597 - بېتىدە ئېيتىلغان.

[2] بۇ كىتابنى پىروفېسسور سۇڭ بونيەن بىلەن لى چياڭ بىرلىشىپ يازغان بولۇپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006 - يىلى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭدا مۇقاملارنىڭ ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى «كاشغەر مۇقامى بولۇپ»، ئادەتتە «ئون ئىككى مۇقام» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، دەپ يېزىلغان. بۇ ھەقتە شۇ كىتابنىڭ 180 - بېتىگە قارالسۇن.

[3] «ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 - يىلى نەشرى.

www.uyghurkitap.com

ياركەند قاتارلىق جايلاردا تۈركىي، پارسىي ۋە باشقا شەرق مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ داڭلىق شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى كەڭ تارقىلىپ تۇرۇلغانلىقى بىلىنىدۇ. ئەنە شۇنداق رەتلەنگەن ئون ئىككى مۇقام «شەرق مۇسىقا گۆھىرى» دەپ تەرىپلىنىپ كېلىنىشى كاشغەر مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەكلىكىنى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بېيىتىش ئۈچۈن غايەت زور بەدەل تۆلىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

زامانىمىزنىڭ يېڭىچە قارىشى بويىچە ئاياللار يېرىم دۇنيا دېيىلىدۇ. نىھايەت، تارىختىن بۇيان كىشىلەر ئېتىراپ قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، ئاياللار جەمئىيەت تەرەققىياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي كۈچ بولۇپ كەلگەن. بۇ خىل قاراش ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن تەڭ بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ھەممىگە ئايان بولۇپ كەلگەن ھەقىقەتتىن ئىبارەت. مەلۇمكى، ئىپتىدائىي ئاغزاكى ئەدەبىياتنى ئەر ـ ئاياللار تەڭ ياراتقان. سىنىپىي جەمئىيەت بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، يازما ئەدەبىياتتىن ئىبارەت سىجىللىقى يۇقىرى، ئىجادچانلىقى قىيىن، ئۇتۇق يارىتىشى مۇشكۇل بولغان بۇ ساھەدە ئاياللارنىڭ ئىجادىي مېھنىتى كۆپ بولمايلا قالماستىن، بەلكى بولغانلىرىمۇ كەڭ جەمئىيەتنىڭ دىققىتىگە ئومۇمىيۈزلۈك ئېرىشەلىگەن ئەمەس. دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا ئايال قەلەمكەشلەرنىڭ سانى بىرقەدەر ئاز بولغان. ۋاھالەنكى، كاشغەرنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىنى تەكشۈرگىنىمىزدە، بۇنداق ساناقلىق ئايال ئەدىبلەرنىڭ كاشغەردىن كۆپرەك چىققانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. مەسىلەن، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىرە رابىيە كاشغەرىي، ياركەند خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان ئەدىبلەردىن ئامانىسساخان (نەفىسىي)، زۇلەيخا بېگىم، 18 ـ ئەسىردە ئۆتكەن زۇلفىيە

كاشغەري، مۇتربان كاشغەري، ببى مەسۇم ئەزىزەم، 19 - ئەسىردىكى چولپانگۇل (نوزۇگۇم) قاتارلىقلارنىڭ نامى تارىخ بەتلىرىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا بىلىنەر - بىلىنمەس پۈتۈلۈپ قالغان. بۇلارنىمۇ ئەسكە ئالماي ئۆتۈپ كېتىشكە ۋىجدان يول قويمايدۇ، ئەلۋەتتە.

كاشغەر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئۆزەك قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلغان. يەنە خەنزۇ، تاجىك، قىرغىز ۋە ئۆزبېك مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىياتى بىلەنمۇ بېيىتىلىپ تەرەققىي قىلغان.

كاشغەردىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر خىسلەتلىك يەرنىڭ ئەدەبىياتى ئۆزىگە ئوخشاشلا خاسىيەتلىك بىر ئەدەبىيات. ئۇ 1000 يىللىق تارىخي ئىزچىللىقتا ئىگە. سىستېمىلاشقان، ئىلمىيلاشقان، قېلىپلاشقان، ئۈلگە - نەمۇنە بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان، ھەربىر دەۋر، ھەربىر تارىخي باسقۇچتا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان دەرىجىگە يەتكەن بولۇپ، ئۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەري، ئەھمەد يۈكنەكى، ناسىرىددىن رابغۇزى، ئۇبەيدۇللا لۇتفىي، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر، ئامانىسا، ھىرقەتىي (گۇمنام)، مۇھەممەد سادىق كاشغەري، ئابدۇرەھىم نىزاري، ھۈسەيىنخان تەجەللى، ئابدۇقادىر ئەزىزى، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى، ئەھمەد زىيائىي قاتارلىق ئەدىبلىرىنىڭ يېتۈك ۋە ئۈلۈغ سىيمالىرىنى يۈرەكلىك ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىرىپ تۇرغان. زامان - زامانلاردىن بۇيان يىراق - يېقىننى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. قوشنا مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ نادىر نەمۇنىلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ توختاۋسىز ئىلگىرىلىگەن ھەم ئەتراپىدىكى جايلار ۋە رايونلارنىڭ ئەدەبىياتىنى يېتەكلەش، قولنى قولغا تۇتۇپ ئالغا سىلجىتىشتەك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. دەرھەقىقەت، ئۇ بىر يۈكسەك مەنىۋى بايلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ماددىي تەرەققىياتىنىڭ

يۈرۈشۈشىگە، تەرەققىي قىلىپ يۈكسىلىشىگە بولغان مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچلۈك رولىنى ئوينىغان كەلگۈسى تەۋەررۈك ئەڭگۈشتەر. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، كاشغەرنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىنى رەتلەش، ئۆگىنىش، تەھقىقلەش، ئۇ توغرۇلۇق ئىلمىي تەھلىللەرنى ئېلىپ بېرىش، ماقالا، كىتابلارنى يېزىپ چىقىش كەچمىشلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەمەلىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە. بۇ ئەسەردە ئەمەلىي ئىزدىنىش، ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇش، ئىلمىي تەھلىل قىلىش، لىللا بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى بويىچە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. ئوقۇرمەنلەر ۋە كەسىپداشلارنىڭ ئوقۇپ كۆرۈشىنى، پىكىر - تەكلىپلىرى بولسا ئايىماي بېرىشىنى سەمىمىي يوسۇندا ئۈمىد قىلىمەن.

2010 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

# بىرىنچى باب
# قەدىمكى ئېپوسلار

## 1. «ئوغۇزنامە»

### 1. «ئوغۇزنامە» ھەققىدە

«ئوغۇزنامە» قەھرىمانلىق ئېپوسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوغۇزخاننىڭ قەھرىمانلىقى، ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئوغۇزخان يېتەكچىلىكىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئاجىزلىقتىن زورىيىپ، چېچىلاڭغۇلۇقتىن ئۇيۇشۇپ، باشباشتاقلىقتىن بىرلىككە كېلىپ، تەدرىجىي زورايغان ھەم داۋاملىق ئالغا باسقان ئەھمىيەتلىك پائالىيىتى ئوبرازلىق، جانلىق ۋە تەسىرلىك يوسۇندا بايان قىلىنغان.

«ئوغۇزنامە» بۇنىڭدىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرىلا قەلەمگە ئېلىنغان ھەم ئۇنىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدىكى بىر نۇسخىسى 100 نەچچە يىللار ئىلگىرى شىنجاڭدىن بايقىلىپ، فىرانسىيەگە ئېلىپ كېتىلگەن ۋە پارىژدىكى بىر كۇتۇپخانىدا ساقلىنىپ قېلىنغان. بۇ نۇسخىنىڭ قەلەمگە ئېلىنغان ئورنى توغرىسىدا ئىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدا ئوخشىمىغان قاراش بولغان. بەزىلەر، مەسىلەن گېڭ شىمىن قاتارلىقلار تۇرپاندا كۆچۈرۈلگەن بولسا كېرەك دەپ قارىسا[1]، تارىخچى ليۇ زىشياۋ[2]،

[1] بۇ ھەقتە گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپلار يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ‹ئوغۇزنامە›» گە يېزىلغان «كىرىش سۆز» گە قارالسۇن، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى.

[2] بۇ ھەقتە ئۇنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ بىرىنچى قىسىم، 1 - كىتاب، 295 - بېتىگە قارالسۇن، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى.

www.uyghurkitap.com

پىروفېسسور چېن يۇڭلىن[1]، تارىخچى گو پىڭلياڭ[2]، پىروفېسسور چېڭ سولۇ[3] قاتارلىقلار بولسا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا قەلەمگە ئېلىنغان دەپ قارىغان.

تارىخچى لىيۇ زىشياۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يېزىلغان:

«رىۋايەتتىكى ئوغۇزخان غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەسلەپكى داھىيلىرىدىن بىرى.

‹ئوغۇزنامە› دەپ ئاتالغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان قول يازمىسىدا ئەنە شۇ ئوغۇزخاننىڭ كامالەتكە يەتكەن ئاقىلانىلىك ۋە باتۇرلۇقلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. لېكىن، تېخىمۇ كۆپ ھۆججەتلەردە، ئاساسەن ئەرەب ۋە پارس يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردا ئوغۇزخان ئىمانى كامىل مۇسۇلمان قىلىپ تەسۋىرلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈلگىسى قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ.

ئوغۇزخانغا ئائىت مەلۇماتلار ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان تەسۋىر ۋە مۇبالىغىلەر بىلەن تولغانلىقتىن، بۇ بىزنىڭ بۇ ئەربابنىڭ بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئېنىقلىشىمىزغا ياردەم بېرەلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ شۇ نەرسە ئايانكى، رىۋايەتتىكى ئوغۇزخان قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بىر خاقاننىڭ سىمۋولى.»[4]

قەدىمكى تارىخىي ئېپوس «ئوغۇزنامە» دىكى ئوغۇزخان

---

[1] بۇ ھەقتە چېن يۇڭلىن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «مىللەتلەر لۇغىتى» («民族词典») نىڭ 178 ـ بېتىگە قارالسۇن، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى 1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[2] بۇ ھەقتە گو پىڭلياڭ قاتارلىقلار يېزىپ چىققان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» («维吾尔族简史»)نىڭ 147 ـ بېتىگە قارالسۇن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى نەشرى.

[3] بۇ ھەقتە ئۇنىڭ «تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» (唐宋回鹘论集)، 25 ـ، 26 ـ، 27 ـ بەتلەر، خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[4] مۇھەممەد مەبرۇرى: «جامىئۇت تەۋارىخ»، 229 ـ بەت؛ لىيۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» (1 ـ قىسىم)، 295 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.

قەھرىمان ۋە دانا خان. ئېپوستا ئۇنىڭ ئوبرازى ئۇزۇن، مۇرەككەپ ۋە دەھشەتلىك مۇھىت ئىچىدە بېيىتىلىپ چىققان، يەنى ئوغۇزنىڭ شەخسىي خاراكتېرى كەڭ ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىگە قويۇلۇپ، تەدرىجىي ئومۇمىي خاراكتېرگە ئىگە قىلىنغان. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئەينى چاغدىكى باتۇر، پاراسەتلىك كىشىلەرنىڭ تامغىسى بېسىلغان. ئوغۇز ئىلغار كۆچلەرنى ئالغا يېتەكلىگۈچى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگۈچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەجدادلارنىڭ خاراكتېرى ۋە تەبىئىي خۇسۇسىيىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، ئەجدادلارنىڭ شان - شەرىپى ۋە ئەۋلادلار قىزغىنلىقىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىغا ئايلانغان.

«ئوغۇزنامە» ئەجدادلارنىڭ كىشىلىك ۋە جەمئىيەت قارىشى، ئېستېتىكا ۋە ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرى، ئۆرپ - ئادەت ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى، تىل، شېئىرىي تەپەككۇر، بەدىئىي تەسەۋۋۇر قاتارلىق تەرەپلىرىنى ئۆگىنىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال.

ئاخىرىدا شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، «ئوغۇزخان» ئوبرازى ئەسلىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بېسىپ ئۆتكەن ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە قېلىپلاشقان بىر ئوبراز بولۇپ، كېيىنچە كىشىلەر ئۇنى باشقا تارىخىي شەخسلەرنىڭ نامى بىلەن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ قويغان. شۇڭا، ئوغۇزخان ئوبرازىنى قانداقتۇر بىر دەۋر، بىر تارىخىي شەخس بىلەن باغلاپ قويۇشقىمۇ بولمايدۇ.

## 2. ئافراسىياپ

ئافراسىياپ ــ توڭا ئالىپ ئەر ــ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئېپوسى ۋە ئېپوستىكى باش قەھرىمان. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي قىسىم قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ

كېلىپ چىقىشىنى بىۋاسىتە هالدا ئۇنىڭغا باغلاپ چۈشەندۈرگەن[①].

مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىقلارنىڭ بايانىغا قارىغاندا، ئالىپ ئەرتۇڭا تۈركىيچە ئاتاق، پارسچە ئافراسىياپ دېگەن ئات بىلەن ئاتىلىدىكەن. ئۇيغۇر قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى ۋە قىسسىلىرىدىكى باش قەھرىمان. ئۇ «ئاۋېستا»[②]، «شاھنامە»، «مۇرۇج ئەد دەخەب» (ئالتۇن يايلاق)[③]، «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، «تارىخى كاشغەر» (ئالمائىي) قاتارلىق كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن تۈرك، ئەرەب، پارس تارىخچى، تەزكىرىچىلىرى (مەسىلەن، بىرونى ، بەلئەمى – Bal`amii، ياقۇبى – Yahkubii ۋە باشقىلار ) ئالىپ ئەرتۇڭاغا دائىر رىۋايەت خاراكتېرلىك مەلۇماتلارنى خاتىرىلىگەن. «قۇتادغۇبىلىك» تە ئالىپ ئەرتۇڭانى تاجىكلار ئافراسىياپ (Afrasiyab ) دەيدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان ھەم تاجىكلارنىڭ كىتابلىرىدا ئۇ ھەقتە مەلۇمات بارلىقى سۆزلەنگەن. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە «تۇڭا» دېگەن سۆز چۈشەندۈرۈلۈپ مۇنداق دېيىلىدۇ: «تۇڭا – قاپلان (بەبر)، پىلنى ئۆلتۈرەلەيدۇ. بۇ نام ھازىرغىچە تۈركلەردە شۇ مەنىدە قوللىنىلماقتا. مەسىلەن، تۇڭا خان، تۇڭا تېگىن دېگەندەك تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھى ئافراسىياپمۇ تۇڭا ئالىپ ئەر دەپ ئاتالغانىدى. بۇنىڭ مەنىسى قاپلاندەك باتۇر ئەر – ئەزىمەت دېگەنلىك بولىدۇ.»[④]

---

[①] بۇ ھەقتە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بەش خىل مەجمۇئەنى تۈزۈش ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (维吾尔族简史) ناملىق كىتابنىڭ 62 - بېتىگە قارالسۇن. بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1989 - يىلى خەنزۇچە، 1990 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان. بۇ كىتابنىڭ 2009 - يىل 6 - ئايدا نەشر قىلىنغان خەنزۇچە تۈزىتىلگەن نۇسخىسىدىمۇ بۇ قاراش ئەينەن ساقلاپ قېلىنغان.

[②] «ئاۋېستا»دا «فىراڭسىيان» (Firangsiyan) دەپ خاتىرىلەنگەن، 10 – 11 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە «ئافراسىياپ»قا ئۆزگەرگەن، دېگەن قاراش بار.

[③] مەسئۇدى (سەئۇدى ئەرەبىستان): «مۇرۇج ئەد دەخەب» (黄金草原)، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[④] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، I توم، 511 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى نەشرى.

بەزىلەرنىڭ دەلىللىشىگە قارىغاندا، ئافراسىياپ ئەڭ بۇرۇن زورو ئاستېر دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» دا تىلغا ئېلىنغان. كېيىن ئەپسانە - رىۋايەت شەكلى ئارقىلىق تارقىلىپ كەلگەن. ئۇ بۇ ئەسەردە تۇران دۆلىتىنىڭ خاقانى، ئىرانلىقلارنىڭ رەقىبى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، يەنى ئۇ ۋە ئۇنىڭ قەبىلىلىرى زورو ئاستېر دىنىنىڭ ھىمايىچىلىرى - ئىران قەبىلىلىرىنىڭ دۈشمىنى بولۇپ ھېسابلانغان. «شاھنامە» دە بۇ خىل ئىدىيە تېخىمۇ سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ گەۋدىلەندۈرۈلگەن ھەم كۆپ سەھىپە ئاجرىتىلغان. ئىرانلىقلارنىڭ رىۋايەتلىرىدە ئافراسىياپ سەلبىي پېرسوناژ سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، ئۇ تار پىكىرلىك، تاجۇتەختتىن باشقىنى كۆزلىمەيدىغان، باسقۇنچى، قانخور، دۆت، قارام، مۇستەبىت پادىشاھ. نەرشەخىنىڭ «بۇخارا تارىخى» دېگەن كىتابىدىكى[1] مەلۇماتلارغا قارىغاندا، « پارسلارنىڭ كىتابىدا ئېيتىلىشىچە، ئافراسىياپ 2000 يىل ئۆمۈر كۆرگەنمىش، ئۇ جادۇگەر نوھ پادىشاھنىڭ بالىلىرىدىن» ئىدى. ئىسلامىي ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنى ئالىپ ئەرتۇڭاغا سۈرگەن. ئۇنى ئەجداد بوۋا، ئۆزلىرىنى ئاشۇنىڭ ئەۋلادى، باتۇر سەركەردە، قەيسەر خاقان، ئەل - يۇرتسۆيەر ئوغلان، مەرد ۋە ئەقىللىك قەھرىمان، ئىشلەمچان ۋە ئىجادكار ئەزىمەت دەپ قاراپ كەلگەن، يەنە ئۇلار ئالىپ ئەرتۇڭانى دائىم ئەسلەپ تۇرۇشقان، ئۇنىڭ شەۋكەتلىك نامىدىن پەخىرلىنىشكەن. قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرىدا «تۇڭا تېگىن ماتېمى» تىلغا ئېلىنغان، شۇنىڭدەك تۇرپان سىڭگىم بېزەكلىك تام سۈرەتلىرىنىڭ بىرىدە «تۇڭاتېگىن»، يەنە بىرىدە «تۇڭا ئول» دەپ يېزىلغان. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان تۇڭا تېگىننى ئافراسىياپ بىلەن باغلىغۇچىلار بار. ئالىملارنىڭ بايانىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ توڭرا ۋە ياغلىقار قەبىلىلىرى يىلنىڭ مەلۇم كۈنلىرى (تەخمىنەن يازنىڭ

---

[1] «دەقىيانۇس شەھىرى ھەققىدە رىۋايەت» قاتارلىقلارغا قارالسۇن. بۇ رىۋايەتنى 1975 - يىللىرى ئوسمان قاسىم قاتارلىقلار سۆزلەپ بەرگەن، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2006 - يىللىق 12 - سانى، 151 - بەت.

بېشى ياكى ئاخىرىدا) دە ئالىپ ئەرتوڭانى ئەسلەپ ماتەم تۇتىدىغانلىقى ھەققىدە خاتىرىلەر بولغان[①]. جۇۋەينى ئافراسىياپنى بوقۇخان بىلەن بىر شەخس دەپ ھېسابلىغان[②]. ئادەتتە بوقۇخان خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە ئېلىنغان بۆگۈخان (卜古可汗, 卜古汗) بىلەن بىر شەخس دەپ قارىلىدۇ. خەلق ئارىسىدا تارقالغان يەنە بەزى رىۋايەتلەردە ئافراسىياپ بىلەن دەقيانۇس بىر ئادەم دەپمۇ تەسۋىرلەنگەن[③].

قاراخانىيلار خانلىقى زامانىسىغا كەلگەندە ئالىپ ئەرتوڭا (ئافراسىياپ) غا بولغان ھۆرمەت ئالاھىدە جانلانغان. بۇنى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىك»، «تارىخى كاشغەر»دىكى بايانلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولۇپلا قالماستىن، يەنە كېيىنچە يېزىلغان «تارىخى رەشىدىي»، «تارىخى ئەمىنىيە»، «تارىخى ھەمىدىيە» لەردە تېخىمۇ روشەنلەشتى. مەسىلەن، كاشغەر تارىخچىسى ئالمائىي ئەرەبچە يازغان «تارىخى كاشغەر» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بايان بەرگەن: سۇتۇق بۇغراخان مۇرشىدى ئابدۇل كېرىم ئىبنى بازىر ئارسلانخان ئىبنى بىلگە كۈل قادىرخان ئافراسىياپ ئىبنى بەشەك ئاست (؟) ئىبنى راسمان (؟) نىڭ نەسلىدىن. ئۇ (ئافراسىياپ — نەقىلچىدىن) تۈر ئىبنى ئەفرىدۇن ئىبنى...... يەفەس ئىبنى نوھ بىلەن (ئۇنىڭغا ئامانلىق تىلەيمەن) مۇناسىۋەتلىك.[④] ئەرەب تارىخچىسى مەسئۇدى «مۇرۇج ئەد دەخەب» تە بۇنىڭغا ئوخشاش بىر

---

① ئىمىن تۇرسۇن: «توڭا ئالىپ ئەر»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، 1983 - يىلى 1 - سان، قەشقەر: («تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىلى نەشرى).

② جۇۋەينى: «تارىخى جاھان گۇشاھ»، 1 - كىتاب، 1 - قىسىم، 62 - بەت، ئىچكى مۇڭغۇل خەلق نەشرىياتى 1983 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، كۆكخوت (ئىچكى موڭغۇلنىڭ مەركىزى، نەشرىيات جايلاشقان يەر).

③ «دەقيانۇس شەھرى ھەققىدە رىۋايەت » قاتارلىقلارغا قارالسۇن. بۇ رىۋايەتنى 1975 - يىللىرى ئوسمان قاسىم قاتارلىقلار سۆزلەپ بەرگەن، «تارىم» ژۇرنىلى 2006 - يىل 12 - سان، 151 - بەت.

④ خۇا تاۋ: «قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئەجدادلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتنىڭ تارىخىي ئېنىقلىمىسى» ناملىق ماقالىسىگە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2005 - يىلى 6 - سان، خەنزۇچە، بېيجىڭ.

نەسەبنامىنى كۆرسەتكەن: ئافراسىياپ بىننى بەشەڭ بىننى زاي ئارسان بىننى تۇرەك بىننى سابانىياسىپ بىننى دۇرشاسىپ بىننى تۇخ بىننى دۇرسۇن بىننى تۇدج بىننى ئەفرىدۇن.[1]

مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدىي» سىدە بۇ ھەقتە مۇنداق بايانلار بار: «بىلىش كېرەككى، كاشغەر مەشھۇر ۋە قەدىمىي شەھەردۇر. قەدىمكى زامانلاردا كاشغەرنىڭ سۇلتانلىرى ئافراسىياپ تۇركنىڭ نەسلىدىن ئىدى. ئافراسىياپ تۇركنى موغۇل خەلقى بوقاخان دەپ ئاتايتتى. ئافراسىياپنىڭ نەسەبى شۇكى، ئافراسىياپ بولسا پىشەنىنىڭ ئوغلى، پىشەن دادنىشىنىنىڭ ئوغلى، دادنىشىن تۇرنىڭ ئوغلى، تۇر بولسا ئەفرىدۇنىنىڭ ئوغلىدۇر.

كاشغەر سۇلتانلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان كىچىك ۋاقتىدا ئىسلام شەرىپىگە ئېرىشكەنىدى، ئاندىن ئۇ پۈتكۈل كاشغەر ۋىلايىتىنى مۇسۇلمان قىلغان. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاندىن كېيىن قانچىلىغان كىشى پادىشاھ بولدى، ھەتتا ماۋارەئۇننەھردىمۇ سۇلتان سۇتۇق ئەۋلادلىرىدىن پادىشاھ بولۇپ ئۆتتى...... قارا خىتاي خانى گورخان كاشغەرنى ئافراسىياپنىڭ ئەۋلادىنىڭ سەركەردىلىرىدىن تارتىۋالدى. شۇ چاغدا ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن سۇلتان ئوسمان بۇغراخان سەمەرقەنتتە ماۋارە-ئۇننەھرنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىغا پادىشاھ ئىدى.»[2] «تارىخى ھەمىدىيە» دە بولسا مۇنداق دېيىلگەن: «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان غازى دېگەنلىك بولۇپ، ئافراسىياپنىڭ ئەۋلادى دەپ زىكرى قىلىنىدۇ.»[3]

كاشغەرنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شائىرلاردىن ئابدۇرەھىم نىزارىي (1770 — 1850)، ئابدۇقادىر ئەزىزى (1862 —

---

[1] «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2005 - يىلى 6 - سان، خەنزۇچە، بېيجىڭ. خۋا تاۋنىڭ ماقالىسىگە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

[2] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرى: «تارىخى رەشىدىي»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2003 - يىلى 6 - سان، 8 -، 9 - بەتلەر؛ خەنزۇچە نەشرى، 2 - كىتاب، 193 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

[3] موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدىيە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ.

1924) قاتارلىقلار ئۆز ئەسەرلىرىدە، شۇنداقلا «چاھار دەرۋىش»نىڭ بىر ۋارىيانتىدا[1] ئافراسىياپنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.[2]

شىنجاڭدا ئىشانلىق مەزھىپىنى بازارغا سېلىپ، بىر مەزگىل ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي، سىياسىي تۇرمۇشىدا غايەت زور ئىمتىياز ۋە ئورۇنغا ئىگە بولۇۋالغان غوجا ئىسساق ۋەلى (1506 / 1507–1589/1588) ئافراسىياپنىڭ ئەۋلادى، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋلادى ئىدى دېگەن رىۋايەتلەر تارقالغان. «تەزكىرەئى مەھدۇم ئەزەم ۋە خوجا ئىسساق ۋەلى» (1603 - يېزىلغان)[3] ۋە «تارىخى ھەمىدىيە» دە ئىسساق ۋەلىنىڭ ئانىسى بىبىچە كاشغەرنىڭ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋلادى ئىدى، دېگەن بايانلار بېرىلگەن. بۇ خىل بايانلار قاراخانىيلار خانلىقى ئاھالىسىنىڭ ئۆزلىرىنى ئافراسىياپنىڭ ئەۋلادى دەپ ھېسابلاپ، پەخىرلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئۇلۇغ بوۋىلارغا سېغىنىشنىڭ ئىپادىسى، ئەلۋەتتە.

«ئافرات ۋە توققۇز قىز» دېگەن رىۋايەت ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئافرات ۋە رىۋايەتنىڭ مەزمۇنى تارىخي كىتابلاردا زىكرى قىلىنغان ئافراسىياپ ۋە ئۇ ھەققىدىكى داستان - ئېپوسلاردىكى بەزى مەزمۇنلارغا ئوخشايدۇ[4]. بۇ رىۋايەتتىكى ئافرات بىلەن

---

[1] «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن»، مويدىن سايىت تەييارلىغان «بوستان» (كورلا) ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىلللىق سان، 55 - بەت.

[2] بۇ ھەقتە ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ داستانلىرىغا يازغان «مەقەددىمە» («نىزارىي داستانلىرى»، 25 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 - يىلى نەشرى)سى ۋە ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ «بۇ زاماندىن نەچچە ئەفسانە ھېكايەت ئېيلەيىن» (رەجەپ يۇسۇپ نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1989 - يىلى 1 - سان، 21 - بەت) ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن.

[3] ليۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» بىرىنچى قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىلى نەشرىگە قارالسۇن.

[4] «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» (民间文学)، 1985 - يىلى 9 - سان، خەنزۇچە، بېيجىڭ؛ ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - ، 1995 - يىلللىرى نەشرى؛ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىيات قامۇسى»، I توم، 28 - بەت؛ مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 - يىلى نەشرى؛ «كۆك ياللىق بۆرە» (ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرى») 41 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 - يىلى نەشرى.

ئافراسىياپنى بىر ئادەم دەپ تەخمىن قىلىش مۇمكىنچىلىكى بار[1]. ھازىرمۇ كىشىلەر قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى «خانئۈي» قەدىمكى شەھىرىنى «ئافراسىياپنىڭ شەھىرى» دەپ ھېكايە قىلىشىدۇ. بەزى ئالىملار ئۇيغۇر ياكى قەدىمكى تۈركىي ئېپوسلىرىدىكى باش قەھرىمان ئالىپ ئەرتۇڭانى ئەسلىي رېئال تارىخىي شەخس ئاساسىدا كەلگەن، ئۇنىڭ مەلۇم پىروتوتىپى بار بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىشىدۇ. مەسىلەن:

1) يەھۇدىي ۋە ئىران رىۋايەتلىرىگە ئاساسلىنىدىغان بولسا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 10 — 11 - ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

2) ئاسسۇرى ۋە يۇنان مەنبەلىرىدىن ئېلىنغان ئىران رىۋايەتلىرىنىڭ بەزىلىرى ئافراسىياپقا دائىر ۋەقەلەر ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە چېتىشلىك ۋەقەلەرگە قارىغاندا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ.

3) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» مەلۇماتلار بويىچە (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 6 - ئەسىرلەردە ئۆتكەن ئايال ھۆكۈمدار تەمۇرەس — تۇمارىس [Tomars] مەرۋى شەھىرىنىڭ ئىچكى قورغىنىنى سالدۇرۇپ، 300 يىلدىن كېيىن ئافراسىياپ تاشقى قورغىنىنى بىنا قىلغان دېگەن مەلۇمات بويىچە) مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىرلەردە ياشىغان بولىدۇ[2].

4) «تارىخى جاھان گۇشاھ» تىكى مەلۇمات بويىچە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى بولۇپ چىقىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە ئافراسىياپ — ئالىپ ئەرتۇڭا توغرۇلۇق توختالغاندا مۇنداق مىسرالارنى قالدۇرغان:

بۇ تۈرك بەگلەرىندە ئاتى بەلگۈلۈك،
تۇڭا ئالىپ ئەر ئەردى قۇتى بەلگۈلۈك.

[1] «ئافرات ۋە توققۇز قىز »نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى لاڭ يىڭ خانىمنىڭ «ئىزاھات سۆزى»، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1985 - يىلى 9 - سان.
[2] ئىمىن تۇرسۇن: «تۇڭا ئالىپ ئەر»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1983 - يىلى 1 - سان.

بەدۆك بىلكى بىرلە ئۆكۈش ئەردەمى،
بىلىگلىك ئوقۇشلۇق بۇدۇن كۆردۈمى.

نە ئۆدرۈم، نە كۆردۈم، نە ئەرسىگ ئەرەن،
ئاژۇندا تەتىك ئەر يەدى بۇ جاھان.

تەڭرىكلەر ئايۇر ئانى ئافراسىياپ،
بۇ ئافراسىياب تۇتتى ئەللەر تاراپ.
(277 - ، 278 - ، 279 - ، 280 - بېيىتلار)①

[بۇ تۈرك بەگلىرىدىن ئېتى بەلگۈلۈك،
تۇڭا ئالىپ ئەر ئىدى بەختى بەلگۈلۈك.
ئېلىمدە بۈيۈك، كۆپ پەزىللىك دىلى،
بىلىملىك، ئەقىللىك خەلقىنىڭ خىلى.
ئىدى ئۇ سەرەخىل، زىرەك ئەر ئوغلان،
دۇنياغا زىرەكلەر بولۇر ھۆكۈمران. ]

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە ئالىپ ئەرتۇڭاغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ئۇچۇرلار خېلى كۆپ. مەسىلەن:
«تۇڭا، قاپلان جىنسىدىن بىر ھايۋان، ئۇ پىلنىڭ كۈشەندىسى. بۇ سۆزنىڭ ئاساسىي مەنىسى مۇشۇ. لېكىن، بۇ سۆز تۈركلەردە ئەسلىي مەنىسىنى يوقاتقان بولسىمۇ، ئىسىم ھالىتىدە ساقلانماقتا. بۇ سۆز كۆپىنچە ئادەملەرگە لەقەم بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، ‹تۇڭا خان›، ‹تۇڭا تېگىن›. تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ئافراسىياپ ‹تۇڭا ئالىپ ئەر›دەپ ئاتىلاتتى. بۇ قاپلانغا ئوخشاش كۈچلۈك، باتۇر ئادەم› دېمەكتۇر»②.

---

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، 96 -، 97 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 - يىلى نەشرى.
② مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» III توم، 502 -، 503 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىلى نەشرى.



www.uyghurkitap.com

«كەنت، شەھەر، شۇنىڭدىن ئىلىنىپ كاشغەر ‹ئۇردۇ كەنت› دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دېگەن بولىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئافراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان»[①].

«خان ــ تۈركلەرنىڭ ئەڭ چوڭ پادىشاھى. ئافراسىياپنىڭ باشقا ئوغۇللىرىمۇ ‹خان› دېيىلىدۇ. ئافراسىياپنىڭ ئۆزى ‹خاقان› دېيىلىدۇ».[②]

«قاتۇن ــ خاتۇن، خېنىم، ئافراسىياپنىڭ قىزلىرىغىلا خاس نام».[③]

«تارىم ــ تېگىنلەرگە (شاھزادىلەرگە)، ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان خېنىملارغا، شۇنىڭدەك ئۇلۇغ - ئۇششاق باللارغا خاس سۆز. خاقان ئەۋلادلىرىدىن باشقىلار ھەرقانچە يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولسىمۇ، بۇ سۆز ئۇلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. خان ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئاغىچا - خېنىملارغا ئۇنۋان ئورنىدا ئالتۇن تارىم دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ.»

«تېگىن ــ بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى قۇل دېمەكتۇر......
بۇ سۆزنىڭ ئافراسىياپنىڭ ئوغۇللىرىغا قانداق كۆچكەنلىكىگە كەلسەك، ئۇلار ئۆز ئاتىسىنى كۆپ ھۆرمەتلەپ، ناھايىتى چوڭ كۆرىدىكەن، شۇڭا بىرەر ئىشتا ئاتىسىغا مۇراجىئەت قىلسا ياكى خەت يازسا، ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ ‹قۇلىڭىز پالانى مۇنداق قىلدى›، ‹قۇلىڭىز پوكۇنى مۇنداق قىلدى› دەيدىكەن. كېيىنچە بۇ سۆز ئۇلارغا ئات بولۇپ قالغان. باشقا ئوغۇللاردىن ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ سۆز يېنىغا يەنە بىر سۆز ئىشلىتىدىغان

---

① مەھمۇد كاشغەري: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» I توم 447 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىلى نەشرى.
② مەھمۇد كاشغەري: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» III توم 215 - بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىلى نەشرى.
③ مەھمۇد كاشغەري: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، I توم 533 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىلى نەشرى.

بولدى.»[1]

«بارسغان، ئافراسياپنىڭ ئوغلىنىڭ ئېتى. بارسغان شەھىرىنى شۇ بىنا قىلدۇرغان. بۇ مەھمۇدنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھىرىدۇر. بەزىلەر ئۇيغۇر خانىنىڭ بارسغان ئىسىملىك بىر ئات باقارى بار ئىدى، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئۇ ئاتلارنى شۇ يەردە باقاتتى، كېيىنچە بۇ ئىسىم بۇ يەرگە نام بولۇپ قالغان دېيىشىدۇ.»[2]

«يۈگۈ، بارمان شەھەرچىسىگە ئاقىدىغان بىر دەريانىڭ نامى. بۇ شەھەرنى ئافراسياپنىڭ ئوغلى شۇ دەريانىڭ بويىغا قۇرغان. قۇرغۇچىنىڭ ئىسمى بارمان بولۇپ، شەھەر شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.»[3]

«چارۇق، تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى. ئۇلار بارچۇق شەھىرىنىڭ يېنىدا ياشايدۇ. بارچۇق ئافراسىياپ شەھەرلىرىدىن بىرى. ئۇ يەردە ‹بۇختۇ نەسسەر›نىڭ ئوغلى ‹بەتزەن› قامالغان.»[4]

«قاز سۈيى، ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان چوڭ بىر دەريانىڭ ئېتى. مۇنداق ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئافراسياپنىڭ قىزى ئۇنىڭ بويىدا بىر شەھەر بىنا قىلغان. بۇ ئىسىم ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان»[5].

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە ئالىپ ئەرتۇڭاغا مۇناسىۋەتلىك قوشاقلار، جۈملىدىن ئېپوسلاردىن پارچىلار بار بولۇپ، تۆۋەندە

---

[1] مەھمۇد كاشغەري: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» I توم، 539 ـ ، 540 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى نەشرى.

[2] مەھمۇد كاشغەري: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» III توم، 569 ـ ، 570 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى نەشرى.

[3] مەھمۇد كاشغەري: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» III توم، 503 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى نەشرى.

[4] مەھمۇد كاشغەري: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» I توم، 494 ـ ، 494 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى نەشرى.

[5] مەھمۇد كاشغەري: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» III توم، 206 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى نەشرى.

ئۇنىڭدىن بىر پارچىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

«ئافرات ۋە توققۇز قىز» نامىلىق رىۋايەت (قىسسە)تە ئافراتنىڭ توققۇز قىزى ۋە توققۇز ئوغلى، لەكمىڭ قوشۇنى ھەم ھېسابسىز خەلقى بار، بۈيۈك چىن مەملىكىتىنىڭ قەھرىمان خاقانى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئۇ دۇنيادا تەڭداشسىز باتۇر قەھرىمان، چۈنكى ئۇ توپىدىن يارالغانمىش. ئافرات رۇم ئېلىگە جازا يۈرۈشى قوزغاش ئۈچۈن ئاتلانغاندا باشقا ئەل قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ھالاك بولىدۇ[1]. «ئافراسىياپ ۋە رۇستەم نامىلىق» رىۋايەتتە بولسا ئافراسىياپ دوستلۇق بىتىمى تۈزۈش ئۈچۈن رۇستەم بارگاھىغا بارغاندا شۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن دېيىلىدۇ[2].

يېقىنقى زامانلارغىچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئافراسىياپقا دائىر كۆپلىگەن ئەپسانە - رىۋايەتلەر ۋە قىسسىلەر تارقىلىپ كەلگەن[3]. يەرلىك كىشىلەر كوچادىكى مىڭئۆيلەرنى ئافراسىياپ ياساتقان دەپ رىۋايەت قىلىشقان[4]. خوتەندىكى دامىكۇ، گۇلاخما دېگەن يەر نامىلىرىنىڭ قوللىنىلىشىنى خوتەندە خانلىق تەختتە ئولتۇرغان ئافراسىياپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەن رىۋايەتلەرگە ئىشىنىپ

---

[1] «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1985 - يىلى 9 - سان، خەنزۇچە نەشرى.

[2] بۇ رىۋايەتنى 1970 - يىل 8 - ئايدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى يېڭىئۆستەڭ يېزىسى، دۆڭكۆل كەنتى قاشبويى مەھەللىسى توقسۇن ھاجىم ھويلىسىدا ئوسمان قاسىم، روزۋانىخان مامۇتلار سۆزلەپ بەرگەن، 1975 - يىل 10 - ئايدا دەسلەپ خاتىرىگە ئېلىنغان. 2008 - يىل 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى رەتلەنگەن. خاتىرىگە ئېلىپ رەتلىگۈچى غەيرەتجان ئوسمان.

[3] تاتار ساياھەتچىسى نۇشىرۋان يائوشېف (1887 — 1917) 1914 — 1917 - يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭنى ساياھەت قىلغىنىدا ئالتە شەھەرلىكلەر(ئۇيغۇرلار — نەقىلچىدىن)نىڭ مەدداھلىقىنى بايان قىلىپ: «بۇ يەرنىڭ مەدداھلىرى كوچىلاردا ‹ئابا مۇسلىم›، قىسسىسىنى سۆزلەيدۇ. ‹رۇستەم›، ‹ئافراسىياپ› قىسسىلىرىنى ئوقۇيدۇ» دەپ مەلۇمات بەرگەن. بۇ ھەقتە قاراڭ: «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت»، ‹مىراس› ژۇرنىلى 2005 - يىلى 2 - سان، 8 - بەت، ئابلىز ئورخۇن تەييارلىغان.

[4] نۇشىرۋان يائوشۇف (رۇسىيە): «ئۇيغۇر يۇرتىغا زىيارەت»، «مىراس» ژۇرنىلى 2005 - يىلى 1 - سان، 52 - بەت.

كەلگەن[1]. بىر قاتار كەشپىياتلار، مەسىلەن گىلەم توقۇش، توقۇمىچىلىق، تېرە ئەيلەش، قوغۇن تېرىش، بۇغداي تېرىش، قوي سويۇش، باغۋەنچىلىك، كارىز قېزىش، ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، ئۆي سېلىش، كاۋاپچىلىق[2] قاتارلىقلارنى ئافراسىياپ كەشىپ قىلغان[3]. راۋاب قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلارنى ھەم ئافراسىياپ ياسىغان [4]. توي مەرىكىسى ئافراسىياپ زامانىسىدا پەيدا بولغان دېگەن رىۋايەتلەر تارقالغان[5]، ئۇ كاشغەر[6]، ياركەند خوتەن،

---

[1] «چىرىيە» توغرۇلۇق تارقالغان بۇ رىۋايەتلەرنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تىلشۇناسى ئەدھەم رەھىموۋىچ تېنىشېۋ 1956 - يىلى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شىنجاڭغا كېلىپ تىل تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا قارىقاشلىق روزى كېرەم (1871 - ) دېگەن كىشىدىن ئاڭلاپ خوتەننىڭ چوقباش يېزىسىدا خاتىرىگە چۈشۈرۈۋېلىپ، 1984 - يىلى موسكۋادا ناۋكا نەشرىياتى تەرىپىدىن رۇسچە نەشر قىلدۇرغان «ئۇيغۇر تېكىستلىرى» ناملىق كىتابى تەركىبىدە ئېلان قىلغان. قادىر ئەكبەر «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىلللىق 1 - سان (49 - بەت)دا ئېلان قىلدۇرغان «ئۇيغۇر فولكلورى چەت ئەللىك تەتقىقاتچىلار نەزەرىدە» ناملىق ماقالىسىدە بۇ توغرۇلۇق ئۇچۇر بېرىپ ئۆتكەن.

[2] «ئافراسىياپ ۋە كاۋاپنىڭ پەيدا بولۇشى» (ئوسمان قاسىم سۆزلەپ بەرگەن)، «بۇلاق»ژۇرنىلى 2006 - يىلللىق 3 - سان، 100 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 - يىلى نەشرى.

[3] «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» 1 - قىسىم، 83 - بەت، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 - يىلى نەشرى.

[4] بۇ ھەقتە كاشغەر شەھىرى بەشكېرەم يېزىسى (كېيىنچە قوغان يېزىسىغا، ئاندىن نەزەرباغ يېزىسىغا تەۋە بولغان)دىن ئوسمان قاسىم 1970 - يىلللىرى سۆزلەپ بېرىپ، 1975 - يىل 9 - ئايدا قەلەمگە ئېلىنغان، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈسۈپ ئىسھاق تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1998 - يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» (1 - قىسىم) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «ئافراسىياپ ۋە راۋاب ھەققىدە»ناملىق رىۋايەتكە قارالسۇن: يەنە «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىيات قامۇسى»، I توم، 449 - بەت: مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 - يىلى نەشرى: «كۆك گۈمبەز» (ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرى») 361 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 - يىلى نەشرى.

[5] «توي مەرىكىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە» (ئوسمان قاسىم سۆزلەپ بەرگەن، غەيرەتجان ئوسمان 1975 - يىلى خاتىرىگە ئالغان)، «مىراس» ژۇرنىلى 1992 - يىلللىق 2 - ساندا ئېلان قىلىنغان: ئۇنىڭدىن كېيىن «ئۈرۈمچى تىيانشان رايونى خەلق چۆچەكلىرى» (شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1994 - يىلى نەشرى)، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىيات قامۇسى» (I توم، 437 - بەت: مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 - يىلى نەشرى)، «كۆك گۈمبەز» (ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرى»، 338 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 - يىلى نەشرى) قاتارلىق كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن.

[6] «دەقىيانۇس شەھىرى ھەققىدە رىۋايەت » قاتارلىقلارغا قارالسۇن. بۇ رىۋايەتنى 1975 - يىلللىرى ئوسمان قاسىم قاتارلىقلار سۆزلەپ بەرگەن نۇسخىسى، «تارىم» ژۇرنىلى 2006 - يىلى 12 - ساندا ئېلان قىلىنغان، 151 - بەت.



www.uyghurkitap.com

كۇچا،[1] ئۇچتۇرپان، قاراشەھەر، قۇمۇل، تۇرپان، جىمسار، ئۈرۈمچى، ئىلى، ئالتاي قاتارلىق شەھەرلەرنى ئافراسىياپ بىنا قىلغان دېگەن رىۋايەت بار[2]. «ئۈرۈمچىنىڭ بىنا بولۇشى ھەققىدە» ناملىق رىۋايەتتە بولسا ئۈرۈمچىنى ئافراسىياپنىڭ زامانىسىدا ئۆتكەن ساقار باي دېگەن ھۆكۈمدارنىڭ بىنا قىلغانلىقى ئېيتىلغان[3].

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابتا شەرھلىنىپ: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ئافراسىياپقا باغلاپ چۈشەندۈرۈلگەن...... «تەزكىرەئى بۇغراخان» دا ئافراسىياپ قاراخانىيلار خانلىقى ھەم ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ بەگلىرىدىن ئىبارەت يوقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى بارلىقى سۆزلەنگەن»[4] دەپ يېزىلغان بولسا، «ئۇيغۇر مىللىتى» ناملىق كىتابتا «قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىقى رايونىدىكى ئۇيغۇرلار يەنە ئافراسىياپقا چوقۇنغان، «تەڭرى» گىمۇ چوقۇنغان، ئۇلار ئافراسىياپنى (قەدىمكى) تۈركلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى خاقانى دەپ ھېسابلىغان، ئافراسىياپنىڭ تۈركىيچە ئاتىلىشى «تۇڭا ئالىپ ئەر» بولۇپ، مەنىسى «قاپلانغا ئوخشاش باتۇر ئەر» دېگەنلىك، ئۆز

[1] «كۇچا خانى ئافراسىياپ» ناملىق رىۋايەتتە ئافراسىياپنىڭ ئىران پالۋانى رۇستەم بىلەن ئۆتكەن دەرياسى بويىدا ئۇرۇش قىلغانلىقى سۆزلەنگەن. بۇنىڭ تەپسىلاتىنى مۇھەممەد داۋۇتنىڭ «قاغا» سۆزى قوشۇلغان يەر - جاي نامىلىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدىن كۆرۈڭ. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 1999 - يىللىق 3 - سان، 85 - بەت.

[2] «ئافراسىياپ ھەققىدە »(ئوسمان قاسىم، ئەيسا مامۇتلار سۆزلەپ بەرگەن)، « تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى (1986 - يىل 10 - سان، ئۈرۈمچى) ۋە «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» (3 - قىسىم، غەيرەتجان ئوسمان توپلاپ رەتلىگەن، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1998 - يىلى نەشرى)گە كىرگۈزۈلگەن.

[3] «ئۈرۈمچى تىيانشان رايونى خەلق چۆچەكلىرى»34 - بەت، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1994 - يىلى نەشرى؛ «رىۋايەتلەردىكى شىنجاڭ»، شۇ خۇەي تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىلى خەنزۇچە نەشرى؛ «شىنجاڭنىڭ يەر نامىلىرى ۋە رىۋايەتلىك ھېكايىلىرى» («新疆地名与传说故事»، ۋېنجىڭ تۈزگەن)، 291 - بەت، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى 2007 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[4] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» تۇرغۇش گۈرۈپپىسى يازغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 24 - ، 25 - بەتلەر.

مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مۇشۇ رىۋايەتتىكى قەھرىمان شەخس بىلەن باغلاپ قارىغان ھەم ئۆزلىرىنى ئافراسىياپنىڭ ئەۋلادى دەپ ئېلان قىلغان.»[①] يەنە بەزى كىتابلاردا ئېيتىلىشىچە، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرىنىڭ خان جەمەتى ئافراسىياپنى ئورتاق ئەجداد دەپ ھېسابلىغانلىقى، بۇنىڭغا «مۇرۇج ئەد دەھەب»[②]، «تارىخى جاھان گۇشاھ»[③] ۋە «تارىخى رەشىدىي»[④] دېگەن بايانلار مىسال بولىدىغانلىقى قەيت قىلىنىغان. دېمەك، ئالىپ ئەرتۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدىكى ئەجداد بوۋىسى بولۇپ، بەزىبىر رېئال تارىخىي شەخسلەرنىڭ پىروتوتىپى ئاساسىدا تېخىمۇ غايىۋى، تېخىمۇ تىپىك شەخسكە ئايلانغان. ئۇ بوۋىلارغا چوقۇنۇشنىڭ تىپىك ئۆلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىكى تۇڭا ئالىپ ئەرگە دائىر ئېپوستىن ئۆرنەكلەر:

---

[①]. رىن يىۋى، ياسىن ھوشۇر: «ئۇيغۇر مىللىتى»، 43 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1997 - يىلى خەنزۇچە نەشرى. بۇ ھەقتە مەسئۇدىنىڭ «مۇروج ئەد دەخەب» (ئالتۇن يايلاق) ناملىق كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرى، 174 - بېتى (جۇڭخۇا خەلق نەشرىياتى 1998 - يىلى نەشرى) گە قارالسۇن.

[②]بۇ ھەقتە مەسئۇدىنىڭ «مۇروج ئەد دەخەب» (ئالتۇن يايلاق) ناملىق كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرى، 174 - بېتى (جۇڭخۇا خەلق نەشرىياتى 1998 - يىلى نەشرى) گە قارالسۇن.

بۇ ھەقتە جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھان گۇشاھ» ناملىق كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرى، 62 - بېتى (ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى 1981 - يىلى نەشرى) گە قارالسۇن.

[③] بۇ ھەقتە جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھان گۇشاھ» ناملىق كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرى، 62 - بېتى (ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى 1981 - يىلى نەشرى) گە قارالسۇن.

بۇ ھەقتە مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرى 193 - بېتى (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىلى نەشرى) گە قارالسۇن.

[④] بۇ ھەقتە مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرى، 193 - بېتى (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىلى نەشرى) گە قارالسۇن؛ بۇ توغرۇلۇق يەنە «دول تاغ ھەققىدە»، «ئانا قوۋۇق ھەققىدە» قاتارلىق رىۋايەتلەرگە قارالسۇن. «ئۈرۈمچى تىيانشان رايونى خەلق چۆچەكلىرى» 22 - ، 37 - بەت، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1994 - يىلى نەشرى؛ «شىنجاڭنىڭ يەر ناملىرى ۋە رىۋايەتلىك ھېكايىلىرى» (ۋېنجىڭ تۈزگەن)، 291 - بەت، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى 2007 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ،
ئەسىز دۇنيا قالدىمۇ.
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

ئۇلىشىپ ئەرەن بۆرلەيۇ،
يىرتىپ ياقا ئۇرلايۇ.
سىقرىپ ئۈنى يۇنلايۇ،
سىغتاپ كۆزى ئۆرتۇلۇر.

كۆڭلۈم ئىچىن ئۆرتەدى،
پىتمىش باشىغ قارتادى.
كەچمىش ئۈدۈك ئىرتەدى،
تۈن كۈن كەچۈپ ئىرتەلۈر.

[باتۇر ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ،
ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ.
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

ئەرلەر بۆرىدەك ھۇۋلىشىپ،
يىرتىپ ياقا ئاھ ئۇرۇشۇپ؛
چىرقىراپ ئۈنى داتلىشىپ،
ئۆسۈپ كۆزى ئۆرتىلۇر.

كۆڭلۈم ئىچىنى ئۆرتىدى،
پۈتكەن يارىنى تاتىلىدى.

كەچكەن (ئۆتكەن) ئۆدۈك (ئىشق[1])نى ئەسلەتتى،
تۈن - كۈن كېچىپ ئىزدىنۇر. ]

ئاخىرقى بايان شۇكى، موللا مۇسا سايرامى ئافراسىياپنىڭ قەبرىسىنىڭ لوپ قۇملۇقىدا ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن[2].

---

[1] ئىشق ــ سېغىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

[2] موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەممىدىيە» (ئەنۋەر بايتۇر تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 - يىلى نەشرى، 704 - بەت.

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

# ئىككىنچى باب
# قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

## 1. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ۋە ئەدەبىياتى

### قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

قاراخانىيلار خانلىقى تەخمىنەن 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى قۇرۇلۇپ، 10 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يېتىلگەن. 12 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگەندە مۇنقەرز بولغان. بەزى ماتېرىياللاردا تەخمىنەن مىلادىيە 850 - يىللىرىدىن 1212 - يىلى بىلەن ئىپادىلەيدىغان ئەھۋالمۇ بار. ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى ئاھالىلەر ئاساسەن ئۇيغۇر، قارلۇق، تۈركەش، ياغما، چىگىل (چىيىل)، سوغدى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان. تارىختا بۇ خانلىقنىڭ تېررىتورىيەسى بىرئاز تۇراقسىزراق بولغان. بىرقەدەر مۇقىملاشقان ۋاقىتتىكى دائىرىسى بولسا ئاساسەن بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى دېھقانچىلىق رايونى، سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىن بالقاش كۆلىگىچە بولغان چارۋىچىلىق رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. يارىش (جۇڭغارىيە) ئويمانلىقىدا جىڭ، كۇنەسنى پاسىل قىلغان ھالدا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن چېگرالانغان؛ تارىم ئويمانلىقىدا ئۇچتۇرپان ۋە يېڭىسارنى پاسىل قىلغان ھالدا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە ئۇدۇن بەگلىكى بىلەن چېگرالانغان[1]. كېيىنچە

---

[1] لى شىڭ مەسئۇللۇقىدا يېزىلغان: «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى» (厉声主编《中国新疆历史与现状》)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 - يىلى نەشرى، 94 — 95 - بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

كاشغەر[illegible]قىلغان.

مىلادىيە 840 - يىلى [illegible]ـي چۆللۈكىنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر خانلىقى (خەنزۇچە مەنبەلەردىكى «回纥国» يەنى خۇيخېگو) ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يىمىرىلگەندىن كېيىن، قۇرغار رايونى يەنى غەربكە كۆچكەن بىر قىسىم ئۇيغۇر قەبىلىلىرى يارىش ئويمانلىقىدىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا يايلىقىغا كىرىپ قارلۇقلار تەرەپكە بارغان. 9 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بۇ ئۇيغۇرلار قارلۇق خانلىقى ئاساسىدا قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇرغان[1]. تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە خانلىقنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى پان تېگىن (مەڭلىك تېگىن؟)نىڭ ئەۋلادى ياكى پان تېگىننىڭ سانغۇنلىرى بولۇشى مۇمكىن[2]. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىلگە كۆل

---

[1] بۇ خانلىقنى قۇرغۇچىلار توغرىسىدا تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە ھەر خىل قاراش بار. ئەمما، زامانىمىزدىكى كۆپلىگەن ئىلمىي خادىملار ۋە زامانىمىزدا يېزىلغان بىر قاتار نوپۇزلۇق ئىلمىي كىتابلاردا قەدىمكى خەنزۇچە ۋە ئىسلام يېزىقىدىكى تارىخ ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ ئۇنى خۇبېي يايلىقىدىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرغانلىقى بىردەك تەكىتلىنىدۇ. مەسىلەن، ۋاڭ رىفېي: («ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ھەققىدە مۇھاكىمە»، «يۈگوڭ» (禹公) ژۇرنىلىنىڭ 4 - جىلدى، 1935 - يىلى 2 - سان، خەنزۇچە): خانىدا تورۇ (يۇتىيەنخېك، ياپونىيە، «غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ باش - ئاخىرى ۋە يىلنامىسى»، «تارىخ توپلىمى» (史林)، 1 - جىلد، 2 - بەت: ئابى تاكېئو (ئەنبۇ جيېنفۇن، ياپونىيە، «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى تارىخى تەتقىقاتى» (西回鹘史的研究) 6 - باب، 1 - ، 2 - پاراگراف، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىلى خەنزۇچە نەشرى): فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار («ئۇيغۇرلارغا دائىر تارىخي ماتېرىيالدىن توپلامچە» (维吾尔族史料简编)، 1 - قىسىم، 49 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 - يىلى خەنزۇچە نەشرى): ۋېي لياڭتاۋ: («قاراخانىيلار خانلىقى تارىخىدىن تېزىس» (喀喇汗王朝史稿)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىلى خەنزۇچە نەشرى): «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 164 - بەت): «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى»، بېيجىڭ، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيەسى نەشرىياتى 2002 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 46 - بەت: چۆلىلى باش مەسئۇللۇقىدا يېزىلغان «تۈركلەرنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» (突厥人变迁史研究)، مىللەتلەر نەشرىياتى 2008 - يىلى خەنزۇچە نەشرى: لى شېڭ مەسئۇللۇقىدا يېزىلغان «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 - يىلى نەشرى، 94 -، 95 - بەتلەر.

[2] ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار خانلىقى تارىخىدىن تېزىس» (喀喇汗王朝史稿)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 73 - بەت.

قادىرخان دېگەن ئادەم خانلىقنىڭ بوزرۇكۋارى (ئەجداد خانى) بولۇشى كېرەك دېگەن قاراش بار[①].

قاراخانىيلار خانلىقىنى خاقانىنىڭ چوڭ تېگىنى بىلەن كىچىك تېگىنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ باشقۇرغان. چوڭ تېگىن خان بولۇپ، ئارسلانخان (شىرخان) دەپ ئاتالغان. ئۇ يەنە خانلىقنىڭ ئەڭ ئالىي باشلىقى بولۇپ، بالاساغۇندا تۇرغان؛ كىچىكى ئورۇنباسار خان بولۇپ، بۇغراخان دەپ ئاتالغان. ئۇ دەسلەپ تالاستا تۇرغان، كېيىن كاشغەر شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەن. يۇقىرىدىكى ئىككى نەپەر ئالىي ھۆكۈمراندىن باشقا، يەنە باشلىقتىن تۆتى بار بولغان: ئۇلار ئېلىكخان، بۇغرا ئىلىگ، ئارسلان تېگىن، بۇغرا تېگىن دەپ ئاتالغان.

سۇتۇق بۇغراخان زامانىسىدا قاراخانىيلار خانلىقى پەيدىنپەي قۇدرەت تاپقان ھەم سۇتۇق بۇغراخان قاراخانىيلار خانلىقىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كاشغەر شەھىرىنى ئوردىكەنت قىلغان[②]. بۇ مىلادىيە 944 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

## قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىي ھايات

قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە كەلگەندە مەدەنىيەت ساھەسىدە بىر گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن. بالاساغۇن، بارىسغان، ئوترار (جەۋھەر، ئوترار، ئوتراركەنت)، كاشغەر، سەمەرقەنت، بۇخارا قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەر مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە ئايلانغان ياكى بەزىلىرى مەدەنىي مەركەزلىك ئورنىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن.

12 - ئەسىردە ياشىغان نىزامىي ئەرۇزى سەمەرقەنت ئۆزىنىڭ

---

① لى شىڭ مەسئۇللۇقىدا يېزىلغان: «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 - يىلى نەشرى، 94 - بەت.

② شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1992 - يىلى نەشرى، 249 — 250 - بەتلەر.

«مەجمەئۇننەۋادىر» (نادىر ھېكايىلەر، چەھار ماقالە) ناملىق ئەسىردە سامانىيلار ۋە قاراخانىيلار خانلىقلىرى دەۋرىدە ئىلىم - مەرىپەتكە ھامىيلىق قىلغان ساماني خانلىقىنىڭ پادىشاھى ئەمىر ئىسمائىل ساماني، غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى خىزىرخان قاتارلىق بىرمۇنچە ھۆكۈمدارلارنى ۋە ئۇلار ئۆز ئەتراپىغا توپلىغان يۈزلىگەن پەيلاسوپ، ئاسترونوم، يازغۇچى - شائىرلارنى ۋە تېبابەت ئاتاسۇنغۇنلىرى - ئالىملىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

بولۇپمۇ بۇ دەۋردە كاشغەرنىڭ شەھەرىستان رايونى ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدا بىر قاتار مەدرىسەلەر ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلغان. بۇلار ساچىيە مەدرىسەسى (مەدرىسەئى ساچىئە)، ھەممىدىيە مەدرىسەسى (مەدرىسەئى ھەممىدىيە)، مەھمۇدىيە مەدرىسەسى (مەدرىسەئى مەھمۇدىيە) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدىكى ساچىيە مەدرىسەسىنى سۇتۇق بۇغراقاراخان قۇرۇپ چىققان[1]. بۇ مەدرىسەلەرنىڭ ئەينى زاماندىكى تەسىرى چوڭقۇر بولغان. بۇ توغرۇلۇق تارىخچى جەمال قارشى مىلادىيە 1300 - 1301 - يىللىرى يېزىپ چىققان «مۇلھەقاتى سۇرراھ» ناملىق كىتابىدا مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان: «مەن جەۋھەرىنىڭ ‹سىھاھ› ناملىق كىتابىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ نەچچە زامان ئىزدەندىم، مۇمكىن بولسا سېتىۋالاي ياكى يېزىۋالاي دېۋىدىم، بەختىمگە يارىشا كاشغەر شەھىرىنىڭ ئاتاقلىق ۋە تولۇق بەختلىك مەدرىسەلىرىدىن بىرى بولغان ‹ساچىيە مەدرىسەسى› نىڭ كىتابخانىسىدىن ‹سىھاھ›نىڭ تۆت تومى تېپىلدى.»[2] جەمال قارشىنىڭ يېزىشىچە، بۇ مەدرىسەگە ھەممە ئېقىملاردىن ھەر يىلى مىڭلاپ ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بىلىم

---

[1] جۇڭگو شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىسلام دىنى تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى: «جۇڭگو شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىسلام دىنى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 117 - بەت.

[2] ئابدۇشۈكۈر تۇردى قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 - يىلى نەشرى، 1 توم، 261 - بەت.

ئالغان. بۇ يەردە يالغۇز ئىلاھىي بىلىملەر ئوقۇتۇلۇش بىلەنلا قالماي، ئارىستوتېل، سوقرات، فارابى، بىرۇنى، ئىبن سىنا ۋە مۇھەممەد مۇسا خارەزمى پەلسەپىلىرىمۇ ئوقۇتۇلغان.

دېمەك، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە كاشغەردە قۇرۇلغان مۇشۇ مەدرىسەلەر ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن كۆپلىگەن ئالىملار، شائىرلار ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئىلمىي مەركەزگە ئايلانغان. شۇڭا، جەمال قارشى ئۆز زامانىسىدىكى كاشغەرنى تەرىپلەپ شۇنداق يازغان: «كاشغەر شەھىرىنىڭ پەخىرلىك شەھەر بولۇشى ئۇنىڭ ئىسلام مەركىزى ۋە ئالىم - ئۆلىمالار جايلاشقان ئىلىم - مەرىپەت بۇلىقى، ئېسىل پادىشاھ - خاقانلارنىڭ ۋەتىنى، كاتتا ئالىملارنىڭ يۇرتى بولۇشىدا...... كاشغەرنىڭ شەرەپلىك ئادەملىرى ئادەملەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى...... كاشغەر مەن ھىجرەت قىلغان ئەڭ گۈزەل جاي ۋە مېنىڭ تىجارىتىم (ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىش مەشغۇلاتىم) ئەڭ راۋاجلانغان جاي...... كاشغەر مەن ئۈچۈن ئالىم - ئۆلىمالار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان ناھايىتى ياخشى ئورۇن.»[1]

## ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت ھەققىدە

قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئاغزاكى ئەدەبىيات ۋە يازما ئەدەبىيات تارىخىي خاراكتېرلىك يېڭى دەۋرگە كىرگەنلىكىنى نامايان قىلغان. كونا ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئىسلاھ قىلىنغان ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى يېڭى ئۇيغۇر يېزىقى بولغان خاقانىيەت يېزىقىدا كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. بۇ دەۋردە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسىنىڭ سىرتىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر (قەبىلىلەر) ئارىسىدىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا

---

[1] ئەبۇل فەزلى مۇھەممەد جەمال قارشى: «مۇلھەقاتى سۇرراھ: كاشغەر شەھىرى ۋە ئىلىم - مەرىپىتىنىڭ بايانى» (خۇاتاۋ: «10 — 13 - ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» (ئۆمەرجان نۇرى تەرجىمىسى)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 - يىلى نەشرى.

www.uyghurkitap.com

يېزىش ئوتتۇرا ئاسىيا، يەتتىسۇ، خارەزم، ھەتتا ئۇغۇز دالىسىدا بىر خىل ئەنئەنىگە ئايلانغان. بۇ ھال چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ئۆگۈدەي (ئوغۇتاي) ۋە چاغاتاي دەۋرلىرىدە داۋاملىق ئىپادىلىنىپ تۇرۇلغان.

قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىرەك ئۇنىڭ تېررىتورىيەسىدە مۇھەممەد مۇسا خارەزمى (مىلادىيە 750 – 870 - يىللار) دېگەن ئۇلۇغ ئالىم ئۆتكەن. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە بولسا ئەبۇ ناسىر فارابىنىڭ بىر قاتار ئىلمىي ئەسەرلىرى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئەسىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق داستانى، ئەھمەد يەسەۋىنىڭ «دىۋانى ھېكمەت» ناملىق ئەسىرى، ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق داستانى مەيدانغا كەلگەن. بۇ ئەدىبلەردىن ئىلگىرى چۇچۇ، تۈركىي كىشى ئەيلاقى دېگەن شائىرلار ئۆتكەن. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا مەلۇمات يوق. تۈركىي كىشى ئەيلاقى بولسا 10 - ئەسىرلەردە ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ پارس تىلىدا يازغان سەككىز مىسرالىق شېئىرى ساقلىنىپ قالغان[①].

قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە يەنە نىزامىددىن توغان تېگىن، ھەمماد جەۋھەرى، ئىبراھىم ئەل فارابى، ھۈسەيىن خەلەف كاشغەرىي، ھۈسەيىن كاشغەرىي، ئابدۇغاپپار ئالمائى، ئىمادۇددىن كاشغەرىي، مەجىددىن بىننى ئەدنانى، مۇھەممەد ئەل سەمەرقەنتى، نارشاخى، ئەبۇ سەئىدئەل ئىدرىسى قاتارلىق ۋەقەشۇناسلار، ئالىم - ئەدىبلەر مەيدانغا كەلگەن.

نىزامىددىن توغان تېگىن ۋەقەشۇناس بولۇپ، بۇ كىشى ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمكى تارىخىنى پىششىق ئىگىلىگەن، جۈملىدىن مەھمۇد كاشغەرىيگە ئۆزىنىڭ دادىسى مۇھەممەد چاقىر تۇنقاخاندىن ئاڭلىغان «ئۇيغۇر» ئاتىقى توغرىسىدىكى ئۆزۈن ۋە

---

① مەنبەلەردە بۇ شائىرنىڭ پارس شائىرى رۇداكى بىلەن بىللە ياشىغانلىقى ئېيتىلىدۇ («ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى يېزىپ چىققان، ئالمۇتا، يەن (ناۋكا) نەشرىياتى 1983 - يىلى نەشرى.

تەسىرلىك رىۋايەتنى سۆزلەپ بەرگەن[1].

ئىبراھىم فارابى، تولۇق نامى ئەبۇ ئىبراھىم ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىم ئەل فارابى (ئىسھاق فارابى) قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مەركىزى شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان ئوترار (فاراب، جەۋھەر) شەھىرىدە تۈركىي نەسەبلىك ئائىلىدە تۇغۇلۇپ يېتىشىپ چىققان ئالىم بولۇپ، ئەرەب تىلى بىلەن ھىجرىيە 349 - (مىلادىيە 961 - يىلى) يىلى «دىۋانۇ ئەدەب» (تولۇق نامى «دىۋانۇلئەدەب فى بايان لۇغەتۇلئەرەب» — ئەرەب تىلىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئەدەبىياتى دىۋانى) ناملىق لۇغەت كىتابىنى[2]، «بايان ئەل ئەرەب» (گىرامماتىكا قائىدىلىرى) ناملىق گىرامماتىكا كىتابىنى يېزىپ چىققان.

ھەممad جەۋھەرى، تولۇق ئىسمى ئىسمائىل ئىبن ھەممad جەۋھىرى (ئەبۇ ناسىر ئىسمائىل، ئىسمائىل ھەممad جەۋھەرى) بولۇپ، ئوتراردا تۈركىي نەسەبلىك ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ كېيىنچە ئەرەب تىل - ئەدەبىياتى بويىچە يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشى بولۇپ، «سىھاھ» (تولۇق نامى «تاجۇللۇغە ۋە سىھاھۇلئەرەبىيە» — تىللارنىڭ تاجى ۋە ئەرەب تىلىدىكى گۈزەللىك) دېگەن مەشھۇر لۇغەت كىتابىنى، «كىتاب ئەل مۇقەددىمەتى فى ئەل نەھۇ» («گىرامماتىكىغا كىرىش») ناملىق گىرامماتىكىغا دائىر كىتابىنى ئەرەب تىلىدا يېزىپ چىققان. ئىبراھىم فارابى بولسا ھەممad جەۋھەرىنىڭ تاغىسى (جەۋھەرى ئىسھاق ئىبن ئىبراھىم فارابىنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى) ئىدى[3].

«سىھاھ» كىتابى ئەرەب تىلى ئۆلچىمى بويىچە ئەڭ ساغلام،

---

[1] مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، I توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى نەشرى، 151 - بەت.

[2] بۇ كىتاب خارەزمشاھنىڭ نامىغا بېغىشلاپ يېزىلغان.

[3] پىروفېسسور مۇھەممەد سالىھ ئىسھاق فارابى، ھەممad جەۋھىرىلەرنى ئەبۇ ناسىر فارابىلار بىلەن قوشۇپ ئۇلار «قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەرىپەت ئاسمىنىدا چاقنىغان نۇرلۇق چولپانلاردىن» بولۇپ، «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بولغان ئوترار شەھىرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قارلۇق ئۇيغۇرلىرىدىن ئىدى» دەپ يازغان. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن، بۇ ماقالە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2006 - يىللىق 2 - سانى (63 — 75 - بەتلەر)دا ئېلان قىلىنغان.

ئەڭ ساپ سۆزلەردىن تۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «سىھاھ» يەنى قېلىپلاشقان، ئەڭ ئىشەنچلىك سۆزلەر دېگەن مەنىدە ئىسىم قويۇلغان. «سىھاھ» تا «اب»، «ات»، «اج»، «ار» لەرگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى ھەرپى كۆزدە تۇتۇلۇپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، ھەمماد جەۋھەرى «سىھاھ»نى تۈزۈشتە بىرىنچى قول ماتېرىيال ئىگىلەشنى ئاساس قىلغان. جەۋھەرى دالا ـ قىرلارنى كېزىپ، ئۇ يەرلەردە ياشايدىغان ئەئرابىلارنىڭ تىل بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئورتاق قوللىنىدىغان قېلىپلاشقان سۆزلەرنى ئاساس قىلىپ، ئەرەب تىلى ئۇستىدە ئىزدەنگۈچى ئالىملارنىڭ سەمىدىن ئۆتكەن لۇغەت فوندىنىمۇ يىغىپ چىققان. ئۇ يەنە تەمسىل، ماقال، شېئىر ـ قوشاق بايلىقلىرىدىن كەڭ پايدىلىنىپ، سۆزلەرنىڭ فونېتىكا ئۆزگىرىشلىرى ۋە دىيالېكتلىق پەرقلەرنى نەقىل كەلتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئەرەب قەبىلىلىرىنى كەڭ دائىرىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى يىغىپ، شۇ ئاساستا ئەسىرگە ماتېرىيال توپلىغان. «سىھاھ»نىڭ مەيدانغا كېلىشى لۇغەتشۇناسلىق ئەڭ قەدىرلىنىۋاتقان، سۆز ئاختۇرۇش قىيىن بولغان كونا قېلىپتىكى لۇغەتلەر تازا ئاقمايۋاتقان، لۇغەتچىلىكتە كىشىلەر پايدىلىنىش قولايلىق بولغان بىرەر يېڭى ئۇسلۇب ئىجادىيىتىگە ئەڭ تەشنا بولۇۋاتقان مەزگىلگە توغرا كەلگەنلىكتىن، كەڭ جامائەتچىلىك تەرىپىدىن بىردەك ئالقىشلانغان. زامانى ئاۋۋالدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر لۇغەتشۇناسلىق ساھەسىدە ئەرەب تىلىدا يېزىلغان بىرەر ئەسەر «سىھاھ»تەك كەڭ تەسىر قوزغىغان ئەمەس. مىنىستىر فاھىد: «بۇيۈك تىلشۇناس ھەمماد جەۋھەرىنىڭ ‹سىھاھ› كىتابى ئۇسلۇبى گۈزەل، تۈزۈلۈشى پۇختا، كىشىلەرگە ياقىدىغان، ئاممىباب كىتابتۇر»[①] دەپ ئېيتقان بولسا، پىروفېسسور ئەھمەد ئابدۇغەفۇر «‹سىھاھ›نىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەرەب تىلشۇناسلىقى

---

[①] فاھىد ــ سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مائارىپ مىنىستىرى بولۇپ تۇرغان 1976 ـ يىلى «سىھاھ»نىڭ يېڭىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن داغدۇغىلىق مۇراسىمدا بۇ سۆزلەرنى ئېيتقان. ئۇ كېيىنچە پادىشاھ بولغان.

تارىخىدا تۈنجى تاشلانغان زور قەدەمدۇر» دېگەن باھانى بەرگەن. تارىختىن بېرى «سىھاھ» تىلشۇناسلارنىڭ، شەرقشۇناسلارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىپ كەلگەن. ئۇنىڭغا يېزىلغان شەرھلەر، ھاشىيەلەر «سىھاھ»نىڭ پارسچە، تۈركچە تەرجىمىلىرى بولۇپ، «سىھاھ»نى دەۋرىي قىلىپ يېزىلغان كىتابلار 109 پارچىدىن ئاشقان. نېمىس شەرقشۇناسلىرىدىن بىروكمان «جەۋھەرى ۋە ئەرەب ئېلىپبە ھەرپلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى» ناملىق 383 بەتلىك تەتقىقات ئەسىرىنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. ئالىمالىقلىق ئالىم جەمال قارشى «سىھاھ» ئۈستىدە نۇرغۇن مېھنەت سىڭدۈرۈپ، «سىھاھ»نى باشقىچە تەرتىپتە تۈزۈش، ئۇنى قىسقارتىپ ئىخچاملاش ئاساسىدا «قۇراھ»، «مۇختەسەر سۇرراھ» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان. جەمال قارشى يەنە ھىجرىيە 681 - يىلى (مىلادىيە 1282 — 1283 - يىللىرى) «سىھاھ»نى پارسچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا «سۇرراھ» دەپ نام بەرگەن. «مۇلھەقاتى سۇرراھ» دەپ ئاتالغان رىسالىسىنى بولسا ئەنە شۇ «سۇرراھ»نىڭ ئاخىرىغا تىرەكەپ قويغان. بۇ كىتابتا «سىھاھ»نىڭ كاشغەردىكى مەدرىسەلەرنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىپ تۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىلگەن[①].

ھۇسەيىن خەلەف كاشغەرىي. ئۇ تارىخىي مەنبەلەردە ئىمام ئەبۇ ئابدۇللا فەزلى، ئەبۇ ئابدۇللا ھۇسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلىفە ئىبن جەبرائىل خەلىل فەزلى، ھۇسەيىن ئىبن خەلەف كاشغەرىي، ھۇسەيىن بىن كاشغەرىي، ھۇسەيىن ئىبن ئەلى ئىبنى خەلەف، ھۇسەيىن ئىبن ئەلى كاشغەرىي، ھۇسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەف كاشغەرىي دېگەندەك ناملار بىلەن تىلغا ئېلىنغان. مىلادىيە 973 — 1093 - يىللىرى ياشىغان. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ كىشىنى «شەيخ ئىمام زاھىت ھۇسەيىن ئىبن خەلەف كاشغەرىي» ئاتىقى بىلەن ئاتىغان ۋە «ئۇستازىم» دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا

---

① مۇھەممەد سالىھ: «‹تۈركىي تىللار دىۋانى›نىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2006 - يىللىق 2 - سانى، 64 — 65 - بەتلەر.

ئالغان. ئۇ باغدادتىكى مەدرىسەلەردە ۋە كاشغەردىكى «ھەمىدىيە» مەدرىسەسىدە ئۇزاق مۇددەت مۇدەررىسلىك قىلىپ نۇرغۇن تالىبۇلئىلىملەرگە دەرس ئۆتكەن[1]. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئىلاھىيەت ئالىمى ۋە مۇسەننىفى (يازغۇچى) ئىدى. ئۇ تەپسىر ۋە ھەدىسكە ئائىت كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان[2]. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بىرقانچە قاغانلىرى بۇ زاتنى «دۇئاگۇيىمىز» دەپ ھۆرمەتلىگەن. مەھمۇد كاشغەرىيدەك چوڭ ئالىمنى يېتىشتۇرگەن. قارىغاندا، ھۇسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرىي ئۆز دەۋرىنىڭ ھەممە پەنلىرىدىن، بولۇپمۇ ئەرەب تىلشۇناسلىق ئىلمىدىن چوڭقۇر مەلۇمات ئىگىسى بولغان قابىلىيەتلىك مۇدەررىس ئىكەنلىكى مەلۇم[3].

ھۇسەيىن كاشغەرىي، تولۇق نامى ھۇسەيىن ئىبنى ھەسەن ئىبنى ئابدۇللا كاشغەرىي بولۇپ، 11 - ئەسىرلەردە ياشىغان ھەدىسشۇناس ئالىم، نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن[4].

---

[1] مۇھەممەد سالىھ: «‹دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك›نىڭ مۇقەددىمىسى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» (3)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىلى نەشرى، 27 - ، 28 - بەتلەر.

[2] جەمال قارشى: «مۇلھەقاتى سۇرراھ» («سۇرراھ» لۇغىتىگە ئىلاۋە»)، خۋاتاۋنىڭ «8 — 10 - ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىغا قوشۇمچە قىلىنغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 - يىلى نەشرى، 480 - بەت.

[3] بۇ زاتنىڭ قەبرىسى كاشغەر شەھىرى تەۋەسىدە بولۇپ، 1000 يىلدىن بېرى مۇھىم تاۋاپگاھ بولۇپ كەلگەن.

[4] بۇ ھەقتە ئىراقلىق دوكتور ناجى مەئرۇف «ئەجەم يۇرتلىرىغا نىسبەتەن بېرىلگەن ئەرەب ئالىملىرى» ناملىق كىتابىدا ئەبۇ تاھىر بۇداكانى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئالىم ئەبۇ سەئىد ‹تەھبىر› كىتابىدا يېزىشىچە، ئەبۇ تاھىر (بۇنداكانى) ھىجرىيە 440 - يىلى (مىلادىيە 1048 — 1049 - يىللىرى) تۇغۇلغان...... تۇس، ئىسفاھان، مەرۋە، نىشاپورلارغا بېرىپ ئىلىم ئۆگەنگەن. پەزىلەتلىك، ئىمام، مۇنازىرىچى، مۇپتى بولۇپ يېتىشكەن...... ھۇسەيىن ئىبنى ھەسەن ئىبنى ئابدۇللا كاشغەرىيدىن ھەدىس ئۆگەنگەن.» بۇ ھەقتە مۇھەممەد سالىھنىڭ «‹تۈركىي تىللار دىۋانى› (دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك)نىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن، بۇ ماقالە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2006 - يىللىق 2 - سانى (66 - بەت)دا ئېلان قىلىنغان.

ئالمائى[1]، تولۇق ئىسمى ئابۇل فۇتۇھ ئابدۇلغاپپار (جاپپار) بىننى ھۇسەيىن ئال ئالمائى كاشغەرىي (مىلادىيە11 - ئەسىر) كاشغەردە ياشىغان تارىخچى. ھۇسەيىن ئىبىن خەلەف كاشغەرىينىڭ ئوغلى، يەنە «تارىخى كاشغەر» («قەشقەر تارىخى»)، «مىسكەنى ئۇستادىيان»[2] («ئۇستازلارنىڭ توپلانغان جايى») دېگەن ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى. «تارىخى كاشغەر» گە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىغا دائىر تارىخىي ۋە رىۋايەتلىك مەلۇماتلار كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ «تارىخى كاشغەر» ناملىق ئەسىرىدىن جەمال قارشى پايدىلانغان. ئەپسۇسكى، بۇ كىتابلار بۈگۈنكى كۈنگىچە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم ئەمەس.

بىرۇنى، تولۇق ئىسمى ئەبۇ رەيھان مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد بىرۇنى (مىلادىيە 973 ــ 1050 - يىللار)، قاراخانىيلار خانلىقىغا قاراشلىق ئۈرگەنچ شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىرون يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، ئافغانىستاندىكى غەزنە شەھىرىدە ۋاپات بولغان. ئۇ ئاسترونوم، ماتېماتىك، جۇغراپىيەچى، بىيولوگ، فىلولوگ، تارىخچى، ئېتنوگراف، دورىگەر ۋە شائىر بولۇپ، 150 تىن ئارتۇق ئەسەر قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇلاردىن 45 پارچىسى ئاسترونومىيە ماتېماتىكىسىغا بېغىشلانغان. بىرۇنى گالىلېيدىن 500 يىل ئىلگىرى دۇنيا قۇياشنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدۇ، دېگەن تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ نيۇتوندىن 600 يىل ئىلگىرى جىسىملارنىڭ يەرگە قاراپ تارتىلىش قانۇنىنى كەشىپ قىلغان. دۇنيا ماددىدىن ئىبارەت، ماددىلار دائىم ھەرىكەت ۋە ئۆزگىرىش جەريانىدا بولىدۇ، دېگەن ئىلمىي كۆز قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن. بىرۇنى تىللارنى «ياخشى تىل»، «يامان تىل» دەپ بۆلۈشكە بولمايدۇ، ھەربىر خەلق ئۆز تىلىنى ياخشى دەپ تونۇيدۇ، چۈنكى ئۇ

---

[1] ئالمائى ــ زېرەك دېگەن مەنىدە.

[2] بۇ كىتابنىڭ نامى بەزى مەنبەلەردە «مۇجەممە ئۇششاق» دېگەن نام بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ، بۇ ھەقتە «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىيلار» (ھاجى نۇر ھاجى يازغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى نەشرى، 400 - بەت) ناملىق كىتابقا قاراڭ.

شۇ تىلغا ئادەتلىنىپ كەتكەن، ئۇلار ئۆز تىلىنىڭ ئۆز ھاجىتىدىن چىقالىشىغا ئىشىنىدۇ، شۇڭا تىللارنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇقچىلىقى يوق، ئادەمزاتنىڭ ھەممىسى بىردەك، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. بىرۇنىنىڭ تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى بۇ خىل كۆز قاراشلىرى شۇ دەۋردە بىر قىسىم ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئەرەب تىلىنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىدىغان كۆز قاراشلىرىنى رەت قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا پارس ۋە تۈركىي تىللارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە نەزەرىيەۋى ئاساس بولۇپ بەرگەن. شۇنى تەكىتلەشكە بولىدۇكى، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى ياشىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يۇرتى خېلى ئۇزاق زامانلار قاراخانىيلار خانلىقى تېررىتورىيەسىگە تەۋە بولغان.

سەمەرقەندى (مۇھەممەد بىننى ئەلى جاپپار ئەل كاتىپ ئەل سەمەرقەندى) مەشھۇر سەمەرقەنت تارىخچىسى بولۇپ، مەسئۇد بىننى ئەلى قىلىچ تاۋغاچ خان (مىلادىيە 1156 ـ 1162) غا بېغىشلاپ «ئەرەزۇل سىياسەت فى ئەغدەرۇل رىياسەت» (دۆلەت سىياسىتىنىڭ ئاساسىي ئۆلچەملىرى) ناملىق ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەردە سۇلتان سەنجەر، قىلىچ تاۋغاچ خاننىڭ تەرجىمىھاللىرى ۋە بىر قاتار ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنىغان.

نەرشەخى، ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد بىننى جاپپار نار شاخى (؟ ـ 959) ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخچىسى بولۇپ، «بۇخارا تارىخى» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يېزىپ چىققان.

ئەل ئىدرىسى، ئەبۇ سەئىد ئابدۇراھمان بىننى مۇھەممەد ئەل ئىدرىسى (؟ ـ 1015) «قەندىيە» (تولۇق ئىسمى «كىتابۇل قەندخى تارىخ سەمەرقەنت») ناملىق ئەسەر يېزىپ چىققان.

بۇ چاغدا ماۋارەئۇننەھر رايونلىرىدىن رەشىدىي، ئەمىر ئەمئەق، نەجىبى پەرغانى، نەججار ساغىرچى، ئەلى بانىزى، پىسەر سەمەرقەندى دەرغۇش، پىسەر ئىسفىراينى، ئەلى سىپەھرى[1] ۋە سۇزان

---

[1] نىزامىي ئەرۇزى سەمەرقەندى: «چەھار ماقالە»، بارات رەجەپ تەرجىمىسى، مىللەتلەر نەشرىياتى 2007 - يىلى نەشرى، 89 - بەت.

سەمەرقەنتى (؟ — 1173) قاتارلىق شائىرلار يېتىشىپ چىققان.

رىۋايەتلەردە رابىيە كاشغەرىي دېگەن شائىرەنىڭ ئۆتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ[1].

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قاغانلىرىدىن سۇتۇق بۇغراخان (تەخمىنەن مىلادىيە 888 — 956 - يىللاردا ياشىغان) مۇ قەلەمكەشلەردىن ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىرقانچە پارچە تەزكىرە خاراكتېرىدىكى تارىخىي كىتابلارنى يېزىپ چىققان[2].

بۇغراخان ھەسەن يەنى ھارۇن سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ئەدەبىياتخۇمار كىشى ئىدى. موللا ھاجى «تەزكىرەئى بۇغراخان» دا ئۇنىڭ ئېيتقان بىرمۇنچە نەزملىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ نەزملەر ئۇيغۇرچە ۋە پارسچە ئىككى تىلدا ئېيتىلغان.

ئەلى ئارسلانخان، بۇ كىشىمۇ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن يەنى خانلىقنىڭ ھەربىي قوماندانلىرىدىن ئىدى. ئۇ شېئىر ئوقۇشقا ماھىر بولۇپ، «تەزكىرەئى بۇغراخان» دا شېئىرلىرىدىن ئۆرنەكلەر بېرىلگەن.

يۇسۇپ قادىرخان (مىلادىيە 1024 - يىلىدىن 1032 - يىلىغىچە خانلىق سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان)، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئۇلۇغ خانلىرىدىن يەنى ھەسەن (بۇغراخان)نىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ ئۇرۇش مەيدانلىرىغا نەزم ئوقۇپ كىرگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. يۇسۇپ قادىرخاننىڭ بىرقانچە مىسرا شېئىرى «تەزكىرەئى بۇغراخان» غا كىرگۈزۈلگەن.

12 - ئەسىردە نىزامىي ئەرۇزى سەمەرقەنتى ئۆزىنىڭ يازغان «مەجمەئۇننەۋادىر» («نادىر ھېكايىلەر») ناملىق ئەسىرىدە سامانىيلار ۋە قاراخانىيلار خانلىقلىرى دەۋرىدە ئىلىم - مەرىپەتكە

---

[1] غەيرەتجان ئوسمان تەييارلىغان: «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى»، 3 - قىسىم، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1998 - يىلى نەشرى.

[2] ئابدۇرەھىم سابىت: «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئىسلام دىنى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989 - يىلى 2 - سان، سۇتۇق بۇغراخان مىلادىيە 930 — 956 - يىللىرى سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان.

www.uyghurkitap.com

هامىيلىق قىلغان سامانىي پادىشاھى ئەمىر ئىسمائىل سامانىي، غەربىي قاراخانىيلار قاغانى خەزەر بىننى ئىبراھىم قاتارلىق بىرمۇنچە ھۆكۈمدارلارنى ۋە ئۇلار ئۆز ئەتراپىغا توپلىغان يۈزلىگەن پەيلاسوپ، ئاسترونوم، يازغۇچى، شائىرلارنى ۋە تېبابەت ئاتاساغۇنلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ.

بۇ توغرۇلۇق مۇنداق بىر مىسالنى سۆزلەپ ئۆتىمىز. غەربىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى خەزەر بىننى ئىبراھىم (1097 - يىلىدىن 1081 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) سەمەرقەنتتىكى ئوردىسىدا ھەر دائىم شائىرلارنىڭ شېئىر مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈپ، تالانتلىق شائىرلارنى مۇكاپاتلاپ تۇرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شېئىر مۇسابىقىسىدە خەزەر بىننى ئىبراھىم بىر شائىردىن: «سەن ئابدۇسەئىد رەشىدىنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە قانداق پىكىردىسەن» دەپ سوراپتۇ. ئۇ شائىر: «رەشىدىنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى ياخشى ۋە راۋان يېزىلغان، ئەمما سەل تۇزى كەمرەك» دەپ جاۋاب بەرگەن.

قاغان شائىرلارنى بەس - مۇنازىرىگە سېلىپ قويماق بولۇپ، يەنە باشقا بىر شائىردىن: «رەشىدىنىڭ شېئىرلىرى قانداق» دەپ سورىغان. ئۇ شائىر: «ياخشى، ئەمما تۇزسىز» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇ چاغدا قاغان شائىر رەشىدكە: «سەنمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن بىر - ئىككى بېيىت ئېيتقىن» دېگەن. شائىر رەشىد مۇنداق شېئىر ئوقۇغان:

مېنىڭ شېئىرلىرىمنى تۇزى يوقلۇقىدا ئەيىبكە بۇيرۇدۇڭ، راستتۇر، بىگۇمان،

شېئىرلىرىم شېكەر، ھەسەلگە ئوخشايدۇ، ھەسەل بىلەن شېكەردە تۇز بولسا يامان!

سېنىڭ چامغۇرۇڭ، ئوت - چۆپۈڭ ئوخشاش. دېمەك، سەن ئۇچۇن كېرەك تۇز، ئەي نادان.

شېئىر قاغانغا ياققان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر بىرىگە 250 دىنار قويۇلغان تۆت پەتنۇستىكى 1000 دىنار (تىللا)نى شائىر

رەشىدكە بېرىشكە بۇيرۇغان. شائىر رەشىد ئۇقۇغان شېئىرىدا قاغاننى ماختىغان ئەمەس، پەقەت قاغان شائىرنىڭ تالانتىغا قايىل بولۇپ ئۇنى تارتۇقلىغان.

بىز بۇ تارىخىي مەلۇماتتىن مۇنداق ئىككى مەسىلىنى بىلىۋالالايمىز. بىرى، قاراخانىيلارنىڭ قاغانلىرى ۋە خانلىق ئوردا ئەدەبىيات ئەھلىگە ئېتىبار بىلەن قارىغان؛ ئىككىنچى، شۇ دەۋردە رەشىد دېگەن داڭلىق شائىر ئۆتكەن.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىلمىي خادىملار ئۇيغۇر تىلىنى ئىجادىيەت قورالى قىلىشتىن باشقا، ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ قوللانغان. فارابى ئەرەبچە، پارسچە تىلنى ئىشلەتكەندىن باشقا، مەھمۇد كاشغەرىيمۇ ئەرەبچە ئەسەر يازغان. جەۋھەرىي (ئىسمائىل ئىبن ھىمادىل فارابى) تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن يېتىشىپ چىققان تىلشۇناس بولۇپ، «سىھاھ» (تاجۇللۇغە ۋە سىھاھۇلئەرەبىيە تىللارنىڭ تاجى ۋە ئەرەب تىلىدىكى گۈزەللىك) دېگەن كىتابنى ئەرەبچە يېزىپ چىققان.

ئەبۇ ناسىر ئىبن مۇھەممەد ئەسسائالبىنى (961 ـ 1038) نىڭ «يەتىمە تەددەھرفى مەھاسىن ئەھلىل ئەسىر» (ئەسىرىمىز ئەھلىنىڭ پازىللىرى ھەققىدە يېگانە دۇردانىلەر) ناملىق ئەسىرىدە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدىن چىققان 124 نەپەر شائىر ۋە يازغۇچى، تەزكىرىچىلەرنىڭ ئەرەب تىلىدا ئەسەر يازغانلىقى ئېيتىلغان ھەمدە ئۇلاردىن مىساللار كەلتۈرۈلگەن.

قاراخانىيلار خانلىقى ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدا بارلىققا كەلگەن بىر يەرلىك ھاكىمىيەت بولۇپ، ئۇ غەربىي رايون مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشى، ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىپ ھەسسىسىنى قوشقان.

## 2. ھەسەن بۇغراخان

ھەسەن بۇغراخان (مىلادىيە 991 ـ 993 ـ يىللىرى خاقان

بولغان) هارۇن بۇغراخان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قاراخانىيلار خانلىرىدىن موللا هاجى يازغان «تەزكىرەئى بۇغراخان» (1829 ــ 1830) ناملىق كىتابتا هەسەن بۇغراخاننىڭ شېئىرلىرىدىن مىساللار كەلتۈرگەن:

غېمىمنىڭ توپانلىرى هەر نەپەستە،
شىددەتلىك مەۋج ئۇرىدۇ، دولقۇنلايدۇ.
لېۋىمنىڭ هەر قېتىمقى تەۋرىشىدىن،
هاتىمىم سادالىرى ئاڭلىنىدۇ.

يۈز بەرگەن مەندىكى بۇ هالەتلەرنى،
ئېهتىمال خالايىقلار بىلمىگەندۇ.
يۈرىكىم هاياجاندىن يالقۇنلىنىپ،
××× دىدارىغا تەلپۈنىدۇ.

هەسەن بۇغراخان پارس تىلى بىلەنمۇ شېئىر ئوقۇغان. ئۇنىڭ بىر پارچە رۇبائىيسى مۇنداق:

دەردۇ غەم ئابادجاهان بى يار بۇدەن مۇشكۇلەست،
غەم زەهىد بى گۇزەشت بى غەمغار بۇدەن مۇشكۇلەست.
رەپتە ئانە دىلدار دىلخۇن كۇشتەئى باخۇد مىران،
ئى ئەزىزان بىدىل دىلدار بۇدەن مۇشكۇلەست.

[مۇشكۇلەست ــ جاهاننى ئاۋات قىلىشتا يارسىز، مەدەتسىزلىك ناهايىتى مۇشكۇل. ئۆتمۈشنىڭ غەملىرىنى ئەسلەشمۇ مۇشكۇل. كۆڭۈلدىكى يار بولمىسا، يۈرەك خۇن بولۇپ، كىشى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇسى كېلىدۇ. هەي بىدىل ئەزىزى! كۆڭۈلدىكى يارنىڭ بولۇشى مۇشكۇلدۇر. ]



www.uyghurkitap.com

# 3. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇبىلىك»

## يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى

«قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا داڭلىق مەشھۇر ئەسەر، بىراق ئۇنىڭ مۇئەللىپى ھەققىدە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بىلىدىغانلىرى ئىنتايىن چەكلىك. تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇ ھەقتە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. بىز مۇئەللىپنىڭ ھاياتىغا ئائىت ئەھۋاللارنى ئاساسلىقى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۆزىدىكى مەنبەلەردىن، شۇنداقلا بۇ كىتابنىڭ ئالدىغا قوشۇمچە قىلىنغان ئىككى پارچە مۇقەددىمىدىن ئاز - تولا بىلەلەيمىز.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇئەللىپى كىم دېگەن مەسىلىدە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن بۇ ھەقتىكى جاۋابنى تاپالايمىز. ئەسەرنىڭ 6626 -، 6627 - بېيىتلىرىدا مۇنداق مىسرالار بار:

> سۆزۈگ كىم تۈكەتۈر نەچە سۆزلەسە،
> ئاقا تىنماز ئەرتەر بۆلاقلار ئارا.
> [قانچىلىك سۆزلىسىمۇ، كىم سۆزىنى تۈگىتەلەيدۇ؟
> (چۈنكى) سۆز بۇلاقتەك ئېقىپ تۇرىدۇ، ]
> ئاي يۇسۇف كەرەك سۆزنى سۆزلە كۆنى،
> كەرەكسىز سۆزۈگ كىزلە قىلغا قورا.
> [ئەي يۈسۈپ، كېرەكلىك سۆزنى توغرا سۆزلە،
> كېرەكسىز سۆزلەرنى يوشۇرغىن، زىيان قىلىدۇ. ]

دېمەك، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قاچان دۇنياغا كەلگەنلىكى ۋە قانچىلىك ئۆمۈر كۆرۈپ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. ئەمما، داستاننى ئاپتور 50 ياشتىن ھالقىغاندا يازغانلىقى ۋە 18 ئاي يېزىپ، ھىجرىيە 462 - يىلى (مىلادىيە 1070 - يىلى)

تاماملىغانلىقى ھەققىدىكى شېئىري مىسرالاردىن يۈسۈپ خاس ھاجىپىنىڭ ھىجرىيە 412 - يىلى (مىلادىيە 1018 — 1019 - يىللىرى) دۇنياغا كەلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. 365 -، 366 - بېيىتلىرىدا مۇنداق يېزىلغان:

تەگۈردى ماڭا ئەلگىن ئەلىگ ياشىم،
قۇغۇ قىلدى قۇزغۇن تۈسى تەگ باشىم.
[ماڭا ئەللىك يېشىم قولىنى تەگكۈزدى،
قۇزغۇن تۈسىدەك (قارا) بېشىمنى ئاق قۇدەك قىلدى. ]
ئۇقىر ئەمدى ئالتمىش ماڭار كەل تەيۇ،
يۇسۇغ بولماسا باردىم ئەمدى نارۇ.
[ئاتمىش (ياش) ئەمدى مېنى «كەل» دەپ چاقىرىۋاتىدۇ،
(ئەجەل) يېتىرمىسىغا يولۇقمىسام، ئەمدى ئۇياققىمۇ بارىمەن.]

مۇئەللىپىنىڭ ياشىغان ماكانى ۋە كىتابنى كاشغەردە تاماملاپ، شەرقنىڭ پادىشاھى تاۋغاچ بۇغراخان ھەسەن ئىبن سۇلايمانغا تەقدىم قىلغانلىقى، بۇغراخان ئۇنى ئەتىۋارلاپ خاس ھاجىپلىق ئۇنۋانىنى بەرگەنلىكى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نەسرىي ۋە نەزمىي مۇقەددىمىلىرىدە ئوخشاش مەزمۇندا پۈتۈلگەن. بۇ نەزمىلىك مۇقەددىمە 57 — 62 - بېيىتلاردا مۇنداق بايان قىلىنغان:

بۇ تەڭى تۆرۈغلاغ قۇز ئوردۇ ئەلى،
تۈپ ئەسلى نەسەبدىن يورىمىش تىلى.
[ئۇنىڭ ياشىغان ماكانى قۇز ئوردۇ ئېلى،
(ئۇنىڭ) تەكتى ياخشى نەسەبتىن، سۆزگىمۇ ماھىر (ئىدى).]
بي توغمىش ئەلىندىن چىقىپ بارغانى،
كىتابنى قوشۇپان تۈكەل قىلغانى.
[ئۇ تۇغۇلغان ئېلىدىن چىقىپ كېتىپ،
بۇ كىتابنى تۈزۈپ تۈگەللىدى.]



www.uygurkitap.com

باروسىن بىتىمىش يەتۇرمىش نىزام،
بۇ كاشغەر ئەلىندە قوشۇلمىش تامام.
[ھەممىسىنى يېزىپ تۈگىتىپ، تەرتىپكە سېلىپ،
قەشقەر ئېلىدە تاماملىدى. ]
مەلىكىنىڭ ئۆھىنىدە ئوقمىش مۇنى،
بۇ تاۋغاچ قارا بۇغرا خانلار خانى.
[ئۇنى شاھىنىڭ ئالدىدا ئوقۇپ بەردى،
خانلار خانى تاۋغاچ قارا بۇغراخان. ]
ئاغىرلامىش ئارتۇق ئوقۇش خىلئەتى،
قەلەمىنىڭ ھەقى تەپ ئۇقۇش ھۆرمەتى.
[ئۇنى كۆپ قەدىرلەپ، مۇكاپات بېرىپ،
قەلەم ھەققى ۋە ئەقىل - پاراسىتى (ئۇچۇن) ھۆرمەتلىدى. ]
بۇ مەنى ئۇچۇن كۈر ئاغىرلار ئانى،
يۇسۇف خاس ھاجىب تەپ ئايۇرلار كۆنى.
[ئۇنىڭغا خاس ھاجىپ نامىنى تەقدىم قىلىپ،
ئۇنى ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. ]

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قاچان ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، ئەمما ئۇنىڭ ئەبۇئەل ھەسەن بۇغراخان دەۋرىدىكى تىنچ - ئاسايىشلىق مۇھىتتا خانلىق ھۇزۇرىدا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى، جۇملىدىن ئۇنىڭ خاس ھاجىپلىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى كۆرسىتىپ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى مەئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن. مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇر شائىرى ئىمىر ھۇسەيىن سەبۇرى «بەھرىلنەسەب» ناملىق بىر كىتابنى يېزىشنى باشلاپ، ۋاپات بولۇش ئالدىدا يەنە بەزى مۇھىم ماتېرىياللارنىڭ چوقۇم مۇشۇ كىتابقا كىرگۈزۈلۈشى لازىملىقىنى ھېس قىلىپ، شاگىرتى سوپى ئاللايارغا «بەھرىلنەسەب» نىڭ ئاخىرىغا يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن يىلى ۋە ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئورنى ھەققىدىكى ماتېرىيالنى يېزىپ قالدۇرۇشنى

تاپىلمىغان. ئەگەر بۇ كىتابتىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانساق، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەن ۋاقتى 1085 — 1086 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا يۈسۈپ خاس ھاجىپ 66 — 67 يىل ياشاپ، كاشغەردە ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە قىزىل دەريا بويىدىكى بارگاھلىق يېزىسىغا (كېيىنچە پايناپ دەپ ئاتالغان) دەپنە قىلىنىغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئوقۇش تارىخى بىزگە مەلۇم ئەمەس. شۇنداقتىمۇ بىز «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مول مەزمۇنلۇق سەھىپىلىرىدىن ئالىمنىڭ پەلسەپە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك، تىلشۇناسلىق، لوگىكا، شېئىرىيەت ئىلمى، دراماتورگىيە، ئەخلاقشۇناسلىق، ئېستېتىكا، قانۇنشۇناسلىق، ئىقتىساد ئىلمى، سىياسىي باشقۇرۇش سەنئىتى، دىپلوماتىيە، ھەربىي ئىلىم، مائارىپ، دىنشۇناسلىق، فولكلور ۋە تارىخ قاتارلىق پەنلەردىن خەۋەردار بىلىم ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، ماھىر تىل ئۇستىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ باي ۋە كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت ئاساسىنى، شۇنىڭدەك كۆپ تەرەپلىمىلىك بىلىم قۇرۇلمىسىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

## «قۇتادغۇبىلىك»

### 1

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇرى ۋە دانىشمەن شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان ئۆلمەس ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك»[1] داستانى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەت قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى يازما ئەدەبىياتىدىن ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن تۇنجى بەدىئىي ئەسەر. 11 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي

---

[1] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئەھمەد زىيائى، مەمتىمىن يۈسۈپ قاتارلىقلار تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 - يىلى نەشرى، بېيجىڭ.

تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى ھەم قاراخانىيلار دەۋرى ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيەسىنىڭ روشەن ئىنكاسى ۋە ئىپادىسىدۇر. بۇ داستان پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تارىخىدىمۇ زور قىممەتكە ئىگە.

بۇ داستان كاشغەردە يېزىلىپ تاماملانغان بولۇپ، مۇئەللىپىنىڭ ئېيتىشىچە، ھىجرىيەنىڭ 462 - يىلى 18 ئايدا تاماملانغان. شۇنىڭغا قارىغاندا داستاننىڭ يېزىلغان ۋاقتى مىلادىيە 1069 — 1070 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. داستاننىڭ ئەسلىي قول يازمىسى تېخى تېپىلغىنى يوق. ھازىر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغىنى ئۇز زامانىسىدىن خېلى كېيىن كۆچۈرۈلگەن ۋېنا، قاھىرە، پەرغانە (نەمەنگان) نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت. بۇ نۇسخىلار 1820 - يىلىدىن 1914 - يىلىغىچە بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئارقا - ئارقىدىن تېپىلدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىنى خۇددى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەزمىلىك مۇقەددىمىسىدە سۆزلىگەندەك، «بۇغراخان دەۋرىدىكى خاقانىيە تىلى» بىلەن يېزىپ، ئەينى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ نەپىس، ئەڭ ئاھاڭدار شېئىرىي ئۆلگىسىنى ياراتقان. بۇ ھەقتە داستاننىڭ نەزمىلىك مۇقەددىمىسىنىڭ 23 -، 73 - بېيىتلىرىدا مۇنداق دېيىلگەن:

بۇ بۇغرا خان ۋەقتى ئىچرە ئانى،
يەمە خان تىلىنچە بۇ ئايمىش مۇنى.
[(مۇئەللىپ) ئۇنى بۇغراخان زامانىدا،
ۋە خان تىلى بىلەن بايان قىلغاندۇر. ]
ئەرەبچە تەژىكچە كىتابلار ئۈكۈش،
بىزىڭ تىلىمىزچە بۇ يۇمغى ئۇقۇش.
[ئەرەبچە، تاجىكچە كىتابلار كۆپ،
بىزنىڭ تىلىمىزدا بۇ بېگانە ھېكمەتتۇر. ]

بۇ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مۇشۇ داستانىدا ئىشلىتىلگەن تىل بۇغراخان تىلى ـ خاقانىيە تىلى ئىكەنلىكى ۋە بۇ تىلنى مۇئەللىپ ئەرەب، تاجىك تىللىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ «بىزنىڭ تىلىمىز» دەپ تەكىتلىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان، ھەجىم جەھەتتىن چوڭ، ژانىر ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئۆز دەۋرى ئۈچۈن تامامەن يېڭى بىر بەدىئىي ئەسەر بولۇش بىلەن بىللە شۇ زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭمۇ مۇجەسسەم قامۇسىدۇر. داستان جەمئىي 85 باب، 6645 بېيىت، 13 مىڭ 290 مىسرادىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، داستانىنىڭ بېيىت شەكلى ئايرىم تۆتلۈكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەسنەۋى (ئىككىلىك) شەكلىدە، ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىدە يېزىلغان بولۇپ، 3800 — 3801 - بېيىتلاردىكى تۆتلۈك بىلەن ئاخىرىدا ئىلاۋە قىلىنغان ئۈچ لىرىكىنىڭ ئىككىسى مۇتەقارىپ مۇسەممەنى سالىم ۋەزنىدە، قالغان بېيىتلارنىڭ ھەممىسى مۇتەقارىپ مۇسەممەنى مەھزۇپ ياكى مەقسۇر ۋەزنىدە يېزىلغان.

داستان قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇنى جەھەتتىن ھەممىدىن بۇرۇن بىر ئەدەبىي ئەسەر ۋە ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ تىپىك نەمۇنىسىدۇر. ئۇنىڭدا لىرىكا ئامىللىرى بىلەن ئېپىك بايان، دىراملىق ئېپىزوتلار بىلەن تەبىئەت تەسۋىرى، ئوبرازلىق تەسۋىر بىلەن شەخس خاراكتېرى، پەلسەپىلىك تەپەككۇر بىلەن مەجاز (مېتافورا) ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلغان. داستان ئەينى زامان ئىجتىمائىي رېئاللىقى بىلەن زىچ باغلانغان، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن رېئاللىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ئەدەبىي ئەسەردۇر. مۇئەللىپ ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى قۇرۇق پەند - نەسىھەتكە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن تۆت پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىپ، كونكرېت ۋەقە ئېپىزوتلىرى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن ئىدىيەسىنى تۆت پېرسوناژ يەنى

ئادالەت سىمۋولى كۈنتۇغدى ئەلىگ (ھۆكۈمدار)، بەخت ـ سائادەت سىمۋولى ئايتولدى (ۋەزىر)، ئەقىل ـ پاراسەت سىمۋولى ئۆگدۈلمىش (ۋەزىرنىڭ ئوغلى)، قانائەت سىمۋولى ئودغۇرمىش (زاھىت) ئارىسىدىكى دىراملىق سۆھبەتكە سىڭدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى قانۇن، بىلىم ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەت بىلەن ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى بىر قاتار غايىۋى قاراشلىرىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇ دەۋرىدىكى رېئاللىققا قارىتا ئۆزى ياراتقان غايىۋى پېرسوناژلار ئاغزىدىن ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈش، بىلىم، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئەخلاقنى ئىززەتلەش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئىجتىمائىي غايىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئەدەبىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن بىللە ھەم تارىخ، ھەم پەلسەپە، «سىياسەتنامە» ياكى دۆلەتشۇناسلىق، ئىجتىمائىي تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئۇزاق ئۆتمۈش ھايات بىلەن قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى رېئال ھاياتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن سىستېمىلىق بىر ئىلمىي ئەسەر.

## 2

مەيلى ئىدىيەۋى مەزمۇن ياكى بەدىئىي شەكىلدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «قۇتادغۇبىلىك» ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تىپىك نەمۇنىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭ ھالىتى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن ياكى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭ قارىشى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ھاسىل قىلغان.

«قۇتادغۇبىلىك» مۇقەررەرلىك جەھەتتىن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ گۈللەنگەن بىر تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، تاسادىپىيلىق جەھەتتە داستان مەيدانغا كېلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى مەزكۇر

خانلىق تەۋەسىدە يۈز بەرگەن مەلۇم بىر مەرگىللىك دەۋر داۋالغۇشى ۋە چېكىنىشىنىڭ مەھسۇلى. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن بىرلىكتە قۇرۇلۇشى شىمالىي يايلاق ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ شىنجاڭغا يېيىلىپ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇقىملىشىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي گەۋدىسىنى مۇستەھكەملەش، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە يۈكسىلىشىنىڭ روشەن ئالامىتى بولۇپ قالدى. شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى غەربىي يۇرتقا يۆتكەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردىكى بەزى ئۇيغۇرلار تۈركىي تىللىق قوۋملار ۋە باشقا يەرلىك قوۋملار بىلەن ئۆزئارا ئارىلىشىپ، بىرلىكتە ياشاپ، ئورتاق مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ، ئۇزاق ئۆتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت»[1] بولىدىغان سەۋىيەگە يەتكۈزۈپ، ئالتاي ۋە ئورخۇن ۋادىلىرىدىكى تۈركىي - موڭغۇل خانلىقلىرىنىڭ، 12 - ئەسىردىكى نايمانلارنىڭ ۋە 13 - ئەسىردىكى چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ «مەدەنىيەت ئۇستازلىرى»[2] بولۇپ قالغان.

ئوتتۇرا ئەسىردە «كىلاسسىك مەدەنىيەت» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئىلمىي خادىملار مۇنداق بايان قىلىشىدۇ: (1) يېزىق قوللىنىش ۋە تارقىتىش؛ (2) ئەدەبىي تىلنى غەربكە تارقىتىش؛ (3) مەتبەئەچىلىكنى غەربكە تارقىتىش؛ (4) ياراتقان تارىخىي مەدەنىي ھۆججەتلەرنىڭ مول‌لۇقى؛ (5) دىنىي مەدەنىيەتنى تارقىتىش[3].

بۇنى تېخىمۇ كەڭرەك بايان قىلغاندا، مۇنۇ نۇقتىلار بىلەن

---

[1] جۇ جىڭباۋ: «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قىلىش تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە»، 89 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 - يىلى نەشرى.

[2] گرېئۇست (فىرانسىيە): «يايلاق ئىمپېرىيەلىرى»، 147 - بەت، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى، شىنىڭ، 1991 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[3] لى يۇڭ: «ئۇيغۇرلار تارىختا شانۇشەۋكەت ياراتقان مەرىپەت ئۇستازلىرى»، «ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېت ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1998 - يىلى 1 -، 2 - بىرلەشمە سان، خەنزۇچە، ئۈرۈمچى.

ئېنىقراق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ:
1) شۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشى يۈكسەلگەن؛
2) ئۇيغۇرلار شەھەرلىشىش باسقۇچىغا كۆنۈپ بولغان؛
3) ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى مەخسۇسلاشقان، سودا ئىشلىرى كەسىپلەشكەن؛
4) تېبابەتچىلىك تەرەققىي قىلغان؛
5) پەن - تېخنىكىدا ئەينى ۋاقىتتا مۇئەييەن سەۋىيەگە يەتكەن؛
6) ئۇيغۇرلاردا ئاڭ، بولۇپمۇ بىرلىككە كەلگەن مىللىي ئاڭ يۈكسەلگەن؛
7) ئۇيغۇرلاردا ئەخلاق قارىشى، كىشىلىك قاراش ۋە دۇنيا - قاراشلىرى، ھەر خىل چۈشەنچىلەرنى ئاساس قىلغان پەلسەپە ئەندىزىسى شەكىللىنىشكە باشلىغان؛
8) ئۇيغۇرلار مول يازما ئەدەبىيات دەۋرىگە قەدەم قويغان.

دېمەك، بۇ خىل ئەۋزەللىك كىگانت ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە يەنە بىر ئاساس بولغان.

ئومۇمەن، شائىر يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك» تە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مۇقىم گۈللەنگەن تارىخىي مۇھىتىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيەسى، ئىقتىسادى، سىياسىتى، ھوقۇقى، ئەخلاقى، مائارىپ ۋە ئېستېتىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىجتىمائىي كۆز قاراشلىرى بىلەن ئېتنىك ئوبرازىنى مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆز ئەسىرىنى ئۆز زامانىسىنىڭ بىر «جاھاننامە»سى سۈپىتىدە تونۇتقۇزغان[1].

مەلۇمكى، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، گۈللىنىشى ۋە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەيدانغا كېلىشى بىر تارىخىي مۇقەررەرلىك.

---

[1] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ ئىلمىي قىممىتى توغرىسىدا»، «تارىخىي مىراس ‹قۇتادغۇبىلىك› ھەققىدە بايان»، 71 - بەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1986 - يىلى نەشرى.

چۈنكى، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇقەررەرلىك ئۆركەشلەپ ئاققان سۇدەك ئالغا قاراپ مەۋج ئۇرىدۇ، ئۇنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ. مۇقەررەر نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھامىنى ئەمەلگە ئاشىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇلۇغ شائىر بولۇپ يېتىلىشى ۋە ئۇنىڭ باي مەدەنىيەت مۇھىتىدىن ئوزۇقلىنىپ، «قۇتادغۇبىلىك» تەك گىگانت ئەسەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ گۈللەنگەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي مۇقەررەرلىكنىڭ نەتىجىسى. مۇقەررەرلىك تاسادىپىيلىقنىڭ ئىچىدە بولىدۇ، تاسادىپىيلىق مۇقەررەرلىكنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، مۇقەررەرلىكنى تاسادىپىيلىقتىن ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. يۈسۈپ قىرانلىق چاغلىرىغا قەدەم قويۇپ، جەمئىيەتتىكى چوڭ ھەق، چوڭ ناھەققە دىققەت قىلىۋاتقان، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، ئەقىل ـ پاراسەتتە تازا تولۇۋاتقان مەزگىلدە قۇدرەتلىك قاراخانىيلار خانلىقىدا دەۋرنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا مۇناسىپ بولمىغان، كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان ۋەقە ۋە ھادىسىلەرمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىغان. مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەتنىڭ ئەۋزەللىكلىرى بىلەن ئۇنىڭ پارچىلىنىش خەۋپى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئىپادىلىگۈچى تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشى بىر تاسادىپىيلىق بولۇپ قالغان. ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى غوۋغالار مۇشۇنداق تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىل سۈپىتىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان. 1032 ـ يىلى ماۋارەئۇننەھردە تۇرۇشلۇق غەرب ۋالىيسى ئىبلى تېگىننىڭ ئۆزىنى خاقان دەپ ئېلان قىلىشى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقى شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسمىغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. غەرب خاقانى ئىبلى تېگىن 1034 ـ يىلى ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى چىققان ۋە غەرب قىسمىدا قايتا ـ قايتا خاقان ئالماشقان. شەرقىي قىسمىدا بولسا يۈسۈپ قادىرخان (1024 — 1032 ـ يىللىرى خاقان بولغان) دىن كېيىن تا 1074/5 ـ يىلىغىچە كۆپ قېتىم خاقان ئالماشقان، جەمئىيەت

خىلىلا قاتتىق داۋالغۇش ئىچىدە قالغان، كىشىلەر بىر مەزگىل روھىي جەھەتتىكى ئىشەنچ ۋە يۆلەنچۈكتىن مەھرۇم قالغان، خانلىق تەرتىپ ۋە قانۇن ئىزىدىن چەتنىگەن، ئىدراكنىڭ ئورنىنى ئەسەبىيلىك، قانۇننىڭ ئورنىنى قارامىلىق باسقان، شائىر يۈسۈپنىڭ قارىشى بويىچە «دۇنيا ۋاپاسىزلىق بىلەن تولغان»، «كىچىكلەردە ئەدەپ يوق، ئۇلۇغلاردا بىلىم يوق»، «قوپال، نادانلار كۆپىيىپ، ئەدەپلىكلەر ئازايغان»، «نامرات، تۇل - يېتىملەرگە شەپقەت قىلغۇچى يوق، جاھان ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتسىمۇ ئۇنىڭغا ئەجەبلەنگۈچى چىقمايۋاتقان» ئەھۋال ئومۇمىي تۈس ئالغان.

تاسادىپىي پۇرسەتنى تۇتۇۋېلىشقا ماھىر بولۇش ئالىملارنىڭ كەشىپ قىلىش، ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ شانۇشەۋكەتلىك بۇ سۆيۈملۈك ئېلىدە تۇيۇقسىز چاقلان چاقماقتەك يۈز بېرىۋاتقان تاسادىپىي ئەھۋاللار يەنى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى كۆرۈپ قەلبى بىئارام بولغان، خەلقنىڭ تەقدىرى، خانلىقنىڭ ئاقىۋىتىدىن غەم يەپ، چەكسىز ئازاب ئىچىدە پۇچىلانغان. «ۋاپا قەھەتچىلىكى بولۇپ، دۇنيا جاپا بىلەن تولدى» (6568 - بېيىت).

ئىنسانپەرۋەر شائىر ئەل - يۇرتقا چەكسىز مەسئۇلىيەتچان ھېسسىياتى بىلەن جەمئىيەتنى تۈزەش، ئىسلاھ قىلىش، باياشات، گۈزەل، ئىناق بىر غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇش ئىستىكىدە كۆپ ئويلىنىپ، قايتا - قايتا مۇلاھىزە قىلىپ، پادىشاھتىن تارتىپ پۇقرالارغىچە ماس كېلىدىغان، ھەم رېئاللىققا ئۇيغۇن، ھەم باي غايىۋى ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەنتىقىي تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇر ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن نادىر داستانى «قۇتادغۇبىلىك» نى يېزىپ، ئۇنى ئۆز يېنىدا بىرقانچە يىل ساقلاپ، شەرقىي قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنى تۇراقلاشتۇرغان، دىيانەتلىك خاقان تابغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبن سۇلايمان ئارسلان قاراخانغا تەقدىم قىلىپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى شەرەپ بىلەن ئورۇنلىغان.

www.uyghurkitap.com

## «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

### 1. داستاننىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

«قۇتادغۇبىلىك» ھەجىم جەھەتتىن چوڭ، ژانىر ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئۆز دەۋرى ئۈچۈن تامامەن يېڭى بىر بەدىئىي ئەسەر بولۇش بىلەن بىللە شۇ زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ مۇجەسسەمىدۇر. ئۇ قۇرۇلمىسى كەڭ، مەزمۇنى مول بولغان ئەدەبىي ئەسەر ۋە ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ تىپىك نەمۇنىسى. ئۇنىڭدا گۈزەل ئەخلاق، ئالىيجاناب پەزىلەت، يۈكسەك ئەقىل - پاراسەت، بەخت - سائادەت ۋە قانۇن، بىلىم، ئەخلاق بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى بىر قاتار غايىۋى مەسىلىلەر ۋە ئىدىيەۋى قاراشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەنە بىر قاتار ئىلغار ئىجتىمائىي تەشەببۇسلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۆز دەۋر رېئاللىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. تۈرلۈك يامان ئىللەتلەر يورەكلىك ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلانغان. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، داستان روشەن خەلقچىللىقى، مول تەربىيەۋىلىككە ئىگە، نەزەرىيەۋىلىكى كۈچلۈك بولغان ئەسەر.

«قۇتادغۇبىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كىشىلىك قاراش، ئىجتىمائىي پىكىر ۋە غايىۋى مەزمۇنلار ناھايىتى مول، بۇنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر تىپىك ۋە ئومۇمىي خاراكتېر ئالغانلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) ئەلنى باياشات، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش. بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈپ، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ جاي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم. ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ قارىشى بويىچە بولغاندا، ئىنسانلار تارىخنى يارىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يېيىشى، كىيىشى ۋە تۇرالغۇ جايغا ئىگە بولۇشلىرى كېرەك. شائىر يۈسۈپ داستانىدا ئىقتىسادنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، خان - بەگلەرنى ئىقتىسادنى ئەسلىگە

كەلتۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تولۇق ئەھمىيەت بېرىشكە، دېھقان، چارۋىچى، قول ھۈنەرۋەن قاتارلىق ئىشلەپچىقار - غۇچىلارنىڭ رولىغا سەل قارىماسلىقتا دەۋەت قىلغان ھەمدە جەمئىيەتكە بىۋاستە ماددىي بايلىق ياراتقۇچىلارنىڭ رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، «ھەربىر قىمىرلىغان (تىنارلىق، جان) بولاردىن مەنپەئەت ئالىدۇ»، «بۇ دۇنيانىڭ زىننىتى ئەنە شۇلار بىلەن بولىدۇ» دېگەن. شۇڭا، ھۆكۈمرانلار ئۇلارنىڭ ئەجرىنى قەدىرلىشى، ئۇلارنى خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاشتا تولۇق ئەھمىيەت بېرىش لازىم، دەپ ھېسابلىغان. شائىر پۇل - ئاقچىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، تەمەخورلۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مۇۋاپىق سودا - تىجارەت يوللىرىنى قوغداش، سودىگەرلەرنىڭ مۇھىم رولىنى تەكىتلەش، شۇنداقلا ئىقتىسادنى باشقۇرغۇچى خادىملار (خەزىنىچى......)نىڭ ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتماسلىق، ئادىل، بەگ - ئەمەلدارلارنىڭ تېجەشلىك بولۇشىنى تەكىتلىگەن. ئۇ ھەتتا بازار ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇش، مال باھاسىنى ئۇقۇش، سودا - تىجارەت يولىنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى، ئىلىگبەگ - ھۆكۈمراننىڭ ياراملىق كىشىلەرنى ئىگىلىك باشقۇرۇشقا قويۇش، تۆھپىسى بارلىرىنى مۇكاپاتلاش چارىسى قاتارلىقلارنى شەرھلىگەن.

2) ئىجتىمائىي تەرتىپنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن قانۇن - تۈزۈم ئورنىتىش. ئەلنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش. داستاندا ھۆكۈمران بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلەر ئېنىق ئايرىلغان. قانۇن دەل ئۇلارنى تۇتاشتۇرىدىغان ۋاستە. ئۇنى مېھرىبانلىق ۋە باراۋەرلىك ئاساسىدا يۈرگۈزۈش، قانۇننى تۈزۈشتە، ئىجرا قىلىشتا ئادىل بولۇش، خەلقنىڭ كاللىسىدا قانۇنغا نىسبەتەن ھۆرمەت ھېسسىياتى تۇرغۇزۇش، خانلىقنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش مەسىلىلىرىدە ئۆزىنىڭ «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر»

دېگەن ئىلغار قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇ خىل قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قانۇننى تۈۋرۈككە ئوخشاتقان.

3) ئىلىم - مەرىپەتنى تەكىتلەپ، بىلىملىكلەرنى كۆپەيتىش. شائىر يۈسۈپ ئۆز كىتابى «قۇتادغۇبىلىك» تە كۆپ سەھىپە ئىشلىتىپ، ئىلىم ۋە بىلىم، ئەردەم - پەزىلەت، قۇت - بەخت مەسىلىلىرى ھەققىدە سۆزلىگەن. شەخسلەرنىڭ ئەخلاقىي تەربىيەلىنىشى ۋە ئۆزىنى يېتىشتۈرۈش يولى توغرىسىدا گەپ قىلغان. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشتىكى مەقسىتى بۇ يەردە ئەمەس، بەلكى خانلىقنى ئىدارە قىلىش يولىدا ئىدى. ئۇ بىرەر خانلىقتا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قەدەر ھەممىلا ئادەم بىلىمنى قەدىرلىسە، بوگۇ - دانىشمەنلەرنى، ھۆكۈمالار، ئالىملارنى قەدىرلىسە، ئۇنداقتا بۇ خانلىقنىڭ كەيپىياتى كۈنسايىن يۈكسىلەتتى. بىر خانلىقنىڭ پادىشاھى ئەقىللىك، بىلىملىك، تەدبىرلىك ئادەم بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ پادىشاھ تالانتلىق، ئىدىتلىق ئادەملەرگە تەشنا بولغان، دانىشمەن - ئاقىللارنىلا ئىشقا قويغان بولاتتى. بۇ ھالدا خانلىق بېيىپ، خەلق كۈچىيەتتى. جەمئىيەت بەخت — سائادەت، ئاسايىشلىق نۇرى بىلەن يورۇتۇلاتتى. شائىر يۈسۈپ بەخت ھەققىدە گەپ قىلغاندا، ئۇنىڭ نەزەرىدە تۇتقىنى يالغۇز شەخسنىڭ بېيىشىدىكى بەخت - سائادەت ياكى بالايىئاپەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ جان - دىل بىلەن كۆيۈنگىنى خانلىقنىڭ ۋە خەلقنىڭ بەختى ئىدى[1].

4) ئەردەم - پەزىلەت، ئەخلاقنى ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇش. شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەخلاقنى مەركىزىي نۇقتىلارنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىپ، ئەخلاقنىڭ پادىشاھتىن قەلەندەرگىچە بولۇشىنى، ئەردەم - پەزىلەتنىڭ جەمئىيەت، خانلىق، قانۇن، بىلىم، ئائىلە، ئۆرپ - ئادەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا تەھلىل قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەربىر

---

[1] لاق يىلى: «قۇتادغۇبىلىك، ۋە شەرق - غەرب مەدەنىيىتى»، 141 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 - يىلى نەشرى.

ھالقىسى، ھەربىر ھۆجەيرىسىدە ئەخلاقنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى توغرا تونۇشنى تەكىتلەيدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشلىرىنىڭ يوللىرىنى ئىنچىكە ھالقىلىرىغىچە بايان قىلىپ بەرگەن.

5) بەخت ـ سائادەتلىك جەمئىيەت قۇرۇپ، ھەممە ئادەم ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتە ياشاشنى قولغا كەلتۈرۈش. شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۈيۈك بىلگە ـ دانىشمەن ۋە پەيلاسوپ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانلار ئىنتىلىدىغان ئىستەكلەرنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان قۇت ـ بەخت ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان. بۇ شائىر كۆڭۈل قويۇپ بېكىتكەن ئەسەر نامى «قۇتادغۇبىلىك» نى ئوق مەركىزى قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. مەلۇمكى، ئۇنىڭ مەنىسى «بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم» دېگەنلىك بولاتتى. دېمەك، شائىر «بەخت بىلىمدىن كېلىدۇ» دېگەن بۇ ھېكمەتنى ئۆز ئەسىرىگە نام قىلىپ قويغان، شۇنداقلا داستانىنىڭ كۆپ سەھىپىلىرىدە قۇت ـ بەخت ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتكەن.

ئىنسانلارنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى بەخت ـ سائادەت ئىچىدە ياشاش. بۇ خەلقچىل شائىر يۈسۈپنىڭ توپ ئۈمىد ـ ئارزۇسى ئىدى. بۇ ئارزۇ قانداق شارائىتتا ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ شائىر تەسەۋۋۇر قىلغان غايىۋى دۆلەتتە «ئادىل خاقانلىق» تا رېئاللىققا ئايلاندى، ئەلۋەتتە. شائىر يۈسۈپ ھاياتبەخش مەملىكەت ـ تولغۇن سائادەت، يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەت ۋە سەۋر ـ قانائەت ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ. شائىر يۈسۈپ تەسەۋۋۇر قىلغان ئادىل پادىشاھلىق مۇشۇ تۆت خىل خىسلەت چېچەك ئېچىپ مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان، خانلىق بىلەن خەلق، بەگ بىلەن پۇقرا، ئەقىل بىلەن بىلىم، ئەردەم ـ ئەخلاق بىلەن تۇرمۇش، سىياسەت بىلەن قانۇن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بىر خىل ئادالەتلىك غايىۋى جەمئىيەتتۇر. ئومۇمەن، شائىر «تىنچ ۋە گۈللەنگەن» غايىۋى مەملىكەت ـ ئادىل خاقانلىقنى ئوبرازلىق بەدىئىي تىل ئارقىلىق تەسۋىرلىگەندە، «قوزا بىلەن بۆرىنىڭ ھەمراھ بولۇپ ئۆتكەن»

لىكى ياكى «قوزا بىلەن بۆرە بىر جاي (كۆل) دا سۇ ئىچكەن» لىكىنى تەسۋىر ئارقىلىق سۈرەتلىگەن.

دېمەك، يېتۈك شائىر يۈسۈپ بۇ داستاندا ۋايىغا يەتكەن بەدىئىي ماھارىتى بىلەن بىر تەرەپتىن رېئال جەمئىيەتنى ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرۈشكە كۈچ چىقارغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يۈكسەك دانالىقى بىلەن جەمئىيەت (خاقانلىق)نى ئىسلاھ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يىراقنى كۆرەرلىكى ئارقىلىق يېگىنچە بىر ئادىل خاقانلىق ـ غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇش تەسەۋۋۇرى (ئەندىزىسى)نى ئوبرازلىق يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن.

2. «قۇتادغۇبىلىك» يېزىلغان يېزىق

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋېنا نۇسخىسى (1439 - يىلى كۆچۈرۈلگەن) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا، قاھىرە نۇسخىسى خاقانىيە يېزىقى (ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى) دا، پەرغانە نۇسخىسى خاقانىيە يېزىقىدا يېزىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسلىي ئەسەرنى قايسى يېزىقتا يازغان دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، ئۇ ھەر ئىككى خىل يېزىقنى بىلگەن ۋە داستاننى ئىككى خىل يېزىقتا يازغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ زامانىمىزغا ئىككى خىل يېزىقتىكى نۇسخىسىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى، كېيىن كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ شائىرنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىپ ئەينەن كۆچۈرۈپ قويغانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەرسە كېرەك.

3. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ دۇنياۋى قىممىتى

«قۇتادغۇبىلىك» ئىدىيەۋى مەزمۇن، بەدىئىي ئىستىبدات، ئەسەر قۇرۇلمىسى جەھەتتىن يېيىپىكى بىر ئەسەر. «قۇتادغۇبىلىك» مەيدانغا كەلگەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ئىچىدە ئۇنىڭ نەمۇنىلىقىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بۇ يەردىكى ئەدەبىياتنىڭ غولىنى شەكىللەندۈرۈپ، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىسى بولغانىدى. 11 - ئەسىردە «قۇتادغۇبىلىك» تىن باشلانغان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى تېما، سۈژېت، بەدىئىي شەكىل،

تەسۋىرلەش كۆلىمى، ژانىر ۋە ئۇسلۇب قاتارلىق جەھەتلەردە دۇنيا ئەدەبىيات خەزىنىسىنى بېيىتقان.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۆزىدىكى تارىخىي گۈزەللىك قىممىتىدىن باشقا، بۇ ئەسەر مەيدانغا كەلگەن چاغدا دۇنيادا پەقەت ھىندىستان، ئەرەب، ئىران، جۇڭگو (خەنزۇ ئەدەبىياتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) قاتارلىق ئەللەردە (ياپونىيەدە — نەقىلچىدىن) يازما ئەدەبىيات مەيدانغا كەلگەن، ھازىرقى تەرەققىي تاپقان باشقا مەملىكەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ قول يازما ئەدەبىياتى (بۇ يەردە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كۆزدە تۇتۇلغان بولسا كېرەك — نەقىلچىدىن) بار ئىدى[1].

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئۆز دەۋرىدىمۇ، ھازىرمۇ چوڭ تەسىرگە ۋە يۇقىرى باھاغا ئىگە بولغان ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئەينى زاماندا بۇ كىتابقا قوشۇلغان بىر مۇقەددىمىدە مۇنداق دېيىلگەن: «چىن ۋە ماچىن ئالىملىرى بىلەن ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە شۇنداق پىكىرگە كەلدىلەركى، پۈتۈن مەشرىق ۋىلايىتى بىلەن پۈتۈن تۈركىستان ئەللىرىدە بۇغراخان تىلى ۋە تۈركىي سۆزلەر بىلەن ھېچكىم بۇ كىتابتىن ياخشىراق بىر كىتاب يازغىنى يوق. بۇ كىتاب قايسى پادىشاھ ياكى قايسى ئەلگە يەتسە، كىتابنىڭ غايەت ياخشى ۋە كۆركەملىكىدىن ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى ۋە ئالىملىرى ئۇنى قوبۇل قىلىپ، تۈرلۈك ناملار بىلەن ئاتىدى. چىنلىقلار ‹ئەدەبولمۈلك› (خانلىقنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى)، ماچىن پادىشاھلىقىنىڭ ھېكىملىرى ‹ئەينۇلمەملىكە› (مەملىكەت ئەينىكى)، مەشرىقلىقلار ‹زىنەتۇلئەمرا› (ئەمىرلەر زىننىتى)، ئىرانلىقلار ‹شاھنامەئى تۈركىي› (تۈركىيلەر شاھنامىسى)

---

[1] لىيۇ بىڭ: «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسىنىڭ نەشر قىلىنغان ۋە تارقىتىلغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1984 - يىللىق 4 - سان، 101 - بەت.

www.uyghurkitap.com

دەپ ئاتىغان بولسا، بەزىلىرى ‹پەندىنامەئى تۈرك› (تۈركىيلەر نەسىھەتنامىسى) دەپ ئات قويىدى. تۈرانلىقلار ‹قۇتادغۇبىلىك› دەپ ئاتىدى». بۇلار «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۆز دەۋرىدىلا زور شۆھرەتكە ئىگە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يەنە موڭغۇل ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە چىڭگىزخاننىڭ «قۇتادغۇبىلىك» كە تەقلىد قىلىپ، «چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى» يازدۇرغانلىقى ۋە ئالتۇن ئوردا دۆلىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان سارايچىق شەھىرى خارابىسىدىن 1909 - يىلى تېپىلغان بىر كوزىدا «قۇتادغۇبىلىك» كە تەقلىدىي يېزىلغان تۆۋەندىكىدەك بېيىتلارنىڭ بولغانلىقىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ:

كىشى كۆركى يۈز ئول، بۇ يۈز كۆركى كۆز،
بۇ ئۇز كۆركى تىل ئول، بۇ تىل كۆركى سۆز.

بۇ بېيىت «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق يېزىلغان:

ئوقۇش كۆركى تىل ئول، بۇ تىل كۆركى سۆز،
كىشى كۆركى يۈز ئول، بۇ سۆز كۆركى كۆز.

بۇنىڭدىن باشقا، ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق داستانىنىڭ مەزمۇن، ئۇسلۇب، تىل جەھەتتىن «قۇتادغۇبىلىك» كە ئوخشايدىغانلىقى، «قۇتادغۇبىلىك» تىن 250 يىل كېيىن ناسىرىددىن رابغۇزى تەرىپىدىن يېزىلغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسەردە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ خانلىق، سىياسەت ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيەلەر جەھەتتىن ئەمەس، ئەدەبىيات جەھەتتىمۇ كېيىنكىلەرگە زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

# 4. مەھمۇد كاشغەري ۋە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»

## 1. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتى

مەھمۇد كاشغەري قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ گۈللەنگەن مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ داڭدار ۋەكىلى. ئېنسىكلوپېدىيەلىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەر «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ ئاپتورى[①].
مەھمۇد كاشغەري تەخمىنەن ھىجرىيە 398 - يىلى (مىلادىيە 1008 - يىلى) كاشغەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسى ئازىق (كېيىن «قۇمباغ» دەپ ئاتالغان) كەنتىدە قاراخانىيلار خان جەمەتىگە مەنسۇپ بولغان ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ھۈسەيىن 1025 — 1032 - يىللىرى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان يۈسۈپ قادىرخانىنىڭ نەۋرىسى. ھۈسەيىنىنىڭ دادىسى مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ 1057 — 1058 - يىللاردا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇ كېيىنچە ھوقۇقىنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دادىسى ھۈسەيىنگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. دېمەك، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تولۇق ئىسمى مەھمۇد ئىبنى ئەل ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەد ئەل كاشغەري ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئانىسى بولسا ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىق مەھەللىسىدىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشى سەيپىدىن بۇزرۇكۋارنىڭ قىزى بۈۋى رابىيە ئىدى.

مەھمۇد كاشغەري ئۆزىنىڭ ئاتىسى ۋە بوۋىلىرى توغرىسىدا «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە مۇنداق مەلۇمات بەرگەن: «بارسغان - ئافراسىياب (تۇڭا ئالىپ ئەر) ئوغلىنىڭ ئىتى. بارسغان

---

① «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»(تۈركىي تىللار دىۋانى)نىڭ ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى قارىمىقىدىكى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى نەشرگە تەييارلاش ھەيئىتى تەرىپىدىن تەييارلانغان نۇسخىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 - ، 1983 - ، 1984 - يىللىرى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىندى، بۇنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى پىروفېسسور ئىبراھىم مۇتىئى، مۇئاۋىن مۇھەررىرلىكىنى پىروفېسسور ئىمىن تۇرسۇن، مىرسۇلتان ئوسمانوف قاتارلىقلار ئىشلىگەن؛ تۈزىتىلىپ ۋە فاكسىملى، ئىنتىكىسى قوشۇلۇپ ئىشلەنگەن نۇسخىسى بولسا 2008 - يىلى نەشر قىلىنغان.

شەھىرىنى شۇ بىنا قىلدۇرغان. بۇ مەھمۇدنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھىرىدۇر. بەزىلەر ئۇيغۇر خانىنىڭ بارسغان ئىسىملىك بىر ئات باقارى بار ئىدى، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئۇ ئاتلارنى شۇ يەردە باقاتتى. كېيىنچە بۇ ئىسىم بۇ يەرگە نام بولۇپ قالغان دېيىشىدۇ.»

تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بارسغان ــ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى، ئۇ ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بويىغا يېقىن جايلاشقان بولۇپ، يەتتىسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئىقتىسادىي مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان. بۇ شەھەردىن تارىختا مەشھۇر شەخسلەر يېتىشىپ چىققان، قوشۇن سەركەردىلىرى مەيدانغا كەلگەن. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن مۇھەممەد ئەنە شۇ كىشىلەردىن بولۇپ، ئۇ بۇ شەھەردە بىر مەزگىل ھاكىملىق مەنسىپىدە ئولتۇرغان. ئەسلىدە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بوۋىسى مۇھەممەد بۇغراخان يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا خان ئۇرۇقىنىڭ يۇرتى بولغان ئوپال دىيارى ھەدىيە قىلىپ بېرىلگەن. يۈسۈپ قادىرخان ۋاپات بولۇپ، چوڭ ئوغلى سۇلايمان تەختكە ۋارىس بولغاندىن كېيىن، ھىجرىيە 435 ـ يىلى (مىلادىيە 1043 ــ 1044 ـ يىللىرى) يۈسۈپ قادىرخان جەمەتى كاشغەردە ئۆتكۈزۈلگەن قۇرۇلتايدا مىراس تەقسىم قىلغاندا، تالاس ۋە ئىسپىجاپ تەرەپلەر مۇھەممەد بۇغراخانغا بۆلۈپ بېرىلگەن. مۇھەممەد بۇغراخان ئوغلى ھۈسەيىننى بارسغان ئەمىرى قىلىپ تەيىنلىگەن.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەد كېيىن بارسغاندىن كاشغەرگە كۆچۈپ كەلگەن، مەھمۇد كاشغەرىي ئەنە شۇ كاشغەردە تۇغۇلغان ۋە ئۇ يەردە ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇ بۇنى ئىسپاتلاش مەقسىتىدە «كاشغەرىي» دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇسنى قوللانغان. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە: «ئەمدى مۇھەممەد ئوغلى ھۈسەيىننىڭ پەرزەنتى مەھمۇدنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغايسىز»، «...... تۈرك ئەللىرىنى سامانىي ئوغۇللىرىدىن

ئالغان بۇۋىمىزنى «خەمىرتىبگىن، دەپ ئاتايدۇ» دېگەن مەلۇماتلارنى بېرىش ئارقىلىق بۇۋىلىرىنىڭ مىلادىيە 999 - يىلى بۇخارانى قولغا ئېلىپ، 1008 - يىلى سامانىيلار خانلىقىنىڭ سەلتەنىتىگە خاتىمە بەرگەن ئەھۋالنى بايان قىلىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئانىسى بۇۋى رابىيە يۇقىرى مەلۇماتلىق، پەزىلەتلىك، مەرىپەتپەرۋەر ئايال بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىينى كىچىكىدىن تارتىپ ئەتراپلىق، چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە قىلىپ تەربىيەلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. مەھمۇد كاشغەري مانا شۇنداق ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشى، ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە چوڭ بولغان. ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتلارنى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك شەھەر كاشغەردە ئالغان. چۈنكى، كاشغەر تارىختىكى يىپەك يولىغا جايلاشقان مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپلا قالماستىن، يەنە قاراخانىيلار دەۋرىدە مەركىزىي ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يېقىن شەرق بويىچە ئالىي دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرى بىلەن داڭ چىقارغان مەشھۇر بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. چۈنكى، 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ قاراخانىيلارنىڭ تېررىتورىيەسىدە ئىلىم - پەن گۈللىنىشكە باشلىدى. بۇ دەۋردە كاشغەر، بالاساغۇن، سەمەرقەنت، بۇخارا، فاراب قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەرنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى تەڭ سىستېمىلىق تەتقىق قىلىندى. فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مۇھەممەد بىننى ئەل كاشغەري، ئىمادۇددىن كاشغەري قاتارلىق مۇتەپەككۇرلار، ئالىملار يېتىشىپ چىقتى، بولۇپمۇ بۇ دەۋردە باغداد ۋە بۇخارادىكى ئىلىم - پەننىڭ گۈللىنىشى كاشغەرگە يۆتكىلىپ، كاشغەر ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ گۈللەنگەن مەركىزىگە ئايلانغانىدى. بۇ مەزگىللەردە مەھمۇد كاشغەري «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە ئۇستازىم دەپ تىلغا ئالغان ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەري قاتارلىق ئالىملار بۇ يەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرى بولغان مەدرىسەلەردە مۇدەررىسلىك قىلاتتى. مەھمۇد كاشغەري دەل مۇشۇ ئالىملارنىڭ قولىدا ئوقۇپ

ئالىي بىلىملەرنى ئالغان. كېيىن ئۇ يەنە فاراب، بۇخارا، سەمەرقەنت، مەرۋى، نىشاپور قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئۇ ئىسلام تارىخىنى، پەلسەپىسىنى، «قۇرئان»، «ھەدىس» لەرنى پۇختا ھەم چوڭقۇر ئۆگەنگەن. ئۇ ئىسلام مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشتىن ئاۋۋال قېتىرقىنىپ ئەرەب ۋە پارس تىلىنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەن. ئەرەب تىلىغا كامىل ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي تىلشۇناسلىق ۋە لۇغەتشۇناسلىققا دائىر بىلىملەرنى سىستېمىلىق ئىگىلىگەندىن سىرت، يەنە بۇ جەھەتتە مەخسۇس تەتقىقاتلار بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب تىلشۇناسلىقى، پارس تىلشۇناسلىقى، يۇنان تىلشۇناسلىقى، ھىندى تىلشۇناسلىقىغا دائىر ماتېرىياللاردىن خەۋەردار بولغان. ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقىنى ئالدىن ئۆگىنىپ، ئانا تىلىنىڭ مۇتەخەسسىسى بولۇپ يېتىشكەن ئالىم ئۆزىنىڭ ئىلمىي خىزمىتىنى ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشتىن باشلىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن، كاشغەر، بالاساغۇن، فاراب، خارەزم، پەرغانە، بارىسغان، تالاس، ئىسپىجاپ، قوچۇ، بەشبالىق، ئىلى دەريا ۋادىلىرى، گەنسۇ داللىرى ۋە موڭغۇل يايلاقلىرىغىچە بولغان پايانسىز كەتكەن دالىلارنى كېزىپ، كەڭ كۆلەمدە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ تەخمىنەن 15 يىللىق تەكشۈرۈش ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئاخىرىدا باغدادقا بېرىپ بىر مەزگىل ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز يۇرتى كاشغەرگە قايتىپ كېلىپ، تەخمىنەن ھىجرىيە 498 - يىلى (مىلادىيە 1105 - يىلى) ۋاپات بولغان. ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاقتىن بېرى تاۋاپ قىلىپ كېلىۋاتقان ھازىرقى كاشغەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسى ئازىق كەنتىگە[1]

① ھازىر بۇ كەنت نامى قۇمباغ دەپ ئۆزگىرىپ كەتكەن.

جايلاشقان «ھەزرىتى مولـلام مـازىرى» دەل ئـالىم مـەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىگاھى ھېسابلىنىدۇ.

مـەھمۇد كاشـغەرىي تەخمىنـەن 1068 - يىلـى ئىـراقنىڭ پايتەختى باغدادقا بارغان. ئۇنىڭ باغدادقا بېرىشىنىڭ سەۋەبىنى دۆلـەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بەزى تارىخشۇناسلارنىڭ تـارىخىي ۋە مـەنتىقىي جەھەتتـە ئېلىپ بارغـان ئىزدىنىشلىرىگـە ئاساسـەن تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن تەخمىنەن كۆرسىتىش مۇمكىن:

1) مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بوۋىسى مۇھەممەد بۇغراخـان ئوغلى ھۇسەيىنگە خانلىقنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، ئوردىدا ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى يۈز بېرىپ، ئېغىر ۋەقە كېلىپ چىقىدۇ. نەتىجىدە مۇھەممەد خاننىڭ كىچىك مەلىكىسى، ئۆگەي ئوغلى، ھۇسەيىن باشلىق بىر تۈركۈم كىشىلەرنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆز ئوغلى ئىبراھىمنى تەختكە چىقارغان. قاراخانىيلار ئوردىسىدا يۈز بەرگەن شۇ قانلىق ۋەقەدە مۇھەممەد بۇغراخان جەمەتىگە مەنسۇپ بولغـان بىر قىسىم كىشىلەر كاشغەردىن چىقىپ، غـەربىي قاراخانىيلار پاناسىغا كەلگەن. شۇلار قاتارىدا ئامان قالغان مەھمۇد كاشغەرىي نۇرغۇن جايلارنى كېزىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ تۇرماي، باغدادقـا بارغـان. چۈنكـى، سـالجۇقىيلار ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمپېراتورى ئـالىپ ئارسـلان (1063 — 1072) نىڭ ئوغلى مالىكشاھقا ياتلىق بولۇپ باغدادقا بارغان قاراخانىيلار مەلىكىسى تۈركەن خاتۇننى تۇغقان تارتىپ بارغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىن ئىبارەت بۇ ئەسەرنى جەمەتى بىر بولغان تۈركەن خاتۇننىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىنىڭ يار - يۆلىكى ئارقىسىدا ئوڭۇشلۇق يېزىپ چىقالىغان.

2) قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى كاشغەردە يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقتىن كېيىن (مىلادىيە 1058 - يىللار) ئۆزىنى ئىلىم - پەنگە بېغىشلىغان ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي ئىسلام دىنى ئۇسلۇبىدىكى مەدەنىيەت گۈللەنگەن باغدادقا

بىرىشنى خېلى بۇرۇنلا دىلىغا پۈككەن بولغاچقا، ئۇ ئەنە شۇ ئۇلۇغ ئارزۇسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە باغدادقا بارغان ۋە ئىلمىي ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغان.

3) ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتى ئەرەب مەدەنىيىتى بىلەن تەڭلىشىۋاتقان، ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەرەب تىلى بەيگىگە چۈشكەن ئاتقا ئوخشاش چېپىپ كېتىۋاتقان، ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ، ھوقۇق سالجۇقىي تۈركلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن، «ئەرەبلەرنىڭ ئۆز دەردىنى ئېيتىش ئۈچۈن تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشتىن باشقا يول يوق» ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، دىنىي يولدا بىر ساۋابلىق ئىش قىلىش يەنى بىر لۇغەت تۈزۈش مەقسىتىدە باغدادقا بارغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىن باشقا، «كىتابۇ جەۋاھىرىن نەھۋ لۇغەتىت تۈرك» (تۈركىي تىللارنىڭ نەھۋىسى — سىنتاكسىسىنىڭ جەۋھىرى)ناملىق يەنە بىر كىتابنىمۇ يازغان. ئەپسۇسكى، بۇ كىتاب ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم ئەمەس.

## 2. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ھەققىدە

1. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نى 11 ـ ئەسىردىكى تۈركىي تىللار، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلى مەدەنىيىتى ھەققىدىكى قامۇس خاراكتېرلىك لۇغەت دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ مەزمۇن خاراكتېرى بىلەن يالغۇز لۇغەت بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇيغۇر ۋە باشقا بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخى، ئېتنوگرافىيەسى، جۇغراپىيەسى، فولكلورى، ئەپسانىلىرى، ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، قىسقىسى، مەركىزىي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ھەققىدىكى مول مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەزىنە.

بۇ ئەسەر جەمئىي ئۈچ توم قىلىپ نەشر قىلىنغان. 1072 ـ

يىلى باغدادتا يېزىلغان. كېيىن تۈت قېتىم تۈزىتىپ، 1074 - يىلى تاماملانغان. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان» نى ئابباسىيلار خەلىپىسى ئەل قائىم زامانىسىدا يازغان، ئەمما ئۇ ئەسەرنى ئەل قائىمنىڭ ئورنىغا چىققان ئەل مۇقتەدىگە تەقدىم قىلغان.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى ئەسلىي ئىراننىڭ ساۋە دېگەن جايىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كېيىن شامدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان مۇھەممەد ئىبن ئەبۇبەكرى ئىبن ئەبۇلفەتھى ئۇس ساۋى تەرىپىدىن مىلادىيە 1266 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىدۇر. بۇ نۇسخا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان ئەسلىي نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈلگەن[1].

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ يېزىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب: مىلادىيە 1050 - يىللىرىدىن باشلاپ ئەرەب ئىمپېرىيەسى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، ئىمپېرىيەنىڭ مەركىزى باغدادتا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تەسىرى كۈچىيىشكە باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن «تۈركىي تىل ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقان»[2] ھالەت شەكىللەنگەنىدى. مەھمۇد كاشغەرىي ئەرەبلەرنىڭ «ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن ئۇلارغا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق»[3] ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ «دىۋان» نى يېزىپ چىققان.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ يېزىلىشى ھەققىدە ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزى ئىزاھات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: « مەن شۇ

---

[1] تۈركىي تىللارنى ئانچە بىلمەيدىغان مۇھەممەدنىڭ ئەرەبچىنى ياخشى يازالمايدىغانلىقى ئەسەردىكى تىل جەھەتتىكى خاتالىقلاردىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما، ساۋەلىك مۇھەممەدنىڭ «دىۋان» نىڭ ساقلىنىپ قېلىشىدا كۆرسەتكەن تۆھپىسى ناھايىتى زور بولۇپ، ئۇ ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر.

[2] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، I توم، 7 - بەت.

[3] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، I توم، 5 - بەت.

تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زىرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە مەھەللىلىرىنى باشتىن ـ ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيەلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى. مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم. ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە سېغىنىپ بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا ‹دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك › (تۈركىي تىللار دىۋانى) دەپ ئات قويدۇم.»[1]

مەھمۇد كاشغەرىي باغدادقا بارغاندىن كېيىن، كىتابنى قانداق ئۇسۇل بىلەن يېزىش ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرغان. ئۇ كۆپ ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ يېڭى ئۇسۇل يەنى ھېچكىم قوللانمىغان ئۇسۇل بىلەن «دىۋان» نى يېزىشقا كىرىشكەن. ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم. بۇ يازغان ئەسىرىم تەلەپكە ئۇيغۇن بولسۇن دېگەن نىيەت بىلەن بىرمۇنچە قائىدىلەرنى تۈزۈپ، يېڭى ـ يېڭى ئۆلچەملىرىنى قويدۇم...... ئىلگىرىلەشنى خالىغۇچىلارغا توغرا نىشان كۆرسىتىپ، كەڭ يول ئېچىپ بېرىش، يۈكسىلىش تىلىكىدە بولغۇچىلارغا شوتا قويۇپ بېرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم.»[2]

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ قۇرۇلمىسى ھەققىدە مەھمۇد

---

[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، I توم، 3 ـ بەت.

[2] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، I توم، 7 ـ بەت.



www.uyghurkitap.com

كاشغەري مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ كىتابنى ھېكمەتلىك سۆزلەر، سەجىئىلەر (قاپىيەلىك نەسر)، ماقال - تەمسىللەر، بېيىت - قوشاقلار، رەجەزلەر (قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن پارچىلار) ۋە نەسري پارچىلار بىلەن بېزەپ، مەخسۇس ئېلىپبە تەرتىپىدە تۈزۈپ چىقتىم. ئۆگەنگۈچى ۋە قىزىققۇچىلارنىڭ كېرەكلىك سۆزلەرنى ئاسان تېپىشى ئۈچۈن بىرنەچچە يىللار مۇشەققەت چېكىپ، سۆزلەرنى جاي - جايىغا قويدۇم، تۇتۇقلىرىنى ئاچتىم، چىگىشلىرىنى يەشتىم، ئاخىر بۇ لۇغەت كىتابنى تۆۋەندىكى سەككىز بۆلۈمگە يىغىنچاقلىدىم:

بىرىنچى، ھەمزە بۆلۈمى؛

ئىككىنچى، سالىم بۆلۈمى؛

ئۈچىنچى، مۇزائەف بۆلۈمى؛

تۆتىنچى، مىسال بۆلۈمى؛

بەشىنچى، ئۈچ ھەرپلىكلەر بۆلۈمى؛

ئالتىنچى، تۆت ھەرپلىكلەر بۆلۈمى؛

يەتتىنچى، غۇننىلىكلەر بۆلۈمى؛

سەككىزىنچى، ئىككى ساكىن بىللە كەلگەن سۆزلەر بۆلۈمى......» ①

يۇقىرىقى باياندىن مەھمۇد كاشغەري «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نى ئۆزگىچە بىر قۇرۇلمىدا تۈزۈپ چىققانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» جەمئىي سەككىز چوڭ بۆلۈمگە ئايرىلغان، بىر مۇقەددىمە بېرىلگەن، سەككىز چوڭ بۆلۈم يەنە 16 تارماققا ئايرىلغان.

### 2. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ مەزمۇنى ۋە ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئالاھىدىلىكى

#### 1) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ مەزمۇنى:

---

① مەھمۇد كاشغەري: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، I توم، 4 -، 5 -، 6 -، 7 - بەتلەر.

2. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغاندىن باشقا، بۇ قەبىلىلەرنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر مول مەلۇماتلار سىستېمىلىق بايان قىلىنغان.

(2) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ياشىغان جايلار تونۇشتۇرۇلغاندىن باشقا، قاراخانىيلارنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى جايلىشىش ئەھۋالى ھەم تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر بىلەن قوشنا ئەللەرگە دائىر جۇغراپىيەلىك نامىلارنىڭ نەمۇنىلىرى تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە تونۇشتۇرۇلغان جايلار نامى بىر ۋەقەگە باغلاپ چۈشەندۈرۈلگەن.

(3) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە تاللاپ ئېلىنغان 7500 سۆزلۈكنىڭ ئىستېمال مەنىسىنى جانلىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمىيلىككە ئىگە باي ئەدەبىي مىراسلىرى بولغان ئەدەبىي پارچىلارنى مىسال قىلىپ ئالغان.

(4) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە ئۇيغۇر ۋە باشقا بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي مەدەنىيىتى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا ئائىت قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى، يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىقى، ھۈنەر ـ سەنئىتى، ئۆي ـ ئىمارىتى، شەھەر ـ قەلئە، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تېبابەتچىلىك، چالغۇ ئەسۋابلار، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ ـ ئادەت، ئاسترونومىيە، مۆچەل ـ كالېندارچىلىق، گېئوگرافىيە، خەرىتىچىلىك، ئىجتىمائىي تۈزۈم، تەبىقە، كىشى ئىسىملىرى، پەلسەپە قاتارلىقلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، بۇلارنى تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

(5) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىغا دائىر ئاتالغۇلار، دەرىجە، ئۇنۋان ناملىرى، تەبىقە، لەشكىرىي ئاتالغۇلار ھەققىدىكى مەلۇماتلار بېرىلگەن.

(6) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر قوللىنىپ كەلگەن مۇچەل ھەققىدىكى قىممەتلىك مەلۇماتلارنى، تارىخىي رىۋايەتلەرنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق چۈشەندۈرگەن.

(7) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە كىشى ئىسىملىرى، قەبىلە، مىللەت ناملىرى سىستېمىلىق ئىزاھلانغان، بولۇپمۇ كىشى ئىسىملىرى ئادەملەرنىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ چۈشەندۈرۈلگەن.

(8) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە تىلشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىققا ئائىت مەزمۇنلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

2) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئالاھىدىلىكى «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا بۇ ئەسەر دۇنيادىكى بىرىنچى تۈركىي تىللار لۇغىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاددىي «ئېنسىكلوپېدىيە» دەپ ھېسابلاشقىمۇ بولىدۇ[①] ، دەپ يېزىلغان.

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى گېڭ شىمىن ئەپەندى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ھەققىدە توختالغاندا مۇنداق دېگەنىدى: «...... ئۇ كاشغەرلىك مەھمۇد كاشغەرىينىڭ 1074 - يىللاردا باغدادتا تۈركىي تىلنى ئەرەبچە چۈشەندۈرۈپ يازغان لۇغىتى. ئۇنىڭدا تۈركىي تىلنىڭ شېۋىلىرى، تارىخ، جۇغراپىيە، ئۆرپ - ئادەت، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەھەتلەردە مول ماتېرىياللار بار. ئۇنى ئەمەلىيەتتە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ

---

① ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1 - قىسىم، 160 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

ئەينى زاماندىكى ئېنسىكلوپېدىيەسى دېيىش مۇمكىن.»[1]

ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ ئۇقۇم دائىرىسىدىن قارىغاندا، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئەسىرىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن كۆرۈۋشكە بولىدۇ:

(1) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە قاراخانىيلار دەۋرىدىن بۇرۇنقى ۋە قاراخانىيلار دەۋرىدىكى گۈللەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرى، گۈللەنگەن ئەدەبىياتنىڭ نەمۇنىلىرى، ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمكى خەرىتىسى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تاللانغان سۆزلىرى، ماقال - تەمسىللىرى، زۆرۈر بولغان شەرتلىك بەلگىلەر، خىلمۇخىل ئىلىم جەۋھەرلىرى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن.

(2) مەھمۇد كاشغەري ئەسەرگە تاللاپ كىرگۈزگەن ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى ئەرەب تىلىدا ئىزاھلىغان، تۈركىي تىللارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندىن باشقا يەنە ئەرەب تىلى بىلەنمۇ سېلىشتۇرغان. سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئۇ بۇ تىللارنى فونېتىكا، لېكسىكا، گىراماتىكا ئالاھىدىلىكى بويىچە ئىزاھلىغان ۋە سېلىشتۇرغان.

(3) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە تارىخىي شەخس، تارىخىي ۋەقەلەر ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، زۆرۈر بولغان بەلگە ۋە جەدۋەللەر بېرىلگەن. مەسىلەن، 22 ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ تامغىلىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبەسى بېرىلگەن.

(4) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئەرەبلەرنىڭ ياكى پارسلارنىڭ

---

[1] گېڭ شىمىن: « ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە يادىكارلىقلىرىنىڭ ئوچېركلىرى» («维吾尔族古代文化与文献概论»)، 43 -، 44 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

لۇغەت تۈزۈش ئەندىزىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز زامانىسىغىچە ھېچكىم قوللىنىپ باقمىغان تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى بويىچە تۈزۈلگەن، يەنى ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى خاقانىيە تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە قۇرۇلغان. بۇنىڭدا ھەرپ تەرتىپى بويىچە تۈرگە ئايرىش تەرتىپى قوللىنىلغان. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەسەر يالغۇز تىل لۇغىتى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر ئىلىم - پەن مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن، مەھمۇد كاشغەرىي «بىرنەچچە يىل مۇشەققەت چېكىپ» يېزىپ چىققان، ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتىگە دائىر ئېنسىكلوپېدىيەلىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ[1].

## 5. ئەھمەد يۈكنەكى ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق»

ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەدىب ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى بولۇپ، تەخمىنەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ياشىغان. ئۇ ئەما شائىر بولۇپ، ئۇنىڭدىن «ئەتەبەتۇلھەقايىق» («ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى») ناملىق بىر داستان مىراس قالغان[2]. بۇ ئەسەرنىڭ يەنە «ھىبەتۇلھەقايىق» («ھەقىقەتلەر سوۋغىسى») دېگەن نامىمۇ بولغان.

شائىر ئۆز ئەسىرىنى «تۈركىي كىتاب» دەپ ئاتىغان. ئەدىب ئەھمەدتىن كېيىنرەك ئۆتكەن ئەمىر ئارسلان خوجا تارقان دېگەن كىشى ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا يازغان ئىلاۋىسىدە مۇنداق ئۇچۇرنى قالدۇرغان:

[1] «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، 1 - قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 - يىلى نەشرى، 418 — 434 - بەتلەر

[2] خەمىت تۆمۈر، تۇرسۇن ئابدۇللالار تەييارلىغان: «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 - يىلى نەشرى.

تامامى ئەرۇر كاشغەر تىلى بىلە،
ئايتمىش ئەدىب رىققاتى دىل بىل.
ئەگەر بىلسە كاشغەر تىلىن ھەر كىشى،
بىلۇر ئول ئەدىبنىڭ نەكىم ئايتمىشى.

شائىر ئۆز داستانىدا ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئوبرازلىق شېئىرىي تىل بىلەن ئىپادىلەيدۇ، ئىلىم - مەرىپەتلىك بولۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىنچىكە، تەسىرلىك جۈملىلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، كىشىلەرنى مەرىپەتلىك بولۇشقا، ئىلىم - بىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىشكە چاقىردى. مەردلىك، ئادىللىق، كەمتەرلىك، كەڭ قورساقلىقتا ئوخشاش ئىنسانىي خىسلەتلەرنى، ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتلەرنى قىزغىن مەدھىيەلەپ، جاھىللىق، نادانلىق، خەسىسلىك، ئاچ كۆزلۈك، يالغانچىلىقتا ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرنى رەھىمسىز ئەيىبلىدى. ئۆتكۈر يۇمۇرىستىك تىللار بىلەن دەل جايىغا كېلىشتۈرۈپ مەسخىرە قىلدى. كىشىلەردىن كەم سۆز، ئېغىر - بېسىق، راستچىل، سەمىمىي بولۇشنى، يالغانچىلىق قىلماسلىقنى، قۇرۇق گەپ قىلىشقا خۇشتار بولماسلىقنى، مال - دۇنياغا بېرىلمەسلىكنى، قەيسەر، ئىرادىلىك، سەۋر - تاقەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئەدىبنىڭ بۇ خىل قاراشلىرى ئەينى دەۋردە ئۆز زامانىسى ئۈچۈن ئىپىتقاندا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

شائىر ئالدى بىلەن ئىلىم - مەرىپەتنى ئىنتايىن يۇقىرى باھالاپ، ئىلىم - پەن ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى، خاسىيىتىنى چوڭقۇر مەنىلىك، ئىنچىكە شېئىرىي جۈملىلەر بىلەن روشەن ئىپادىلەيدۇ.

بىلىگدىن ئورۇرمەن سۆزۈمگە ئۇلا،
بىلىگكە يادوست ئۆزۈڭنى ئۇلا.

بىلىگ بىرلە بولىنۇر سائادەت يولى،
بىلىگ بىل سائادەت يولىنى بولا.
......
سوڭەككە يىلىگ تەگ ئەرەنگە بىلىگ،
ئەرەن كۆركى ئەقىل ئۇل سۆڭەكنىڭ يىلىگ.
بىلىگسىز يىلىگسىز سۆڭەك تەگ ھالى،
يىلىگسىز سۆڭەككە سۇنۇلماز ئىلىگ.

[سۆزۈمگە بىلىمدىن ئاساس سالىمەن،
ئەي دوستۇم، بىلىملىككە ئۆزۈڭنى باغلا.
سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ،
بىلىم ئال، سائادەت يولىنى ئاچ.
......
ئادەمدە بىلىم بولۇشى سۆڭەكتە يىلىك بولغانغا ئوخشايدۇ،
ئادەمنىڭ زىننىتى ئەقىل بولسا، سۆڭەكنىڭ زىننىتى يىلىكتۇر.
بىلىمسىز كىشى يىلىكسىز سۆڭەكتەك كاۋاك بولىدۇ،
ھالبۇكى، يىلىكسىز سۆڭەككە ھېچكىم قول ئۇزاتمايدۇ. ]

شائىر ئەھمەد يۈكنەكى يۇقىرىقى شېئىرىي مىسرالىرى ئارقىلىق ئىلىم - پەن ھەققىدىكى چوڭقۇر مەنىلىك كۆز قارىشى ھەم پىكرىنى ئوخشىتىش ھەم سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جانلىق، راۋان، چۈشىنىشلىك بايان قىلىدۇ. كىشىلەرنى بىلىملىك بولۇپ، سائادەت يولىنى ئېچىشقا، نادانلىقتىن ھەزەر ئەيلەپ، پاراسەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ. سۆڭەكنىڭ جەۋھىرى ئۇنىڭ ئىچىدىكى يىلىك بولسا، ئادەمنىڭ زىننىتى (قەدىر - قىممىتى) ئۇنىڭ قەلبىدىكى پاراسەت ۋە بىلىمدۇر، دېگەن چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر بىلەن مەرىپەتلىك

بولۇشىنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە رولىنى دەل جايىدا مۇناسىپ چۈشەندۈردى، ئاندىن كېيىن بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى ۋە ئاقىۋىتى ھەققىدە ئىجابىي قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، روشەن ھالدا بىلىمسىزلىكنى، نادانلىقنى قاتتىق قامچىلايدۇ.

بىلىگسىز ھەق سۆز ناتىقسىز ئەرۇر،
ئاڭا پەند ـ نەسىھەت ئاسىغسىز ئەرۇر.
نە تۇرلۇك ئادىغسىز ئەدىر يۇماقتىن،
جاھىل بوپ ئارىماز ئارىغسىز ئەرۇر.
[بىلىمسىزگە ھەق سۆز تېتىقسىز بولۇر،
ئۇلارغا پايدىسى يوق.
ھەرقانداق كىرنى يۇيۇپ تازىلىغىلى بولىدۇ،
جاھىلنى يۇيۇپ تازىلىغىلى بولمايدۇ. ]

دېگەن مىسرالاردا «ھەق سۆز» نىڭ (ھەقىقەتنىڭ) بىلىمسىز كىشىلەر ئۈچۈن ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمايدىغانلىقىنى، نادانلىقنىڭ «يۇيۇپ تازىلىغىلى بولمايدىغان كىر» گە ئوخشايدىغانلىقىنى شەرھلەپ، ئۆزىنىڭ نادانلىق ۋە جاھالەتكە بولغان يىرگىنىش تۇيغۇسىنى ئىپچىل بىرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا ھەقىقەتنى چۈشىنىش، پەند ـ نەسىھەتلەرگە قۇلاق سېلىپ، ياراملىق كىشى بولۇش ئۈچۈن ئىلىم ـ بىلىم ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى قەيت قىلغان، جۈملىدىن يۇقىرىقى قاراشلىرىنى «مۇلۇكسىز بىلىم تۈگىمەس مۇلۇك، نەسەبسىزگە بىلىم ئۈزۈلمەس نەسەب» دېگەن پىكىرنى خۇلاسىلەيدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا: «ئوقۇش، بىلىم ئېلىش ئۈچۈن بىردىنبىر تەرجىمان تىلدۇر، ئادەمنى ئادەم قىلغۇچى بىلگىنىكى تىلدۇر» دەپ توغرا كۆرسەتكىنىگە ئوخشاش،

ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكىمۇ بۇ ئەسىرىدە «ئويلاپ سۆزلىگەن كىشىنىڭ سۆزى ئەڭ توغرا، ئەڭ كۆپ بىلجىرلايدىغان تىل مۇرەسسەسىز دۇشمەن» دېگەن قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ بېشى بولغان تىل ھەققىدىكى مۇھاكىمىلىرىنى شەرھلەپ، سۆزلەشتە ئېھتىيات قىلىش، كىبىرەكسىز، بىھۇدە گەپلەرنى كۆپ سۆزلىمەسلىك، تىلنى تىزگىنلەش لازىملىقىنى تەلەپ قىلىدۇ، تىلنى ئېسىل، پەزىلەتلىك كىشى بولۇشنىڭ دەسلەپكى ئۆلچىمى دەپ قارايدۇ، شۇنداقلا:

ئوكۇش سۆزلەنگەندە ئوكۇنگەن تەلم،
قىلىن بىكلەنگەندە ئوكۇئىمىش قانى.
كۆپ سۆزلىگەنلەردىن پۇشايمان قىلغانلار كۆپ،
تىلنى ساقلىغانلاردىن پۇشايمان قىلغانلار قېنى؟
......
ئىككى نەك بىرىكسە بىر ئەردە قالى،
بۆكەندى ئول ئەركە مۇرەۋەت يولى.
بىر ئول ياخشار ئەرسە كىبىرەكسىز سوزوڭ،
ئىكىنچ يالغان ئەرنىڭ تىلى.
[ئىككى نەرسە بىر ئادەمدە جەم بولسا،
ئۇ كىشىگە ياخشىلىق تىلىنىڭ يولى ئېتىلىدۇ.
بىرسى كىبىرەكسىز سۆزلەرنى كۆپ بىلجىرلاش،
ئىككىنچى يالغان سۆزلەشتۇر. ]

دەپ يېزىپ، كەم سۆز، زېرەك بولۇشنىڭ، ئويلاپ سۆزلەشنىڭ ئادەم بالىسىنى قەدىر - قىممەتكە ۋە ئىززەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى، شاللاقلىق ۋە مەمەدانلىقنىڭ ئىنسان ئۈچۈن نومۇسلۇق ئىللەت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ھەمدە يالغان سۆزلىگۈچىلەردىن

خەلق بىزار بولىدۇ، ئۇ خىلدىكى ئادەملەردە ئادەمگەرچىلىك ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. تىل ئىنسانىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىدىن بېشارەت بەرگۈچى بىر مۇھىم ۋاسىتىدۇر، شۇڭا «يالغانچىلىقتىن يىراق تۇرۇپ، ئۆمرۈڭنى راستچىللىق بىلەن ئۆتكۈز» دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاخىرىدا چىرايلىق ئوخشىتىش شەكلى ئارقىلىق راست گەپنى «ھەسەل» گە، «شىپا» غا، يالغان گەپنى «پىياز» غا، «كېسەل» گە تەتبىق قىلىپ، كىشىلەرنى زېرەك، ۋىجدانلىق بولۇشقا چاقىرىدۇ. «كېسەل» ۋە «پىياز» نىڭ ئاچچىق تەمى بىلەن ئىقبالىڭنى نابۇت قىلما، «ھەسەل» ۋە «شىپا» (راستچىللىق) ئارقىلىق بەخت ئىشىكىنى ئاچ! دەپ خىتاب قىلىدۇ.

## ئۈچىنچى باب
# چاغاتاي ۋە تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

## 1. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ۋە ئەدەبىياتى

چاغاتاي خانلىقى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ سۇيۇرغاللىقى ۋە ئۇنىڭ شۇ سۇيۇرغاللىقتا بەرپا قىلغان ھاكىمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ زېمىنى ھازىرقى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى ئىلى ۋە بورتالا رايونى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى كاشغەر، خوتەن رايونى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەتتىسۇ ۋە ماۋارەئۇننەھر رايونىغا توغرا كېلىدۇ. چاغاتاي سۇيۇرغاللىقى چىڭگىزخان سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن زېمىن ئىچىدە ئەڭ چوڭ سۇيۇرغاللىق ۋە ئىرق، قەبىلە ئەڭ مۇرەككەپ بولغان رايون بولۇپ، ئۇ ئاۋات شەھەرلەرنى، شۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان دېھقانلارنى، سۇ ۋە ئوت قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدىغان كۆچمەن چارۋىچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ مەركىزى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئالمالىق ئىدى.

چاغاتاي ئۇلۇسى مىلادىيە 1224 - يىلى چىڭگىزخان ئۆزىگە قاراشلىق بارلىق زېمىنلارنى ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەندىن كېيىن شەكىللەنگەن. ئۇ 1348 - يىلغىچە چاغاتاي خانلىقى نامىدا، 1348 — 1509 - يىلغىچە شەرقىي چاغاتاي خانلىقى نامىدا زىكرى قىلىنىدۇ. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ

پايتەختى ئالمالىق[1] ئىدى. تېررىتورىيەسى ئىلى دەريا ۋادىسى، كاشغەر، يەكەن، تۇرپان، قۇمۇل ۋە بەشبالىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان[2]. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن چاغاتاي تىلى ئىشلىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىرمۇنچە ئەدىبلەر چاغاتاي تىلى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان.

## 1. مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات نامايەندىلىرى

بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئىتى بىر گۈللىنىش ھالىتىنى داۋام ئەتكۈزگەن.

چاغاتاي خانلىقى، جۈملىدىن شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك خانلىقلاردا ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن چاغاتاي تىلى ھاكىمىيەت تىلى ۋە ئىجتىمائىي، مەدەنىي ئالاقە تىلى قىلىنغان، شۇنداقلا موڭغۇل، پارس ۋە ئەرەب تىللىرىمۇ ئىشلىتىلگەن. يېزىق ھەر خىل بولغان.

«چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى»

بۇ چىڭگىزخان ئوردىسىدا ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىدىغان قانۇن دەستۇرى بولۇپ، ئۇ «چىڭگىزخان ياسىقى»، «چىڭگىزخان كىتابى»، «بىلىك ياساق»، «ياساق» (جاساق) دەپ ئاتالغان. چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئوردىسىدىكى دانىشمەنلەر «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭدىن ئىلھاملانغان. ئۇلار كونا ئۇيغۇر يېزىقىنى «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئاتىغاندىن باشقا يەنە بۇ ئەسەر ئاساسىدا تۈزۈلگەن موڭغۇللارنىڭ قانۇنىنى «چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى»[3] دەپ ئاتىغان.

---

[1] ھازىرقى شىنجاڭ قورغاس ناھىيەسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە.

[2] «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» («شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى يازغان)، 298 -، 299 -، 303 - بەتلەر، شىجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1992 - يىلى نەشرى.

[3] «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇبىلىك› توغرىسىدا»، 247 -، 248 - بەتلەر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە تەييارلىنىپ، 1989 - يىلى بېسىلغان.

يۈسۈپ سەككاكىي (تەخمىنەن 1228 — 1160 - يىللار) ئالمالىق شەھىرىدە ياشىغان ئالىم ۋە سىياسىيون بولۇپ، ئۇيغۇر دەپ قارىلىدۇ [1]. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى سىراجىدىن ئەبۇ ياقۇپ يۈسۈپ ئىبىن ئەبۇ بەكرى ئەل خارەزمى سەككاكىي. ئۇ «مىفتائۇلئۇلۇم» («مەتلىئىلئۇلۇم») ۋە «تەلخىس» ناملىق كىتابلارنى يازغان. يۈسۈپ سەككاكىي يەنە شېئىرىيەت، ئىستىلىستىكا ۋە مۇقام ساھەسىدىمۇ مېھنەت قىلغان. «مىفتائۇلئۇلۇم» (1190 - يىلى) ئەرەب تىلىدا يېزىلغان، سەرف، پاساھەت، مۇسىقا (مۇزىكا)، پەلسەپە، ئاسترونومىيە قاتارلىق 12 — 13 تۈرلۈك ئىلىم توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىنغان [2].

ئەبۇ ئابدۇللا ھۈسەيىن 13 — 14 - ئەسىردە كاشغەر شەھىرىدە ئۆتكەن كاتتا ئۆلىما، مۇسەننىف، جۇملىدىن شائىر. جەمال قارشى ئەبۇ ئابدۇللا ھۈسەيىن ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازغان: ئۇستازىمىز مەۋلانا ئەبۇ ئابدۇللا ھۈسەيىن ھەزرەتلىرى كاتتا، بۈيۈك ئىمام، كامالى پەزىلەتلىك، گۈزەل خۇلقلۇق، ئۈستۈن مەرتىۋە ئىگىسى، دىن ۋە مىللەتنىڭ قۇياشى، ئىسلامى شەرىئەتنىڭ پېشۋاسى، كۈچلۈك ئىقتىدارلىق كاتتا ئالىم، ئىلىم - مەرىپەتتە زامانداشلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى، ئۆتكۈر پىكىرلىك، ئالىم - ئۆلىمالار سورۇنلىرىغا ئالاھىدە ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن تەكلىپ قىلىنغۇچى، چوڭ - كىچىك ئىلىم - مەرىپەت ئاشنالىرى ئۈچۈن ئىشىكى ئوچۇق زات ئىدى...... ئەڭ كاتتا مەرىپەت پېشۋاسى، ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھەم يولباشچىسى، ئۆتكۈر پىكىرلىك مەۋلانا ئىمام، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى، ئۇلۇغلۇق ۋە ئۈستۈنلۈك بەيگىسىدە ئۈتۈپ چىققۇچى، پەتىۋا

---

[1] گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ھۆججەتلىرىدىن ئوچېرىكلار»، 121 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[2] بۇ ئەسەردىن ئىككى بابنى داموللا ئابدۇۋەلى يۈسۈپ تەرجىمە قىلىپ، «يېڭى قاشتېشى»ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 4 - سانى، 1983 - يىللىق 3 - ساندا ئېلان قىلدۇرغان.

بەرگۈچى ـ ئالىملارنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى، ئىمام ـ ئۆلىما ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇستازى، ئىلىم ساھەسىدىكى قىيىن ـ مۇشكۈل، ئىنچىكە مەسىلىلەرنىڭ سىرىنى ئاچقۇچى، ئىلمى مەئانى ۋە ئىلمى بايانىنىڭ چىگىش، ئۇقۇمسىز جايلىرىنى يېشىپ شەرھلەپ چىققۇچى، «ھىدايە» ناملىق كىتابنىڭ «نىھايە» ناملىق شەرھىيسىنى يېزىپ چىققۇچى (مۇئەللىپى)، «دىراسەت» ۋە «دىرايەت» ناملىق ئىككى كىتابنىڭ مۇئەللىپى، قىلنى قىرىق ياردىغان ئۆتكۈر تەھقىقشۇناس ئالىم، ئىلىم ـ مەرىپەت دېڭىزى، دىن ۋە مىللەتنىڭ زىننىتى، قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى قىلغان گەپ ـ سۆزلىرىگە مۇۋاپىق بولغۇچى، بەرگەن پەتۋاسىدىن شەرئەت قازىلىرىمۇ پەخىرلەنگۈچى، شەرەپلىك ئالىم مەۋلانا ئەبۇ ئابدۇللا ھۇسەيىن ھەزرەتلىرىدۇر. كاشغەر شەھىرى ئۇ زاتى مۇبارەكنىڭ نامى بىلەن ئىسلام شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسىگە تونۇلغاندى. خۇسۇسەن كاشغەر شەھىرىنى ئىسلام ئەللىرىگە تونۇتقان زات ئىدى......

كاشغەر مەن ئۇچۇن ئالىم ـ ئۆلىمالار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان ناھايىتى ياخشى ئورۇن، مەن كاشغەرگە كەلگەن ۋاقتىمدا دۇنيا ئۆلىمالىرىنىڭ خوجىسى، ئۆتكۈر پىكىرلىك ئەللامە، ھەممە ئىلىملەردىن خەۋەردار ياخشى ئالىم، كاتتا ئۆلىما، تەسەۋۋۇپ ۋە ئەھلى سۈننىلەرنىڭ ئىمامى، ئىككى خىل ئېقىمدىكىلەرنىڭ پېشۋاسى، ئىككى تەرەپ (بۇخارا ۋە كەشغەر) ئۆلىمالىرىنىڭ سۇلتانى، دىن ۋە مىللەتنىڭ كامالىتى بولغان شەيبانى شەھىرىدىن بولغان مۇزەپپەرنىڭ ئوغلى ئەبۇ ئابدۇللا ھۇسەيىن بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ زاتنى قانچە سۈپەتلىسەم سۈپەتلەشكە لايىق زات ئىدى. شۇنداقتىمۇ كۆپ سۈپەتلەشنى خوپ كۆرمىدىم. ئۇ كاتتا زات بولغاچقا، ئۇزاق سۆزلەشكە ۋە پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك سۈپەتلىرى بار ئىدى. مەن ئۇ زاتنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇ زاتنىڭ خىزمىتىنى قىلىش شان ـ شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم...... ئۇ ئۇستاز مەن كاشغەرگە كېلىشتىن بۇرۇن بىر پارچە توپلام

تۈزگەنىكەن. مەن كاشغەرگە كېلىپ، ئۇ زاتنىڭ خىزمىتىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇ توپلىمنى يەنە بىر نۇسخا يېزىپ چىقتى ۋە مېنىمۇ بۇ توپلامنى بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ چىقىشقا كۆرسەتمە بەردى. مېنىڭ ئۇ توپلامنى كۆچۈرۈش ۋەزىپەم تاماملانغاندا ، مېنى ئۇ توپلامدىن بىر غەزەلنى ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن جاراڭلىق ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى.[1]

جەمال قارشى (1230 – 1315 ) شائىر، تىلشۇناس ۋە تارىخشۇناس بولۇپ[2]، ئالمالىق شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، 1263 - يىللاردىن كېيىن كاشغەر شەھىرىدە ياشاپ، «مەدرىسەئى مەسئۇدىيە» نىڭ مۇدەررىسلىكىنى ئۇستىگە ئېلىش بىلەن بىرگە ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1282 – 1300 - يىللىرى كاشغەردىكى ساچىيە مەدرىسەسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن 11 - ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئالىم جەۋھەرىنىڭ ئەرەبچە «سۇهاھ» («سىهاھ») ناملىق تۆت توملۇق كىتابىنى تېپىپ، شۇ ئاساسىدا «سۇرراھ» («مۇلهەقاتى سۇرراھ» ياكى «سۇرراھ مىنەل سۇهاھ») ناملىق كىتابنى ئىخچاملاپ يېزىپ چىققان.

ئىبنى مۇھەممەد كاشغەرىي كاشغەردە تۇغۇلۇپ، مىسىردا ياشىغان ئالىم. ئۇ مىسىر «باي بارسىيە» خانىقاسىنىڭ شەيخى بولغان ۋە 1363 - يىلى «تاجۇلسە ئادەت ۋە ئەنۋانۇلسىيادەت» (سائادەت تاجلىرى ۋە هاكىمىيەت ئۇنۋانلىرى) ناملىق بىر كىتاب يازغان[3].

ئابدۇرېھىم هاپىز 14 – 15 - ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياشىغان

---

[1] جەمال قارشى: ««سۇرراھ لۇغىتى»گە تولۇقلىما»، خۋاتاۋ «8 – 10 - ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىغا قىلىنغان قوشۇمچە، 529 - ، 530 -، 531 -، 523 - 524 - بەتلەر، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 - يىلى نەشرى.

[2] جەمال قارشى ئۇيغۇر دەپ قارىلىدۇ. بۇ ھەقتە گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە هۆججەتلىرىدىن ئۇچېرىكلار» ناملىق كىتابىنىڭ 121 - بېتىگە قارالسۇن.

[3] م. شاكىر ئۈلكۈ تاشىر: «مەھمۇد كاشغەرىي»، 45 - بەت، تۇرسۇنئاي ساقىم تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشرى.

www.uyghurkitap.com

شائىر. ئۇنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان «دىۋانى ھاپىز تۈركىي» ناملىق توپلىمى يېتىپ كەلگەن. ئۇ لىرىك شېئىرلاردىن جەملەنگەن[1].

بۇ دەۋردە ھېسامىددىن ئىبنى ئاسىم ئەل بارچىنلىقى، ھەيۋەت ئالا، ئەھمەد بىن ئويىيۇب ئەل بالاساغۇنى، ئەيىيۇب بىننى ئەھمەد بالاساغۇنى، سىدى ئەھمەد («تەئەششۇقنامە» نىڭ ئاپتورى)، ئەلى (13 - ئەسىر، «قىسسەئى يۈسۈپ» نىڭ ئاپتورى)، دۇربېك (14 - ئەسىر، «يۈسۈپ - زۇلەيخا» نىڭ ئاپتورى) قاتارلىق مەدەنىيەت ئەربابلىرى ياشىغان.

ئىسلام دىنىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ نادىر نەمۇنىسى ھېسابلانغان «قۇرئان كەرىم» 12 — 14 - ئەسىرلەردە 5 — 6 قېتىم ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

## 2. تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى تۇغلۇق تۆمۈر 1363 - يىلى ئۆلگەن. چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەن. بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلاس قەبىلىسىدىن تۆمۈرلەڭ (ئاقساق تۆمۈر) پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەسكەر چىقىرىپ شەرقىي چاغاتاي خانلىقى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان. 1370 - يىلى سەمەرقەنتنى بېسىۋالغان، ئارقىدىنلا يەنە پۈتۈن ماۋارەئۇننەھر رايونىنى ئىشغال قىلغان. تۆمۈرلەڭ(1336 - يىلى تۇغۇلغان) شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، تۆمۈرىيلەر خانلىقى ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلغان[2]. بۇ خانلىق مىلادىيە 1507 - (1509 -) يىلىغىچە مەۋجۇت بولغان.

ئەمىر تۆمۈر ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۆز

---

[1] «دىۋانى ھاپىز تۈركىي»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1988 - يىلى 2 - سان.

[2] «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، 303 -، 304 - بەتلەر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1992 - يىلى نەشرى.

ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغان. نەتىجە ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىدەك بولغان. ئەمىر تۆمۈر 1405 - يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئارىسىدا ئۆتكۈر نىزالار يۈز بېرىپ تۇرغان، دۆلەت پارچىلانغان، بەزىدە قارا قورساق، مۇستەبىت فېئودال پادىشاھلار ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىققان بولسىمۇ، ئەمما يەنە بەزى مەرىپەتپەرۋەر خانلارمۇ ھاكىمىيەت سورىغان. ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر پۈتۈن تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدە ئەدەبىيات ئالاھىدە يۈكسەلگەن. بۇ ئىشتا ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بىر ئۈلۈش ھەسسىسى بار بولغان.

تۆمۈرىيلەر خانلىقى ماۋارەئۇننەھر ۋە خۇراسان رايونىنى مەركىزىي ئۆلكە قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلاردىن بىر تۈركۈم ئاھالە ئەينى زاماندا ئاشۇ رايونلاردا ياشىغان ۋە تۆمۈرىيلەر مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشقان.

تۆمۈرىيلەر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىلىرى قاراخانىي ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى، بەزىلىرى چىڭگىزخان ۋە چاغاتاي خانلىقى مەزگىلىدە شىنجاڭدىن بارغانلار، يەنە بەزىلىرى تۆمۈرلەڭ ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە شىنجاڭدىن كۆچۈرۈلگەن ۋە كۆچكەنلەر بولۇپ، بىرقانچە قاتلامنى تەشكىل قىلغان.

تۆمۈرىيلەر خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى چاغاتاي مەدەنىيىتىنى بەلگە قىلغان، تۈركىي مەدەنىيىتى بىلەن پارس مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان. يەنە ئەرەب مەدەنىيىتىمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تۇتقان ئورنى چوڭ بولغان. ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاساسلىقى مۇنداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان:

بىرىنچى، تىل. تۆمۈرىيلەر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمەت تىلىنىڭ ۋە ئەينى زاماندىكى ئەدەبىي تىلنىڭ بىرى چاغاتاي تىلى بولۇپ،

ئۇ پارس ـ تاجىك تىلى بىلەن پاراللېل ئىشلىتىلگەن. چاغاتاي تىلىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكى ئىلىم ساھەسىدە ئاللىبۇرۇن ئىسپاتلانغان.

ئىككىنچى، يېزىق. بۇ دەۋردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە چاغاتاي يېزىقى قاتارلىق يېزىقلار ئاساسلىق يېزىق سۈپىتىدە قوللىنىلغان.

ئۈچىنچى، فارابى، مەھمۇد كاشغەري، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى قاتارلىق ئالىملار ۋە ئەدىبلەرنىڭ پەلسەپە، ئەدەبىيات ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئىدىيەلىرى بۇ دەۋردىكى پەلسەپىۋى قاراش ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيەلەرگە مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغان. يەنە كاشغەرلىك ئەبۇ ئابدۇللا ھۈسەيىن، سۇلتان مالىك كاشغەري، سەئىدىددىن كاشغەري قاتارلىق ئۆز زامانىسىنىڭ ئالىم، مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ تەسىرى خېلى چوڭ بولغان.

دېمەك، كۆپ مىللەتلىك ۋە كۆپ مەنبەلىك تۆمۈرىيلەر خانلىقى مەدەنىيىتىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئۈلۈش ئورنى بولغان ۋە بۇ خىل مەدەنىيەت ئادەتتىكى ئورۇندا ئەمەس، بەلكى يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان.

## 1. تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورنى

قەدىمكى شەھەر سەمەرقەنت ۋە ھىراتنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتى بۇرۇندىنلا ئۆزىنىڭ يەرلىك، مىللىي ئەنئەنە بازىسىنى مۇستەھكەم ساقلاپ كەلگەنىدى. شۇڭا، ئەينى چاغدا سەمەرقەنت، ھىرات ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ياشىغان يۇرتلاردىكى خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىسى دەسلەپ ئەرەبچىلەشتۈرۈۋېتىلگەن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا پارسچىلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، يەرلىك كىشىلەرنىڭ بىر خىل تۇراقلاشقان پسىخىكىسىنىڭ تۈرتكىسىدە پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىش مۇمكىن بولمىغان. شۇنداق بىر شارائىتتا 16 ـ ئەسىردىن باشلاپ ھەر

خىل مىللىي تەركىبلەردىكى ئاھالىلەردىن قايتا تەشكىل تاپقان ھىرات (جۇملىدىن سەمەرقەنت) نىڭ يېڭى شەھەر سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىشىدا ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقى ۋە ئۆلىما ـ زىيالىيلىرىنىڭ مۇناسىپ تۆھپىسى بولغان، جۇملىدىن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەسىرى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى ھىرات، سەمەرقەنت ھەم بۇ شەھەرلەرنى مەدەنىيەت چەمبىرىكى قىلغان رايونلاردىكى كۆپچىلىك ئۆلىما ـ زىيالىيلارنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەت ئېلىپ بارىدىغان ۋاسىتىسىگە ئايلانغان. ئۇيغۇرلار مۇشۇ تىل ـ يېزىقنى ئىشلىتىپ قالماي، باشقا خەلقلەرنىڭ ئايرىم كىشىلىرى، ھەتتا ھاكىمىيەت ئورنىدا تۇرغان خان ـ ۋەزىر ۋە باشقا ئەمەلدارلارمۇ قوللانغان.

ئەلىشىر نەۋايى تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلىدا شېئىر يازغان ھەرەمى، قەلەندەر، كامالى، لەتىفى، پەلۋان مۇھەممەد، ھۈسەيىن، مەۋلانا ھىلال، مىرسەئىد، مۇھەممەدئېلى، مىرزا بەگ، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئۇستازى، شائىر ۋە ئالىم سەئىد ھۈسەيىن ئەردى شىر، مەۋلانە ئاشىقى، شەرفى، گادائى قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىپ، شېئىرلىرىدىن ئۆرنەكلەر بەرگەن. ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىنى شۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، تۆمۈرىيلەر خانلىقىنىڭ دۆلەت ئەربابلىرى ئابابەكرى مىرزا، سۇلتان خېلىل مىرزا، ئەھمەد مىرزا، سۇلتان ئەھمەد مىرزا، ھۈسەيىن بايقارا، شاھ غەرب قاتارلىقلار تۈركىي تىلدا شېئىر يېزىشنىڭ تەرەپدارلىرى بولۇپ، ئۆزلىرىمۇ تۈركىي تىلدا شېئىر يازغان. مەشھۇر خاقان ھۈسەيىن بايقارا ئەينى زاماندا تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ بايراقدارلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھۈسەينى تەخەللۇسىدا شېئىر يازغان ھەم مەخسۇس شېئىرىي دىۋانى بولغان.

## 2. ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئەربابلىرى

### 1. سەئىدىددىن كاشغەرىي

سەئىدىددىن كاشغەرىي (1377 — 1456) كاشغەردە تۇغۇلغان.

تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدە ماۋارەئۇننەھر ۋە خۇراسان رايونىدا پائالىيەت قىلغان كاتتا ئالىم.

2. سۇلتان مالىك كاشغەرىي

سۇلتان مالىك كاشغەرىي تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇز زامانىسىنىڭ تەڭدىشى يوق ئۆلىماسى. ھىرات ۋە سەمەرقەنتتە ھاكىم بولغان شائىر ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ دادىسى.

3. ئەھمەد ھاجىبەگ

ئەھمەد ھاجىبەگ تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر، مۇزىكانت، قابىل ئەمەلدار. سۇلتان مالىك كاشغەرىينىڭ ئوغلى. ھىرات ۋە سەمەرقەنتتە بىر مەزگىل ھاكىم بولغان ھەم سەمەرقەنتتە ئەلىشىر نەۋائىيغا ئاتىدارچىلىق قىلغان. «ۋەفائى» تەخەللۇسى بىلەن شېئىرلار يازغان ھەم شېئىرىي دىۋانى بار بولغان. ئۇ شېئىرلارنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە پارس ـ تاجىك تىلىدا يازغان. «ئون ئىككى مۇقام» غا شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. «ۋەفائى» تەخەللۇسلۇق شائىر مۇشۇ ئادەم بولسا كېرەك، دېگەن قاراش تارقالغان.

4. شاھ قۇلى ئۇيغۇر

شاھ قۇلى ئۇيغۇر تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى، مەلۇم ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ مىرزىسى. نەۋائىي «مەجالىسۇننەفائىس» تا ئۇنىڭ پارسچە شېئىرلىرىدىن پارچە بەرگەن.

5. غىياسىددىن باخشى

غىياسىددىن باخشى غىياسىددىن كىچىك، كىچىككىنە باخشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خۇراساندا ياشىغان، شىنجاڭلىق ئۇيغۇر دېگەن قاراشمۇ بار. خۇراسان ھۆكۈمدارىنىڭ ئۇيغۇر، ئەرەب تىل ـ يېزىقى بويىچە كاتىباتلىق خىزمىتىنى بېجىرگەن. بىر مەزگىل سەبزىۋار شەھىرىگە ھاكىم بولغان، ئىلمىي ئىجادىيەت، شېئىرىيەتكە قىزىققان. بەزىلەر «تارىخى خان»ناملىق ئەسەرنى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىلى بىلەن مۇشۇ كىشى يازغان دەپ قارايدۇ. ئۇ ئۇلۇغ شائىر



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

نەۋايىنىڭ دادىسى ئىدى.

6. مىرسەئىد كابۇلى ، مۇھەممەد ئەلى غەرىبى

مىرسەئىد كابۇلى ۋە مۇھەممەد ئەلى غەرىبلەر نەۋايىنىڭ تاغىلىرى بولۇپ، ئۇلار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر يازغان.

## 3. ناسىرىددىن رابغۇزى ۋە «قىسەسۇل رابغۇزى»

رابغۇزى تەخمىنەن 1279 — 1351 - يىللىرى ياشىغان. ئۇنىڭ ئىسمى ناسىر (ناسىرىددىن)، ئاتىسىنىڭ ئىسمى بۇرھانىددىن، رابغۇزى تەخەللۇسى دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «رابغۇزى» «رابات»، «ئوغۇز» دېگەن ئىككى ئىسىمنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئىسىم دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ، شۇنداقلا ناسىرىددىن (ناسىر) بۇرھانىددىن ئوغلى رابغۇزى دېگەن ئىسىم بىلەن كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئانا يۇرتى كاشغەر دەپ قارايدىغانلار بار. بەزىلەر كاشغەر شەھىرىنىڭ شىمالىغا ئۈچ كىلومېتىرچە كېلىدىغان يەردىكى تۈتۈرك (تۈتۈرگە)نىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان «قاراخان پادىشاھىم مازىرى» نىڭ يېنىدىكى «رابات مەسچىت» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەمما، ئۇ ئۆمرىنىڭ قىرانلىق چاغلىرىنى خارەزمدە ئۆتكۈزگەن.

«قىسەسۇل رابغۇزى»دىكى مەزمۇنلارغا قارىغاندا، رابغۇزى مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتىنى، پەلسەپىسىنى، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن، يەنە تارىخقىمۇ ئالاھىدە قىزىققان.

مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىنىڭ نامىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دېگەن: «مەقسۇت مۇندا پەيغەمبەرلەر قىسسەسى ئېردى، ۋەلاكىن ئادەمدىن بۇرۇن ياراتىلغانلار بار ئۈچۈن ئاندىن ئاغاز قىلدىم، ئىستەكلىككە ئاسان بولسۇن تىپ ‹قىسسەئى رابغۇزى› ئات قويدۇم».

ئەمما، ئەسەردە پەيغەمبەرلەر تارىخىنى تەسۋىرلەش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغىنى ئۈچۈن، ئەسەر كېيىنچە باشقىلار تەرىپىدىن

«قىسەسۇل ئەنبىيا» (پەيغەمبەرلەر قىسسىسى) دەپ ئاتىلىپ قالغان، دېگەن قاراش بار.

ئەسەرنىڭ يېزىلغان يىلى ھەققىدە ئەسەرنىڭ نەزم شەكلىدە يېزىلغان «خاتىمە» سىدە« «يەتتە يۈز ئون ئەردى يىلغە كىم بىتىلدى بۇ كىتاب، توغمىش ئەردى ئول ئوغۇزدە ھۇت سائادەت يۇلتۇزى» دېيىلگەن. ئېنىقكى، بۇ ئەسەر ھىجرىيەنىڭ 710 - يىلى يەنى مىلادىيە 1311 - يىل 2 - ئايدا يېزىلغان.

ئاپتور ئەسەرنى يېزىپ «توك بۇغاخان» دېگەن كىشىگە تەقدىم قىلغان. بۇ توغرۇلۇق كىتابتا مۇنداق خاتىرە بار: «يازىپ ئىلتىتىم ناسىرىددىن توكبۇغا تابۇغىنە تىلەيۈرمۇ، تىلەمەسمۇ بىلگۈلۈك، بىلسۇن ئۆزى.» تارىخچىلار بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان توك بۇغاخان دېگەن كىشى 1326 - يىلى يەنى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا تەختكە چىققان تارمارشىن خاننىڭ ئوردىسىدىكى بىر مۆتىۋەر كىشى دەپ ئېنىقلاپ چىققان.

بۇ ئەسەر ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىدا ھەجمى ئەڭ چوڭ ئەسەردۇر. مۇتلەق كۆپ ساندىكى قول يازما نۇسخىلىرى 250 ۋاراق (500 بەت) ئەتراپىدا بولۇپ، ھەربىر بەتكە 21 قۇر خەت يېزىلغان. شۇڭا، ئۇ مەيلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغىتىنى ئىشلەشتە بولسۇن ياكى گىراماتىكىسىنى ئىشلەشتە بولسۇن، كېيىنكىلەرنى ئەڭ مول تىل ماتېرىيالى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ھەر خىل نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، بۇ نۇسخىلار سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى ئېنىقلاش، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي دىيالېكت لۇغىتىنى ئىشلەش جەھەتتە مول ۋە بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئەسەردە «قۇرئان» دىن نۇرغۇن ئايەتلەر نەقىل كەلتۈرۈلگەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تەرجىمىسى قوشۇپ بېرىلگەن، شۇڭا ئۇ يەنە تەرجىمە تەتقىقاتى ۋە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق جەھەتتىنمۇ تىل ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەلۋەتتە شۇنىمۇ ئەسكەرتىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ تارىخىي

تەرەققىياتى جەريانىدا باشقا قېرىنداش تىللار بىلەن، شۇنداقلا تۇغقان ئەمەس تىللار بىلەن ئۇچراشقان، مۇناسىۋەتتە بولغان. ئۇلاردىن سۆز، ھەتتا گىرامماتىكىلىق ئامىللارنى قوبۇل قىلغان. باشقا تىللاردىن ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن تىللار ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلىدۇر. شۇڭا، مەيلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى تەكشۈرۈش ۋە يورۇتۇشتا بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرغۇن ھالىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە يورۇتۇشتا بولسۇن، ئۇيغۇر تىلىنى شۇ مۇناسىۋەتلىك تىللار بىلەن جۈملىدىن ئەرەب ۋە پارس تىللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش زۆرۈر[①].

ئەسىرنىڭ 15 ــ 16 - ئەسىرلەردە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنرەك كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى لوندوندىكى «بېرىتانىيە مۇزېيى»، سانكت پېتېربۇرگدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا، شۇنداقلا تاشكەنت، قازان شەھەرلىرىدە ساقلانماقتا. ئەسلىي نۇسخىسى بولسا بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن[②].

بۇ ئەسەر ئادەتتە ئۇيغۇر پىروزا ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيەسىنى مۆلچەرلەشتە رولى ئالاھىدە چوڭ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، بۇ يىرىك ھەجىمدىكى ئەمگەك ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىياتى تارىخىدا نەسرىي ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىنمۇ ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

### «قىسەسۇل ئەنبىيا» ھەققىدە

ئەسەردە ئىنسانىيەتنىڭ ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي جەريانى دىنىنى ۋاستە قىلغان ھالدا ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مەزكۇر ئەسەر ئادەمنىڭ يارىتىلىشىدىن

---

① مەتتىرىھىم سايىت: «‹قىسەسۇل ئەنبىيا›نىڭ تىلى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1994 - يىللىق 3 - سانى.

② رەخمەتجان يۇسۇپوۋ: «كىلاسسىكلىق تارىخىي پىروزا ۋە لىرىكىدىن نەمۇنىلەر»، 6 - بەت، ناشىر نەشرىياتى، ئالمۇتا، 2006 - يىلى نەشرى.

تارتىپ تا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيا يۈزىگە تارقىلىشىغىچە بولغان ۋەقەلەرنى، پەيغەمبەرلەرنى، تۆرلۈك تارىخىي شەخسلەر ھاياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسسىلەردىن تۈزۈلگەن.

«قىسسە» دە تەسۋىرلىنىشىچە، دۇنيادا دەسلەپ ئادەم يوق ئىكەن. جانابىي ھەق (ئاللا) بىر خاسىيەتلىك «نۇر»(يارۇق) نى ئاپىرىدە قىلىش ئادەم جىنسىنىڭ ئىشى دەپ، مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ھەم بۇ نۇرنى زامان ـ زامانلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن «مەن دۇنيادا خەلىپە (ئورۇنباسار) يارىتىمەن» دېگەن مەقسەتتە ئىنسانىيەتنىڭ بوۋىسى ««ئادەم» نى تۇپراقتىن يارىتىپ چىققان، ئۇنىڭ جۈپتى ھەۋۋانى بولسا «ئادەم» نىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن يارىتىپ، بۇ ئىككىيلەنگە جەننەتتىن ئورۇن بەرگەن ۋە نىكاھ رەسمىيەتلىرىنى بىجىرىپ، داغدۇغىلىق توي ئۆتكۈزۈلۈپ، ۋىسالىغا يەتكۈزۈلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئىككى قارىمۇ قارشى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتتىن ئائىلە ۋۇجۇدقا كەلگەن. بۇ بىر جۈپ ئادەملەر دەسلەپ كىيىم دېگەننى ئۇقمىغان. ئەۋرەتلىرىنى ئەنجۈر يوپۇرمىقى بىلەن دالدا قىلغان.

ئادەم ۋە ھەۋۋانىڭ تۇرمۇش مەئىشىتىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن زىرائەت ئۆستۈرۈلگەن، چارۋا بېقىلغان، زەر كانى ۋۇجۇدقا كەلگەن. ئادەم باللىرى ھەم بارماق بىلەن سانىلىدىغان ھالەتكە يەتكەن. ئۇ زامانلاردا ئادەمنىڭ ھابىل ۋە قابىل دېگەن ئىككى ئوغلى، ئىقلىمە ۋە دەممە دېگەن ئىككى قىزى بۇ دۇنيادا نەپەسلەنگەن. بۇ ئىككى بەگزادە ۋە مەلىكىلەر يەككە ـ يېگانە كىشىلەر بولغاچقا، جەمئىيەت بولۇپ ئۇيۇشالمىغان. ئۇلار بەگباشلارچە ھۆكىرىشىپ يۈرگەن. قابىل بىلەن قوشكېزەك تۇغۇلغان ئىقلىمەنى ھابىلغا، ھابىل بىلەن قوشكېزەك تۇغۇلغان دەممەنى قابىلغا ياتلىق قىلماق شەرىئەت ھېسابلانغان. قابىل ئاچچىقلىنىپ، بۇنىڭغا رازى بولماي، ھابىلغا دۈشمەن بولغان ھەم ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى قاتىللىق قىلىش ئويىنى ئويلاپ

چىققان.

قابىل ئۆزىگە قوشكېزەك چىرايلىقراق ئىقلىمەنى ئەمرىگە ئېلىشنى ۋە ئاتىسىنىڭ خەلىپىلىك ئورنىغا ۋارىس بولۇشنى پىلانلاپ، شۇنداق شۇملۇقنى بىغۇبار كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، ئەمما ئادەم ئۆلتۈرۈش دېگەننى بىلمىگەن. چۈنكى، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى قاتىللىقنى كۆرمىگەن ۋە ئۇنداق ئىشنى ئاڭلاپ باقمىغان. بۇ چاغدا شەيتان لەنتى بىر قۇشنى تۇتۇپ كېلىپ، بېشىنى يانجىپ ئۆلتۈرگەن. قابىل بۇنىڭدىن ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ئۆگەنگەن.

قابىل ھابىلنى ئۆلتۈرۈش بىلەنلا مۇراد - مەقسىتىگە يېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئامىتى قېچىپ، پەرىشتىلەر تەرىپىدىن يەتتە قېتىم دۇنيانى ئايلاندۇرۇلۇپ ھالاك قىلىنغان. بىز ئادەم ۋە ھەۋۋادىن قابىلدەك لەنتى ئەبلەخ ئاپىرىدە بولغان دەپلا بىر تەرەپلىمە قارىيالمايمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللانىڭ ھەيۋىتىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە شىش دۇنياغا كەلگەن. ئادەمنىڭ ھالال پۇشتىدىن تۆرەلگەن بۇ نارەسىدە باشقا پەرزەنتلىرىدىن تېزرەك چوڭ بولغان ھەم ئۇنىڭ مىجەزى ساغلام، خۇشخۇي، مۇلايىم بولغان. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئادەملەر جەمەتىنى ھاملە قىلىشنىڭ پېشۋالىرى بولۇپ قالغان. شىشتىن ئەنۇەش، ئەنۇەشتىن قەينان، قەيناندىن مەھلائىل، مەھلائىلدىن ئىدرىس، ئىدرىستىن ئىككىنچى قېتىملىق ھاياتلىقنىڭ نىجاتكارى نوھ ئاپىرىدە بولغان. نوھنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى زامان ھايات مۇساپىسىدىكى سۇ بۆلگۈچ ۋەقە بولۇپ قالغان. چۈنكى، ئۇنىڭ دەۋرىدە ئادەملەر شۇنداق كۆپەيگەن ئىدىكى، بىر مەملىكەتتىن يەنە بىر مەملىكەتكە تۇتاش ئۆيلەرنىڭ تېمىنىڭ ئۈستىدە مېڭىپ بارغىلى بولغان. يەر يۈزىدە بوغداي تېرىشقا يەر بولماي، تاغلارغا تېرىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەر مەئىشەت ۋە ئىمانىي كامىللىققا قانائەت قىلماي، بىدئەتلىك بىلەن شۇغۇللانغاچقا، دۇنيا توپان بالاسىغا دۇچار

www.uyghurkitap.com

بولغاندا، ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن نوھ كېمە ياساپ، ھايات نەمۇنىلىرىنى قوغداپ، ھاياتلىقنى ساقلاپ قېلىشقا ۋاستىچى بولۇپ قالغان. نوھ ھام، سام ۋە ياپەس دېگەن ئۈچ ئىبسىل زاتنىڭ مۆھتەرەم ئاتىسى سۈپىتىدە تونۇلغان. بۇ كىشىلەر كۆز ئېچىپ دۇنيادا ئىرق پەيدا قىلغان، چېگرا ئاجرىتىپ مەملىكەتلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغان، زۇۋانلىرى خىلمۇخىللاشقان. شۇنىڭدىن باشلاپ دۇنيادىن ھۇد، سالىھ، ئىبراھىم، ئىسمائىل قاتارلىق 27 پەيغەمبەر ئۆتكەن (كىتابتا جەمئىي 31 پەيغەمبەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان)، ئادەم ۋە ھەۋۋا ئاللا تەرىپىدىن يارىتىلغان، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مەۋھۇم. ئەمما، ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەر ئىنسانىي نەسەبلىك تارىخقا ئىگە. ماتېرىيالىستىك دۇنياقاراشقا ئاساسلانغاندا، دىن ۋە دىنىي دۇنيا كىشىلىك تۇرمۇشتىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان ئالاھىدە ئىجتىمائىي ھادىسە. شۇ سەۋەبلىك، پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى كىشىلەر قىياپەتلىرى بىلەن ئوخشاش. ئۇلارمۇ مۇھەببەت باغلايدۇ، تۇرمۇش قۇرىدۇ. جاپا ـ مۇشەققەتلىك دەقىقىلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ھۈنەر، ئەمگەك، ئۇرۇش قىلىدۇ. كىتاب ئوقۇيدۇ، بىلىم ئىگىلەيدۇ. ئىلىم مۇتالىئە قىلىدۇ. ئۇلار ئىبسىل ئىنسانىي پەزىلەتلەرگىمۇ ئىگە. غېرىب ـ بىچارىلەرگە خەيرخاھلىق قىلىدۇ. ئادالەت، ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، زوراۋانلاردىن قورقمايدۇ، مۇشتۇمزورلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشنى ئۆزىنىڭ دائىملىق كەسپىنىڭ بىرى قىلىدۇ.

قىسسەدە يەنە پەيغەمبەرلەردەك ئىززەتلىك ئورۇندا تۇرىدىغان بۈۋى مەريەم، شەمئۇن، فولس، ئىسكەندەر، ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى، ئىمام ھەسەن، ئىمام ھۈسەيىن قاتارلىق زاتلار، ھارۇت ـ مارۇت ۋەقەلىرى (ھارۇت ـ مارۇت ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن يەر يۈزىگە چۈشكەن ئىككى پەرىشتە)، ئاجى ئىبنى ئۇنۇق ۋەقەلىرى، قوۋمى تۇببە ۋەقەلىرى، ئەسھابۇل ئۇخدۇت ۋەقەلىرى، ئەسھابۇلكەئف ۋەقەلىرى قاتارلىق مۇھىم ۋەقەلەر سۆزلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچە نۇرغۇن ماۋزۇ، ئېپىزوتلار بار.

## 4. سەئىدىددىن مۇھەممەد كاشغەرىي

سەئىدىددىن مۇھەممەد كاشغەرىي (14 — 15 - ئەسىرلەر) تۈركىي تىللىق خەلقلەر بىلەن پارس تىللىق خەلقلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان كاشغەرلىك ئالىم، مۇتەپەككۇر ۋە شائىر مەۋلانا سەئىدىددىن كاشغەرىي (سەئىدىددىن مۇھەممەد كاشغەرىي، سەئىدۇلھەق ۋەددىنى كاشغەرىي[1]، سەد ئەل - دىن مۇھەممەد ئەل كەشغەرىي[3][2]) ھىجرىيە 1178 - يىلى (مىلادىيە 1377 - يىلى) كاشغەردە ئۇلۇغلار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرى كاشغەر ئاھالىسىنىڭ ئىنتايىن ئازاب - ئوقۇبەتلىك يىللىرىغا توغرا كەلگەن، يەنى 1369 - يىلى ئەمىر تۆمۈر (ئاقساق تۆمۈر) قەمەرىددىن كاشغەردە توپىلاڭ قوزغاپ، بەشبالىق خانلىقىنىڭ خانى تۇغلۇق تۆمۈرخان (1330 — 1363) ئەۋلادى ۋە ئۇنى ياقلايدىغان ھەرقايسى تەبىقە ئادەملىرىنى قىرغىن قىلىپ قانغا بويىغان، ئۇنىڭ كەينىدىنلا يەنى مىلادىيە 1375 - يىلى ئەمىر تۆمۈر قەمەرىددىن بىلەن بولغان ئۇرۇشتا كاشغەر شەھىرىنى تامامەن خاراب قىلىۋەتكەن. نەتىجىدە كاشغەر خەلقى، جۈملىدىن سەئىدىددىن كاشغەرىينىڭ ئائىلىسى ئۆزىنىڭ سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى باشلىغان. بۇلار پەرغانە، خوجەنت، سەمەرقەنت شەھەرلىرىدە ئەڭ ئېچىنىشلىق ۋە جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. ئاخىر بۇ جايلاردىمۇ تىنىم تاپالماي،

---

[1] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، 923 - بەتلەر. مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 - يىلى نەشرى.

[2] جاڭ ۋېندې: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوپىزم تارىخى» (张文德著«中亚苏菲主义史»)، 128 - بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 2002 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[3] يەنە بەزى ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنىدىغان سەئىدۇل مىللەت ۋەلەدىل كاشغەرىي ھەم سەئىدىددىن كاشغەرىي بىلەن بىر ئادەم بولسا كېرەك — ئاپتوردىن.

بۇخاراغا كۆچۈپ بارغان. بۇ چاغدا سەئدىددىن كاشغەري بالاغەتكە يەتكەن بىر يىگىت بولۇپ قالغان. ئۇ بۇخارادا باھائىددىن نەقشىبەندى (مىلادىيە 1318 ـ 1389 ـ يىللار) مۇدەررىسلىك قىلغان بۇخارا مەدرىسەسىگە ئوقۇشقا كىرگەن ۋە ئوقۇش جەريانىدا ناھايىتى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، خوجا باھائىددىن نەقشىبەندىنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىنتايىن سادىق مۇرىتىغا ئايلانغان. خوجا باھائىددىن نەقشىبەندى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ جايدىكى شەيخلىرىنىڭ ھەسەتخورلۇقى تۈپەيلىدىن خۇراسان ئۆلكىسىگە بېرىپ، بەلخ، ھىرات قاتارلىق جايلاردا رەسمىي تەسەۋۋۇپ يولىغا كىرگەن، شۇنداقلا مەۋلانا نىزامىددىن خامۇش ۋە جالالىددىن ئەبۇ يەزىد بۇرابى قاتارلىق تەسەۋۋۇپ پىرلىرىدىن داۋاملىق تەسەۋۋۇپچىلىقنى ئۆگەنگەن. شۇنداق قىلىپ تەسەۋۋۇپ ئۆلىمالىرىنىڭ ئىچىدە زور شۆھرەت قازانغان ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ھىراتتا تۇرۇپ قالغان[1]. ھىجرىيە 860 ـ (مىلادىيە 1456 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ) يىلى 82 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ جەسىتى ھىراتنىڭ ھىيابان دېگەن يېرىگە دەپنە قىلىنغان[2].

يەنە بەزى ماتېرىياللاردا سەئدىددىن كاشغەرىينىڭ قىيىن شارائىتتىمۇ كاشغەردە تۇرۇپ، يىگىتلىك چاغلىرىدا مەدرىسەدە ئوقۇغانلىقى، بۇ يەردە ئەرەب، پارس تىللىرىنى، ئىسلام كالامىزمىنى، ئەرەبىي، پارسىي، تۈركىي ئەدەبىياتىنى ۋە باشقا شۇ چاغلاردا مەدرىسەدە ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بولغان تەبىئىي، ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنى پىششىق ئىگىلەپ، زامانىسىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان ئەللامەسىگە ئايلىنىپ بولغانلىقى قەيت قىلىنغان[3]. كېيىن، ئىچكى نىزا بەك كۈچىيىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن

---

[1] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» 923 ـ ، 924 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىلى نەشرى.

[2] لىۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 ـ قىسىم، 608 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشرى.

[3] مەھمۇد زەيدى: «سەئدىددىن كاشغەري»، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1992 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى سانى.

ئائىلىسى بىلەن سەمەرقەنتكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان[1].

«تارىخى رەشىدىي»دە يېزىلىشىچە: «ھەزرىتى مەۋلانا سەئىدىددىن كاشغەريي كاشغەر ۋىلايىتى ئۇلۇغلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەبىقلىرى ئىچىدە تەقۋادار ئالىملار ۋە سالىھ ئەۋلىيالار بار......» بولغان، «مەۋلانا سەئىدىددىن كاشغەرىينىڭ تەبىقلىرى ئىچىدە...... ئۇلۇغ زاتلار بار ئىدى»، «مەۋلانا (سەئىدىددىن كاشغەريي) ياشلىق ۋاقىتلىرىدا كاشغەردىن چىققانىدى. مەۋلانا مۇھەممەد ئەتتار مەشھۇر ئالىملاردىن بولۇپ، ئۇلۇغبەگ مىرزىنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. ئۇ زاتمۇ كاشغەرلىك. مەۋلانا مۇھەممەد ئەتتار مۇنداق دېگەن: «مەۋلانا سەئىدىددىن بىلەن ئىككىمىز بىر شەھەردىن بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، بىز سەمەرقەنتتە ھەمىشە بىر-بىرىمىزگە ھەمراھ بولۇپ بىللە ئىلىم تەھسىل قىلاتتۇق. كۆپىنچە قىرائەت كىتابلىرىنى بىللە ئۆتكۈزۈشكەندۇق. دائىم ھەمسۆھبەت بولۇپ تۇراتتۇق.»[2] مەۋلانا سەئىدىددىن كاشغەريي خۇراساندا سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا (1438 — 1505) مىرزا سالدۇرغان «مەلىكان مەدرىسەسى»دە مۇدەررىسلىك قىلىپ نۇرغۇن ئەللامەلەرنى يېتىشتۈرگەن ھەم تەسىرى چوڭقۇر بولغان، ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن مەۋلانا ئابدۇرەھمان جامى، مەۋلانا ئۇلائىددىن، مەۋلانا شەمسىددىن رۇمى قاتارلىقلار خۇراسان ئىلىم ئەھلى ئىچىدە ئۇلۇغلۇقتا ۋە ئالىمخانلىقتا ئەھلى ئىلىم ئېتىراپ قىلغانلار بولۇپ تونۇلغان[3].

«تەزكىرەتۇ - شۇئەرا»تا يېزىلىشىچە: «مەۋلانا [نۇرىددىن ئابدۇرەھمان جامى]نىڭ ئەسلىي تۇغۇلغان جايى جام ۋىلايىتى

---

[1] غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە»، 304 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىلى نەشرى.

[2] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي» (مەمەتتۇردى مىرزائەخمەت تەييارلىغان) 402 -، 403 بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 - يىلى نەشرى: بۇنىڭغا ئوخشاش مەزمۇن مەۋلانا نۇرىددىن ئابدۇرەھمان جامى ئۆزى يازغان «نەبھاتۇلئۇنس» ناملىق ئەسەردىمۇ قەيت قىلىنغان. بۇ ھەقتە ھاجى نۇرھاجىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 - يىلى 6 - سان، 60 - بەت) ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن.

[3] ھاجى نۇرھاجى: «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 - يىلى 6 - سان، 60 - بەت.

www.uyghurkitap.com

خارجىرد يېزىسى بولۇپ، ئۆسكەن ۋە هايات كەچۈرگەن يېرى پايتەخت هىراتتۇر. ئۇ دەسلەپ ئىلىم، ئەدەپ ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولدى. بارا - بارا زامان ئالىملىرىنىڭ يېتەكچىسىگە ئايلاندى. تەبىئىتىدە ئىلىم ۋە پەزىلىتىنىڭ يەنىمۇ يۇقىرىراق دەرىجىدە كۆتۈرۈلۈشىنى ئىستىدى. [شۇنىڭ ئۈچۈن] تالىپلىق دەردى ئالىي هىممەتلىك ئېتىكىدىن تۇتتى. مۇرىتلىق قولىنى مەرىپەت ئىگىسى، شەيخۇلئىسلام، هەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر قىبلىگاهى...... شەيخلەر شەيخى، ئۇلۇغ خاجە باهائىددىن نەقشىبەندى جانابلىرىنىڭ...... مۇرىت ۋە خەلىپىلىرىدىن سەيىد سەئىددىن مۇهەممەد كاشغەرىيگە بەردى. مەۋلانا [ئابدۇراخمان جامى] بىرمۇنچە ۋاقىت مەۋلانا سەئىددىن [كاشغەرىينىڭ] هۇزۇرىدا تۈرلۈك ۋە مۇناسىپ خىزمەتلەرنى قىلدى. رىيازەت، مۇجاهىتلىق، پېقىرلىق سۈلۈكىدىن كۆپ مەرتىۋە هاسىل قىلدى. ئۇ بۇزرۇكۋارنىڭ مۇبارەك خىزمەتلىرىنىڭ بەرىكىتى بىلەن مەۋلانا تەسەۋۋۇپتا ئالىي مەرتىۋىگە ئېرىشتى...... مەۋلانا سەئىددىن كاشغەرىيدىن كېيىن، مىللەت ۋە دىن نۇرى مەۋلانا ئابدۇرەهمان جامى ئۇنىڭ هەقىقىي ئورۇنباسارى، تەرىقەت كۆرسىتىشنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى......»[1] دېمەك، «ئابدۇرەهمان جامى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد شەيخى سەئىددىن مۇهەممەد كاشغەرىينىڭ يېتەكچىلىكىدە سوپىزملىق سۈلۈكىنى تەتقىق قىلىپ، مەزكۇر مەزهەپنىڭ سادىق مۇرىتى ۋە مەشهۇر ئۆلىماسىغا ئايلانغان هەم ئۇنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن»[2]. يەنى هىراتتا ئاساسەن نەقشىبەندىيە سوپىزمىنىڭ جەمئىيىتىگە رەهبەرلىك قىلغان بۇ كىشىگە مەشهۇر ئابدۇرەهمان جامى مۇرىتى، كېيىن ئۇنىڭغا كۈيئوغۇل بولغان[3].

---

[1] دەۋلەتشاھ سەمەرقەنتى: «تەزكىرەتۇ - شۇئەرا»دىن پارچە (يۈسۈپ ئىگەمبەردى تەييارلىغان)، «بۇلاق ژۇرنىلى 2009 - يىلى 6 - سان 44 - بەت.

[2] «جۇڭگو ئىسلام قامۇسى» («جۇڭگو ئىسلام قامۇسى»نى تۈزۈش هەيئىتى تۈزگەن)، 255 - بەت، سىچۈەن قامۇس نەشرىياتى 1994 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[3] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى يېزىش هەيئىتى تەرىپىدىن يېزىلغان، 55 - بەت، ئالمۇتا، قازاقىستان پەن نەشرىياتى 1983 - يىلى نەشرى.

مەۋلانا سەئىددىن كاشغەرىي ئۆمرىدە ئەرەبىي، پارسىي بىلەن ئون نەچچە پارچە ئەسەر يازغان. يەنە ئەرەب تىلىدىن پارسىي ۋە تۈركىي تىلىغا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ ئىسلام پەلسەپىسى ۋە فىقھە - ھوقۇقشۇناسلىقىغا بېغىشلانغان «مىنىيەتۇل مۇسالللا ۋەغەينەتۇل مۇفتەدا»، «تۆھفەتۇل مۇسەللى، تەرجىمەئىي مەنىيەتۇل»[1] ، «كەلىمات خوجا باھائىددىن نەقشىبەندى»، «رىسائىي لەتائىف»، «ۋۇجۇدنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرى تەسىر قوزغىغان ئەسەرلەر قاتارىغا كىرگەن[2]. بەزى بىر مەنبەدە ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ 15 خىل نۇسخىسىدىن كۆپرەك قول يازمىسى تاشكەنتتىكى ۋەتەنپەرۋەر مۇھاجىر مەرھۇم مۇھەممەد زەئىيدىنىنىڭ شەخسىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىپ تۇرۇلغان[3].

سەئىددىن كاشغەرىينىڭ مەۋلانا سەككاكىي، ئۇبەيدۇللا لۇتفىي، ئەلىشىر نەۋايى قاتارلىقلارغا بولغان تەسىرىمۇ خېلى كۈچلۈك بولغان، جۈملىدىن ئەلىشىر نەۋايىنى «خەمسەتۇل مۇتەھەيىرىن» ناملىق كىتابىدا ئۇنى تەسەۋۋۇپنىڭ چوڭ ئەربابى سۈپىتىدە ئەسلەپ ئۆتۈپ مۇنداق بايان قىلغان: «ھەزرىتى قۇتبى تەرىقەت ۋە غەۋسى ھەقىقىي مەۋلانا سەئىددىن كاشغەرىيكىم، ‹نەقشىبەندىيە› خوجالەرى سىلسىلەسىنىڭ ئۇل زاماندا كامىل ۋە مۇكەممەل مۇرشىد ۋە خەلىفەسى ئەردى......»[4]

سەئىددىن كاشغەرىي جەمەتىدە ئالىم - ئۆلىمالار كۆپ بولغان. ئۇنىڭ دادىسى زەينىددىن كاشغەرىي (كاغىراقى) ئۆز زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق ئەللامەسى بولۇپ تونۇلغان. بۇ كىشىنىڭ ئەۋرىسى شەيخ

---

[1] بۇنىڭ پارس تىلىدىكى تەرجىمىسى 1896 - يىلى يېڭى دېھلىدا بېسىلغان.
[2] خەلچەم مۇھەممەد: «سەئىددىن كاشغەرىينىڭ ھاياتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 2007 - يىلى 3 - سان، 114 - بەت.
[3] مەھمۇد زەيدى: «سەئىددىن كاشغەرىي»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1992 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىكى سانى.
[4] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى يېزىش ھەيئىتى تەرىپىدىن يېزىلغان، 55 - بەت، قازاقىستان پەن نەشرىياتى 1983 - يىلى نەشرى.

www.uyghurkitap.com

ئالامىدىن پارس تىلىدا«مۇناقىپ خوجا زەيىنىدىن» ناملىق كىتاب يازغان. بۇ كىتابنى ئابدۇئەلى سەرمەنى (كاشغەرىي) 1797 - يىلى كاشغەر ئۇيغۇر تىلى شېۋىسىگە تەرجىمە قىلغان. سەئىدىيەدىن كاشغەرىينىڭ نەۋرىسى مەۋلانا مىرفازىل پارس تىلىدا «سىررەل ئەسرار» ناملىق كىتاب يازغان بولۇپ، بۇنىڭدا سوپىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ۋە تەرىقەت قائىدىلىرى شەرھلەنگەن.....

«تارىخى رەشىدىي» نىڭ يېزىلىشىچە، سەئىدىددىن كاشغەرىي جەمەتىدىن شەيخ ھەبىب دېگەن كاتتا بىر زات يېتىشىپ چىقىپ، زامانداشلىرى ئارىسىدا ئەۋلىيالىق مۇقامىغا يەتكەن دەپ چوقۇنۇلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىتابتا ئۇنىڭ ئەۋلىيالىق ھەرىكىتىدىن بىر مىسال كەلتۈرۈلگەن. شەيخ ھەبىب شەيخ سەيىد كارىزگەرنىڭ مۇرىتى بولغان، شەيخ سەيىد كارىزگەر بولسا شەيخ مۇھىب مۇجەررەدنىڭ مۇرىتى بولغان. شەيخ ھەبىب بولسا ئەمىر سەيىد ئەھمەد بىلەن زامانداش بولغان. ئەمىر سەيىد ئەھمەد بولسا «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئاپتورى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ تۆتىنچى بوۋىسى ھېسابلانغان[①].

تەسەۋۋۇپ (سوپىزم) ئىسلام دىنىدىكى مۇرەككەپ بىر دىنىي پەلسەپىۋى ئېقىم بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا شەكىللىنىشكە باشلىغان ۋە ئىسلام دىنىنىڭ باشقا ئەللەرگە تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىسلام دىنى تارقالغان رايونلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئىلگىرى - كېيىن يېتىپ بارغان ھەم شۇ ئەل ۋە رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭىمۇ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى مۇسۇلمان شەرقىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىي ھاياتىنىڭ ھەرقايسى ساھە ۋە قاتلاملىرىدا تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرى ياكى ئۇنىڭ ئىزلىرى روشەن كۆرۈنۈپ، تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەب

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي» (مەمەتتۇردى مىرزائەخمەت تەييارلىغان)، 402 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 - يىلى نەشرى.

خەلىپىلىكى ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتىدا يۈز بېرىۋاتقان تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر، زىددىيەتلەر بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشلىق ئىدى.

ئىسلام دىنىنى سىرتقا كېڭەيتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان جىھاتلاردا بويسۇندۇرۇلغان ئەللەردىن ئېلىپ كېلىنگەن تۈرلۈك ماددىي بايلىقنىڭ ئېشىپ بېرىشى بىلەن ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر ھەمدە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئۇلجا ئۈلىشىپ، بارا - بارا ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا بېرىلىشكە باشلىغانىدى.

ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي ھاياتىدا بولسا ھوقۇق ۋە ئۈستۈنلۈك تالىشىش مەقسەت قىلىنغان تۈرلۈك ئىچكى نىزالار، سۇيىقەستلەر كۆپىيىشكە باشلىغان. ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىدىغىنى دىنىي ئىشلار ئەمەس، بەلكى دۇنياۋى (سىياسىي) ئىشلار بولۇپ، دىنىي ئىشلار ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانىدى.

ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىپ تېخى ئۇزاق ئۆتمەيلا يۈز بېرىشكە باشلىغان بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ئېتىقادى كۈچلۈك بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئاددىي خەلقنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتمەسلىكى، شۇڭا ئاۋام خەلق ئارىسىدا بۇ ئۆزگىرىشلەرگە نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدە نارازىلىق، قارشىلىق خاھىشى تۇغۇلۇشى، بۇ خىل كەيپىياتقا خاتىمە بېرىش ئىستىكى ئويغىنىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن نارازى بولغان، ئېتىقادىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە مۇخالىپ كېلىدىغان ئىشلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، دىنىي ھايات ئىچىدە ياشاش ئىستىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر بۇنداق بۇزۇقچىلىقلار بىلەن تولغان جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ، خىلۋەتلەرگە جايلىشىپ تاۋاپ - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن ئىبارەت زاھىتلىق يولىغا ماڭدى. مانا بۇ تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى باشلىنىشى بولغان زاھىتلىقنىڭ مەيدانغا

كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش. دېمەك، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ تەركىدۇنيا بولۇپ، زاھىتلىق يولىغا مېڭىشى ئاددىي خەلقنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىققا بولغان نارازىلىقىنىڭ، قارشىلىقىنىڭ پاسسىپ ھالدا ئىپادىلىنىشى ئىدى. گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق پاسسىپ شەكىلدە بولسىمۇ رېئاللىققا، فېئوداللىق زۇلۇمغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى. شۇڭا، بۇ ھەقتىكى ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرىدە تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى زاھىتلىقنى گەرچە رېئاللىققا بولغان نارازىلىقنىڭ پاسسىپ ھالدىكى ئىپادىسى بولسىمۇ، لېكىن شۇ تارىخىي مۇھىتقا نىسبەتەن يەنىلا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ، دەپ قەيت قىلىنىدۇ[1].

مانا مۇشۇنداق ئۇزۇن زامانىسىنىڭ ئىلغار ئىدېئولوگىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تەسەۋۋۇپتىن ئىبارەت ئىدىيەۋى ئېقىمنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم ھەسسە قوشقان سەئىدىدىن كاشغەرىي پۈتۈن ھاياتىنى ئىلىم - پەن ئىشلىرى ئۈچۈن، مەنىۋى ئىجادىيەت ئۈچۈن، ئىنسانىيەتنىڭ روھىي كامىللىقى ئۈچۈن بېغىشلاپ، نۇرغۇن مۇنەۋۋەر شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئىلمىي نەزەرىيەۋى ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دىن تارىخى، ئىدېئولوگىيە تارىخى ۋە باشقا پەن تارىخىنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

## 5. سەككاكىي

سەككاكىي 15 - ئەسىردە ياشىغان ئەدىب. ئۇ چاغاتاي تىل - ئەدەبىياتى ئۇسلۇبىدا يېزىلغان ئەدەبىياتنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ ھەم ئۇ مەنبەلەردە مەۋلانا سەككاكىي نامى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىيات ساھەسىدە شۆھرەتلىك ئورۇندا تۇرۇپ

---

[1] «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە - ئىدىيە تارىخىدىن ئوچېركلار» (زارىف دولات باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002 - يىلى نەشرى، 318 -، 322 - بەتلەر.

كەلگەن. سەككاكىي ھەققىدە ئەلىشىر نەۋايى «مەجالىسۇننەفائىس»، «مۇھاكەمەتۇللۇغەتەين»، «بەدايىئۇل بىدايە دىباچىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتكەن، جۇملىدىن ئۇنى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ماھىرلىرىدىن بىرى» دەپ تەرىپلەش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ياشىغان رايونلارغا كەڭ تارقىلىپ زور شۆھرەت قازانغانلىقىنى، سەمەرقەنتتە ياشىغانلىقىنى، سەمەرقەنت خەلقى ئارىسىدا ئۇنىڭ نوپۇزىنىڭ ناھايىتى زورلۇقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. «مەجالىسۇننەفائىس»نىڭ ئىككىنچى مەجلىسىدە سەككاكىينى ئۆزىنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق مەزگىلىدە كۆرۈشكەن ۋە سۆھبەتتىگە ئېرىشكەن جامائەت قاتارىدا بايان قىلىدۇ ھەم قەبرىسىنىڭ ماۋارەئۇننەھر تەرەپتە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن.

ئەدەبىياتشۇناس، پىروفېسسور ئىمىن تۇرسۇن مەۋلانا سەككاكىينىڭ ئەجدادلىرى توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بارغىنىدا، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ياركەند (يەكەن)نىڭ سەككىچى (پىچاقچى مەنىسىدە، ھازىر پەكچى دەپ ئۆزگەرتىلگەن) يېزىسىدىن كۆچۈپ، دەسلەپ خارەزمدە، كېيىن ئالمالىق ھەم سەمەرقەنتتە ياشىغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن[1]. بۇ ئەھۋاللار كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتىدۇ، ئەلۋەتتە.

## 6. ئۇبەيدۇللا لۇتفىي

لۇتفىي (1336 — 1465) 15 - ئەسىردە ياشاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. تۆمۈرىيە خانىدانلىقى (1370 — 1507) نىڭ خۇراسان رايونىدا ئۇيغۇر - تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىن كېيىنكى گۈللىنىشىدە باشلامچى بولغان. ئۇيغۇر داستانچىلىقىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن ئەلىشىر

[1] ئىمىن تۇرسۇن: «نەۋايىنىڭ ئەسلىي نەسەبى»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى، 1998 - يىلى 1 - سان، 27 - ، 28 - بەتلەر.

نەۋايى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان شائىر. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتىدا «لۇتفىي» (ياخشىلىق قىلغۇچى، ياردەم بەرگۈچى) تەخەللۇسى بىلەن پۈتكۈل مەركىزىي ئوتتۇرا ئاسىيادا شۆھرەت قازانغان.

تارىخچى لىيۇ زىشياۋ «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازغان: «لۇتفىينىڭ تولۇق ئىسمى ئۇبەيدۇللا لۇتفىي بولۇپ، ئۇنىڭ ئانا يۇرتى كاشغەر. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يىللىرى ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ ھىرات شەھىرىدە ئۆتكەن. لۇتفىينىڭ كۆچۈپ يۈرۈش جەريانى مەلۇم مەنىدە شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ......

ئۇ كىشىلەرگە مول ۋە زور مەنىۋى مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ مەنىۋى مىراسلارنىڭ بىر قىسمى ئۇنىڭ پۈتۈن زېھنى بىلەن مۇتەپەككۇر ئابدۇرەھمان جامى (مەشھۇر تاجىك شائىرى) ۋە پەيلاسوپ نەۋايىغا ئوخشاش ئەدەبىيات سەركەردىلىرىنى يېتىشتۈرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ مەنىۋى مىراسلارنىڭ يەنە بىر قىسمى ئۇنىڭ چاغاتاي تىلىدا ناھايىتى مول ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئەرەب ۋە پارس مەدەنىيىتى راسا يامراپ كېتىۋاتقان ئاشۇ زاماندا ۋە ئاشۇ رايوندا چاغاتاي تىلىدا ئەسەر يېزىشنىڭ شانلىق ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەرگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.[1]»

ئۇنىڭ «دىۋانى لۇتفىي»، «گۈل ۋە بۇلبۇل»[2] قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

---

[1] لىيۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 - كىتاب، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىلى نەشرى، 601 -، 602 - بەتلەر.

[2] «گۈل ۋە بۇلبۇل» ئىلگىرى لۇتفىنىڭ خاس ئەسىرى دەپ قاراپ كېلىنگەن. تۈركىيەلىك گۈناي قارا ئاغاچ «لۇتفى دىۋانى» (ئەنقەرە 1997 - يىلى نەشرى) ناملىق كىتابىدا ئۇنىڭ ئەسلى جالالىددىن تەبىب تەرىپىدىن ھىجرىيە 734 - (مىلادىيە 1333) يىلى پارس تىلى بىلەن يېزىلغانلىقىنى، لۇتفىنىڭ شىراز ئەمىرى ئىسكەندەر مىرزىنىڭ نامىغا بېغىشلاپ تەرجىمە قىلىپ چىققانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن. بۇ نۇقتىغا بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىنىدۇ ــ ئاپتوردىن.

# تۆتىنچى باب
# ياركەند سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

## 1. ياركەند سەئىدىيە خانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتى

1514 - يىلىدىن 1680 - يىلىغىچە بولغان بىر يېرىم ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە ياركەندنى مەركەز قىلىپ، شەرقتە قۇمۇلدىن غەربتە پامىر ئېگىزلىكىگىچە، جەنۇبتا تىبەت چېگراسىدىن شىمالدا تەڭرىتاغقىچە سوزۇلغان چوڭ خانلىق تىكلەندى. بۇ مەشھۇر ياركەند سەئىدىيە خانلىقى ئىدى.

ياركەند سەئىدىيە خانلىقى سەئىدخان تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ، ئىسمائىلخان ئەسىرگە ئېلىنغانغا قەدەر جەمئىي ئالتە ئەۋلاد 11 خانلىق دەۋرىنى باشتىن كۆچۈرۈپ، 165 يىل داۋاملاشتى.

ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىخىدا سەئىد ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىد، نەۋرىسى ئابدۇكېرىم ۋە سۇلتان مەھمۇد جەسۇر ئىستېداتلىق، سىياسىي جەھەتتە تەرەققىيپەرۋەر ۋە تۆھپىكار چوڭ خانلار ئىدى، شۇنداقلا ياركەند خانلىقىنى قۇرغان ۋە قۇدرەت تاپتۇرغان ھۆكۈمرانلار ئىدى.

ياركەند سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتى غايەت زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن، بولۇپمۇ يازما ئەسەرلەر، مۇزىكا باشقا ھەرقانداق دەۋرىدىكىدىن كۆپ بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى مەدەنىيەت ۋە سەنئىتىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

«ئون ئىككى مۇقام» نى رەتلەپ چىقىش ياركەند سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى مۇھىم مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ

ھېسابلىنىدۇ. «مۇقام» نى رەتلەپ چىقىش ئىشى ئەڭ بۇرۇن ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد خانى ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلغان.

ياركەند سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، يۈسۈپ قىدىرخان، ئامانىيساخانغا ئوخشاش ئەدىبلەردىن باشقا يەنە ئايازى، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر، شاھ مەھمۇد چوراس، ئەمىرى، مۇھەممەد ئەمىن ھىرقەتىي قاتارلىق ئەدەبىيات نامايەندىلىرى، شۇنداقلا مىرزا مىرەك چالىشى، ئاخۇن خوجا، مەۋلانا خۇلقى، ئاخۇند موللا رەئدى، خوجا ئابدۇرازاق، دوستى ياركەندىي، زۇلەيخا بېگىم قاتارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەرباپلىرى، ئالىم - تارىخشۇناسلار ئۆتكەن. مەۋلانا خۇلقى، مىرزا مىرەك چالىشى ۋە ئاخۇند موللا رەئدى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ناھايىتى ئاز ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىمۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس. مەۋلانا خۇلقى ھەققىدە «چىڭگىزنامە» («تارىخى كاشغەر»)دە «تالىبۇلئىلىم، خوب شېئىر نەغىز ئېيتۇر ئىدى» دېيىلىدۇ[1]. مىرزا مىرەك چالىشى («زىبرەك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ھەققىدە بولسا «مىرزا زىبرەك دەپ ئەزىز بار ئىدى. چالىشىدا بىر كىمەرسە سەھەر ۋەقتىدە رۇخسارە گۇل ئەيتتى، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى» دەپ ئۇنىڭ تۆۋەندىكى بىر بېيىتى بېرىلىدۇ:

«قارالاسام كۆرۈنمەيدۇر دۇنيانىڭ ئۇچى،
بۇ دۇنيا بىر كوھنە رەبات، بىر يول ئۆتكۈچى. »[2]

«تارىخى رەشىدىي» (زەيلى) دە مىرزا مىرەك چالىشىنىڭ ئىسىم - شەرىپى بىرقانچە يەردە تىلغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭ «ئۇلۇغ كىشى ئىكەنلىكى»، ئابدۇكېرىم خاننىڭ مىرزا مىرەككە

---

[1] موللا مىرسالىھ كاشغەرىي: «چىڭگىزنامە»، 90 - ۋە 112 - بەتلەر.
[2] موللا مىرسالىھ كاشغەرىي: «چىڭگىزنامە»، 90 - ۋە 112 - بەتلەر.

«ئېتىقادلىق ۋە ئىخلاسلىق» ئىكەنلىكى قەيت قىلىپ ئۆتۈلىدۇ[1].

«تارىخى شاھ مەھمۇد چوراس» نىڭ موللا ئىۋەز ئوغلى دوست قۇلى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن يەنە بىر نۇسخىدا (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 - يىلى بۇ نۇسخىنى «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلدى) ئابدۇللېتىپخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە (مىلادىيە 1618/19 — 1630/31 - يىللار) پازىل كىشىلەرنىڭ خان نامىدا توپلاملارنى تۈزگەنلىكى، شائىرلارنىڭ شېئىرلار يازغانلىقى ئېيتىپ ئۆتۈلۈپ، ئاخۇن خوجا نەسىر ئىسىملىك شائىرنىڭ بىر رۇبائىيسى بېرىلىدۇ[2].

«چىڭگىزنامە» دە بولسا ئابدۇكېرىمخان خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندا شائىرلارنىڭ شاھ شەنىگە قەسىدىلەر ئوقۇغانلىقى، ئاخۇند موللا رەئىدىنىڭ ئەينى دەۋردە «مەلىكۇش شۇئەرا» (شائىرلار شاھى) ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلىدۇ. «تارىخى[3] شاھ مەھمۇد چوراس» تا شائىر خوجا ئابدۇراززاقنىڭ بەدەخشاندىن ئابدۇللېتىپ خانغا ئەۋەتكەن مۇنۇ رۇبائىيسى بېرىلىدۇ:

«بۇلبۇل قەپەستە ئەسىر، قاغىلار باغدا،
كېيىك ياقا - پۇچقاقتا، ئىتلار ھويلىدا.
سۇمۇرغ دېگەن قۇش غېرىب، سار ۋەتەندە،
مەن سەرگەردان، ياتلار يار ئالدىدا.»[4]

بەزى ماتېرىياللاردا يەنە خوجا ئابدۇراززاقنىڭ «غەزەلىيات شاھ خوجا ئابدۇرازراق» ناملىق ئەسىرىنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلىدۇ[5].

---

[1] شاھ مەھمۇد چوراس: «تارىخى رەشىدي (زەيلى» (شاپىگراف نۇسخا)، 85 -، 91 - بەتلەر.
[2] «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 106 - بەت.
[3] موللا مىرسالىھ كاشغەري: «چىڭگىزنامە»، 113 - بەت.
[4] «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 107 - بەت.
[5] ئىمىنجان ئەھمىدى، غەيرەتجان ئوسمان، مۇھەممەتتۇردى مىرزائەخمەت، ئەسئەت سۇلايمان، ھېبىبۇللا ئابدۇسالام: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (2)، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 - يىلى نەشرى، 471 - بەت.

## 2. سۇلتان سەئىدخان

سەئىدى ــ ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ غەزەللىرىدە قوللانغان تەخەللۇسى. سۇلتان سەئىدخان ھىجرىيە 892 - يىلى (مىلادىيە 1478 - يىلى) موغۇلىستاندا تۇغۇلغان. سەئىدخان[1] تۇغۇلغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ دادىسى ئەھمەدخان ئاقسۇ دەرياسىدىن قومۇلنىڭ شەرقىغىچە بولغان جايلارنى ئىگىلەپ تۇرغانىدى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرلىرى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ تەخت تالىشىش ئۈچۈن قوزغىغان سۈيىقەستلىك جەڭگى - جېدەللىرى ئىچىدە ئۆتتى. ھىجرىيە 915 - يىلى (مىلادىيە 1508 ــ 1509 - يىللار) ئۇ بوۋىسى يۇنۇسخاننىڭ قىزلىرىدىن تۇغۇلغان نەۋرە تۇغقىنى، ھىندىستاندا بۈيۈك موغۇل ئىمپېرىيەسىنى قۇرغان زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ قېشىدا تۇرۇپ تەربىيە ئالدى. سەئىدخان مىلادىيە 1512 - يىلىنىڭ بېشىدا ئەنجانغا بېرىپ، تالاس، نارىن، ئىلى دەرياسى بويلىرى، ئىسسىقكۆل ئەتراپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەرغانە ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا خان بولدى ۋە ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي كاشغەردىكى ئابابەكرى مىرزىنى مەغلۇپ قىلىپ، كاشغەر سۇلتانلىقىنى قۇردى. كېيىن، خانلىق مەركىزىنىڭ ياركەندكە يۆتكىلىشى بىلەن بۇ سۇلتانلىق «ياركەند خانلىقى» دەپ ئاتالدى.

سۇلتان سەئىدخان مەرىپەتپەرۋەر، ئەخلاق - پەزىلىتى ياخشى، ئەلەمگىمۇ، قەلەمگىمۇ ماھىر، مۇزىكا بابىدا يېتىشكەن كىشى بولۇپلا قالماي، بەلكى شائىرلىق تالانتىغىمۇ ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ خانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، زور نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ شائىرلىق ئىقتىدارى ۋە ئۇيغۇر،

---

[1] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي»، 2 - قىسىم، 432 - بەت.

پارس تىللىرىدا نۇرغۇن ئۆلگىلىك شېئىرلارنى يازغانلىقى ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىدىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگىنى پەقەت شاھ مەھمۇد چوراس تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى رەشىدىي (زەيلى)» گە خاتىرىلەپ قويۇلغان ئىككى پارچە شېئىرىدىن ئىبارەت. غەزەل شەكلىدە يېزىلغان بۇ شېئىرلارنىڭ بىرىنچىسىدە ئۇ ھۆر-پەرىلەرنى ئەمەس، بەلكى رېئال ھاياتتىكى قىزلارنىڭ گۈزەللىكىنى مەدھىيىلەيدۇ. شائىرغا جەننەت ھۆرلىرى ئەمەس، بەلكى مامات بولغان جىسمىنى شېرىن سۆزى بىلەن تىرىلدۈرىدىغان ھەقىقىي گۈزەللەر كېرەك. شائىرنىڭ رەمەل بەھرىدە يېزىلغان تۆۋەندىكى غەزىلىدىن ئۇنىڭ شېئىرىي تەپەككۇرى ۋە بەدىئىي ماھارىتىنىڭ نەقەدەر ئۈستۈنلۈكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

«قايسى گۈلشەننىڭ يۈزۈڭدەك بىر گۈلى رەئناسى بار؟
قايسى گۈلنىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇل شەيداسى بار؟

ھۆر بىرلە جەننەتۇلمەئۋانى[1] كۆڭلۈم نەيلەسۇن،
يارنىڭ كويىدا يۈزمىڭ جەننەتۇلمەئۋاسى بار.

لەئلىدىن خەتتى[2] بۇدۇر ھەردەم تىرىكلىككە نىشان،
خۇش نىشانەدۇركى ئىككى قاشىدىن تۇغراسى[3] بار.

بىر سۈچۈك سۆز بىرلە ئۆلگەن جىسمىمە بەردىڭ ھايات،
لەئلى جان بەخشىڭدە[4] گوياكى مەسىھ ئەنفاسى[5] بار.

---

① جەننەتۇلمەئۋا — سەككىز جەننەتتىن بىرىنىڭ نامى.
② لەئلىدىن خەتتى — يارنىڭ ئىككى لېۋىدىن، ھەر تىنىقىدىن تىرىكلىككە نىشانلار بېرىلىدۇ.
③ تۇغرا — ھايات يولىنىڭ ماۋزۇسى (سەرلەۋھىسى).
④ جان بەخش — ئۆلۈككە جان بەرگۈچى نەپەس.
⑤ مەسىھ ئەنفا — ئەيسانىڭ دېمى (ئەيسا ئۆلۈككە دەم سالسا ئۆلۈك تىرىلەرمىش).

يۈزى ئۈزرە كاكۇلۇ زۇلفىن پەرىشان كۆرگەلى،
ئى سەئىد، ئاشۇفتە[1] كۆڭلۈمنىڭ ئەجەب سەۋداسى بار.»[2]

يەنە بىر جەھەتتىن شائىرنىڭ بۇ غەزىلىدىكى سىمۋوللۇق «يار» ئوبرازى ۋە «يار»غا بولغان چوڭقۇر سۆيگۈ - مۇھەببىتىنىڭ شائىرنىڭ ۋەتەن - ئەل سۆيگۈسى بىلەن زىچ بىرلىك ھاسىل قىلغانلىقىنى ھېس قىلىش مۇمكىن.
شائىرنىڭ ئىككىنچى غەزىلى:

«شۈكرى لىللاھ ھالەتىم زاھىر بولۇپدۇر يارغە،
ئەمدى يار ئالدىدا ئۆزنى كۆرسەتەي ئەغيارغە.
سەير ئۈچۈن كىرسە گۈلىستان ئىچىدە ئول سەۋرى رەۋان،
بەندە ئولسۇن سەۋرى ئازاد ئول قەدى رەفتارغە.
ناز ئىلە تا ئاتلانىپ شەھو ئىچرە سالدى راستەخىز،
جان بىلە بەردىم كۆڭۈل ئول دىلبەرى ئەييارغە.
دوستلار، ئەيب ئەتمەڭىز قان يىغلاسام مەن زارنى،
بەس كىلە ئالمام نىتەي بۇ دىيدەئى خۇنبارغە.
ئەي سەئىد، ئول ياردىن تاپدىڭ مۇرادىڭنى تەمام،
بارچەسى بولدى مۇيەسسەر، شۈكرى بىرۇبارغە.»[3]

(خۇداغا شۈكۈر، ئەھۋالىم يارغا مەلۇم بولۇپتۇ،
ئەمدى يار ئالدىدا ياتلارغا ئۆزۈمنى كۆرسىتەي.
ئۇ سەرۋى بويلۇق يار سەيلە ئۈچۈن گۈلىستانغا كىرسە،
سەرۋىمۇ ئۇنىڭ قامەت ۋە مېڭىشلىرىغا قۇل بولسۇن.

---

[1] ئاشۇفتە ــ پەرىشان.
[2] شاھ مەھمۇد چوراس: «تارىخى رەشىدىي (زەيلى)» (شاپىگراف نۇسخا)، 58 ــ 60 - بەتلەر.
[3] شاھ مەھمۇد چوراس: «تارىخى رەشىدىي (زەيلى)» (شاپىگراف نۇسخا)، 58 ــ 60 - بەتلەر.

ناز بىلەن ئاتلىنىپ چىقىپ، پۈتۈن شەھەرگە غۇۋغا سالدى،
مەن جانۇكۆڭلۈمنى ئاشۇ ئەييار دىلبەرگە بېرىۋەتتىم.
دوستلار، قان يىغلىسام، مەن بىچارىنى ئەيىب قىلماڭلار،
قانداق قىلاي، بۇ قان بولغان كۆڭۈلنى ھەرگىز باسالمىدىم.
ئەي سەئىد، ئۇل ياردىن يەنە مۇرادىڭ ھاسىل بولدى،
خۇداغا شۈكۈر، ھەممە مەقسەتلىرىڭ ھەل بولدى.)[1]

شائىرنىڭ بۇ غەزىلىدە يار ۋەسلىگە يېتىپ مۇرادى ھاسىل بولغان ئاشىقنىڭ شادلىق ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، غەزەل ئۆزىنىڭ ئوبرازلىق تىلى، ئىپادىلەش سەنئىتىدىكى گۈزەل ئوخشىتىش ۋە باشقا مەجازىي ۋاسىتىلىرى، مول تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن كىشىگە بەلگىلىك ئېستېتىكىلىق زوق بېغىشلايدۇ.

سۇلتان سەئىدخان مىلادىيە 1533 - يىلى تىبەتكە قىلىنغان بىر قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشتە ۋاپات بولدى[2].

### 3. ئابدۇرەشىدخان

ئابدۇرەشىدخان ئۆز غەزەللىرىدە رەشىدىي ئاتالغۇسىنى تەخەللۇس سۈپىتىدە قوللانغان. ئابدۇرەشىدخان سۇلتان سەئىدخاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ھىجرىيە 918 - يىلى (مىلادىيە 1512 - يىلى) موغۇلىستان خانلىقى تەۋەلىكىدىكى ئەنجان شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن[3]. بالىلىق، ئوقۇش يىللىرىنى پەرغانىدە ۋە تاغىسى بابۇر شاھنىڭ كابۇلدىكى ئوردىسىدا ئۆتكۈزگەن. ياركەند خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل

---

[1] شېئىرنىڭ يەشمىسى ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىنلەر تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» دىن ئېلىندى.

[2] ئىمىنجان ئەھمىدى، غەيرەتجان ئوسمان، مۇھەممەتتۇردى مىرزائەخمەت، ئەسئەت سۇلايمان، ھېبىبۇللا ئابدۇسالام قاتارلىقلار يازغان: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (2)، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 - يىلى نەشرى، 476 — 479 - بەتلەر.

[3] مىرزا ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي»، 2 - قىسىم، 139 -، 140 - بەتلەر.

ياركەند خانلىقىغا تەۋە يەتتىسۇ رايونى ۋە ئاقسۇ رايونىنىڭ سەرتاپ (باش ۋالىي) لىقىغا تەيىنلەنگەن. مىلادىيە 1533 - يىلى ياركەند خانلىقى تەختىگە ئولتۇرغان.

شاھ مەھمۇد چوراسنىڭ «تارىخى رەشىدىي (زەيلى)» ناملىق ئەسىرىدە خەۋەر بېرىلىشىچە، «سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھەربىر ئىشتا تەڭدىشى يوق ئىدى. مۇزىكا ئىلمىگە ماھىر ئىدى، بەلكى يازغۇچى ئىدى»، «...... خۇش نەۋىس (چىرايلىق ھۆسنخەت يازغۇچى) ئىدى، پارسىي ۋە تۈركىي شېئىرلارنى ئىجاد قىلىشتا كامىل شائىر ئىدى»[①]. شاھ مەھمۇد چوراس ئۆزىنىڭ «تارىخى شاھ مەھمۇد چوراس» ناملىق ئەسىرىدە يەنە مۇنۇلارنى يازىدۇ: «ئۇنىڭ سېخىي قولى روھقا مەدەت بېرىدىغان سازلارنى شۇنداق چالاتتىكى، زۆھرەمۇ[②] چىدىيالمىغىنىدىن لال بولۇپ قالاتتى. ئۇ يەنە تەبىئىي ئىقتىدارى بىلەن ھەر خىل ھۈنەر - سەنئەتلەردە كارامەت كۆرسىتەتتى، كۆپ چاغلاردا قەلەندەر سۈپەتتە ساياھەت قىلاتتى»[③] موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدىيە» دە سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى: «موللا، پازىل شائىر بولۇپ، پارسىي ۋە تۈركىي نەزمىلەرنى ياخشى ئېيتتۇر ئىدى. ئىلمىي مۇساپىقىدە گويا فىساغۇرس سانى (ئىككىنچى فىساغۇرس) ئىدى...... »[④] دەپ تەرىپلەيدۇ.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئەنە شۇنداق سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلىقتىن، سۇلتان سەئىدخان دەۋرىدىن باشلاپ قايتىدىن گۈللىنىشكە يۈزلەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە زور تەرەققىياتلارغا ئىگە بولغان. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دۆلەتنى

---

① شاھ مەھمۇد چوراس: «تارىخى رەشىدىي (زەيلى)» (شاپىگراف نۇسخا)، 74 - بەت.

② زۆھرە (سەۋەت - ۋېنىرا) يۇلتۇزى قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە مۇزىكا ۋە خۇشاللىقلارغا سىمۋول قىلىنغان.

③ «سەئىدىيە خانلىقىغا دائىر ماتېرىياللار»، 18 - بەت.

④ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدىيە»، 125 - بەت.



www.uyghurkitap.com

گۈللەندۈرۈش، پەن - مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا بىر قاتار ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئالىم، ئەدىب - سەنئەتكار، ئىقتىدار ئىگىلىرى، ھۈنەرۋەنلەرنى خانلىقنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشكە جەلپ قىلغان. قىسقىسى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى زور تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە ياركەند شەھىرى ئىسلام دۇنياسىغا مەشھۇر بىر مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ «رەشىدىي» تەخەللۇسى بىلەن ئۇيغۇر ۋە پارس تىللىرىدا نۇرغۇن شېئىر يازغانلىقى مەلۇم. بۇ ھەقتە شاھ مەھمۇد چوراس «تارىخى رەشىدىي (زەيلى)» دە: «سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ شېئىرلىرى كۆپ ئىدى، ئەمما بۇ قىسقا تارىختا ھەربىر شېئىردىن يۈزدىن بىرى، بەلكى مىڭدىن بىرىنى يازدىم» دەپ، ئۇنىڭ پارسىي شېئىرىدىن ئىككى پارچىنى، ئۇيغۇرچە شېئىرىدىن بىر رۇبائىي، ئۈچ غەزىلىنى ئۆز ئەسىرىدە بەرگەن[1]. يېقىندىن بۇيان بەزى بايازلاردىن يەنە رەشىدىينىڭ ئىككى پارچە غەزىلى تېپىلدى ھەمدە بۇ غەزەللەر «باياز» (1) دە بېرىلدى[2]. بەزى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ «دىۋان رەشىدىي»، «سەلاتىننامە»، «كىتاب تەنبىيە ئەن - تەربىيە» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ بولغانلىقى ۋە مىلادىيە 1682 - يىلى ياركەند خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تەختكە چىققان ھىدايىتۇللا خوجا (ئاپاق خوجا) ئۇنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى كۆيدۈرۈپ يوقاتقانلىقى مەلۇم[3].

رەشىدىي غەزەللىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ غەزەللىرىدە سىمۋوللاشتۇرۇلغان غايىۋى ئوبرازلار ئارقىلىق ئىشق -

---

① شاھ مەھمۇد چوراس: «تارىخى رەشىدىي (زەيلى)» (شاپىگراف نۇسخا)، 75 — 78 - بەتلەر.

② «باياز» (1)، 12 — 18 - بەتلەر.

③ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 - يىلى نەشرى، 1028 - بەت.

مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، ساداقەت، مەردلىك، ئۇمىدۋارلىق توغرىسىدىكى ئىجابىي قاراشلار، ھايات ـ تۇرمۇش ھەققىدىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئەكس ئەتكەن. شائىرنىڭ ئىجتىمائىي تېمىدىكى غەزەللىرىدە ئادالەتپەرۋەرلىك ۋە گۇمانىزملىق قاراشلىرى كۆزگە يارقىن تاشلىنىدۇ. ئۇ شاھلارنى ئادىل بولۇشقا، سەلتەنەت بىلەن مەغرۇرلانماسلىققا چاقىرىدۇ. مەسىلەن:

«دۇنيا بىر ھۆسن ئەھلىنىڭ نامىھرىبانى پىش[1] ئەمەس،
كىمكى سۆيسە سۇدىدىن[2] كۆپرەك زىيانى پىش ئەمەس.
دۇنيانى باقى تەسەررۇف تۇتماغىل شەدداددەك،
نەچچە بىر ئىت كەم دۇكاندەك ئۇستىخانى پىش ئەمەس.
دۇنياغا پەرزەندى ئادەمنى ئىبەرمەكتىن غەرەز،
قۇللۇقۇم قىلغايمۇ دەپ بىر ئىمتىھانى پىش ئەمەس.
سەلتەنەت تەختىدە مەندۇرمەن دىگەن ئول شاھلار،
جان بىرۇرەدە بىر گەدايى ناتەۋانى پىش ئەمەس.
ئەي رەشىدى، بولماغىل مەغرۇر جاھان گۈلزارىغا،
قايسى گۈلشەنىنىڭ گۈلى ئاخىر خازانى پىش ئەمەس. »

يۇقىرىدىكى غەزەلدە ئەكس ئەتكەن دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكى ھەققىدىكى قاراشلارنىڭ تەسەۋۋۇپ دۇنياقاراشلىرى بىلەن بىردەك ئىكەنلىكى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تەسەۋۋۇپ سۇلتان سەئىدخان دەۋرىدىن باشلاپ ياركەند خانلىقىدا زور تەسىر ۋە ئورۇنغا ئىگە بىر پىكىر ئېقىمى سۈپىتىدە ئىجتىمائىي، مەنىۋى ھاياتتا مۇھىم رول ئويىنىغان، جۈملىدىن سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇرەشىدخانلار ئىدىيە جەھەتتىن تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ ھىمايىچىلىرى بولغانىدى.

---

[1] پىش ــ شېئىرىدا «ئاز»، «يوق»، «ئارتۇق» مەنىلىرىدە كەلگەن.
[2] سۇد ــ پايدا، نەپ.

شائىرنىڭ تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسى ئۇنىڭ «قىلمادىم» رادىپلىق غەزىلىدە تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن:

«ئەي رەشىدىي، سەن ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئاشىق دېمە،
ئىشقنىڭ مەيدانىدا بىر هاي ـ هۇيى قىلمادىم.»
(ئەي رەشىدىي، سەن ئىشق يولىدا بىرەر قېتىم ئاھ ـ ھەسرەت چەكمەي تۇرۇپ ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئاشىق دېمىگىن.)

شائىر تۆۋەندىكى غەزەل ۋە رۇبائىيسىدا ئىنسانىي مۇھەببەتنى ھايات گۈزەللىكلىرى ئىچىدە ئالاھىدە يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ قەدىرلەيدۇ ھەمدە ئىنسانىي مۇھەببەتكە بولغان سادىقلىقنى چوڭقۇر ھېسسىيات ۋە كۈچلۈك ئاھاڭدارلىقتا ئىگە مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ:

«لۇتف ئېتەي دەپ ۋەئدە ئول دىلدار قىلمايدۇ ھەنۇز،
غۇنچەدەك قان باغلاغان كۆڭلۈم ئاچىلمايدۇ ھەنۇز.
پاش بولدى ئەلگە ئەھۋالىم، نە تەدبىر ئەيلەيىن،
خەلق بىلدى ھالەتىمنى، يار بىلمەيدۇ ھەنۇز.
ساقىيا، ئىشرەت مەيىدىن جۇرئەئى لۇتف ئەيلەگىل،
خەستە كۆڭلۈمغە خۇمارىدىن ئايىمايدۇ ھەنۇز.
تۇبىيۇ شەمشاد قەددىن باغ ئارا كۆرمەك نەسۇد،
سەرۋى يەڭلىغ قەددى دىلجۇيى تاپىلمايدۇ ھەنۇز.
سەبر قىلغىل، ئەي رەشىدىي، ئاي يۇزنىڭ دەۋرىدە،
بەندەگە ئازادلىغ خەتتى پىتىلمايدۇ ھەنۇز.»
(يارىم مەرھەمەت قىلىشقا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، تېخى ۋەدىسىدە تۇرمىدى،
گۈل غۇنچىسىدەك قىزىل قان بولۇپ ئۇيۇغان كۆڭلۈم تېخى ئېچىلمىدى.
ئاشىقلىقىم ئەلگە مەلۇم بولدى، ئەمدى نېمە ئامال قىلاي،
ئەھۋالىمنى خەلق بىلدى، يار تېخى بىلمەيدۇ.

ئەي ساقىي، لەززەت شارابىدىن بىر يۇتۇم بولسىمۇ مەرھەمەت قىل،
جاراھەتلىك كۆڭلۈم خۇمارىدىن تېخى يېشىلمەيۋاتىدۇ.
باغلاردىكى تۇبى[1]، شەمشادلارنىڭ قەددىنى كۆرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى،
قەددى سەرۋىگە ئوخشاش كۆڭۈل ئىستىگۈچى تېپىلمىسا تېخى.
ئەي رەشىدىي، سەۋر قىل، ئاي يۈزلۈكنىڭ دەۋرىدە،
بەندىگە تېخى ئازادلىق خېتى يېزىلمىدى.)
رۇبائىي:

ئەي پەيك سەبا مېنىڭ پەيامىم يەتكۈز،
يارىمغە نىياز ئىلە سەلامىم يەتكۈز.
گەر سۇبھىيۇ، شام قاشىغە يەتسەڭ،
ئەلبەتتە دۇئايۇ سۇبھۇ شامىم يەتكۈز.
(ئەي خەۋەرچى شامال، مېنىڭ خەۋىرىمنى يەتكۈز،
يارىمغا ئۆتۈنۈش بىلەن سالىمىمنى يەتكۈز.
مەيلى تاڭ مەزگىلى [سۇبھى] ياكى كەچقۇرۇن [شام] قېشىغا يەتسەڭ،
ئەلۋەتتە سۇبھىدىن شامغىچە قىلغان دۇئالىرىمنى يەتكۈز.)
رەشىدىينىڭ تۆۋەندىكى پارسىي شېئىرىدىن ئېلىنغان پارچىدا سېلىشتۇرۇش، ئوخشىتىشقا ئوخشاش ئېستېتىكىلىق ۋاسىتىلەر يارىدىمىدە «يار» (ئادەم) دىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ۋە گۈزەللىك ياراتقۇچى شەخس يۇقىرى ئورۇندا قويۇلۇپ ئۇلۇغلىنىدۇ:

«گەر قەدەترا سەرۋ گويەم سەرۋىدا رەفتار نىست،
گەر لەبەترا غۇنچە خانەم غۇنچەرا گۇفتار نىست. »
(گەر بويۇڭنى سەرۋى دېسەم، سەرۋىنىڭ يوق مېڭىشى،
گەر لېۋىڭنى غۇنچە دېسەم، غۇنچىنىڭ يوق سۆزلىشى.)

---

[1] «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (2)، 484 ـ بەت.

ئابدۇرەشىدخان «27 يىل پادىشاھلىق قىلدى، 49 يىل ئۆمۈر كۆردى. تارىخىي ھىجرىيەنىڭ 967 - يىلى (مىلادىيە 1559 — 1660 - يىللار) ۋاپات بولدى»[1].

سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇرەشىدخانلار ياركەند خانلىقىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش؛ خانلىق تەۋەسىدە ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ گۈللەنگەن يېڭى بىر تارىخىي دەۋرىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىدەك تارىخىي تۆھپىسى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتى تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدۇ[2].

## 4. دوستى ياركەندىي

دوستى ياركەندىي ياركەند خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر ۋە مۇسىقىيۇن. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن تارىخچى دەرۋىش ئەلى 1572 - يىلى يازغان ياركەندلىك «رىسالەئى مۇسقى» ناملىق 12 قىسىملىق كىتابىدا ياركەندلىك كەسپدىشى دوستى ياركەندىي بىلەن مەۋلانا بىنائىنىڭ «ئون رەڭ» (توققۇز رەڭ) ناملىق غەزىلىنى ئىراق مۇقامىغا بىرلىكتە بەستلىمەكچى بولغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. دوستى ياركەندىينىڭ بۇ غەزىلى مۇنداق:

يىقىتتى بىھوش يەرگە نىگارىم ھۆسنى زىباسى،
ئېلىپ كەتتى ھوشۇمنى بۇ تېنىمدىن زۇلفى سەۋداسى.
بەئەينى شوخ تاۋۇس يەڭلىغ يېيىلغان چاچلىرى يارنىڭ،

[1] شاھ مەھمۇد چوراس: «تارىخى رەشىدىي (زەيلى» (شاپىگرافتا بېسىلغان نۇسخا)، 82 - بەت، ئابدۇرەشىدخانىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىمۇ مۇشۇ مەلۇمات ئاساسىدا ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ھېسابلىنىپ توغرىلاندى.

[2] ئىمىنجان ئەھمىدى، غەيرەتجان ئوسمان، مۇھەممەتتۇردى مىرزائەخمەت، ئەسئەت سۇلايمان، ھېبىبۇللا ئابدۇسالام قاتارلىقلار يازغان: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (2)، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 - يىلى نەشرى، 476 — 486 - بەتلەر.

بىلەلمەي يار پەرىشتە، ھۆر، مۇۋەمەنزە سەۋرىمۇ قايسى.
كۆزۈم كۆرگەن ئەمەس ئەسلا بۇنىڭدەك نەفسى ئەلانى،
سىياقى ئاھۇدەك، ئەمما جىنىمنىڭ قەستى سەيياھسى.
نىتەي رەببىم، كۆرك زۇلف زەنجىرىگە بەند ئىتىش قەستى،
بۇ ۋەجدىن بارمۇ مەندەك بى بەخت دىۋانە رەسۋاسى.
كۆڭۈل بەرسەم، بولۇپ مەشۇم مىنىڭ ئاھىمگە رەھىم ئەتسە،
دىسەم تەشكەي ھامان باغرىمنى خۇمار كۆرە ئوقياسى.
نەزەر سال خاكسار ئۇلدۇم قىشىڭدا چاڭ ـ توزان گويا،
قولۇمدىن كەتتى گۈل پەسلىم تىنىم قان لالە سەھراسى.
سوراپ كۆرگىنكى ئەي دوستى، كىمىڭ يوقلار ئىشىكىڭنى،
بىشىڭ ئاستانىگە قويغىن، كۆڭۈلنىڭ ئۇشبۇ غەۋغاسى.

دەرۋىش ئەلى دوستى ياركەندىي ھەققىدە مۇنداق يازغان: «رافىقى ئارجىمەندى شەفىقى بار چوڭ پەيۋەندى» (ئەزىز دوستۇم، جىنىمنىڭ پەيۋەندىسى ئىدى)، «ئاز بەدەلى دۆلەت ئەبەدىي ياركەند، كى تەخت دىيارى كاشغەر ئەست» (كاشغەر دىيارىنىڭ تەختىگە يار دۆلىتى ئاباد ياركەند شەھىرىدىن ئىدى). بۇ مەلۇماتتىن ئۆز زامانىسىدا دوستى ياركەندىي دىگەن بىر شائىر ۋە موسىقىيۇننىڭ ئۆتكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز[1].

## 5. يۈسۈپ قىدىرى

يۈسۈپ قىدىرى ياركەند خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر مۇزىكىشۇناس ۋە شائىر بولۇپ، ئۇ دەسلەپ «يۈسۈپ قىدىرى»، كېيىن «يۈسۈپ قىدىرخان ياركەندىي» («قىدىرخان ياركەندىي») نامى بىلەن تونۇلغان.
يۈسۈپ قىدىرىنىڭ ئىسمى مىلادىيە 18 ـ ئەسىر

[1] غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى»، 2 ـ قىسىم، 1996 ـ يىلى، ش ئۇ ئا ر مائارىپ نازارىتى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرگە يىتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى باستۇرغان، 423 ــ 425 ـ بەتلەر.

مەنبەلىرىدىن «تارىخى قەشقەر» (موللا مىرسالىھ كاشغەرىينىڭ ئەسىرى، 1985 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «چىڭگىزنامە» نامى بىلەن نەشر قىلىنغان) ناملىق ئەسەردە «مەۋلانا يۈسۈپ كاشغەريي » دېگەن نام بىلەن كۆزگە چېلىقىدۇ ۋە «مەرد مۇسقى ۋە نەزم پىشە ئىدى» (مۇزىكا ۋە شائىرلىقنى كەسىپ قىلغان ئەر ئىدى) دەپ تەرىپلىنىدۇ.

بۇ يۈسۈپ قىدىرىنىڭ ياركەند خانلىقى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن بەدەخشاندىكى زەپەر قەلئەسىگە، سۇلتان سەئىدخان خىزمىتىگە كەلگەن ۋاقتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ «كاشغەريي» تەخەللۇسى بىلەن ئېيتىلىشى ئەينى ۋاقىتتا ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭدىن (بولۇپمۇ قەشقەر، يەكەن تەۋەسىدىن) ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا تەرەپكە چىققان ئۇيغۇرلاردىن ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «كاشغەريي» دېگەن نامنىڭ قوشۇپ ئېيتىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. يۈسۈپ قىدىرى ھەققىدە بىرقەدەر تولۇق مەلۇمات بېرىلگەن بىردىنبىر قىممەتلىك مەنبە موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېئمەتۇللا مىلادىيە 1854 — 1855 - يىللىرى يازغان «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» («مۇزىكىچىلار تارىخى») ناملىق ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىلەر بايان قىلىنىدۇ:

«بۇ پەننىڭ ئون ئۈچىنچى پىرى قىدىرخان ياركەندىيدۇر. بۇ پەندە ئۇ ئەزىزدەك ماھارەت كۆرسەتكەن ئۇستاز ئاز. بۇ ئەزىز كۆپرەك ئەمىر نىزامۇددىن ئەلىشىر نەۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ غەزەللىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتاتتى. ئالەم ئۆتۈپ (ئايلىنىپ) ئۇنىڭدەك خۇش ئاۋاز ئادەم بولمىغان دېيىشكە بولىدۇ. ئىراقتىن، ئىراندىن، تەبرىزدىن، خارەزم، سەمەرقەنت، ئەنجان، ئىسلامبول (ئىستانبۇل)، كەشمىر، بەلخ، شىراز قاتارلىق يىراق شەھەرلەردىن مۇزىكا ئۆگىنىشكە كەلگەن شاگىرتلىرى بار ئىدى. راۋابنى ۋە ھەشتار (سەككىز تارلىق بىر خىل چالغۇ) نى بۇ ئەزىز كەشپ قىلدى. ئۇ يەنە شائىر ئىدى. «دىۋان قىدىرى»نى بۇ كىشى تۈزگەندى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئىلمى

ھەققىدىكى رىسالىلىرىدە چوڭقۇر مەنىلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. جەندە ـ كۇلاھ كىيىپ يۈرەتتى. داڭلىق سۇلتان ئابدۇرەشىدخان غىزادىمۇ، يېتىپ ـ قوپۇشتىمۇ قىدىرخاندىن ئاجرىمايتتى. قىدىرخان ۋىسال ناملىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىلىپ شاگىرتلىرىغا ئۆگەتتى. ئۇ ئابدۇرەشىدخاندىن ئىككى يىل كېيىن ئالەمدىن كەتتى»[1].

مەۋلانا يۈسۈپ قىدىرخان ياركەندىينىڭ ئابدۇرەشىدخان ۋاپاتىدىن ئىككى يىل كېيىن يەنى ھىجرىيە 969 ـ يىلى (مىلادىيە 1560 ـ 1561) ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ.

يۈسۈپ قىدىرىنىڭ «دىۋان قىدىرى» ناملىق توپلىمىنىڭ بارلىقى ھەققىدە يۇقىرىقى ۋە باشقا بەزى مەنبەلەر، قىدىرىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىپ كەلگەن، شۇنداقلا «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» دا يەنە ئۇنىڭ مۇزىكا ئىلمىگە دائىر رىسالىلىرىنىڭ بارلىقى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن يۈسۈپ قىدىرىنىڭ دىۋانى ۋە رىسالىلىرى يېقىنقى يىللارغىچە تېپىلمىغانىدى. 1958 ـ يىلى يەكەندىن تېپىلغان بىر قول يازما بىزنى يۈسۈپ قىدىرى ۋە ئۇنىڭ دىۋانى ھەققىدە مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى.

قول يازما ماتېرىيالنى نەشرگە تەييارلاپ يورۇقلۇققا چىقارغۇچىلار تەرىپىدىن ««دىۋان قىدىرى»نىڭ مۇقەددىمىسى»[2] (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «مۇقەددىمە» دېيىلىدۇ) دەپ ئاتالغان بۇ ماتېرىيال 27 بەتتىن ئىبارەت بولۇپ (بىرىنچى بېتى يوقالغان)، تەتقىق قىلغۇچىلار ئۇنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكىنى،

---

[1] مولla ئىسمەتۇللا بىننى مولla نېئمەتۇللا: «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 58 ـ ، 59 ـ بەتلەر.

[2] قول يازما ماتېرىيال مەتتىمىن يۈسۈپنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1986 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن ««دىۋان قىدىرى»نىڭ مۇقەددىمىسى» دېگەن نامدا نەشر قىلىپ تارقىتىلدى.

كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ۋە كۆچۈرگۈچىنىڭ نامەلۇم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ.

قول يازما ماتېرىيالدا يۈسۈپ قىدىرى يىگىتلىك مەزگىلىدە ئۆزىنىڭ شائىرلىق ۋە مۇزىكانتلىق تالانتى بىلەن سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد سۇلتان (ۋاپاتى تەخمىنەن مىلادىيە 1523 ـ 1524 ـ يىللار) نىڭ ئىلتىپاتىغا نائىل بولۇپ، مۇھەممەد سۇلتاننىڭ يېقىن ھەمراھى ۋە دوستى سۈپىتىدە خۇرسەنت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا شاھزادە، بەگزادىلەر بىلەن ئەيش ـ ئىشرەت ئىچىدە ياشىغانلىقىنى، مۇقام قىلىپ ئېيتقان ياكى ئوقۇغان غەزەللىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىلا كۆچۈرۈلۈپ، ئوردا ۋە خەلق ئىچىگە تارالغانلىقىنى، شاھزادىلەر كۆپ قېتىم ئۇنىڭغا يازغانلىرىنى توپلاپ دىۋان قىلىپ چىقىشقا تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن مەشھۇر شائىرلارنىڭ شۇنچە پاساھەتلىك دىۋانلىرى بار يەردە، ئۆز دىۋانىنى تۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىقى قاتارلىقلارنى بايان قىلىدۇ ھەمدە ئۆز بايانلىرى داۋامىدا شاھزادە مۇھەممەد سۇلتاننى تۆۋەندىكىچە تەرىپلەيدۇ:

«تەبىئىي دەرۋىش ئۆزى شاھ نىشان،
شاھ دەرۋىش مۇھەممەد سۇلتان.»
(«مۇقەددىمە»، 33 ـ بەت)

«مۇقەددىمە» دە موغۇلىستان زېمىنىنىڭ قايتىدىن بىرلىككە كېلىپ، ياركەند خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بۇ خانلىقنىڭ پادىشاھى سۇلتان سەئىدخان گۈزەل سۆز دۇردانىلىرى بىلەن ئالاھىدە تەرىپلىنىپ، خەلقنىڭ ئۇ قۇياش تەرىپىگە ئاققانلىقى، يۈسۈپ قىدىرىنىڭ ئۆزىمۇ شۇ پادىشاھ ھۇزۇرىنى، شۇ ئاستانىنى (ياركەند شەھىرىنى) تاۋاپگاھ ئەيلىگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ. بۇنىڭدىن چىقىپ تۇرىدۇكى، يۈسۈپ قىدىرى سۇلتان سەئىدخان ھۇزۇرىغا (ياركەندكە) مىلادىيە 1520 ـ يىللار ئوتتۇرىلىرىدا

www.uyghurkitap.com

(مۇھەممەد سۇلتان ۋاپاتىدىن كېيىن) كەلگەن.

يۇسۇپ قىدىرى «مۇقەددىمە» دە ئۆز ئەجدادىنىڭ بۇ ئالىي سۇلالە (ياركەند سەئىدىيە خانلىقى) نىڭ بەندىسى، بۇ كەڭرى ماكانىنىڭ تۇغما مىراسخورى، خانىدانلىقنىڭ خىزمەتكارى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، تۆۋەندىكىدەك مەسنەۋىنى يازىدۇ:

«ئاتام بۇ ئاستانىنىڭ خاك بىزى، [1]
ئانام ھەم بۇ ساراي بوستان كېنىزى.
ئوڭا ئۆز گەر بولاي بۇلبۇل ۋە گەر زاغ،
كىم ئۆشبۇدۇركى بولغاي گۇلشەنۇ باغ.
ۋەلى بىر ئۆمۈر، بۇ گۇلشەندىن ھاۋاجىس، [2]
قىلىپ جانىمغا ھىجران رەنجى ھەدىس. »
(«مۇقەددىمە»، 44 ـ بەت)

بۇ مەسنەۋىدىن يەنە يۇسۇپ قىدىرىنىڭ يىلتىز ـ تۇپرىقىنىڭ يەكەندىن ئىكەنلىكىنى، ئانىسىنىڭ ئەسلىدە ساراي (ئوردا) كېنىزەكلىرىدىن ئىكەنلىكىنى، گەرچە كۆڭلى ئازار يەپ، ئايرىلىش ئازابى تارتقان بولسىمۇ، بۇ گۇلشەننى (يەكەن شەھىرىنى) يەنىلا بىر ئۆمۈر ئەسلەپ تۇرغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن.

«مۇقەددىمە»نىڭ كېيىنكى سەھىپىسىدە يۇسۇپ قىدىرى ئۆزىنىڭ سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھوزۇرىدا يۈرگەن مەزگىلىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ:

«...... ئۇنىڭ ئاپتاپتەك پىكرىدىن ئۇزۇكسىز توكۇلۇۋاتقان تەرتىپلەر قۇياش تاغلاردىن تۇرلۇك جاۋاھىرلارنى پەيدا قىلغاندەك، كۆڭلۇم كېنىنى ئېسىل گۆھەرلەر بىلەن زىننەتلەپ، بولۇت ئالقىنىدىن غايەت زور كۈچ چىقىرىپ، تۇپراقتىن تۇرلۈك

---

[1] خاك بىزى ــ تۇپراق چاچقۇچىسى.
[2] ھاۋاجىس ــ سېغىنىش، ئەسلەش.

رەيهانلارنى ئاشكارا قىلغاندەك، خاتىرەم بوستانلىقىنى لەتىپىلەر گۈللىرى بىلەن بېزەتتى. تىللاردىن ئۈنچە ياغدۇرغۇچى مەجلىسلەردە بەزى بېيىتلىرىم ئېيتىلىپ، بەزى ئولتۇرۇشلاردا بەزى غەزەللىرىم گۆھەر چاچار قوللار بىلەن يېزىلاتتى، گاھىدا ئىبادەتلىرىمدىكى قۇسۇرلار ئۆزگەرتىلىپ، ئەيىبلەردىن پاك قىلىناتتى ۋە گاھى مەنىلىرىمدىكى قاملاشماسلىقلار تۈزىتىلىپ، نۇقسانلاردىن خالىي قىلىناتتى. بەزى بېيىتلىرىمدىن مۇناسىپ بولمىغان سۆزلەر چىقىرىلىپ...... بىر شاھانە ئۈنچە تارتىلغاندەك، بىرەر سۆز كەلتۈرۈلەتتى، بەزى غەزىلىمدىكى بىرەر قاملاشمىغان بېيىتقا سىزىق تارتىلىپ، بىر دەستە...... ئىچىدە ئالتۇن قەسىر ياسىغاندەك بىرەر بېيىت كىرگۈزۈلەتتى......»، «بۇ بېيىتلار ئاۋانى، ئول ئىسلاھ قىلىنغان نەقىش نىگارلىرىدىن چىن رەسىمخانلىرىنىڭ قىزغىنىشىنى كەلتۈرىدىغان ۋە بۇ غەزەل بوستانى ئەھمىيەت بېرىش باھارىدىن جەننەتنى يالغۇز قالدۇرىدىغان بولۇشقا باشلاپ، نەزەر سالغۇچىلار كۆزلىرىگە ئۇياتلىقراق، ئەھلى دىللار كۆزلىرىگە سۆيۈملۈك بولۇپ، ھۆرمىتى كۆپ، شۆھرىتى نۇرغۇن بولدى. ھەقىقەتەن:

بولدى چۇن شاھ سۇردى ئىسلاھ ئېتەرگە خامە[1]،
ھەر بەيتى شاھ بەيتى، ھەرنامە، شاھنامە.

مەن بۇ ۋەيرانىنى ئول جاۋاھىرلار بىلەن نەق خەزىنە قىلغانلىقىمدىن ھەيران ۋە مۇتەپەككۇر، بۇ قەسىدىنى ئول مەشئەللەر نۇرى بىلەن يورۇتقانلىقىم پىكرىدىن ھەيرەتتە ئىدىم.»
(«مۇقەددىمە»، 44 — 46 - بەتلەر)

كېيىنكى مەسنەۋى ۋە بايانلىرىدا يۇسۇپ قىدىرى شاھنىڭ (سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بولسا كېرەك — ئاپتور) پەرمانى بىلەن ئۆز

---

[1] خامە — قەلەم.

دىۋاننى تۈزۈشكە كىرىشكەنلىكىنى، غەزەللىرىنى 32 ھەرپ بىلەن تەرتىپلەپ تۈزگەنلىكىنى، ھەربىر ھەرپتىكى غەزەلدە باشقىلارنىڭ دىۋانىغا ئوخشىمايدىغان يېڭىچە بەدىئىي ئۇسلۇب گەۋدىلەندۈرۈلگەنلىكىنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتىدۇ.

«مۇقەددىمە» دىن مەلۇم بولۇشىچە، مەزكۇر غەزەللەر دىۋاندىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە باشقا تىللار (ئەرەب - پارس تىلى) دىكى غەزەللەر «روھنى ئارتتۇرغۇچىلار بىر پارچە، تاللانغان ۋە زىننەتلىكلەر بىر پارچە، شاھانە بېيىت ۋە پايدىلىقلىرى بىر پارچە، لاتاپەت ئارىلاش ۋە يېتىشكەنلىرى بىر پارچە، ئۇلۇغلاش ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان كۆڭۈلگە ياقارلىرى بىر پارچە، مىسلىسىز فەردلەر بىر پارچە، لەتىف ۋە راۋانلىقى مۇقەررەر مۇئەممالار بىر پارچە...... تەبئىيلىكى ئاشكارا ۋە تۇتاش غەزەللەر بىر پارچە، مەرغۇپ ۋە مۆتىدىللىقلىرى بىر پارچىدىن بولۇپ، ئۆز خىلى بويىچە تۈرگە ئايرىلىپ رەتلەنگەن.» ئاپتورنىڭ ئېيتىشىچە، قەسىدىلەر باشقا جىلد بولغان.

شائىر يۇسۇپ قىدىرى مۇندەرىجە ۋە مۇقەددىمە دەپ ئاتىغان مەزكۇر ئەسىرىنىڭ ئاخىرىدا: «ئەرز ئولدۇركىم، بۇ پەرىشان بېيىتلار شەرھى قىلىنىپ تەرتىپ تېپىشتىن ۋە بۇ باغلىنىشتا كىرىشتىن بۇرۇن بەزىسى ئوتتۇرا ياشتا دېيىلگەن بولسا، بەزىسى كىچىكلىكتە دېيىلگەنىدى. بەزىسى تازا ساق ۋاقىتتا، بەزىسى مەستلىكتە، بەزىسى ھوشيارلىقتا، بەزىسى دىۋانىلىقتا يېزىلغانىدى. ئۇلاردا بۇزۇق تەرەپلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن بولغانلىقتىن، توپلاشقا جۈرئەت قىلىنمىغانىدى. ئەمما، خەلق ئارىسىغا تارقالغانلىرى مىڭ بېيىت، ئىككى مىڭ بېيىت ياكى ئۈنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئىدى. ئارتۇقراق ياكى كەمرەككىم، ئۇلار ئۆزلىرى توپلىغان بولۇپ، ناھايىتى مەشھۇر بولغانىدى. يېزىلىپ تارقالغان ۋە شۆھرەت قازانغانلىرىدىن بۆلەكلىرىنى باشقىلار ئارىسىدىن چىقارماق قىيىن، بەلكى مۇمكىن ئەمەس كۆرۈندى. شۇ جەھەتتىن ھەرقايسى سۆز ئۆز يېرىدە نەزم تىزمىسىغا كىردى......

يۈز گۈل ئارىسىدا بىر تىكەن بولسا كېرەك،
يۈز ياخشى ئىچىدە بىر يامان بولسا كېرەك.
مىڭ جام ئىچىلسە شۇنداغكىم ئابىھايات،
قۇرۇق يەر ئاستىدىمۇ دۇررى ئەدەن بولسا كېرەك. »
(«مۇقەددىمە»، 60 ـ 61 ـ بەتلەر)

دېگەنلەرنى يېزىش ئارقىلىق دىۋان تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن غەزەللەرنىڭ ئۆز ھايات مۇساپىسىنىڭ ھەرقايسى مەزگىللىرىدىكى ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى، ئوخشاشمىغان شارائىتتا يېزىلغان غەزەللىرى ئىچىدە بەزى نابابىراقلىرىنىڭمۇ بولغانلىقىنى، نۇرغۇن غەزەللىرىنىڭ خەلق ئىچىگە تارقىلىپ مەشھۇر بولغانلىقى ۋە خەلق تەرىپىدىن توپلام (دىۋان) قىلىنىپ شۆھرەت قازانغانلىقىنى، بۇ توپلاملار تەركىبىگە كىرگەن غەزەللەر دىۋانغا كىرگۈزۈلگەندە ئۇلارنىڭ ئەسلىي ھالىتى ساقلاپ قېلىنغانلىقىنى، ئۇلار ئىچىدىكى ناچارراقلىرىنى چىقىرىۋېتىشكە مۇمكىن بولمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ. قىسقىسى، «مۇقەددىمە» دىكى بايانلاردىن «دىۋان قىدىرى»نىڭ يېغىنچە ئۇسلۇبىتا، ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ تۈزۈلگەن زور ھەجىملىك غەزەللەر دىۋانى ئىكەنلىكىنى، دىۋان تەركىبىگە كىرگەن غەزەللەرنىڭ 98 ـ 99% نىنىڭ ئالاھىدە تاللانغان ۋە تاۋلانغان نادىر غەزەللەر ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن.

يۈسۈپ قىدىرى «مۇقەددىمە» نىڭ ئاخىرىدىكى رۇبائىيسىدا: «مەدەنىيەتلىك رەسۇلىللا: ئىلىم ئەھلىنى بايلىق ھېسابلا، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلغان كىشى مېنى ھۆرمەت قىلغان بولىدۇ، دېگەن» دەپ يېزىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت قارىشىنى گەۋدىلەندۈرگەن[1].

[1] ئىمىنجان ئەھمىدى، غەيرەتجان ئوسمان، مۇھەممەتتۇردى مىرزائەخمەت، ئەسئەت سۇلايمان، ھېبىبۇللا ئابدۇسالام قاتارلىقلار يازغان: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (2)، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 ـ يىلى نەشرى، 485 ـ 493 ـ بەتلەر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# 6. ئامانىنساخان

مەشھۇر شائىرە، مۇقامشۇناس ئامانىنسا ھەققىدىكى يېگانە مەلۇماتمۇ بىزگە «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن بولۇپ، موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېئمەتۇللا مۆجىزى ئۆزىنىڭ بۇ قىممەتلىك ئەسىرىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

«ئون يەتتىنچى پىرى مەلىكە ئامانىنسا خېنىم ئىدى. بۇ خېنىم سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ خانىشى ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانە شائىرەسى بولۇپ، «دىۋان نەفىسىي» ناملىق شېرىن بىر كىتابنى يازغانىدى. خەتتاتلىقتا ئۇستۇن ماھارەتكە ئىگە ئىدى. مۇزىكا ئىلمىدىمۇ شۇنداق كامالەت ئىگىسى ئىدىكى، سۇلتان ئۇنىڭغا تاقەتسىز ئاشىق ۋە ئىختىيارسىز شەيدا بولغانىدى؛ سۇلتان ئۆز ۋەزىر ـ ئەمىر ۋە لەشكەرلىرى بىلەن پايتەختتى ياركەندتىن ئاتلىنىپ چىقىپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ، تەكلىماكان دەشتىگە شىكارغا يۈزلەندى ۋە بىرنەچچە كۈن شۇ ئەتراپتا بولدى. سۇلتاننىڭ كېچىلىرى دېھقانچە ساددا كىيىملەرنى كىيىپ، قونۇچى مۇساپىر سۈپىتىدە سەھرا ياقىلىرىدىكى ئۆيلەردە غېرىبانە قونىدىغان ۋە شۇ يول بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ رەئىيەلەرگە زۇلۇم ـ سىتەم قىلغانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئادىتى بار ئىدى. بىر كۈنى سۇلتان شۇ يوسۇندا ئەكرەم ئاتلىق بىر مەھرىمى بىلەن بىر خارابە ئۆيگە قونۇچى سۈپىتىدە كىردى. بۇ ئۆي مەھمۇد ئاتلىق بىر ئوتۇنچىنىڭ ئۆيى ئىدى. بۇ مەلىكە بولسا شۇ مەھمۇدنىڭ قىزى ئىدى. سۇلتان ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغان بىر تەمبۇرنى كۆرۈپ قېلىپ، مەھمۇدتىن تەمبۇر چېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مەھمۇد: «مەن تەمبۇر چېلىشنى بىلمەيمەن، مۇشۇ قىزىمىز ماڭا تەمبۇر ئېلىپ بەر دەپ خاپا قىلىپ ئالدۇرغان، قىزىم چالىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. سۇلتان: «ئەمىسە، قىزىڭىز چېلىپ بەرسۇن» دىدى. مەھمۇد

قىزىغا ئەمر قىلدى. قىز تەمبۇرنى ئېلىپ پەنجىگاھ مۇقامىغا شۇنداق چالدىكى، سۇلتان ھەيران قالدى، بولۇپمۇ قىز ئۆزى يازغان بىر شېئىرنى مۇقامغا سېلىپ ئوقۇغاندا، سۇلتان قىزنىڭ مۇھەببىتىدە كۆيۈپ بىھوش بولۇپ كەتتى. شېئىرنىڭ باشلانما بېيىتى مۇنداق ئىدى:

سەنا يۈز شۈكۈر يارەب بىزگە ئادىل پادىشاھ قىلدىڭ،
فەقىر، مىسكىنغە ئابدۇررەشىدخاننى پەناھ قىلدىڭ.

بۇ غەزەلنىڭ چۈشۈرگە بېيىتى مۇنداق باغلانغانىدى:

نەفىسىي كېچە ـ كۈندۈز قىل دۇئا تەڭرى تەقدىسىگە[1]،
كى شاھىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا قاتتىغ گۇناھ قىلدىڭ.

غەزەل تامام بولۇشىغا سۇلتان ئالدىراپ: «نەفىسىي دېگەن شائىر كىم؟ سىز بۇ غەزەلنى نەدىن ئۆگەنگەن؟» دەپ سورىغانىدى، قىز: «خەقنىڭ غەزىلىنىمۇ ياد ئېلىپ ئوقۇمدىكەن، مەن نەۋايى، فۇزۇلى، زەلىلىينىڭ[2] شېئىرلىرىدىن باشقىنى ئوقۇمايمەن، بۇ غەزەل ئۆزۈمنىڭ، نەفىسىي مېنىڭ تەخەللۇسۇم» دەپ جاۋاب بەردى. سۇلتان ئۇنىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى سورىدى. ئاتىسى: «13 ياشقا كىردى» دەپ جاۋاب بەردى. سۇلتان تېخىمۇ ھەيران بولدى. ئاڭغىچە ئامانىنىسا خېنىم قوپۇپ، ئۆزى يازغان بىرنەچچە شېئىرلارنى ئەكېلىپ كۆرسەتتى. خېتىنىڭ ھۆسنى ئۆزىنىڭ ھۆسنى بىلەن بەسلىشەتتى. پادىشاھنىڭ بۇ خەتنى

---

[1] تەقدىس ــ پاك، مۇقەددەس، ئەزىز.

[2] زەلىلىي (مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي) ئامانىنىساخاندىن كېيىن، مىلادىيە 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى. مۆجىزى ئامانىنىساخان ھەققىدىكى بۇ رىۋايەتنى ئەسىرىگە كىرگۈزگەندە، بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلمىغان ياكى ئامانىنىساخاندىن ئىلگىرى يەنە بىر زەلىلىي ئۆتكەن بولسا كېرەك ــ ئاپتور.

شۇنچە كىچىك نارەسىدىنىڭ يازغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمەي: «قېنى ئەمىسە، مەن قاراپ تۇراي، بىر شېئىر يېزىپ بېقىڭ» دېگەنىدى، قىز دەۋەت - قەلەم ۋە قەغەز ئېلىپ كېلىپ تۆۋەندىكى بېيىتنى يازدى:

يارەب بۇ بەندە قىلدى ئەجەب سۈئىزەن[①] مەڭا،
گويا بۇ ئۆيگە ئۇندى بۇ ئاخشام تىكەن مەڭا.

سۇلتان كۈلدى، ئىشەندىم، ماڭا ھەجۋىي قىلمىسىلا. دېدى ۋە مەھمۇد بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ: «بىز ھېلى كېلىمىز» دەپ كېتىپ قالدى. ئۇ لەشكەرگاھىغا بېرىپ، ۋەزىر - ئەمىرلەرگە بولغان ئەھۋالنى بايان قىلدى. بېشىغا تاج كىيىپ، ئۈستىگە دەۋاج ياپتى. دەرھال ئۇن قوي ۋە شايى - ئەتلەسلەر تەييارلاندى، تۇن يېرىمدا قىرىق كىشى مەھمۇدنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مەقسەتنى بايان قىلدى. پادىشاھ ئۆزىنى ئاشكارا قىلىپ، توي قىلىپ قىزنى نىكاھىغا ئالدى. بۇ مەلىكە 20 يىل پادىشاھنىڭ نىكاھىدا تۇردى. خۇدايىتائالا بۇ قىزغا شۇنداق ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلغانىدىكى، تەرىپلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. «دىۋان نەفىسىي»نى يازدى، خوتۇن - قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدا «ئەخلاقىي جەمىلە» («گۈزەل ئەخلاق») ناملىق بىر كىتابنى يازدى، «شۇرۇھۇلقۇلۇب» («قەلبلەر شەرھى») ناملىق بىر رىسالە يازدى. شائىرلىق، نەغمىچىلىك ۋە خەتتاتلىق توغرىسىدا بۇنىڭدەك مەنىلىك كىتاب ئاز. «ئىشرەت ئەنگىز» («شادلىق قوزغىغۇچى») ناملىق بۇ مۇقامنىمۇ بۇ مەلىكە ئىجاد قىلغانىدى. كۈچلۈك رەشك يۈزىسىدىن سۇلتان بۇنى ئۆز نامىدا قىلىۋالغان ۋە شۇ بويىچە نەغمىچىلەرگە ئۆگەتكەن. بۇ مەلىكە 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولغان، دېيىلىدۇ. مەلىكە ئالەمدىن ئۆتكەندىن

---

[①] سۈئىزەن — يامان نەزەر.

كېيىن، سۇلتان ئۆزىنى ئۆلتۈرگۈدەك ھالەتكە يېتىپ، سەۋدايىلىق كېسىلىگە مۇپتىلا بولدى. سۇلتان ئاخىر يىغلاپ ئالەمدىن ئۆتتى، دېيىلىدۇ.»[1]

ئامانىنىساخان ھەققىدە «چىڭگىزنامە»دە: «خان ئاخىر ھالدا بىر رەئىف لۇلىنى ئالدىلار. چۇچۇك خانىم سەرزەنىش (تاپا - تەنە) قىلدى: ‹سەن لۇلىنى ئالدىڭ› دەپ، خان بۇ رۇبائىينى بەدىھە (تۇساتتىن) ئېيتتىلار:

مەھبۇب ئەگەر كۆڭۈل قەبۇلى بوسە،
شىرىن ھەرىكەت، خۇش ئۇسۇلى بولسە.
جان ئۇتراسىدا ئانىڭكى يولى بولسە،
نى ئەيىب ئانىڭ ئەسلىسى لۇلى بولسە.
خانىم ھەم گۇزەشت (كەچۈرۈش) قىلدىلار.»[2]

دەپ يېزىلىپ، ئامانىنىساخاندىن بېشارەت بېرىلگەن.

بۇ يەردىكى «لۇلى» سۆزى ئەينى دەۋردە تارىم ۋادىسىدىكى دولان دىيارىدا ياشاپ كەلگەن سەنئەتخۇمار مەكىت قوۋمىغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار فېئودال مۇتەئەسسىپ سوپى - ئىشانلار تەرىپىدىن كەمسىتىلىپ، «لۇلى» دەپ ئاتالغانىدى. بۇ ئامانىنىساخانىڭ ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر، ئاددىي، سەنئەتكار خەلقنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«سەئىدنامە» ناملىق پارسچە قول يازما ئەسەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

«...... مۇسۇلمانچىلىقتا كۆپۈرانە - ناشايان قىلىقلار، سان، نەغمە - ناۋالار، كۈلكە - ئەپسانە قىلىقلار...... قەتئىي تەرك ھېسابلانغان زامانلارنىڭ بىرى ئىدى. پىر - يارەن، ئۇلۇغلارنىڭ

---

[1] موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېئمەتۇللا: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، 65 — 67 - بەتلەر.

[2] موللا سالىھ كاشغەري: «چىڭگىزنامە»، 109 - بەت.

پايى ـ قەدەملىرى تېخى يەتمىگەن، دۇئا ـ نەپەسلىرى تەسىرى پۇرسەت تاپمىغان ئۇلۇغ ئېقىن بويلىرىدىكى يارباشى سەھراسىدا شاھ تاتارلىق چوكان ـ سېپكىلەك خاتۇن ئامەتلىرى ئاسمانغا ئۆرلەپ، شاھى رەشىدىل ئەزەم بىلەن 40 كېچە ـ كۈندۈز كۆپۈرانە ـ ناشايان «ئۇششاق» بىدئەتچىلىكى سادىر ئەتتىلەر... شاھى ئالەم شادلىقى خالايىققا ئالقىش ئەتمەك ۋاجىپلىنىپ، بىدئەتلىك قىلىدىغان تەرسائى بەندىلەرنىڭ سانى ئېشىپ، نۇخلىسى ئۆرلەپ، ئاشكارا ئۇششاق قىلماقتا تۇتۇندىلەر...... بۇ ئىش ئادەت بولۇپ يايىلدىلەر...... شاھى ئالەم چوكان خاتۇنى بىرلە 40 كېنىزەك، 40 ئەللامە، سىپاھ ھەمراھ ئەيلەپ كۆكيەر، يۇلبۇرسى (قاغىلىقتىكى ھازىرقى كۆكيار، يۇۋۇس كەنتلىرى ـ ئاپتور ئىزاھى) ئوردىگاھلىرىدا ئۇششاق رەققاسلىرى، شادلىق كۆرسەتتىلەر...... تاراتتىلەر، بۇ چاغلار تارىخقا توققۇز يۈز ئەللىك يەتتە رەجەپ، شەئبان ئىدىلەر......»[1]

«ئۇششاق» (ئاشىقلىق، ئىشق ـ مۇھەببەت) سۆزىنى ئىزاھلاش يۈزىسىدىن بىرىلگەن بۇ پارچىدىن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئامانىسساخاننى ئۆز ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن، ھىجرىيە 957 ـ يىلى (مىلادىيە 1150 ـ يىلى) نىڭ 7 ـ، 8 ـ ئايلىرى يەكەن دەرياسى ۋادىسىنىڭ تەكلىماكان بىلەن تۇتاش سەھرالىرىدا 40 كېچە ـ كۈندۈز مەشرەپ ـ بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ، خەلق ناخشا ـ مۇزىكا، مۇقام سەنئىتى بىلەن ھۇزۇرلىنىپ كۆڭۈل ئاچقانلىقى، مەزكۇر سەنئەت بايرىمىغا ئاۋامنىڭ قىزغىن ئىشتىراك ئەتكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن. ن. ھۇسەيىن ئۇلۇغ ئېقىن بويىدىكى يار باشى سەھراسىنى ھازىرقى قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ ئۇلۇغ ئۆستەڭ ۋادىسىدىكى يار بېشى سەھراسى دەپ ئىزاھلىغان.

«سەئىدنامە» دە تىلغا ئېلىنغان «شاھ تاتارلىق چوكان ـ

---

[1] ن. ھۇسەيىن: «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخي ئۇچېرىكلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1988 ـ يىللىق 3 ـ سان، 59 ـ بەت.

سىكىلەك خاتۇن......» دېگەن ئۇچۇر ئاساسىدا ئىزدەنگەن بەزى تەتقىقاتچىلار ئامانىساخانىنىڭ يۇرتىنىڭ ھازىرقى قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ جاڭگىلىئەسكى يېزا قارىدۆڭ كەنتى بىلەن يەكەن ناھىيەسىنىڭ قاراسۇ يېزىسى (بۇ يېزا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھازىرقى ئېگەرچى بازىرى قاتارلىق جايلار بۇرۇن «تاتار» دەپ ئاتالغان) شاپتۇللۇق كەنتى تۇتاشقان جايدىكى ئىسمى يوقالغان شاخ تاتار (بۇ يەردىكى «تاتار» - تارتار يەنى تارتىش، سۆرەش مەنىسىدىكى سۆز) مەھەللىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى①.

ئامانىساخان تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق بولمىغانلىقى (بۇ ھەقتىكى بۇرۇنقى يىلنامىلەر پەقەت پەرەزگە تايىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان) ئۈچۈن، «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» دا ئېيتىلغان، مەلىكىنىڭ 34 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ مەلىكە ئۆلۈمدىن كېيىن سەۋدايىلىق كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ھەققىدىكى بايانلارغا ئاساسلىنىپ، مەلىكە ئامانىساخانىنى ھىجرىيە 930 - يىللارنىڭ باشلىرى (مىلادىيە 1520 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى) دۇنياغا كېلىپ، ھىجرىيە 960 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى (مىلادىيە 1550 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى) ئالەمدىن ئۆتكەن، دەپ قاراش مۇمكىن②.

## 7. مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر

### 1. مۇھەممەد مىرزا ھەيدەرنىڭ ھاياتى

مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر (1500 — 1551) ياركەند خانلىقىنىڭ

---

① ئابدۇقادىر داۋۇت: «ئامانىساخانىنىڭ سەھرادىكى يۇرتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1996 - يىللىق 3 - سان، 90 - بەت.

② ئىمىنجان ئەھمىدى، غەيرەتجان ئوسمان، مۇھەممەتتۇردى مىرزائەخمەت، ئەسئەت سۇلايمان، ھېبىبۇللا ئابدۇسالام قاتارلىقلار يازغان: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (2)، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 - يىلى نەشرى، 493 — 499 - بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

سىياسىي، ھەربىي ۋە مەدەنىي ئىشلىرىغا كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشقان ئاتاقلىق زات. ئۇنىڭ تولۇق نامى مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگانىنىڭ ئوغلى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانى[1]. ئادەتتە مۇھەممەد ھەيدەر ياكى مىرزا[2] ھەيدەر دېيىلگەن[3]. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا كىتابىدا مۇنداق يازغان. «مېنىڭ جەمەتىم دوغلات موڭغۇللىرىنىڭ بىر تارمىقى»، [4] «مەن موغۇل خانى (ئابدۇرەشىدخان) بىلەن ئوخشاش بىر ئىرق، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر نەۋرە»،[5] «ئەقىللىك كىتابخانغا شۇنى خىتاب قىلىمەنكى، كەمىنە مۇئەللىپ ئاللانىڭ مۆمىن بەندىسىدۇرمەن، نام - شەرىپىم مۇھەممەد ھەيدەر بولىدۇ، يىراق - يېقىنلىرىمنىڭ ھەممىسى مىرزا ھەيدەر دەپمۇ ئاتىشىدۇ، مەن مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگانىنىڭ ئوغلى بولىمەن. »[6] بۇ بىزگە مۇھەممەد مىرزا ھەيدەرنىڭ دوغلات جەمەتىنىڭ ياركەند خانلىقى مەزگىلىدىكى ئەڭ ئۇقۇمۇشلۇق ۋەكىلى ئىكەنلىكى ھەمدە ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ھازىر بەزىلەر قوشۇپ يېزىۋاتقان «دوغلات» ياكى «دولات» دېگەن بۇ تەخەللۇسنىڭ ئەسلى مۇھەممەد مىرزا

---

[1] كۆرەگانى ــ خاننىڭ كۈيۈ ئوغلى دېگەن مەنىدە.

[2] مىرزا ــ ئوتتۇرا ئەسىردە چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى بىلەن يېقىن تۇغقانچىلىقى بولغان غەيرىي موڭغۇللارغا بېرىلىدىغان يۇقىرى ئاقسۆڭەكلىك ئۇنۋانى.

[3] مىرزا ھەيدەرنىڭ شەخسىيىتى توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار بار. تۇرسۇن ھوشۇر «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىلى 3 - سانىدا «مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر كۆرەگان ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۇ ئاياز، ئاياز شىكەستە دېگەن تەخەللۇسنىمۇ قوللانغانلىقى، «جاھاننەما» دېگەن داستانى بولغانلىقى ئېيتىلغان، بۇ كىتابتا مۇشۇ قاراش قوبۇل قىلىپ تۇرۇلدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ھەقتە يەنە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

[4] لىيۇ زىشاۋنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىلى 1 - سانىدىكى «چاغاتاي خانلىقى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىگە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

[5][6] «تارىخى رەشىدىي»، 1985 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 - قىسىم 149 - بەت، 2 - قىسىم 1 - بەت.

ھەيدەر تەرىپىدىن قولىنىلمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ[1]. كېيىنكى تەتقىقاتلاردا ئۇنىڭ «ئايىز»، «ئايىز شىكەستە» دېگەن تەخەللۇسى بولغانلىقى ئېيتىلماقتا.

مىرزا ھەيدەر كاشغەرلىك ئىدى[2]. ئۇ ئانا تەرەپتىن چاغاتاي خانلىرىدىن يۇنۇسخاننىڭ نەۋرىسى، ئاتا تەرەپتىن بولسا دوغلات قەبىلىسىگە تۇتىشىدۇ. ئادەتتە ئۇلارنىڭ جەمەتى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرەتتى. دوغلات قەبىلىسى[3] ـ چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن ئېسەن بۇقا ئەمەلىي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋە مەركىزىنى ئالمالىققا كۆچۈرۈپ كەلگەندىن باشلاپ ئۇيغۇرلار رايونىغا ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىق قىلغان، دوغلات قەبىلىسى ئۇزاق مۇددەت ئۇيغۇرلار رايونى (بۇ يەردە ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ) دا ياشاش جەريانىدا پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلارغا سىڭىشىپ كەتكەن[4]، مىرزا ھەيدەر جەمەتىمۇ شۇنداق بولغانىدى. «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ دىنلىرى ۋە ئەپسانىلىرى قامۇسى» (1990 - يىلى، بېيجىڭ ئىلىم گۈلزارى نەشرىياتى نەشرى)نىڭ 16 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخشۇناسى ۋە ھەربىيشۇناسى» دەپ كۆرسىتىلگەن

---

[1] تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بۇ تەخەللۇسنى ئەڭ دەسلەپ «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ تەرجىمانلىرى قوللانغان بولۇپ، كېيىن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كىشىلەرمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قوللانغان (يۇنۇسجان ئىلى: «مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئېيتقانلىرىدىن ئۇنىڭ نەسەبىگە بىر نەزەر»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى، 1993 - يىللىق 1 - سان، 19 - بەتكە قارالسۇن).

[2] مىرزا ھەيدەرنىڭ تۇغۇلغان يېرى توغرۇلۇق مەنبەلەرنىڭ بەزىلىرىدە تۇرپان، بەزىلىرىدە تاشكەنت دەپ كۆرسىتىلىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئۇزاق يىل كاشغەر ھۆكۈمرانلىرى بولۇپ تۇرغان، شۇڭا كۆپچىلىك ئىلمىي خادىملار ئۇنىڭ يۇرتىنى كاشغەر دەپ كۆرسىتىدۇ (ۋاڭ جىبىلەي سۆزى).

[3] دوغلات قەبىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا بەزىلەر ئۇلارنى «قۇتلۇق» دېيىلگەن تۈرك قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان دېسە، بەزىلەر موڭغۇل قەبىلىسى دەيدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلار چىڭگىزخاننىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى بىلەن موڭغۇللارنىڭ قەبىلىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭغا كەلگەن.

[4] كاشغەر ئوپالدا دوغلات دېگەن بىر كەنت نامى بولۇپ، قەدىمكى دوغلاتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

بولسا، «جۇڭگو تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەھرىمانلىرى شەجەرىسى» (گەنسۇ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) نىڭ II توم 1662 - بېتىدە «ئۇيغۇر» دەپ يېزىلغان. مىرزا ھەيدەرنىڭ جەمەتى ئۇزاق يىللار كاشغەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولۇپ تۇرغان. مەسىلەن، چوڭ دادىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، تاغىسى (دادىسىنىڭ ئىنىسى) ئابابەكرى قاتارلىقلار كاشغەرگە ھاكىم بولغان. 1493 - يىلى موغۇلىستان خانى مۇھەممەد خان مىرزا ھەيدەرنىڭ دادىسى مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزىنى تاشكەنت رايونىنىڭ باش ۋالىيسى قىلىپ بەلگىلىگەن. ئۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزا كاشغەردىكى ئۇزاق يىل ياشىغان ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، شۇ ئورۇندا ئىشلەيدۇ. مىرزا ھەيدەر ھەم دادىسىنىڭ تەربىيەسىدە تاشكەنتتە بالىلىق چاغلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. 1508 - يىلى مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزا شەيبانىخان قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. مىرزا ھەيدەر كابۇلغا بېرىپ، بابۇر شاھنىڭ تەربىيەسىگە كىرىدۇ. 1508 - يىلى سەئىدخاننىڭ تەكلىپى بىلەن ئەنجانغا كېلىپ، ئۇنىڭ قوشۇنىغا قاتنىشىدۇ. كېيىن سەئىدخاننىڭ ئابدۇرەشىد ۋە ئىسكەندەر قاتارلىق ئوغۇللىرىنىڭ ئۇستازى سۈپىتىدە ئوردا ئەزالىرىنىڭ بىر مۆتىۋەرگە ئايلىنىدۇ، شۇنداقلا سەئىدخانغا ئەگىشىپ، ياركەند خانلىقىنى قۇرۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىدۇ.

1533 - يىلى سەئىدخان ئۆلگەندىن كېيىن، ھىندىستانغا ھىجرەت قىلىپ، بابۇر شاھنىڭ ئوغلى ھۇمايۇن شاھ (1530 – 1556) نىڭ ئوردىسىدا يۇقىرى مەنسەپكە ئىگە بولىدى. كېيىن تىبەت ۋە باشقا جايلاردا ئۇرۇشقا قاتناشتى ۋە ياركەند خانلىقىنىڭ بۇ جايلاردىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىمەكچى بولدى. لېكىن، رەشىدخاننىڭ ئۆزىنىڭ تاغىسى مۇھەممەد مىرزا ۋە ئۆز ئىنىسى ئىسكەندەرلەرنى ئۆلتۈرگەن خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ لاداق، كەشمىر قاتارلىق جايلاردا ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت تىكلەشكە كىرىشتى. 1541 – 1551 - يىلىغىچە

كەشمىردە ئالاھىدە بىر ھۆكۈمەت قۇرۇپ تۇرۇپ قالدى. لېكىن، 1551 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كەشمىرگە تەۋە بېربال دېگەن جايدا توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىدىن باشقا يەنە بىر داستانى بار. بۇ ھەقتە مەنبەلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ھەيدەر مىرزىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا چاغاتاي تۈركچىسى بىلەن نەزمىي شەكىلدە يازغان ‹جاھاننەما› ناملىق ئەسىرى بولۇپ، بىر ھىندى ھېكايىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلار مۇھىتىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئىشلەنگەن راۋان ئاداپتاسىيون (غەيرىي بىر تىلدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يەرلىك ئۇسلۇبقا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىش) دىن ئىبارەت 125 بەتلىك بۇ ئەسەرنىڭ بىر قول يازما نۇسخىسى پىروسىيە دۆلەت كۈتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. مۇئەللىپىنىڭ ناھايىتى قابىلىيەتلىك بىر شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بۇ ئەسەرنىڭ خاتىمىسى 1533 - يىل 11 - ئايدا يېزىلغان بولسىمۇ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كاشغەر ھۆكۈمدارلىرى سەئىدخان بىلەن بىرلىكتە 1528 - يىلى قىشتا ناھايىتى ناچار شارائىتتا تىبەت ۋە بەدەخشان سەپەرلىرىدە بولۇۋاتقان چاغدا قارلار ئارىسىدا بەدەخشاننىڭ قەلئەئى زەپەر قەلئەسىدە قامىلىپ قالغان ۋاقتىدا يېزىلغاندى.»[1] بۇ بايانلار «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيەسى» دىمۇ ئوخشاش مەزمۇندا قەيت قىلىنغان[2].

مىرزا ھەيدەر يالغۇز دۆلەت ئەربابى، ھەربىي قوماندان ۋە تارىخشۇناس، ئەدىب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ماھىر ناتىق ئىكەن. ئۇنىڭ يۈكسەك ئىقتىدار ۋە ئالىيجاناب سۈپەتلىرى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئەسىرلەردىن بېرى يادلىنىپ كېلىنگەن. بۇنىڭ

---

[1] «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، VI توم، 1 - قىسىم، 388 - بەت، تۈركىيە نەشرى.

[2] يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خوتەندىن «دىۋانى ئايازى» ناملىق بىر توپلام بايقىلىپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىندى. بۇ توپلامنىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەر بولسا كېرەك، دېيىلمەكتە. لېكىن، بۇ كىتابتا ئايرىم تونۇشتۇرۇلدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
كىتاب توربېكىتى

ئىسپاتى سۈپىتىدە ياركەندلىك شائىر ئابدۇغەففارنىڭ ھىجرىيە 1274 - يىلى (مىلادىيە 1857 — 1858 - يىللار) يازغان «خەيرۇل كەلام» ناملىق بىر شېئىرىدىكى مۇنۇ قۇرلارنى مىسال قىلىمىز.

رىۋايەت قىلورلاركى ھەيدەر ئەمىر،
بار ئېردى فەراسەتتىن مىھتەر ئەمىر.
ئۆزى ياركەندىيۇ، دانا ئىدى،
فەساھەت، بەلاغەتتە گويا ئىدى.
ھەر ئېردى جەۋانمەردى ئەھلى زەمىن،
كى خۇشخۇيۇ خۇيگۇي شېرىن سۇخەن[1].

## 2. «تارىخى رەشىدىي»

مىرزا ھەيدەر كەشمىردە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە مەشھۇر ئەسەر «تارىخى رەشىدىي» نى يېزىپ چىقتى[2]. بۇ «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە بىر قىممەتلىك ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.»[3] «تارىخى رەشىدىي» تۇغلۇق تۆمۈرخان (1330 — 1363) دىن ئابدۇرەشىدخان زامانىسى يەنى 1545 - يىلىغىچە بولغان ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدىكى تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بېرىشكە بېغىشلانغان. ئۇنىڭ «تارىخى رەشىدىي» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، بۇ ئەسەر مۇئەللىپنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئابدۇرەشىدخان ئىبنى سەئىد ئىبنى ئەھمەد يۇنۇسخاننىڭ نامىغا ئاتالغان. مىرزا ھەيدەرنىڭ ئۆزىنىڭ چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ئەسىرىنى ئابدۇرەشىدخانغا ئاتىغانلىقى ئۇنىڭ ئابدۇرەشىدخانغا

---

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلى 1995 - يىلى 3 - سان، 62 - بەت.
[2] ئاپتور بۇ كىتابنى دەسلەپ پارسچە يازغان. مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي مەزكۇر ئەسەرنى شەخسەن ئۆزى چاغاتاي يېزىقىدا ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ چىققان. ئەپسۇسكى، بۇ نۇسخا ھازىرقى ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم ئەمەس. بۇ ئەسەر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985 - يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنىدى.
[3] لىيۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 - قىسىم، 1986 - يىلى نەشرى، 790 - بەت.

بولغان سەمىمىي دوستلۇقى، ئابدۇرەشىدخان ئالدىدا ھېچقانداق گۇناھى يوقلۇقى...... جۇملىدىن ئابدۇرەشىدخاندىن رەنجىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى زاماندا تۇغلۇق تۆمۈرخان نەسەبىدىكى خانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىلى ئابدۇرەشىدخان ئىدى.

«تارىخى رەشىدىي»نىڭ مەزمۇنى خېلىلا كەڭ. ئاپتور ئەسەرنى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ھاكىمىيەتكە چىقىشىدىن (1348) باشلايدۇ. ئۇنىڭدا شەرقتە يەنى شىنجاڭدا ياركەند خانلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى، خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سەئىدخاننىڭ ۋاپاتى، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدخاننىڭ تەختكە چىقىشىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مۇرەككەپ تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ. «تارىخى رەشىدىي» خۇددى ئاپتور ئۆزى ئېيتقاندەك، «تەزكىرە زەنجىرلىرى ئۈزۈلمەي بىر - بىرىگە باغلانغان» ئىككى ئەسىرلىك تارىخىي ئەسەر بولسىمۇ، لېكىن ئەسەر تىلى جەھەتتىن خۇددى «بابۇرنامە» گە ئوخشاش بولۇپ، بەدىئىي ئەسەر يادىكارلىقلىرى سۈپىتىدە ياركەند خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات تارىخىدا ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

## 3. «جاھاننەما»

مىرزا ھەيدەر ياركەندتە سەئىدخانغا ئەگىشىپ يۈرگەن چاغلىرىدا «جاھاننەما» ناملىق بىر داستان يازغان[1]. بۇ ئەسەر 1528 – 1533 - يىللىرى يېزىلغان. مىرزا ھەيدەر ئەدەبىي ئىجادىيەتتە «ئاياز شىكەستە» ياكى «ئاياز» دېگەن سۆزلەرنى تەخەللۇس قىلغان.

---

[1] «جاھاننەما» ئىلگىرى ئاياز بەگ قۇشچى ياكى ئاياز شىكەستە دېگەن ئايرىم بىر شائىرنىڭ ئەسىرى دەپ قارىلىپ كېلىنگەن. يېقىنقى تەتقىقاتلاردىن بۇ ئەسەرنىڭ مىرزا ھەيدەرنىڭ ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، شۇنداق بولسىمۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈشنى چەتكە قاقمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

«جاھاننامە» ئاپتورنىڭ تىبەت ۋە بەدەخشان سەپەرلىرى جەريانىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان[1]. ياركەند خانلىقى دەۋرى بەدىئىي تەپەككۇر تەرەققىياتىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە، شۇنىڭدەك ئۆز دەۋرىدىكى يىرىك داستان. داستاننىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ۋە ئىدىيە، بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىغاندا، ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئەدەبىياتى — تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تىرادىتسىيەسىنى ناۋاتورلۇق بىلەن داۋاملاشتۇرغان. ئەسەر يېزىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتىن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، تەڭرى ۋە چاريارلارغا «ھەمدۇسانا» 60 مىسرانى ۋە داستاننىڭ يېزىلىش سەۋەبلىرىگە 160 مىسرانى، ئاپتور ھېسسىياتىغا ئالاقىدار مەسىلىلەرگە 32 مىسرانى بېغىشلايدۇ. ئەسەرنىڭ تۈپ ئىدىيەسىنى ئىسپاتلايدىغان — بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق كۆرسىتىدىغان قىسمىغا 2398 مىسرا بېغىشلىنىدۇ.

داستان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كىلاسسىك يازما ئادەبىيات نەمۇنىلىرىنى پىششىق، چوڭقۇر، ئىجادىي ئۆگىنىش ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان[2].

«جاھاننامە» نىڭ يېزىلىش مەقسىتى شۇكى، شائىر گۇمانىزملىق ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ياركەند خانلىقى دەۋرىدە شىنجاڭغا يامراشقا باشلىغان ئىشانلىق تەركىدۇنياچىلىققا قارشى تۇرۇپ، خەلق ئۆز قولى بىلەن ياراتقان بەخت ـ سائادەتنى

---

[1] بۇ داستاننىڭ ھازىرقى ش ئۇ ئا ر تەۋەسىدە ئىككى خىل قول يازما نۇسخىسى بار بولۇپ، بىرى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ماتېرىياللار بۆلۈمىدە، يەنە بىرى ش ئۇ ئا ر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئالدىنقىسى توختى ئابىخان، ئابلىمىت ھاجىلارنىڭ تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي 9 ـ سانى (1983 ـ يىللىق) دا ئېلان قىلىنغان. كېيىن ئابدۇشۈكۈر تۇردىنىڭ تەييارلىشى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985 ـ يىلى ئايرىم كىتابچە بولۇپ نەشر قىلىندى.

[2] مەنبەلەردە ئەسەرنىڭ ئەسلىي ۋەقەلىكى ھىندى ھېكايىلىرىدىن كەلگەن دېيىلىدۇ.

قوغداپ قىلىشتىن ئىبارەت. بۇلاردىن باشقا، شائىر يەنە كۆپلىگەن ئىلغار پىكىرلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مىرزا ھەيدەر ئۆزىنىڭ تۇپ ئىدىيەسىنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن «جاھانىنەما»نىڭ سۇژىتىنى خەلق قىسسىلىرى ئاساسىغا قۇرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تەخت، تاشقەدەھ، شام ھەققىدىكى ئۈچ پارچە ئاساسي ھېكايە داستاندىكى ۋەقەلىكلەر ئىچىدە تەسىرلىك بولۇپ، كىتابخان دىققىتىنى ئۆزىگە ئالاھىدە تارتىپ، شائىرنىڭ تۇپ مەقسىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

## 8. ئايازى

شاھ مەھمۇد چۇراسنىڭ: «تارىخى رەشىدي (زەيلى)» ناملىق ئەسىرىدە: «سۇلتان ئابدۇرەشىدخانىنىڭ دەۋرىدە دۆلەت ئەربابلىرى ئىچىدە شائىرلار كۆپ ئىدى. جۈملىدىن ئايازبېك قۇشچى خۇش تەبىئەت كىشى بولۇپ، بۇ ئىككى غەزەلنى ئابدۇرەشىدخانىنىڭ شەنىگە ئىجاد قىلدى. ئۇنىڭ بىرىنى خان تەختكە يېڭى ئولتۇرغاندا، يەنە بىرىنى ئابدۇرەشىدخان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن خەلققە توي قىلىپ بەرگەندە يازدى. ھەزرىتى ئابدۇرەشىدخان بۇ شېئىرلارنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن ئايازبېككە ئاتمىش ساغداق كىشىنى (ساغداق ـ ئوقدان مەنىسىدە بولۇپ، بۇ ئاتمىش ئوقياچى جەڭچىنى بىلدۇرسە كېرەك ـ ئاپتور) يەر - سۇيى بىلەن ۋە بىر ئېرىقنىڭ يەر - سۇيىنى، مال - پۇل مەرھەمەت قىلىپ بەردى. بۇ بېرىلگەن ئادەملەرنىڭ يېرىمى خوتەندە، يېرىمى تاتاردا ئىدى» دېگەن مەلۇمات بىلەن ئايازبېك قۇشچىنىڭ بۇ ئىككى غەزىلىنى تولۇق تېكىستى بىلەن بەرگەن. تۆۋەندە بۇ ئىككى غەزەلنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىمىز:

### كەلدى

«ساقىي مەيى فەرەھبەخش تۇتكىم باھار كەلدى،
ئىشرەت زەمانى يەتتى، ئول گۈلئۇزار كەلدى.

www.uyghurkitap.com

بولدى چەمەن مۇنەۋۋەر، ئاچىلدى رەڭگى گۈللەر،
تۈت جامى رۇھى پەرۋەركىم غەمگۇزار كەلدى.
كۆرسەتتى جىلۋە سۇنبۇل، ئاچىلدى نەرگىسى گۈل،
بولدى فىغاندا بۇلبۇل، ئەبر ئەشكىبار كەلدى.
دەۋرانى ئەيشۇئىشرەت بەش كۈن ئىرۇر غەنىمەت،
چۈن چەرخى بى مۇرۇۋۋەت نا پايىدار كەلدى.
يەتكۈرسە غۇسسە گەردۇن، چەك بادە، بولما مەھزۇن،
تەسكىن غەمغە گۈلگۈن مەي سازۋار كەلدى.
باشىمنى گوي مەيدان قىلسام يوق ئەمدى ئەرمان،
ساھىبقىرانى دەۋران ئۇل شەھسەۋار كەلدى.
ئەي دەھر سەرفەرازى ئابدۇرەشىدغازى،
دەرگاھىڭە ئايازى ئۇمىدۋار كەلدى. »

[ئەي ساقىي (شاراب قۇيغۇچى)، خۇشاللىق بەخش ئەتكۈچى شارابتىن قۇيغىنكى، باھار كۈنلىرى كەلدى، خۇشاللىق زامانى يېتىپ كەلدى، چۈنكى ئۇ گۈل يۈزلۈك كەلدى. چىمەن باغلار نۇرلىنىپ، رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلدى، شادلىق شارابىدىن يەنە قۇيغىنكى، غەمگۇزارىمىز كەلدى. رەيھاندىن مايسىلار ئۈنۈپ چىقىپ ئۆزىنى كۆرسەتتى، نەرگىسگۈللەر ئېچىلدى، گۈل ئىشقىدا بۇلبۇللار پىغان چەكتى، بۇلبۇلنىڭ پىغانىغا بۇلۇتلار يىغلىدى. ئەيش ـ ئىشرەت دەۋرى بەش كۈنلۈكتۇر، ئۇنى غەنىيمەت بىلىش كېرەك، چۈنكى بۇ مۇرۇۋۋەتسىز، ئايغى ياراشمايدىغان زاماندۇر. دۇنيا ساڭا غەم ـ غۇسسە يەتكۈزسە، شاراب ئىچ، مالال بولما، غەمنى پەسەيتىشكە گۈل يۈزلۈك مەي ئەڭ مۇۋاپىقتۇر. بېشىمنى جەڭ مەيدانىنىڭ بىر توپى قىلسام ھېچ ئارمىنىم يوق. چۈنكى، دەۋرىمىزنىڭ ئىگىسى بولغان بەختلىك پادىشاھىمىز كەلدى. ئى زاماننىڭ ئالىي پاراسەتلىكى بولغان ئابدۇرەشىدخان غازى، دەرگاھىڭىزغا ئايازى ئۈمىدۋارلىق بىلەن كەلدى.]

## توٴت

«ئىيدۇ - باھار ئەييامىدۇر، ساقى لەبالەب جام توٴت،
ئەيش تەرەب دەۋرانىدۇر جامى مەي گۇلفام توٴت.
جەمشىد فەرشاھى جەھان چۇن قىلدى ئەزمى گۇلىستان،
جەمئىيەتى ۋەقتى زەمان خۇشىدۇر بۇگۇنكىم جام توٴت.
مەئلۇم ئەمەس دەۋران ئىشى چۇن مۇنقەلىبتۇر گەردىشى،
ھەرگىز بولۇر دەپ كىشى بۇ دەۋرنى مەدام توٴت.
بۇ دەمكى باردۇر فۇرسەتىڭ ئەھباب ئىلە جەمئىيەتىڭ،
لۇتف ئىلە بەزمۇ ئىشرەتىڭ ئەھلىنى شېرىن كام توٴت.
............................................
»............................................[1]

[ھېيت - باھار كۇنلىرىدۇر، ساقىي جامنى لىقمۇلىق تولدۇرۇپ توٴت، ئەيش - خۇشاللىق مەزگىلىدۇر، جامدا گۇل رەڭلىك مەي توٴت. جەمشىدكە ئوخشاش جاھاننىڭ شاھى بۇ گۇلىستانغا قەدەم تەشرىپ قىلدى، ھازىر ھەممە خۇشاللىققا چۆمگەن چاغ، لەززەت جامىنى توٴت. زاماننىڭ ئىشى مەلۇم ئەمەس، ئۇ ئايلىنىپ، ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، يەنە پۇرسەت كېلىدۇ دەپ ئويلىما، بۇ مەزگىلنى غەنىيمەت بىل. ھازىر شۇنداق ياخشى پۇرسەتكى، پۈتۈن دوست - يارەنلەر يىغىلغاندۇر، مەرھەمەت ئەيلەپ بۇ خۇشاللىق بەزمىسى ئەھلىگە شېرىن سۆزلىرىڭنى توٴت......]

ئايازبېك قۇشچىنىڭ نامى «چىڭگىزخان» دىمۇ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا: «بەھادۇر ۋە كېڭەشلىك كىشىلەر قۇشچىدىن بۆلەك توٴت مىڭ يەتتە يۈز كىشى ئىدى»[2] دېيىلىدۇ.

---

[1] شاھ مەھمۇد چوراس: «تارىخى رەشىدىي (زەيلى)» (شاپىگراف نۇسخا)، 79 — 81 - بەتلەر.

[2] موللا مىرسالىھ كاشغەرىي: «چىڭگىزنامە»، 94 - بەت.

ئايازبېك قۇشچىغا دائىر يۇقىرىقى مەلۇماتلار بىزگە ئۇنىڭ مىلادىيە 16 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە ياشاپ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ يېقىن باتۇر بەگلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە، ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھەسسە قوشقان، سەئىدخان ۋە ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە دۆلەت ئەربابلىرىدىن بىرى ۋە تونۇلغان شائىر سۈپىتىدە ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ھاياتىدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتقان شەخس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھىجرىيە 940 - يىلىنىڭ يېڭى يىل كۈنى (مىلادىيە 1533 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى) ياركەند سەئىدىيە خانلىقى تەختىدە ئولتۇرغان ۋە شۇ يىلىنىڭ روزا ھېيت كۈنى (مىلادىيە 1534 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى) خەلققە توي قىلىپ بەرگەن. شۇ خۇشاللىق توي كۈنىدە ئايازبېك قۇشچى ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى ئىككى شېئىرىنى پادىشاھ ۋە پۈتكۈل توي ئەھلى ئالدىدا ئوقۇپ، ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەلنى گۈللەندۈرۈش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن، شاھقا بولغان مىننەتدارلىقى ۋە ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئىپادىلىگەن.

ئايازبېك قۇشچىنىڭ يۇقىرىقى ئىككى پارچە غەزىلىدىن باشقا ئەسىرى يېقىنقى يىللارغىچە مەلۇم ئەمەس ئىدى. مىلادىيە 1980 - يىللاردىن كېيىنكى ئىزدىنىشلەر داۋامىدا ئۇنىڭ كېيىن تۈزۈلگەن «باياز» لارغا كىرگۈزۈلگەن بىر پارچە غەزىلى تېپىلىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىلى نەشر قىلغان «بايان» (1) غا كىرگۈزۈلدى.

«سەنسەن» رادىپلىق بۇ غەزەلدە شائىر يار ۋىسالىغا يېتەلمەي كۆپ ئازاب - رىيازەت چەككەن ئاشىق تىلىدىن ئاجايىپ گۈزەل مىسرالارنى تىزىدۇ.

مىلادىيە 1990 - يىللاردا خوتەندىن شائىر ئايازنىڭ بىر تولۇقسىز قول يازما دىۋانىنىڭ تېپىلىشى ھەمدە ئۇ قول يازما توپلامغا كىرگەن تولۇق ۋە تولۇقسىز ھالەتتىكى 68 غەزەلنىڭ

«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنىشى بىلەن شائىر ئايازى ۋە ئۇنىڭ غەزەللىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ يېڭى پەردىسى ئېچىلدى.

ئېلان قىلىنغان بۇ غەزەللەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ئىشق - مۇھەببەت تېمىسىدا بولۇپ، پەقەت ئاز بىر قىسمىلا باشقا ئىجتىمائىي تېمىلارغا بېغىشلانغان. ئوخشاشمىغان تېما ۋە ئۇسلۇبتىكى بۇ نادىر غەزەللەر شائىرنىڭ بەدىئىي تىل ۋە ئىپادىلەش سەنئىتى جەھەتتىكى يۇقىرى ماھارىتى، تالانت - ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپلا قالماي، يەنە ئەينى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شائىرنىڭ سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ئاتاپ يازغان «تۆت» رادىپلىق غەزىلىنىڭ توپلام تەركىبىدىن ئورۇن ئېلىشى مەزكۇر توپلامنىڭ ئاپتورى شائىر ئايازى بىلەن غەزەللىرىدە «ئايازى» تەخەللۇسىنى قوللانغان ئايازبېك قۇشچىنىڭ بىر شەخس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

«دىۋانى ئايازى»[1] (گەرچە ئۇ تولۇق دىۋان بولمىسىمۇ) نىڭ تېپىلىپ ئېلان قىلىنىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ ياركەند سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىپ، شائىر ئايازىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئورنىنى يەنىمۇ يۇكسەكلىككە ئىگە قىلدى[2]. ئايازى (ئايازبېك)نى «ئاياز شىكەستە» تەخەللۇسلۇق مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر بىلەن بىر ئادەم دەپ پەرەز قىلىشقا بولسىمۇ، لېكىن «تارىخى رەشىدي» (زەيلى) دىكى «ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە دۆلەت ئەربابلىرى ئىچىدە...... خۇش تەبىئەت كىشى بولۇپ» دېگەن جۈملە ئۇلارنىڭ ئىككى كىشى ئىكەنلىكىگە بولغان قارىشىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ توغرۇلۇق داۋاملىق ئىزدىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئەسلىتىدۇ.

---

① «بۇلاق»، 1996 - يىللىق 2 - سان، 60 — 61 - بەتلەر.

② ئىمىنجان ئەھمىدى، غەيرەتجان ئوسمان، مۇھەممەتتۇردى مىرزائەخمەت، ئەسئەت سۇلايمان، ھېبىبۇللا ئابدۇسالام قاتارلىقلار يازغان: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (2)، 504 — 509 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 - يىلى نەشرى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 9. مەھمۇد چوراس

ئاتاقلىق تارىخچى، شائىر مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان تارىخچى شاھ مەھمۇد چوراس (تولۇق ئىسمى شاھ مەھمۇد مىرزا پازىل چوراس ئوغلى) تەخمىنەن مىلادىيە 17 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى ياركەندتە دۇنياغا كېلىپ، مىلادىيە 1700 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ دادىسى مىرزا پازىل چوراس بولسا ياركەندتىكى ئۇيغۇرلاشقان موڭغۇل چوراس بەگلىرىنىڭ ئىچىدە خېلى ئابرۇيغا ئىگە بىر زات بولۇپ، ياركەند خانلىقىنىڭ ئابدۇللېتىپ خان، ئەھمەدخان ۋە ئابدۇللاخاننىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا قوشۇن ۋە باشقا ساھەلەردە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەندى[1]. شاھ مەھمۇد چوراس ياركەند ۋە قەشقەر مەدرىسەلىرىدە تەربىيەلىنىش داۋامىدا ئەرەب، پارس تىللىرىنى ياخشى ئىگىلەپ، بىلىم دائىرىسى كەڭ بىر شەخس بولۇپ يېتىشىپ چىققان، بولۇپمۇ ئۇ تارىخ ئىلمى ساھەسىدە تونۇلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى يەكەن بەگلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «ياركەند پادىشاھلىرىدىن ئابدۇللاخان، ئىسمائىل خان، ئابدۇرەشىدخان ۋە مۇھەممەد ئەمىن خانلارنىڭ نامىدا ئىككى - ئۈچ پارچە تارىخ كىتابىنى يېزىپ چىققان.»[2]

شاھ مەھمۇد چوراسنىڭ ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان تۇنجى ئەسىرى «تارىخى شاھ مەھمۇد چوراس» ياكى «تارىخى شاھ» بولۇپ، ئۇ ئەسەر ئىسمائىل خان دەۋرىدىكى (مىلادىيە 1670 — 1678) ياركەند ئەمەلدارى ئىركەبەگنىڭ تەشەببۇسى

---

[1] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، (مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 - يىلى نەشرى، 1051 - بەت.

[2] «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 - يىلى نەشرى، 237 - بەت.

ئارقىسىدا مىلادىيە 1672 - يىلىدىن 1676 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا پارس تىلىدا يېزىپ چىقىلغان. ئەسەردە ئاساسەن مىلادىيە 1428 - يىلىدىن 1670 - يىلىغىچە بولغان مەزگىلدىكى موغۇل ۋە ياركەند خانلىرىنىڭ تارىخى مەركەزلىك بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاكىموشكىنىنىڭ تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن مىلادىيە 1966 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخى ھۆججەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن «تارىخى شاھ مەھمۇد چوراس» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنغان ھەمدە مەزكۇر نەسرىي نۇسخىدا پارسچە ئەسلىي تېكىستمۇ بېرىلگەن[1].

ئەسەرنىڭ پارسچە تېكىستىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى بايانلاردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇ تېكىستنىڭ شاھ مەھمۇد چوراسنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن موللا ئېۋەز دوست قولى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى مەلۇمدۇر. موللا ئېۋەز دوست قولى ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا شاھ مەھمۇد چوراس ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى، ۋاپاتى ۋە كېيىنكى بەزى ئىشلار توغرىسىدىكى بايانلارنى قوشۇپ قويغان.

ئەسەرنىڭ مىلادىيە 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كونا ئۇيغۇر تىلىنىڭ كاشغەر شېۋىسىگە تەرجىمە قىلىنغان «ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ تارىخى» ناملىق يەنە بىر نۇسخىسى بولغان. بۇ نۇسخا ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئەبۇ رەيھان بىرۇنى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا[2].

«ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ تارىخى» نىڭ پارس تىلىدىكى بىر نۇسخىسىنى تاتار ئالىمى نۇشىرۋان يائوشۇ مىلادىيە 1914 -

---

[1] مەزكۇر پارسچە ئەسلىي تېكىستنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى 1989 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنىدى.

[2] «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 1053 - بەت.

يىلىدىن 1915 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىدە خوتەن قارىقاشتىن تېپىپ، ئەسەرنىڭ يۇنۇسخاندىن ئابدۇكېرەم خانغىچە بولغان قىسمىنى «شورا» ژۇرنىلىنىڭ مىلادىيە 1916 ـ يىلىدىكى 19 ـ سانىدىن 23 ـ سانىغىچە بولغان بەش سانىدا «ئالتە شەھەر تارىخى» دىن بىر پارچە» دېگەن نام بىلەن تاتار تىلىدا ئېلان قىلغان. «ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ تارىخى» «تارىخى شاھ مەھمۇد چوراس» قا مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن بايان قىلىش تەرتىپى، مەزمۇنىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

شاھ مەھمۇد چوراس مىلادىيە 1682 ـ يىلىدىن كېيىن ئاللايار ئىبنى ساتىم بېينىڭ (مىلادىيە 1660 ـ يىلىدىن كېيىن خوتەنگە ھاكىم بولۇپ، مىلادىيە 1682 ـ يىلىدىن كېيىن ياركەندكە قايتىپ كەلگەن قىرغىز ئاقسۆڭەكى)[1] تەشەببۇسى بىلەن يەنە «تارىخى رەشىدىي (زەيلى)» ناملىق بىر ئەسەر يېزىپ چىققان. پارس تىلىدا يېزىلغان بۇ ئەسەر ئۇنىڭ «تارىخى شاھ مەھمۇد چوراس» تىن كېيىن يازغان نوپۇزلۇق ئەسىرى بولۇپ، مەزمۇنىنىڭ مول‍لۇقى، ئەكس ئەتتۈرگەن تارىخىي جەريانلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ۋەقەلەر ۋە ۋاقىتنىڭ ئېنىقلىقى بىلەن «تارىخى شاھ مەھمۇد چوراس» تىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.

«تارىخى رەشىدىي (زەيلى)» مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە، شۇنداقلا ئاپتور ئۆزىنىڭ «تارىخى شاھ مەھمۇد چوراس» ناملىق ئەسىرىنى تولۇقلاش مەقسىتىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا قاراقىتان خانلىقىنى قۇرغان گورخاندىن (مىلادىيە 1131 — 1143 ـ يىللىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن) تارتىپ ئەسەر يېزىلغان مەزگىلگىچە بولغان بەش يېرىم ئەسىر داۋامىدىكى تارىخىي

[1] «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 1054 ـ بەت.

ۋەقەلەر، ئاساسلىقى ئابدۇكېرىم خاندىن (مىلادىيە 1560 — 1591 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) مىلادىيە 1678 - يىلى ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھامىيلىقىدىكى قورچاق خانلىق تەختىگە چىققان ئاپاق خوجىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ياركەند خانلىقى سەلتەنىتىنى قايتا تىكلىگەن ياركەند خانلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەۋلادى مۇھەممەد ئەمىن خانغىچە (مىلادىيە 1681 — 1682 - يىللىرى خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان) بولغان 120 يىلدىن كۆپرەك تارىخ نۇقتىلىق بايان قىلىنغان.

«تارىخى رەشىدي (زەيلى)» نىڭ يېزىلىش سەۋەبىنى ئاپتور ئەسەرنىڭ ئىككى يېرىدە تۆۋەندىكىدەك ئېيتىپ ئۆتىدۇ:

«بۇ پېقىر ھەقىرنىڭ تارىخ يېزىشقا ئانچە لاياقىتىم يوق ئىدى. ئەمما، ئاللايار بەگ ساتىم بى ئوغلى مېنىڭ يېزىشىمنى ئىلتىماس قىلدى. بۇرۇن ئۆتكەن ئالىي قەدىرلىك پادىشاھلارنىڭ نامى ئۆچمىسۇن ۋە بىزنىڭ، سېنىڭ ئېتىمىز خەلق ئارىسىدا يادىكار قالسۇن دېدى. چارىسىز ئاللايار بەگ ۋەلىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەقىل تەپەككۇرۇم يەتكۈنچە يازدىم. (پارچە)

ئەگەر سۆزۈم كىتابقا لايىق ئەرمەس،
جاھان ئىچىدە پاراۋان گۇل ۋە ھەم خەس.
دېمەدىم بولسۇن سۆزۈم ئېتىبارى،
دېدىم قالسۇن جاھاندا يادىكارى. »[①]

«تارىخ بايان قىلىشقا مەندەك بىچارە كىشىنىڭ لاياقىتى يوق ئىدى. ئەمما، مېنىڭ كۆڭلۈمگە شۇنداق كەلدىكى، مىرزا ھەيدەر ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىسمىغا بېغىشلاپ ‹تارىخى رەشىدي› دېگەن تارىخنى يېزىپتۇ ۋە ئۇنىڭدا توغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىدىن باشلاپ

① «تارىخى رەشىدي (زەيلى)» (1960 - يىلى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن ماشىنكىدا ئۇرۇلۇپ باستۇرۇلغان شاپىگراف نۇسخا)، 82 — 83 - بەتلەر.

ئابدۇرەشىدخاننىڭ دەۋرىگىچە بولغان دەۋرلەر، پادىشاھلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرى بايان قىلىنىپتۇ. ئابدۇرەشىدخاندىن كېيىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەمىن باھادۇرخاننىڭ دەۋرىگىچە ھېچ كىشى تارىخ يازماپتۇ. گەرچە مېنىڭ تارىخ يېزىش قابىلىيىتىم بولمىسىمۇ، ئەقلىي كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تارىخ يازدىم. بۇ تارىخنى يېزىشقا ئاللايار ئىبنىنىڭ مېنىڭ تارىخ يېزىشىمغا بولغان تەشەببۇس - ئىلتىماسى بىلەن تارىخ كىتابلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىشەنچلىك ئادەملەرنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلىنىپ يېزىپ چىقتىم. بۇ تارىخنى يېزىشتىن مەقسىتىم، ئۆتكەنلەرنىڭ ۋەقەلىرى ۋە ياخشى خىسلەتلىرى ۋە مېنىڭدەكلەرنىڭ دۇئاگۇيلۇقى ئۇلۇس ئارا يادىكار قالسۇن دېمەكتۇر.

شاھىنشاھلار جاھاندىن ئۆتتى بارى،<br>
ئۆتەر دۇنيا، قالۇر ئات - يادىكارى. »[①]

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «تارىخى رەشىدىي (زەيلى)» دە ئابدۇكېرىم خاندىن كېيىنكى تارىخ يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ ئەسەرنى مەيلى ئاپتورنىڭ ئەسەر يېزىشتىكى مۇددىئاسى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئەسەر مەزمۇنى جەھەتتىن بولسۇن، ئىسمى - جىسمىغا لايىق «تارىخى رەشىدىي» نىڭ داۋامى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

شاھ مەھمۇد چوراس ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مىرزا ھەيدەردىن كېيىنكى كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىسى سۈپىتىدە «تارىخى رەشىدىي» نىڭ بايان ۋە بەدىئىي ئۇسلۇبى يەنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تارىخىي - ئەدەبىي تەزكىرىچىلىك ئۇسلۇبى بويىچە يېزىپ چىققان «تارىخى رەشىدىي (زەيلى)» ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق «تارىخى رەشىدىي» نىڭ مەزمۇنىنى بىر يېرىم

---

① «تارىخى رەشىدىي (زەيلى)» (شاپىگراف نۇسخا)، 122 — 123 - بەتلەر.

ئەسىر سۇرۇپ، ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تارىخى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلارنى يەتكۈزۈپ بېرىپلا قالماي، يەنە ياركەند سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، ئايازبېك قۇشچى قاتارلىق ئەدىبلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە قىممەتلىك ماتېرىياللارنى بېرىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلىدى ۋە بېيىتتى. ئەسەردە يەنە شاھ مەھمۇد چوراسنىڭ ئۆز شېئىرلىرى ھەمدە سۇلتان مەھمۇدخان، بابۇرشاھ، مىرزامىرەك چالىشى، ئابدۇكېرەم خان، شاھ خوجا ئابدۇرازاق قاتارلىقلارنىڭ، شۇنداقلا نامەلۇم ئاپتورلارنىڭ شېئىرلىرىدىن پارچىلار بېرىلگەن.

مىلادىيە 1696 - يىلى شاھ مەھمۇد چوراس يەنە دىنىي تېمىدىكى «ئەنىس تالىبىن» («تەلەپكارلار نەسەبنامىسى») ناملىق ئەسەر يازغان. ئەسەر ئەينى زاماندىكى ياركەند ھاكىمى ئالىم شاھ بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسەن ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى تارىخى (تۆت خەلىپە دەۋرى)، 12 ئىمام، نەقشىبەندىچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ياركەند سەئىدىيە خانلىقىدىكى ئاساسلىق ۋەكىللىرى، بولۇپمۇ «ئىسھاقىيە» ئىشانلىرىنىڭ تارىخى، دىنىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. ئەسەر پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ياركەندتە ئەبۇ مەنسۇر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «رەفىقۇل تالىبىن» («ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر دوستى») ناملىق بىر قول يازما نۇسخىسى بار. بۇ نۇسخىنىڭ مىلادىيە 1864 ـ 1965 - يىللىرى موللا ئەھمەد ئوغلى موللا مۇھەممەد سوپى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بىر نۇسخىسى ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەبۇ رەيھان بىرۇنى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا[1].

---

[1] مىساللار «تارىخى رەشىدي (زەيلى)» (شاپىگراف نۇسخا) نىڭ 99 - ، 173 - ، 178 - ۋە 132 - بەتلىرىدىن ئېلىندى؛ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، 1056 - بەت: ئىمىنجان ئەھمىدى، غەيرەتجان ئوسمان، مۇھەممەتتۇردى مىرزائەخمەت، ئەسئەت سۇلايمان، ھېبىبۇللا ئابدۇسالام قاتارلىقلار يازغان: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (2)، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 - يىلى نەشرى، 541 ـ 547 - بەتلەر.

## 10. زۇلەيخا بېگىم

زۇلەيخا بېگىم شائىرە ۋە ئەدەبىي تەرجىمان بولۇپ، كاشغەردە تۇغۇلۇپ، قۇمۇلدا بىر مەزگىل ياشاپ، يەنە كاشغەرگە قايتىپ كېلىپ ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ چوڭ مەقبەرىسى كاشغەر بەشكېرەم يېزىسى (هازىرقى قوغان يېزىسىغا تەۋە) قاراساقال كەنتىدە ئىززەتلىك ئورۇندا تۇرۇپ ساقلىنىپ كېلىنگەن. زۇلەيخا بېگىمنىڭ دادىسى كاشغەر ئەمىرزادىلىرىدىن مىرسەئىد جېلىل كاشغەرىي دېگەن كىشى بولۇپ، خوجا مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ قېيىنئاتىسى ئىدى. زۇلەيخا بېگىم قۇمۇلدا خوجا ھىدايىتۇللا (ئاپاق خوجا) نى تۇغقان. ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ساۋابچى دېگەن يېرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان تارىخچى موللا خۇدابەردى خەلىپە تەخمىنەن 1877 - يىلى يېزىپ چىققان «سىلسىلەتۇز زەھەب» ناملىق ئەسىرىدە «زۇلەيخا بېگىم تەڭداشسىز ئىستېدات ئىگىسى ئىدى. ئەرەبچە ۋە پارسچىدا ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى. شېئىر ۋە قەسىدە ئىجادىيىتىدە نۇقسانسىز ئىدى» دەپ يېزىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ھافىز شىرازى (1300 – 1390) غەزەللىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن[1]. تۆۋەندە زۇلەيخا بېگىمنىڭ تەرجىمە شېئىرىدىن ئۈچ پارچە كۆرۈپ ئۆتىمىز:

### غەزەللەر

ئەلا يائەييۇھەس ساقىي، كېلىپدۇر رىندلەر تىلغە،
كۆرۈندى ئاسان ئەۋۋەل ئىشق، ۋەلېكىم تارتتى مۇشكىلغە.
سەبا ئول تۇررەنىڭ بۇيىنكى ئاچتى تۇررەدىن ئاخىر،

---

[1] غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، ش ئۇ ئا ر ئالىي مائارىپى بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنگۈچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى 1992 - يىلى باستۇرغان.



www.uyghurkitap.com

كى مۇشكىن جەئد تابىدىن نە خۇنلار باغلادى دىلغە.
كى سەجادەڭنى رەڭگىن مەيدە قىل پىرى مۇغان ئايتۇر،
كى سالىك بىخەبەر بولمايكى يەتكەي راھۇ مەنزىلغە.
كى جانان مەنزىلى ئىچرە ماڭا خۇش ئەيش چۇن ھەردەم،
قوڭغۇرغۇ ئەيلەگەي فەرياد ئەگەر باغلانسە مەھمىلغە.
قاراڭغۇ تۇندە مەۋجىدىن ۋەھىم ھەم گىردابىدىن قايغۇ،
نېچۇك بىلگەي مېنىڭ ھالىمنى مىڭ يۇك تۇشسە ساھىلغە.
ھەمە كارىم، ئۆزۇم كامىم (كى) ئاخىر تارتتى بەدناملىق،
قاچان قالغاي نىھان رازى ئەگەر كەلتۇرسە مەھفىلغە.
ھۇزۇر ئىستەر ئىسەڭ، ھافىز، ئانىڭدىن بولماغىل غافىل،
قاۋۇشماقلىق بۇ دۇنيادا قاچان ئول ئىشق ئەمھىلغە.[1]

## 11. مۇھەممەد ئەمىن ھىرقەتي

### 1. شائىرنىڭ ھاياتى

ھىرقەتي[2] خوجىلار زامانىسى ئەدەبىياتى مۇنبىرىدىكى كۆزنى ئەڭ قاماشتۇرىدىغان ئەدىبلەرنىڭ بىرى. ئۇ 17 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا[3] كاشغەرنىڭ تازغۇن يېزىسى باغچى كەنتىدە تۇغۇلغان[4]. شائىرنىڭ ئىسمى مۇھەممەد ئەمىن (شائىر «ھىرقەتي»دىن باشقا «گۇمنام» دېگەن تەخەللۇسنىمۇ ئىشلەتكەن).

---

[1] مەتىمىن يۇسۇپ، مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن تۇزگەن: «باياز» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىلى نەشرى، 27 - بەت.

[2] ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللاردا «خىرقەتى (يىرتىق چاپان كىيگەن كىشى) دەپ ئېلان قىلىنغان. ئىلمىي خادىملار شائىر ئەسىرىنىڭ قول يازمىسىنى قايتا تەكشۇرۇپ، ئۇنىڭ تەخەللۇسىنىڭ «ھىرقەتي» (كۆيۇپ يانغۇچى) ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. بۇ ھەقتە ئى. يۇسۇپ، ئا. خوجا نەشرگە تەييارلىغان «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» نىڭ 1995 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان نۇسخىسىغا قاراڭ.

[3] ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللاردا شائىرنى 1634 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1724 - يىلى ۋاپات بولغان دېيىلگەن. قايتا تەكشۇرۇش ئارقىلىق بۇنىڭ ماتېرىيال ئاساسى كەم ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

[4] بۇ يەر ھازىر قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيەسىگە تەۋە.

ئاتىسىنىڭ ئىسمى خوجامقۇلى، ئۇ ئاپاق خوجىنىڭ دەۋرىدە باغۋەن، چىراغچى ۋە كاۋاپچى مەنسەپلىرىدە بولغان، بۇ ھەقتە شائىر داستانىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

«ئەگەر كىشى ساھىب تەسنىفنىڭ كەلامىن ئىشتىپ، نامىن بىلەيىن دېسە، مەجھۇل قالماسۇن، مەئالۇم بولسۇن ۋە مۇبھەم بولماسۇن، مەفھۇم بولسۇندەپ، ھەدەف نامىمنى ۋە تەرەق مەقامىمنى تەئىين قىلدىكىم مۇھەممەد ئىمىن ئىبىن خاجەمقۇلى ۋە ئازادەلەر باغىنىڭ بۇلبۇلى ۋە مېھنەت تاغىنىڭ گۇلى...... بەندەئى ئەۋلادى مۇھەممەد كاشغەر ۋەلايەتىدىن، تازغۇن دەھى، پىرھىدا يەتىدىن خالىي، ئارغۇن رەھىدىن قىشلاغى باغچى مەنسەبى ھەم باغچى ۋە سانى چىراقچى ۋە سالىسە كەبابچى، بۇ ئىشلار ۋە بۇ رەۋىشلەر زۇبدەئى پەيغەمبەر زادەلەر ۋەشەھ ئازادەلەر دەۋرىدەدۇر.»

«ئېرور باغ مېھتەرى قىشلاقى باغچى،
ئىكىنچى مەنسەبى ئېردى چىراقچى،
كەبابچىلىق يەنە بىر مەنسەبىدۇر،
كەباب قىلماق خاجەمنىڭ مەتلەيىدۇر. »

شائىرنىڭ يۇقىرىقى مەلۇماتىدىن شۇنىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ ئاپاق خوجا ھۇزۇرىدا باغۋەنچىلىك مەنسىپىدە ئىشلىسىمۇ، ئۆزىنى يەنىلا «ئازادەلەر (گۈزەللەر، ئېسىللەر) بېغىنىڭ بۇلبۇلى ۋە مېھنەت (جاپا ـ مۇشەققەت) تېغىنىڭ گۈلى» دەپ ئاتايدۇ. دېمەك، ھىرقەتىي داستانىدا ياراتقان «سابا»، «گۈل» ۋە «بۇلبۇل» قاتارلىق سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە ئوبرازلار ئارقىلىق جاپا ـ مۇشەققەتنى ئۆزىگە ئالدىنقى شەرت قىلغان ۋىسال شادلىقى ئىشقىدا كۆيۈپ ـ يېنىپ كۈيلەيدۇ.

## 2. «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام»

شائىرنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق داستانى



uyghurkitap.com
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بار[1]. بۇ 2000 مىسرا ئەتراپىدىكى ئەسەرنى[2] ئۈچ قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى «مۇقەددىمە»[3] قىسمى. بۇنىڭ ئالدىنقى بۆلىكى بىرقانچە ئابزاس نەسرىي بايان، بېيىت ۋە نەزملەردىن تەركىب تاپقان. بۇلاردا شائىرنىڭ ئىشق - مۇھەببەت، ئەمگەك (مېھنەت)، ۋىسال توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئوبرازلىق بايان قىلىنىدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن كىچىك بىر مۇقەددىمە، بەش ماۋزۇ ئاجرىتىلىپ، رەسۇلىللا، چارىيارلارغا ھەمدۇسانا ئوقۇيدۇ؛ ئاخىرىدىكى بىر ماۋزۇدا ئاپتورنىڭ كىتابنى باشلاش توغرىسىدىكى كۆزقارىشى بايان قىلىنىدۇ. ئىككىنچى بۆلەك داستاننىڭ ئاساسىي قىسمى بولۇپ، بۇ ئىككى بابتىن تەركىب تاپقان. بىرىنچى بابى تۆت بەتلىك نەزمدىن كېيىن 16 ماۋزۇغا، ئىككىنچى بابى ئۈچ بەتلىك نەزمدىن كېيىن 23 ماۋزۇغا ئايرىلغان. ئۈچىنچى قىسمى «خاتىمە كىتاب ۋە فاسىھەئى خىتاب» دېگەن ماۋزۇ قويۇلغان بولۇپ، بۇ داستاننىڭ خاتىمىسى ئىكەنلىكى ئۆزىدىن مەلۇم. داستان پۈتۈنلەي ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان. ئەڭ ئاخىرىدا تۆتلۈكلەردىن 24 كۇپلېت قوشۇمچە قىلىنغان. بۇنى داستان مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دېيىشكە بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ

---

[1] ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللاردا بۇ داستان 1670 - يىلى يېزىلغان، شائىر 16 يىل مەدرىسىدە ئوقۇپ، ئەرەبچە، پارسچە تىللارنى ياخشى ئۆگەنگەن ۋە شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقان، دېگەن مەلۇماتلار بېرىلگەن بولسىمۇ، بۇلارنىڭ مەنبە ئاساسى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن. شۇڭا، بۇلار توغرىسىدا قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

[2] داستاننىڭ بىردىنبىر قول يازمىسى ھازىر ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ، نومۇرى 004، ئىلگىرى يەنى 1957 - يىلى، 1982 - يىللىرى ر. جارى قاتارلىقلار تەرىپىدىن قىسقارتىپ ئېلان قىلىنغان. 1993 - ۋە 1995 - يىللىرى ئى. يۇسۇپ، ئا. خوجىلار تەرىپىدىن قايتا تولۇقلىنىپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 3 -، 4 - سانلىرىدا ۋە ئايرىم كىتابچە بولۇپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 - يىلى نەشر قىلىندى. بۇ قېتىم بۇ كىتابتا ئاخىرقى قېتىم نەشر قىلىنغان نۇسخىسى ئاساسىدا تونۇشتۇرۇلدى.

[3] ئاپتور ئۆزى «مۇقەددىمە» دېمىگەن، بايان قىلىشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن شۇنداق ئاتاپ تۇرۇلدى.

شائىرنىڭ چوڭقۇر ئىدىيەۋى ھېسسىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رۇبائىي دەپ ھېسابلاشقىمۇ بولىدۇ.

ھىرقەتىي «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» نىڭ مەزمۇنى بىلەن بىللە ئەدەبىي شەكلىگىمۇ ئېتىبار بەردى. داستان شەرق مۇسۇلمان كىلاسسىكلىرىنىڭ مەسنەۋى (جۈپ قاپىيە) شەكلىدە يېزىلىپ داستاننىڭ ئاھاڭدارلىقىنى ئاشۇرغان. داستاندا يەنە بىر خۇسۇسىيەت بولۇپ، ئۇنىڭدا بىرىنچى مىسرانى تەشكىل قىلغان ئايرىم سۆزلەر بەزىدە ئىككىنچى مىسرادىمۇ ئۇچرايدۇ. لېكىن، ئۇز ئەينى بىلەن ئەمەس، قىسمەن گىراماتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر بىلەن ئۇچرايدۇ. ھىرقەتىي بۇ ئۇسۇلنى ئىپادە قىلماقچى بولغان ئوي - پىكىرنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان.

داستان ھېكمەتلىك سۆزلەر (ئافورىزم) گە باي. بۇ ھېكمەتلەر شائىرنىڭ تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئىجتىمائىي كۆزقاراشلارغا پەلسەپەۋى نۇقتىئىنەزەردىن خۇلاسە چىقاردى ۋە ئەۋلادلىرىغا «ئەي يارەنلەر، باغرى لەختە - لەختە قان بولغانلار، مەن سىلەرگە نەسىھەت قىلاي، بىلىڭلاركى، ھەممە تاغنىڭ ئىچىدە كان بولمايدۇ، جاھاندا تاغلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، سانى بولمايدۇ» دەپ ۋەسىيەت قىلدى.

دېمەك، ھىرقەتىي ئۆز دەۋرىنىڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي شارائىتىدا ياشاپ ئىجاد ئەتكەنلىكىگە قارىماي، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن مىللىي ئەدەبىياتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىجابىي رول ئوينىدى. ماھىر ۋە ئاجايىپ سۆز سەنئەتكارى سۈپىتىدە كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ تارىخىدىن ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن ئالدى.

### 3. «دىۋانى گۇمنام»

«دىۋانى گۇمنام» ھىرقەتىينىڭ لىرىك شېئىرلار توپلىمىدىن ئىبارەت.

شائىر ھىرقەتىي گۇمنام دېگەن تەخەللۇسنىمۇ ئىشلەتكەن.

بۇ توغرۇلۇق ئىسھاق ئىبن زىياۋۇدۇن «تەزكىرەئى قەلەندىران» (1719 - يىلى يېزىلغان) ناملىق كىتابىدا مۇنداق بىر ئۇچۇر قالدۇرغان[1]:

«پىرمەت سىتارى رىۋايەت قىلىدۇكى، بىرنەچچە پۇرسەت پېقىر مەشرەبى مەجزۇب خوجام پاشانىڭ يازلىق قارارگاھى بولمىش گۇلباغ مەۋزەئىنىدىكى بېغىدا خىزمەت ئاداسىدا بولدۇق. مەزكۇر باغ رەۋزائى رىزۋاندىن نىشانە ئىدى. جەننەتسىمال باغنىڭ مۇتەسسەددىسى خوجا پاشا خىشەلەرى بولمىش مۇھەممەد ئەمىن خوجامقۇلى ھىرقەتىي ئىدى. مەزكۇر ھىرقەتىي يەنە گۇمنام تەخەللۇسى قىلۇر ئەردى. ئانىڭ قەلەمدىن بەغايەت پۇرمەئىنى ئەبياتلار زوھۇرغا كەلمىشدىكىم، گۇمنام ئۇلارنى بىر يەرگە جەملەپ ئەشئار دىۋانى ھەم تەرتىپ بەرمىشتى.»

بۇ بايانلاردىن بىز ھازىر مەلۇم بولغان «دىۋانى گۇمنام» ناملىق توپلامنىڭ ھىرقەتىينىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەيمىز[2].

«دىۋانى گۇمنام» دا غەزەل كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مۇخەممەس، رۇبائىي، تەرجىبەندلەرمۇ بار[3].

گۇمنام غەزەللىرىنىڭ ئاساسىي مەۋقەسىگە دىققەت قىلغىنىمىزدا، شائىرنىڭ ئومۇمىي دۇنياقاراش جەھەتتىن سوپىزمنىڭ ئەڭ ئىلغار گۇرۇھى نەقشىبەندىيەلەرنىڭ پانتېستىك ۋە مۇنىستىك قاراشلىرىنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىغا

---

[1] «شەرق يۇلتۇزى»، 1990 - يىللىق 8 - سان، تاشكەنت.

[2] بۇ قېتىم كىتابتا بىرىنچىدىن «تەزكىرەئى قەلەندەران» دىكى بايانلار: يەنە بىرى بەزى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ھىرقەتىي بىلەن گۇمنامنى بىر ئادەم دەپ تونۇشتۇرۇپ تۇرۇلدى. بۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىنىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا. ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتىدا بىر سۆزنى بىرقانچە ئادەم تەخەللۇس قىلغان ئەھۋاللار بار، يەنى «گۇمنام» دېگەن سۆزنى باشقا شائىرلارنىڭمۇ تەخەللۇس قىلىشى نورمال ھادىسە. دېمەك، گۇمنام تەخەللۇسلۇق يەنە باشقا شائىرنىڭمۇ ئۆتكەنلىكى ئېھتىماللىقتىن يىراق ئەمەس — ئاپتور.

[3] م. ئوسمانوۋ نەشرىگە تەييارلاپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان گۇمنام غەزەللىرىگە قاراڭ.

www.uyghurkitap.com

سىڭدۈرگەن ئېستېتىك قاراشلىرى بىلەن ئىجاد يولىنى يورۇتقانلىقىنى[1] بايقايمىز، يەنى شائىر غەزەللىرىدە تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىغا ئورتاق بولغان «ئاشىق - ئاشىقلىق» ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان.

مەلۇمكى، «تەسەۋۋۇپ ئىلاھ ۋە ئىلاھىي كۈچلەرگە، ئادەمنىڭ ئىلاھ بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىشىگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت دىنىي ئېتىقاد، مىستىتىكا.»[2]

تارىختىن شۇ نەرسە ئۇقۇلۇدۇكى، تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرى ئومۇمىي خاراكتېر جەھەتتىن دىنىي مەۋقەنى ئىپادىلىسىمۇ، لېكىن ئۆز نۆۋىتىدە ئومۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى، دۇنيانى بىلىش يولىدىكى بىر خىل ئىزدىنىشى ۋە ئالاھىدە تەپەككۇر شەكلى ئىدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا...... تەسەۋۋۇپ مۇھىم بىر پەلسەپىۋى ئېقىم سۈپىتىدە شەرق تەپەككۇرىنى زور دەرىجىدە بېيىتقان بىر خىل دۇنياقاراش. گەرچە تەسەۋۋۇپ كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە بەدەخشاندىن تارىمغىچە بولغان رايونلاردا خوجا - ئىشانلار ۋە ئاتالمىش سوپىلار تەرىپىدىن سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن پايدىلىنىپ كېلىنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەسلىي ماھىيىتىدىن بىر خىل پەلسەپە ۋە ئىدىيە ئىنقىلابى ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىردە تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ئوتتۇرىغا قويغان ئىنسان سۆيگۈسى، ۋەھدەتى ۋۇجۇد ۋە ئىلغار ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيەلىرىنى ئۆز دەۋرىدىكى باشقا ھەرقانداق دىنىي پەلسەپە ئوتتۇرىغا قويمىغانىدى. شۇڭا، كۆپلىگەن ئالىملار بۇ دەۋرنى «شەرقنىڭ ئەدەبىي ئويغىنىشى» ياكى «مۇسۇلمانلارنىڭ ئويغىنىشى» دەپ ئاتىدى ۋە «كېيىنكى دەۋرلەردىكى ياۋروپا

---

[1] ش. ئۆمەر: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى»، 632 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىلى نەشرى.

[2] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىلى نەشرى، 280 - بەت.

ئۆيغىنىشىغا ئاساس ياراتتى» دەپ قارىدى[1].

گـۇمنام شـېئىرلىرىدىكى تەسـەۋۋۇپ تەسـىرى شـەكىل جەھەتتىكى ئۇقۇم بولۇپ، شائىر شېئىرلىرىنىڭ ماھىيىتىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇنىڭدا ئىنسان قـەدىر ـ قىممىتى، ئـەقىل ـ زاكاۋىتى، گۈزەللىكى، ۋاپادارلىق، يۇرت كۆركى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك هـەم خـەلقچىللىق خاھىشى ئاجـايىپ تەسـىرلىك يوسـۇندا ئىپادىلەنگەن.

گـۇمنامنىڭ «كاشـغەر» يـاكى «هـەزرەئى لۇتفىي ئىلاهـىدۇر دىيارى كاشغەر» ناملىق غـەزىلى ناهـايىتى تەسىرلىك ۋە مـەزمۇنى ئىنتـايىن چوڭقـۇر بىـر غـەزەل بولـۇپ، ئۇنىـڭدا شـائىرنىڭ چىـن ھېسسىياتى، ئوتلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك خاھىشى ئىپادىلەنگەن.

ۋەتەنپەرۋەرلىك بىـر خىـل يۈكسەك ئىنسانىي چۈشەنچە، يەنى ۋەتەنگـە سـادىق بولـۇش، ۋەتـەننى سـۆيۈش، ئـۆز ۋەتىنىـنى ۋە ئـۆز خەلقىنى قوغداش، ئۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدا قىلىش ئىدىيەسىدىن ئىبارەت.

ۋەتەنپـەرۋەرلىك كىشـىلەرنىڭ كەسپـى، ئورنـى ۋە مەۋقەسىگـە ئاساسـەن هـەر خـىل شـەكىلدە ئىپادە قىلىنىـدۇ. گـۇمنام چىـن ھېسسـىياتقا ئىگـە شـائىر بولغـانلىقى ئۈچـۈن، ۋەتەنپـەرۋەرلىك چۈشەنچىسىنى ئوبرازلىق شېئىرىي پىكىر ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. ئۇ ۋەتەندىن ئىبارەت بۇ كونكرېت ئوبيېكتنى تەسۋىرلىگەندە، بىردە كونكـرېت تەسـۋىرىي ۋاسـىتىلەرنى چۈشىنىشـلىك ۋە تەسـىرلىك يوسۇندا ئىشلەتسە، بىردە مۇبالىغە، تەسەۋۋۇر ۋە ئوبراز ۋاسىتىسىگە تايىنىپ، شېئىرىي مىسرالارنى ئاجايىپ جەزبىدار قىياپەتكە ئىگە قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ نازۇك قـەلبى ۋە تەسكىن ھېسسـىياتىنى لەرزىگە سالىدۇ.

دېمەك، گـۇمنامنىڭ غـەزەللىرىنىڭ كۆپى دېگۈدەك ئىشق ـ مۇھەببـەت تېمىسـىدىكى ئەسـەرلەردۇر. ئـۇ ئـۆزىنىڭ پۈتۈن ئـوي ـ

[1] ئـە. سـۇلايمان: «شـىنجاڭ مـەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىـڭ 1998 ـ يىللىـق 1 ـ سانىدىكى ماقالىسىنىڭ 52 ـ بېتىگە قارالسۇن.

پىكىرلىرىنى مۇشۇ تىپمىدىكى غەزەللىرى ئارقىلىق ئىپادە قىلغان. ئۇ بۇ غەزەللىرىدە ئىشق - مۇھەببەتكە ۋاپا قىلىش كېرەكلىكى (4 -، 18 -، 32 -، 41 -، 59 - غەزەللىرىدە)، ئىشق - مۇھەببەتنىڭ مەردىنىڭ ئىشى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر جان ئەمەس، مىڭ جان بولسىمۇ قۇربان قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكى (1 -، 11 -، 13 -، 18 - غەزەللەر)، ھۇزۇر - ھالاۋەتنى جاپا - مۇشەققەت بىلەن (ئەمگەك ئارقىلىق) قولغا كەلتۈرۈش لازىملىقى (38 - غەزەل)، مەمەدان بولماسلىق، ماختانچاقلىقنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزىنى خار قىلىش بولىدىغانلىقى (46 - غەزەل) قاتارلىق ئىلغار پىكىرلەرنى يۇكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن گەۋدىلەندۈرىدۇ[1].

---

[1] «دىۋانى گۇمنام» (بۇ ماۋزۇ كېيىن قويۇلدى) دىكى بىر قىسىم شېئىرلار 1957 - يىلى يەكەندىن بايقىلىپ، 1963 -، 1981 - يىللىرى ئېلان قىلىنغان. يېقىندا يەنە 5500 مىسراغا يېقىن بىر نۇسخىسى بايقىلىپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 2 - سانىدا تاللاپ ئېلان قىلىندى.

بەشىنچى باب

# 18 ـ ئەسىر ئەدەبىياتى

## 18 .1 ـ ئەسىر كاشغەر جەمئىيىتى ۋە ئەدەبىياتى

### 18 .1 .1 ـ ئەسىر جەمئىيىتى

مىلادىيە 18 ـ ئەسىر شىنجاڭنىڭ بەزى يەرلىك تارىخى، ئەدەبىيات تارىخى كىتابلىرىدا «خوجىلار» ۋە «خوجىلار زامانى» دېگەن نام بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. ۋاھالەنكى، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخىدا «خوجىلار» ۋە «خوجىلار زامانى» بىر مۇرەككەپ ئاتالغۇ بولۇپ، يىل جەھەتتىن 1678 ـ يىلى ئاپاق خوجىنىڭ قورچاق ھاكىمىيىتى تىكلەنگەن ۋاقىتتىن باشلاپ تاكى 1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرگىنىگە قەدەر ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. خوجىلارنىڭ ئەجداد بوۋىسى مەخدۇم ئەزەم گەرچە سەمەرقەنتتىن كەلگەن خوجا بولسىمۇ، ئاپاق خوجا ئەمەلىيەتتە نەچچە ئەۋلاد ئۇيغۇر قېنى ئارىلاشقان جەمەتنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

خوجىلاردىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە ئىمتىيازلىق كىشىلەرنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى شىنجاڭدىن ئىبارەت كەڭ زېمىندا تىكلەپ، نەچچە ئون يىل ھۆكۈم سۈرۈشىنىڭ كۈچلۈك ئىجتىمائىي، سىياسىي ئاساسى بار ئىدى.

تارىخىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ياركەند(سەئىدىيە)

www.uygurkitap.com

خانلىقىنىڭ ئابدۇرەشىدخان زامانىسىدا سەمەرقەنتتىن ئۆزلىرىنى «پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى» دەپ ئاتىۋالغان مەخدۇم ئەزەم قاتارلىق بىر تۈركۈم كىشىلەر كاشغەر، ياركەند قاتارلىق جايلارغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ دىن تارقىتىشقا باشلىغان، ئۇلار ھە دەپ ئەتراپىغا مۇرىت توپلاپ، ئۆزلىرىنى «خوجىلار» دەپ ئاتاشقان.

17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە مەخدۇم ئەزەم ۋەكىللىكىدىكى خوجىلار ئەۋلادلىرى «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق» تىن ئىبارەت ئىككى دىنىي مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئاق تاغلىقلارنىڭ ۋەكىلى مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەمىن (ئىمام كالان)، قارا تاغلىقلارنىڭ ئاقساقىلى مەخدۇم ئەزەمنىڭ كىچىك ئوغلى ئىسھاق ۋەلى ئىدى. ئۇلار ماھىيەت جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلمىسىمۇ، ئەمما شەخسىي مەنسەپ ۋە ئابرۇي تالىشىپ بىر ـ بىرىگە قارشى ئىككى دىنىي گۇرۇھقا بۆلۈنۈۋالغان ئىمام كالان تەرەپدارلىرى «ئىشقىيە» (ئاق تاغلىقلار، ئاق تەقىيلىكلەر، ئاق دوپپىلىقلار دەپمۇ ئىلغا ئېلىنغان) دەپ ئاتىلىپ، كاشغەردىن ئىسھاق ۋەلى تەرەپدارلىرى «ئىسھاقىيە» (قارا تاغلىقلار، قارا تەقىيلىكلەر، قارا دوپپىلىقلار دەپمۇ ئىلغا ئېلىنىدۇ) دەپ ئاتىلىپ، ياركەندتە تۇرۇپ دىنىي ھوقۇق، ئىمتىياز تالىشىپ قاتتىق كۈرەش باشلىغان ھەمدە بارا ـ بارا بۇ دىنىي گۇرۇھلار سىياسىي گۇرۇھلارغا ئايلىنىپ قالغان. ئابدۇرەشىدخان زامانىسىدىن كېيىن ئۈزۈكسىز داۋاملاشقان ئىچكى نىزالار تۈپەيلىدىن ھەرقايسى شەھەرلەرنى ئايرىۋېتىپ يەرلىك خان بولۇۋالغان ياركەند خانلىقىنىڭ ئەۋلادلىرى خوجىلار تەرىپىدىن ئىزگىنىلىنىپ قالغانىدى. سەۋەبى، دەسلەپ ئۇلار خوجىلارنى ئۆزلىرىگە ئۇستاز ۋە مەسلىھەتچى قىلىۋېلىپ، ئۇلارغا نۇرغۇن مال ـ دۇنيا، يەر ـ زېمىن، پۇل بېرىپ خوجىلارغا تەلۋىلەرچە چوقۇنغان بولغاچقا، بۇ خىل ئەھۋاللار خوجىلارنىڭ شىنجاڭدا باش كۆتۈرۈشىگە يېشىل چىراغ بولغانىدى. شۇنداق بولغاچقا، خوجىلار بارا ـ بارا فېئودال يۇقىرى تەبىقىلەر ئىچىدىكى ئەڭ

ئىمتىيازلىق ئاقسۆڭەكلەرگە ئايلىنىپ قالغان. خەلق ئاممىسى ئۇلارغا ھە دېگەندىلا تەلۋىلەرچە چوقۇناتتى. خەلق ئىچىدىكى ئەڭ ئاددىي دەۋالارمۇ بىۋاسىتە ھالدا خوجىلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىشىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ياركەند خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە سىياسىي ھاكىمىيەت ئىسمى بار، جىسمى يوق ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. نەتىجىدە سىياسىي ھاكىمىيەت بېشىدىكى خانلار ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن خوجىلار بىلەن زىددىيەتلىشىپ، ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى باشلانغان. 1670 - يىللارغا كەلگەندە شۇ چاغدىكى قارا تاغلىقلار تەرەپدارى ياركەند خانلىقىنىڭ ئەۋلادى - كاشغەر ھاكىمى ئىسمائىلخان بىلەن ئاق تاغلىقلار ۋەكىلى ئاپاق خوجا ئىككىسى ھۆكۈمرانلىق تالىشىپ قانلىق جەڭ باشلىۋەتكەن. نەتىجىدە ئاپاق خوجا ئىسمائىلخاندىن يېڭىلىپ، 1678 - يىلى تىبەت (شىزاڭ) كە قېچىپ بېرىۋالغان. ئاپاق خوجا تىبەتتە بىر مەزگىل دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، مەخپىي قوشۇن توپلىغان ھەمدە تىبەت يۇقىرى قاتلام لاما ئۆلىمالىرىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن جۇڭغارلار ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىگىلىۋالدى. ئاپاق خوجىنىڭ جۇڭغارلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق كاشغەرنى ئىگىلەپ، ئىسمائىلخاننى قەتل قىلىشى ئىككى ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىدىن دېرەك بەرگەنىدى.

ئاپاق خوجىنىڭ كاشغەرىيەدە جۇڭغارلار ھىمايىسى ئاستىدىكى قورچاق ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشى كاشغەر، جۇملىدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىدا ئاساسەن سەلبىي رول ئوينىغان، ئاپاق خوجىنىڭ خوجىلار ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن باشلاپ تارىم ۋادىسى جۇڭغارلارنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدىغان ئورنىغا ئايلىنىپ قالغان. جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا ئاساسلىق خوجىلاردىن

www.uyghurkitap.com

پايدىلىنىش سىياسىتىنى قوللانغان. خوجىلارنى كاشغەرىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن باشقۇرۇشقا قويغان. ئۆزلىرىگە گۇماشتا قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇلاردىن بەگ تەيىنلىگەن. تىزگىنلەش، باج - خىراج ئېلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارغا قارىتا «بارىمتايلىق تۈزۈمى» نى قوللانغان، يەنى بۇ تۈزۈم بويىچە ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ بىر ياكى بىرقانچە ئوغلىنى بارىمتايلىققا ئەۋەتكەن، ھەتتا بەزىدە خوجىلار ئۆزىمۇ بارىمتاي (تورغاق) بولۇپ تۇراتتى. ئەگەر كىمكى كاشغەرىيە — جەنۇبىي شىنجاڭدا جوڭغارلارغا قارشى بويۇنتاۋلىق قىلىدىكەن، دەرھال ئىلىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى خەۋپكە ئۇچرايتتى. يەرلىك خانلار دائىم جوڭغارلارغا ئولپان تاپشۇرغان. ئاق تاغلىقلارنىڭ ۋەكىلى مۇھەممەدخان ئەسىرگە ئېلىنغاندىن كېيىن، جوڭغار خانلىقى «قارا تاغلىق» لارنىڭ ئاتامانى دانىيال خوجىنى ھەر يىلى 100 مىڭ تەڭگە كۈمۈش ئولپان تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن خانلىققا تەيىنلىگەن. 1730 - يىلى دانىيال خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا جاھان ئەرشى (ياقۇپ) ھۆكۈمران قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئەسلىدىلا ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق تالىشىش كۈرەشلىرى ئەۋج ئالغان كاشغەرىيەدە ئاق تاغلىقلار ۋەكىلى ھۆكۈمرانلىق تىكلىگەن ھاكىمىيەتنى قارا تاغلىقلارغا تاپشۇرۇش ۋەقەسى زىددىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن كاشغەرىيە خوجىلارنىڭ قانلىق جەڭ مەيدانىغا، جوڭغارلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ ۋە گۇناھكارلارنى يۆتكەيدىغان بازىسىغا ئايلىنىپ قالغان. خەلق ئۈستىدىمۇ قاتمۇقات ئالۋان - ياساق ھەسسىلەپ ئاشۇرۇلغان. خوجىلار ئۈچۈن خەلقنىڭ ھېسابسىز قانلىرى بىھۇدە ئاققان. خەلق سىياسىي جەھەتتىن قۇللۇققا، ئىقتىسادىي جەھەتتىن نامراتلىققا يۈزلەنگەن. بۇ دەۋردە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن نامىنىمۇ ئۇنتۇپ، كاشغەرلىك، ياركەندلىك، خوتەنلىك، ئالتە شەھەرلىك، يەتتە شەھەرلىك، تۇرپانلىق دەپ

ئاتايدىغان بولغان.

سىياسىي جەھەتتىكى ھەددى - ھېسابسىز بېسىم، زۇلۇم، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئالۋان - ياساق تۈپەيلىدىن خەلق مەنىۋى جەھەتتىنمۇ بارا - بارا زەئىپلەشكەن، قاششاقلاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپاق خوجا تەختكە چىققاندىن كېيىن، تەرىقەت (ئىشانلىق) سوپىزمىنى ھاكىمىيەت دىنى دەپ تەرغىب قىلىپ، «قۇرئان»، «ھەپتىيەك»تىن باشقا، خەلق ياراتقان باشقا مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى نابۇت قىلىۋەتكەن ۋە ئىلىم - مەرىپەت ئەھلىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆجۇقتۇرۇۋەتكەن بولسا، بىر قىسمىنى سۈرگۈن قىلغان. ھاكىمىيەت بېشىدىكى خوجىلار ئۆزلىرىگە قارشى دىنىي مەزھەپتىكىلەرنى رەھىمسىزلەرچە باستۇرغان. ۋاھالەنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ۋاقىتلىق كەينىگە بۇراش، چېكىندۈرۈش رولىنى ئوينىغان.

خوجىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يەنىلا شۇ بىر تۈركۈم ئۆكتەم خوجىلارنىڭ ئىچكى زىددىيىتى، ھۆكۈمرانلىق تالىشىشى نەتىجىسىدە گۇمران بولغان. 1759 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەستايىدىل پىلانلاپ، زور قوشۇننى ئىشقا سېلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىر تۈركۈم كۆكەرمە، ئۆكتەم خوجىلارنىڭ ئاز كەم بىر ئەسىرگە يېقىن مۇدھىش ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇزۇل - كېسىل خاتىمە بەرگەن.

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئاتالمىش خوجىلارنىڭ ساپ خوجا جەمەتىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى دەلىللىمەك تولىمۇ تەس. نىھايەت «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»(شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىلى نەشرى) ناملىق كىتابنىڭ 1 - قىسمى 35 - بېتىدىكى تۆۋەندىكى باياننى كۆرۈپ ئۆتسەك بۇنىڭغا جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان: «شىنجاڭدا ئۆزىنى خوجا دەپ ئاتىۋالغانلارنىڭ كۆپچىلىكى يەرلىك ئۇيغۇرلار ئىدى. مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان كىشىلەر بار دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بوۋىلىرىنىڭ شىنجاڭغا كەلگىنىگە ئۇزاق

www.uyghurkitap.com

ۋاقىت بولغانلىقتىن ۋە شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانلىقتىن، ئۇلار پۈتۈنلەي شىنجاڭلىق ئۇيغۇر بولۇپ كەتكەن.»

موللا ھاجىنىڭ «تەزكىرەئى بۇغراخان» ناملىق كىتابىدا يېزىلىشىچە، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغلى ھەسەن بۇغراخاننىڭ قىزى ھەدىيەت تۈركان خاتۇن سەئىد جالالىدىن باغدادىنىڭ ئوغلى سەئىد ئالاۋۇدۇنغا ياتلىق بولغان. ئۇ بىرقانچە ئوغۇل تۇغقان. ئۇلار مىرزىياۋۇدۇن، مىرسەئىد ھاشىم، مىرسەئىد جېلىل، ئۇلار كاشغەر سەئىدلىرى (خوجىلىرى) يەنى كاشغەر ئۇلۇغلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن سەئىد ئالاۋۇدۇن، ھەسەن سەمەرقەنتى سەئىدى (خوجا) يەنى سەئىد كامالىدىن. سۇلتان ئېلىك يەنە بىر قىزىنى سەمەرقەنتلىك جالالىدىن دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى ماھاۋۇدىدىنگە بەرگەن. ماھاۋۇدىدىن خوجا مۇھەممەد شېرىپ تۇغۇلغان. خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ ئانىسى زۇلەيخا بېگىم ئىدى. ئۇنىڭ (زۇلەيخا بېگىمنىڭ) ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ئۇلار ھىدايىتۇللا (ئاپاق خوجا – نەقىلچىدىن)، خوجا كارامەتۇللا ۋە خوجا كارائەتۇللا»[1]. دېمەك، شىنجاڭ خوجىلىرى كاشغەرىيەگە كېلىشى بىلەنلا ئۇيغۇرلىشىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىغان. شۇڭا، ئۇلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە مۇلاھىزە دائىرىسىگە قويۇش لازىم، ئەلۋەتتە.

## 2 . 18 – ئەسىر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

18 – ئەسىر ئەدەبىياتى دېگەندە، كاشغەرىيەدە ئۆكتەم خوجىلار زامانىسى باشلانغان 1678 – يىلىدىن 18 – ئەسىر باشلانغۇچە بولغان ئۆتكۈنچى باسقۇچنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن يەنى ئاپاق خوجىنىڭ ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن باشلاپ تاكى 1759 – يىلىدىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە

---

[1] ئابدۇرېھىم ھاشىم: «ئاتۇش» (1)، 35 – بەت ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى2005 – يىلى نەشرى: خەن جۇڭگو: «غەربىي يۇرت سوپىزمى ھەققىدە تەتقىقات»، 425 – بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 2008 – يىلى 6 – ئاي خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ.

كەلتۈرگىنىگە قەدەر ئارىلىقتىكى ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس تىلىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ئەدەبىياتى ۋە ئەسەرلىرىنى نەزەردە تۇتىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تاكى 19 - ئەسىر باشلانغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەدەبىياتمۇ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ دەۋر ئەدەبىياتى 1980 - يىللاردا تۈزۈلگەن ئەدەبىيات تارىخىغا دائىر كىتابلاردا «زەلىلىي دەۋرى ئەدەبىياتى» دەپمۇ تىلغا ئېلىنغان.

18 - ئەسىر كاشغەر، جۇملىدىن كاشغەرىيەدىكى ئەدەبىيات بەلگىلىك تەرەققىيات سەۋىيەسى بويىچە داۋام قىلغان. بۇنى ئەينى زاماننىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى بىلەن قىسمەنلىك تەرەپلىرىنىڭ دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى تارىخىي ۋە مەنتىقىي يوسۇندا شەرھلەش ئارقىلىق جاۋابىنى چىقارغىلى بولىدۇ. خوجىلار زامانىسىدىكى ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشىدە تۆۋەندىكىدەك خىلمۇخىل سەۋەبلەر بار ئىدى.

1) ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ بوھرانغا دۇچار بولۇشى، خەلق ئۈستىدىكى خىلمۇخىل زۇلۇمنىڭ چېكىگە يېتىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە كۆرسەتكەن ئەكس تەسىرى. ماركسىزم كىلاسسىكلىرى: يۈكسەك سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە بۈيۈك سەنئەتكارلار ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان مەملىكەتلەردىلا ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادى قالاق مەملىكەتلەردىمۇ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. مۇنداق ۋاقىتتا بارلىققا كەلگەن سەنئەت ئەسەرلىرى شۇ قالاقلىققا قارشى ۋە يېڭى ھايات ئۈچۈن كۈرەش ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. ف. ئېنگېلسنىڭ كۆرسىتىشىچە، مىلادىيە 18 - ئەسىر گېرمانىيەسىدە لىسسىگ، گىيۇتى، شىللىرغا ئوخشاش بۈيۈك مۇتەپەككۇر ۋە يازغۇچىلارنىڭ تۇغۇلۇشىدىكى سەۋەب، كەڭ خەلق ئاممىسىدا نارازىلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىدى. ف. ئېنگېلس بۇ ھەقتە يەنە: «ئىقتىساتتا قالاق دۆلەت پەلسەپە جەھەتتە

بىرىنچى ئىسكىرىپكىنى چېلىشى مۇمكىن» دەيدۇ[1]. ئۇ خىل ئەھۋال ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ باشقا ئىجتىمائىي ئاڭ شەكىللىرىگە ئوخشاشلا ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتكە نىسبەتەن نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇشتەك خۇسۇسىيىتى تەرىپىدىنمۇ بەلگىلىنىدۇ. ك. ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «سەنئەتكە كەلسەك، ھەممىگە ئايانكى، ئۇنىڭ بەلگىلىك گۈللىنىش دەۋرى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتى بىلەن ھەرگىز ئوڭ تاناسىپ بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ جەمئىيەت تەشكىلاتىنىڭ ئۇستىخىنىدەك بولۇپ كۆرۈنگەن ماددىي ئاساسىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتى بىلەنمۇ ھەرگىز ئوڭ تاناسىپ بولمايدۇ.»[2] ئۇ يۇنان سەنئىتى ۋە شېكىسپىرنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ھازىرقى زامان سەنئىتىنى سېلىشتۇرۇپ، ئەينى زاماندىكى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسى كۆپ تۆۋەن بولسىمۇ، بىراق يۇنان سەنئىتى ۋە شېكىسپىرنىڭ ئەسەرلىرى ھازىرقى زامان سەنئىتىدىن كۆپ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى دەلىللىگەن. دېمەك، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىيات سەۋىيەسى بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلىۋەرمەيدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ئورتاق بولغان بۇ خىل خۇسۇسىيەت مىلادىيە 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ خوجىلار ھۆكۈمرانلىقى ھەرقانچە قاتتىق، ئەكسىيەتچى بولسىمۇ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى، ئەدەبىياتىنى پۈتۈنلەي نابۇت قىلىۋېتىشكە قادىر ئەمەس ئىدى. بۇنى مۇنداق بىر تۇرمۇش مەنتىقىسى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. تارىختا نۇرغۇن ۋەقەلەر، ھادىسىلەر ئىچىدە بىر ياخشى ئىشنىڭ ئاقىۋىتى يامانغا، بىر

---

[1] «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، IV توم، 485 ـ بەت، خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ.

[2] «سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدى»گە مۇقەددىمە»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 46 ـ توم (1)، 48 ـ بەت، خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ.

يامان ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشىغا ئايلىنىپ كەتكەن. خوجىلارنىڭ بىر قىسمى رەزىللىكتە ئۇچىغا چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى زامانىسىدا ياخشى ئىشلارمۇ، جۈملىدىن ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئۇتۇقلارمۇ قولغا كەلگەنلىكى بۇ خىل تۇرمۇش مەنتىقىسىنىڭ توغرىلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىغان.

2) ئىلغار پىكىرلىك، ئەۋلادلارغا ۋە ئەجدادلارغا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان نۇرغۇن ئوت يۈرەك ئەدىبلەر ئەجدادلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن ئېسىل ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلانغان ھەم ئىلھاملانغان.

3) خوجا ياقۇپ ئەرشىگە ئوخشاش بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر، بىلىملىك ھۆكۈمرانلار ھەرقانچە بېسىمغا ئۇچراپ تۇرسىمۇ، ئۆز كۈچ - قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسىلىشىگە، گۈللىنىشىگە يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىپ تۇرغان ھەم ئۆزلىرى قوللىرىغا قەلەم ئېلىپ باشلامچى بولغان.

4) قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن بەزى ئېسىل ئەنئەنىلەر داۋاملىق جارى قىلدۇرۇلۇپ تۇرۇلغان. مەسىلەن، بۇ دەۋردە ئەرەب، پارس، ھىندى ئەدەبىياتىنى تەرجىمە قىلىش، ئۇلاردىن تەسىرلىنىپ ئەسەر يېزىش ئارقىلىق كاشغەرىيە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۇرۇش ئەنئەنىلىرى داۋاملىشىپ تۇرۇلغان.

شۇنداق بولغاچقا، خوجىلار زامانىسى كاشغەرىيەنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا يەنىلا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ دەۋر ئەدەبىياتى دائىرە جەھەتتە كەڭ، مەزمۇنى ئىلغار، تېما دائىرىسى خىلمۇخىل، ئۇسلۇبى رەڭدار، مۇئەييەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، شۇنداقلا كۆپلىگەن ئەدىبلەرنى يېتىشتۈرگەن ئەدەبىياتتۇر. تۆۋەندە بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىرقانچە نۇقتىلار ئارقىلىق ئىزاھلاپ ئۆتۈلىدۇ.

(1) بۇ مەزگىلدە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر شەكىل ۋە ژانىر جەھەتتە ئاساسىي جەھەتتىن ياركەند خانلىقى دەۋرىدىكى ئەنئەنىلەرنى داۋاملاشتۇرغان. يەنە بىر قىسىم ژانىرلار

مۇستەقىللىق خۇسۇسىيىتىنى يەنىمۇ روشەنلەشتۈرگەن.

(2) لىرىك شېئىرىيەت ئۈزۈكسىز راۋاجلىنىپ تۇرۇلغان. بۇ مەزگىلدە نەۋايى دەۋرىدە گۈللەنگەن غەزەلچىلىك ژانىرىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە يېقىندىن ياندىشىپ تۇرۇلغان. مەزمۇن، شەكىل جەھەتتىن مۇكەممەللەشكەن. مۇخەممەس، رۇبائىي، قەسىدە، ساقىنامە قاتارلىق ژانىرلار كەڭ ئومۇملاشقان، يەنە تېخى غەزەل، مۇخەممەسلەردىن تۈزۈلگەن لىرىك شېئىرىي توپلام - دىۋانلار ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا چىقىپ تۇرغان. مەسىلەن، «دىۋانى زەلىلىي»، «دىۋانى ئەرشى»، «دىۋانى فۇتۇھىي»، «دىۋانى مەشھۇرىي» قاتارلىقلار بارلىققا كەلگەن.

كاشغەرنىڭ بۇ مەزگىللىك لىرىك شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا بابا رىھىم مەشرەپنىڭ تۇتقان ئورنى خېلى يۇقىرى بولدى. بابا رىھىم مەشرەپ موغۇلىستان خانلىرىدىن سۇلتان يۇنۇسخان، سۇلتان مەھمۇدخان، سەئىدخانلار ئۇزاق ۋاقىت ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن پەرغانە ۋادىسىدىكى نەمەنگان شەھىرىنىڭ ئەنجان يېزىسىدا 1640 - يىلى بىر بۆزچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. نەمەنگانلىق داڭلىق ئۇيغۇر ئىشان[①] موللا بازار ئاخۇندىن تەربىيە ئالغان. مەۋلانا جالالىدىن رۇمىنىڭ مەنىۋى تەسىرىگە ئۇچرىغان. شېئىرىيەتكە قىزغىن ھەۋەس باغلاپ، ئەدىيەۋى قارىشىنى شائىرلىق يولى بىلەن ئىپادە قىلىشقا ئۆتكەن. مەشرەپتىكى ئىلىمگە، بولۇپمۇ تەسەۋۋۇپقا بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت ۋە ئىشتىياقىنى سەزگەن موللا بازار ئاخۇن شائىرنىڭ تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى بىلىمىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشىنى ئويلاپ، ئۇنى كاشغەردىكى ھىدايىتۇللا ئىشان (ئاپاق خوجا)نىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشقا بۇيرۇغان. مەشرەپ ئۇستازىنىڭ تەۋسىيەسىگە بىنائەن، تەخمىنەن 1665 - يىللىرى ئاپاق

---

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن: «مەشرەپ ـ ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر شائىر»، «بۇلاق»ژۇرنىلى ئومۇمىي 19 - سان، 85 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىلى نەشرى.

خوجىنىڭ ئالدىغا كەلگەن. مەشرەپنىڭ ئەدەبىي مىراسىدىكى دىنىي مەزمۇن ۋە تەسەۋۋۇپى روھتىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئاپاق خوجا دەرگاھىدا ۋە ئۇنىڭ تەربىيە - تەرغىباتلىرى تەسىرىدە يېزىلغان. مەشرەپ 1672 — 1673 - يىللىرى ئەتراپىدا يەنى ئاپاق خوجىغا يەتتە يىل مۇرىت بولغاندىن كېيىن، ئۇ دەرگاھنى تەرك ئېتىپ ئاپاق خوجىنىڭ يېنىدىن كەتكەن. مەشرەپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە 39 يىل سەرگەردانلىقتا ياشىغان. بۇ ئارىلىقتا ئۇ تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنى، ماۋارەئۇننەھر، خۇراسان ئۆلكىلىرىنى، ئوتتۇرا - يېقىن شەرق دىيارىنى كېزىپ، كۆپلىگەن شەھەر - يېزىلارنى ئارىلىغان. مەشرەپ سەرگەردانلىق ئۆمرىدە كۆپ ھادىسىلەرنى كۆرگەن. پۈتۈن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ بىردەكلىكىنى؛ ساختىلىق، قەبىھلىك، خۇنۇكلۇكنىڭ بىردەكلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. ئۇنىڭ قاراشلىرى مىللەت ۋە ئېتىقاد تونۇشلىرىدىن ھالقىغان ۋە جاھالەتلىك ئەينى زامان رىئاللىقىنىڭ تېرەن ماھىيەتلىرىنى بىلىشكە يېقىنلاشقان. شائىرنىڭ توپلىمى «دىۋانى مەشرەپ»، «دىۋانەئى مەشرەپ»، «ئىشانى مەشرەپ»، «ھەزرەتى شاھ مەشرەپ» دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن خەلق ئارىسىدا قول يازما ۋە تاش باسما ھالەتتە تارقالغان. مەشرەپ شېئىرلىرى ئۆزبېكىستان خەلقى ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقى ئارىسىغىمۇ كەڭ تارقالغان. ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئۆتۈپ، خەلق قەلبىدە غايەت زور مۇھەببەت تۇيغۇسىنى قوزغىغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى «ئون ئىككى مۇقام»تېكىستلىرىگە قوبۇل قىلىنغان. مەشرەپنىڭ سەرگەردانلىق ھاياتى خەلق تەرىپىدىن غۇرۇر، ئىپتىخار ھېكايىتى سۈپىتىدە ئېيتىلىپ كەلگەن. كېيىنكى نۇرغۇن ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىلھامبەخش بەرگەن.

(3) ئېپىك شېئىرىيەت — داستانچىلىق تەرەققىي قىلدى. بۇ مەزگىلدە مەيدانغا كەلگەن داستانلار سان جەھەتتە ئالدىنقى

دەۋرگە قارىغاندا كۆپ، مەزمۇن جەھەتتىن يەنىمۇ ئىلغار بولغان. مەسىلەن، سەلاھىنىڭ «گۇل ۋە بۇلبۇل»، موللا پازىل (كىچىك) نىڭ «لەيلى ـ مەجنۇن»، زەلىلىينىڭ «سەپەرنامە» داستانلىرى بولۇپ، «سەپەرنامە» داستانى قويۇق رېئالىزملىق روھ بىلەن سۇغىرىلغان داستانلارنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ قالغان. يەنە موللا يۇنۇس ياركەندىي «مۇھەببەتنامە» («يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا») ناملىق داستاننى يارتقان.

(4) بۇ مەزگىلدە تەزكىرە ئەدەبىياتىنىڭ خاسلىقى تېخىمۇ روشەنلەشكەن. ئورخۇن ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەڭگۈتاشلار ئەدەبىياتىدا ئايرىم تەزكىرىلەر، قاراخانىيلار خانلىقى، ياركەند خانلىقى دەۋرىدە بىر قىسىم تەزكىرىلەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مۇستەقىل ژانىر بولالمىغانىدى. پەقەت مۇشۇ مەزگىلگە كەلگەندە بۇ ژانىرنىڭ مۇستەقىللىق خۇسۇسىيىتى يەنىمۇ ئېنىقلىقتا قاراپ بۇرۇلۇش ياسىغان. مەسىلەن، زەلىلىينىڭ «چىلتەن تەزكىرىسى»، «خوجا مۇھەممەد شەرىف تەزكىرىسى»؛ ئابدۇشۇكۇرنىڭ «تەزكىرەئى ئابدۇلمانان»، مىرخالىدىن كاتىپ موللا كىچىك ياركەندىينىڭ «ھىدايەتنامە» (1730 ـ يىلى، بۇ «تەزكىرەئىي ھىدايەت» ياكى «تەزكىرەئىي خوجا ئاپاق» دەپمۇ ئاتالغان)، مۇھەممەد گۇدا ئىبنى مۇھەممەد ئىبراھىمنىڭ «تەزكىرەئىي بۇغراخان» قاتارلىق ئەسەرلىرى يورۇقلۇققا چىققان.

(5) تەقلىدىي ئەدەبىياتتا بىر قەدەم ئىلگىرىلەش ئەھۋالى يۈز بەرگەن. مەلۇمكى، تەقلىدىي ئەدەبىيات ئادەتتە ئۆزلەشتۈرمە ئەدەبىيات دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە بىر قىسىم ئەدىبلەر دەۋرنىڭ خىلمۇخىل بېسىملىرى تۈپەيلى رېئاللىقنى بىۋاستە ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەي ياكى ئەتەي ئۆز ئىجادىيىتىنى پىنھان تۇتۇپ، شەرق مۇسۇلمان خەلقلىرى ۋە ئەجدادلىرى ياراتقان ئەدەبىيات مىراسلىرى ئىچىدىكى بىر قىسىم ۋەقەلىك بايان قىلىنغان ئەسەرلەرنى قايتىدىن پىششىقلاپ ئىشلەپ

ياكى تەقلىدىي ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئەينى دەۋر رىئاللىقىغا ۋاستىلىك ھالدا ياندىشىپ بارغان. مەسىلەن، موللا پازىل (كىچىك) نىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن»، سەلاھىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل»، موللا يۇنۇس ياركەندىنىڭ «مۇھەببەتنامە» ناملىق داستانلىرى بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

(6) تەرجىمە ئەدەبىياتىدا بىر خىل گۈللەپ ياشناش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن. كاشغەرلىكلەر تەرجىمە ئەدەبىيات ساھەسىدە مول تەجرىبىگە ۋە ياخشى ئەنئەنىگە ئىگە. كاشغەرلىكلەر قەدىمدىن باشلاپ شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىكى تۈگۈنىگە جايلاشقان بولغاچقا، خېلى قەدىمكى چاغدىن باشلاپلا تەرجىمە ئەدەبىيات ساھەسىدە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. 18 - ئەسىرگە كەلگەندىمۇ بىر قىسىم ئەرەب، پارس تىلىنى پۇختا بىلىدىغان تىلماچلارنىڭ تەرجىمە ئەدەبىيات ئارقىلىق مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەتنى بېيىتىش ئىستىكى، شۇنداقلا ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىكى ئايرىم مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ شارائىت يارىتىپ بېرىشى نەتىجىسىدە تەرجىمە ئەدەبىيات ساھەسىدە گۈللەپ ياشناشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ئەمرى ئەئزەم ناسىرىددىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ كاشغەر شېۋىسىدە ئىشلەنگەن «قىسەسۇل ئەنبىيا» (1697 - يىلى)، مۇھەممەد سادىق يېگىسارى 1696 — 1697 - يىللىرى ئۆرۈپ تاماملىغان «تەرجىمائى مەجۇئەتولمۇھەققەقىن» «مەھدۇم ئەئزەم تەزكىرىسى»، ياركەند ھاكىمبېگى ئەمىن قۇربانبەگ خەزىناچىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن نامەلۇم تەرجىمان تەرىپىدىن مىلادىيە 1706 - يىلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ كاشغەر شېۋىسىگە ئاغدۇرۇلغان«تارىخى غەزاناچى»[1] روياپقا كەلگەن. يەنە موللا مۇھەممەد تۆمۈر كاشغەرىي

[1] بۇنىڭ ئەسلىي نامى «تارىخى بىناكېتى»، تولۇق نامى «رەۋزەتۇلسۇلباب فى تاۋارىخىي ۋەلئەنساب» بولۇپ، مىلادىيە 1317 - يىلى سۇلايمان مۇھەممەد ئەلى بىننى ئەبۇل فازىل داۋۇد بىننى مۇھەممەد بىننى مۇھەممەدۇل بىناكېتى تەرىپىدىن پارسچە يېزىلغان (ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، 1059 - بەت).

پارس تىلىدىن 1709 ـ يىلى 40 بابلىق «ئەخلاقۇلمۇھسىنىن» (پارس يازغۇچىسى ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفىنىڭ ئەسىرى)نى ۋە «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» ناملىق داستاننى، يەنە 1717 ـ يىلى «كەلىلە ۋە دەمنە» نى، موللا شاھ ھىجرانى «شاھنامە» نى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، مۇھەممەد سىددىق ئارتۇشى «تەزكىرەئى بۇغراخان» نى، مىرفازىل بىننى موللا كىچىك 1737 ـ يىلى «كاشغەر شېۋىسى»گە ئايلاندۇرغان مىرخاۋەندىنىڭ «تارىخى خاۋەندىشاھ» (بۇنىڭ ئەسلىي نامى «رەۋزەتۇسسەفا» بولۇپ، ئاپتورى مىلادىيە 1498 ـ يىلى ۋاپات بولغان، تولۇق نامى مۇھەممەد ئىبنى خاۋەندىشاھ ئىبنى مۇھەممەد مىرخۇەندى) نى. نامەلۇم تەرجىمان ئابدۇرەھمان جامىنىڭ «يۇسۇپ ـ زۇلەيخا» داستانىنى بۇ مەزگىلدە تەرجىمە قىلىپ چىققان. يۇقىرىقى تەرجىمە ئەسەرلەر ئارقىلىق 18 ـ ئەسىردىكى كاشغەرىيەلىكلەر جۇڭگو تەرجىمە ئەدەبىيات ساھەسىگە ئۈچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان، بولۇپمۇ «ئەلفىنلەيلە ۋە لەيلە» (مىڭبىر كېچە)، «شاھنامە»، «كەلىلە ۋە دەمنە» قاتارلىق دۇنياغا داڭلىق ئەسەرلەرنىڭ 18 ـ ئەسىرلەردە تەرجىمە قىلىنىشى پۈتكۈل جۇڭگو ئەدەبىياتى ئۈچۈن بىر بۆسۈش بولغان.

2) 18 ـ ئەسىردىكى كاشغەرىيە ئەدەبىياتى مەزمۇن جەھەتتىن ئادالەت، گۇمانىزم، مەرىپەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك قاتارلىق ئىلغار ئىدىيەلەرنى تەشەببۇس قىلىش، جان ـ دىل بىلەن تەرغىب قىلىش بويىچە خاس خۇسۇسىيىتىنى نامايان قىلغان.

مەسىلەن، مەشھۇرىينىڭ «ياركەند» رادىفلىق غەزىلى، زەلىلىينىڭ «سەپەرنامە» قاتارلىق داستانى ۋە بەزى غەزەللىرىدە، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق ئەسىرىدە كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئىپادىلەنگەن بولسا، ئۇلاردىن باشقا بۇ مەزگىلدە ياشىغان كۆپچىلىك ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىدە گۇمانىزملىق، ئادالەتپەرۋەرلىك، مەرىپەتچىلىك ئىدىيەلىرىنى كۈچلۈك قويۇپ تەشەببۇس قىلغان.

18 ـ ئەسىر كاشغەرىيەدە يەنە پەند ـ نەسىھەت مەزمۇن

قىلىنغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ تۇرغان. كاشغەرىيە ئەدەبىياتىدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان دىداكتىكىلىق ئەدەبىيات، خوجىلار زامانىسىنىڭ ئايرىم چاغلىرى ۋە بۆلۈك ـ پۇچقاقلاردىكى بۇرۇقتۇرمىلىق مۇھىت، دىنىي ئىدېئولوگىيەدە كۆپ مەنبەلىشىش، ئىشانچىلىق، تەركىۋەتەنلىك، ئەۋلىياپەرەسلىك قاتارلىق ئىدىيەۋى ئېقىم ۋە مەۋقەلەرنىڭ نامۇناسىپ ھالدا كېڭىيىشى نەتىجىسىدە ئايرىم كىشىلەر توپى ئىچىدە ئادەمگەرچىلىك، ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ ئېغىر دەرىجىدە سۇسلىشىپ كېتىشىدەك تارىخىي شارائىتتا يەنىلا ئۆز بۇرچىنى ئۇنتۇپ قالمىغان. بۇلارنى تۈزەش، توغرا ئىزغا چۈشۈرۈش زەلىلىي، ئەرشىدەك ئىلغار پىكىرلىك شائىرلارنىڭ، مىللەتنىڭ، ئەۋلادلارنىڭ تەقدىرىنى، كەلگۈسىنى، بەخت ـ سائادىتىنى ئويلايدىغان ۋىجدانلىق، قەلبى ئويغاق، جاسارەتلىك، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن. ئۇلار بىر قاتار ئوتلۇق شېئىرىي مىسرالىرىدا جەمئىيەت ۋە ئىنسان مەنىۋىيىتىنى تۈزەشكە ئائىت نۇرغۇن قىممەتلىك قۇرلارنى يازغان، ۋەزىنلىك، مەزمۇنلۇق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، ھارارەتلىك مىسرالارنى تۈزگەن.

3) بەدىئىي مېتود جەھەتتە سىمۋولىزم ئاساسلىق ئىجادىيەت مېتودى بولدى. خوجىلار زامانىسىدا بىر بۆلۈك ئەدىبلەر يوشۇرۇن ۋە ۋاسىتىلىك ئىپادىلەش، سىمۋوللۇق ئوبرازلاردىن پايدىلىنىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىجتىمائىي رېئاللىقتىكى ۋەقە، ھادىسىلەر، پېرسوناژلارغا بولغان قاراشلىرىنى ۋاسىتىلىك ھالدا ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، گۈزەل يار، لىرىك قەھرىمان، گۈل، بۇلبۇل، سابا سىمۋوللىرىدا ئەسەر يېزىش خېلى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن. رېئالىزم، رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودلىرىمۇ بارغانسېرى تاكامۇللىشىپ بارغان. ئەنئەنىچىلىك، كىلاسسىزم، تەقلىدچىلىك ئېقىملىرى رېئاللىقنىڭ ماھىيىتى ۋە ئىللەتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشتا ئۆز رولىنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامايان قىلىشقا ئۆتكەن.

4) ئاپتورلار قوشۇنى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىلىدىمۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە قارىغاندا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزگىرىش بولغان. ئاپتورلار قوشۇنى زورايغان. سەلاھى، زەلىلىي، ئابىد، موللا فازىل (كىچىك)، ئەرشى، فۇتۇھىي، مەشھۇرىي قاتارلىق داڭلىق ئەدىبلەردىن باشقا، موللا مۆمىن ياركەندىي، مۇھەممەد رىھىم كاشغەرىي، دەلىلى، موللا غەزەل، ئۇلۇغ ئەزىزەم، بى بى مەسۇم ئەزىزەم، زۇلفىيە كاشغەرىي قاتارلىق شائىر، ئەدىبلەرمۇ ئىجادىيەت سېپىدە ئۇتۇقلۇق ھالدا بەيگىگە چۈشكەن.

كاشغەر ئۇيغۇر ئەدىبلىرى بۇرۇنقى يىللارغا قارىغاندا تېخىمۇ توپلىشىپ، مەركەزلىشىپ، كەشپىيات، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، قابىلىيەت، ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان مەرپەت، ئىلىم - ئىرپان دەرگاھى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق كاشغەرىيە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى دەۋرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئەدىبلەرنىڭ ئىدىيەسىدە سىنىپىي مەۋقە كۆزقارىشى بارا - بارا كونكرېتلاشقان. مەسىلەن، زەلىلىي ئۆز لىرىكىلىرىدا باشتىن - ئاخىر مېھنەتكەشلەرنىڭ، جاپاكەشلەرنىڭ، مەزلۇم خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، ئەرشى ئۆز لىرىكىلىرىدا ئاساسەن يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىدىيەۋى قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. لېكىن، ئەرشى ئىجادىيىتىدە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرى تەكەببۇرانە ئۇسلۇبتا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىچىگە قويۇپ، كەڭ ئاۋامنىڭ ئىدىيەۋى چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىلىدىمۇ بەلگىلىك ئىلگىرىلەش - ئۆزگىرىش بولغان، يەنى ياركەند سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئۇيغۇر تىلى بىلەن پارس تىلى تەڭ ئىشلىتىلگەن بولسا، خوجىلار زامانىسىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ئاساسەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ «كاشغەر شىۋىسى» ئاساسىدا يېزىلغان.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ خەلق جانلىق تىلىغا تېخىمۇ يېقىنلىشىش ھالىتى كۆچىيىپ، ئاممىبابلىشىش قەدىمى تېزلەشكەن. ئاغزاكى جانلىق تىلنىڭ بىر قىسىم ئارتۇقچىلىقلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قوبۇل قىلىنغان. ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كەڭ ئاۋام خەلق ئوڭايراق چۈشىنىپ، تولۇقراق لەززەت، زوق ئالالايدىغان ياخشى ۋەزىيەت كىشىلەر كۆز ئالدىدا نامايان بولغان.

## 2. موللا فازىل

ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مەشھۇر «خەمسە» — داستانلار تۈركۈمىگە كىرگۈزۈلگەن ئىشق - مۇھەببەت تىراگېدىيەسى تەسۋىرلەنگەن «لەيلى - مەجنۇن» ناملىق داستاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ئەنە شۇ تېما ئاساسىدا يېڭىباشتىن داستان يېزىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان شائىرلاردىن بىرى موللا فازىلدۇر.

داستان ئاپتورى ئۆز ئىسمى، تەخەللۇسى، كەسپى توغرۇلۇق داستانىنىڭ بېشىدىكى «موللا كىچىكنىڭ ئەھۋالىنىڭ بايانى» دېگەن بابتا مۇنداق نەزملەرنى پۈتكەن:

«ئاتىم فازىل ئىدى بولدى ‹كىچىك› نام،
‹كىچىك› دەر ئېردى بارچە خاس ئىلە ئام.
......
سابۇنخانە مېنىڭ قولۇمدا ئېردى،
تولا تەرجى مېنىڭ ھولۇمدا ئېردى.
......
بار ئىدى باشىمە يۈزمىڭ سەۋدا،
ئىجارىدار ئىدىم ھوۋلۇمدا غەۋغا.
......
بېرىشىم كۆپ كىشىگە بار ئېردى،
كى ھاجەتمەنلاردىم ئەغيار ئېردى.»

دېمەك، مۆئەللىپىنىڭ ئىسمى فازىل، باشقىلار «كىچىك» نامى بىلەن ئاتاشقا ئادەتلەنگەن، ئەينى چاغدا ئوقۇپ بەلگىلىك سەۋىيەگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن «موللا فازىل» نامى بىلەن زامانداشلىرى ئارىسىدا تونۇلغان، سوپۇنچىلىق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

موللا فازىلنىڭ ياشىغان ۋە بىزگە مەلۇم بولغان «لەيلى ـ مەجنۇن»① ناملىق داستانىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى توغرۇلۇق مەزكۇر داستاندا مۇنداق بايانلار بار:

«كىتابىم تەھرىخى ‹قايغۇ› ئېردى،
دېمەك، غەم ـ غۇسسەئى قايغۇدا ئېردى.»

بۇ مىسرادىكى «قايغۇ» دېگەن سۆز ئەبجەد ھېسابىدا ھىجرىيە 1117 ـ يىلى (مىلادىيە 1705 — 1706 ـ يىللىرى) نى كۆرسىتىدۇ. موللا فازىل يەنە:

«ئۆزۈمنىڭ سىنۇ سالىم ‹ھەمدە› ئېردى،
دىلۇجانىم، خىيالىم غەمدە ئېردى.»

دەپ يازغان. بۇ مىسرادىكى «ھەمدە» سۆزى ئەبجەد ھېسابى بويىچە 52 دېگەن رەقەمنى كۆرسىتىدۇ، يەنى شائىر 1705 ـ يىلى بۇ ئەسەرنى يازغان ۋاقتىدا 52 ياشقا كىرگەن، بۇنىڭدىن موللا فازىلنىڭ مىلادىيە 1654 — 1655 ـ يىللىرى تۇغۇلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئەمما، قاچان ۋاپات بولغانلىقى توغرۇلۇق ئۇچۇر يوق.

موللا فازىلنىڭ يۇرتى توغرىسىدا ئۇنىڭ داستانىدا بىرەر خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. ئەمما، شائىر موللا فازىلنىڭ داستانىدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر بىلەن داستان يېزىلغان يىل ئۆزئارا

① بۇ داستان رەجەپ يۇسۇپنىڭ تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان.

ماسلاشتۇرۇلسا، شائىرنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە ياشىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.
مولىلا فازىلنىڭ تۇرمۇشى نامرات ئۆتكەن. ئۇ بۇ توغرۇلۇق مۇنداق ئۇچۇر قالدۇرغان:

«ئۆزۈم بىر نامرات ئېردىم ئەيال مەندە،
يەنە ھېچ نەرسە يوقتۇر غەير فەرزەندە.
يىقىلغاندا قوپارغە يوق مەجالىم،
ئانى داد ئەتكەلى يەتمەيدۇ ھالىم.»

شائىر بۇ مىسرالاردىن كېيىن ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشى توغرىسىدا يەنىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىشقا ئۆتىدۇ. مولىلا فازىلنىڭ بايانىچە، ئۇ كۈن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سوپۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۆمرى نامراتلىق ۋە قىيىنچىلىقتا ئۆتكەن. يوقسۇزلۇق ۋە موھتاجلىق سەۋەبىدىن تۇرمۇشىدىكى كەم - كوتىلىرىنى تولۇقلىيالمىغان، ئىجارە ھەققى، قەرزلىرىنى تۆلەپ بولالمىغان، ھاجەتمەنلىك، موھتاجلىق ئىچىدە نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، غەم - قايغۇغا چۆمگەن. داستاننىڭ 15 - ماۋزۇسىدا شائىرنىڭ ئۆزى ھەققىدە يازغان بايانلىرى ھەمدە 14 - ماۋزۇ ئاستىدا بېرىلگەن بايانلار بىزگە رىياكار سوپى - ئىشانلار ۋە خوجىلار، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى خەلقنى تەرەپ - تەرەپتىن ئاچ بۆرىدەك تالاپ، يىلىكىنى شوراۋاتقان، سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇم چېكىگە يەتكەن ئەنە شۇ دەۋرنى بىزگە مەلۇم دەرىجىدە سۈرەتلەپ بېرىدۇ.
مولىلا فازىلنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ «لەيلى ۋە مەجنۇن» ناملىق بۇ داستان جەمئىي 5592 مىسرا بولۇپ، ئۇ ئەسلىي 87 ماۋزۇ بىلەن تۈگىگەن بولسا كېرەك، لېكىن قول يازمىدا كاتىپ پەقەت 65 ماۋزۇنىلا يېزىپ، قالغانلىرىنىڭ ماۋزۇ ئورنىنى ئاق تاشلاپ ئۆتۈپ كەتكەن. داستاننىڭ ئالدىنقى بەش ماۋزۇسى دىباچە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاللاغا ھەمدۇسانا، رەسۇلۇللاغا، ئۇنىڭ چارىيارلىرىغا،

ھەسەن ـ ھۆسەنلەرگە نەئىت ۋە مەدھىيەلەر ئېيتىلغان. قالغان قىسمى مەجنۇن بىلەن لەيلىنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىگە بېغىشلانغان. داستاننىڭ قول يازما نۇسخىسى مىلادىيە 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى شىنجاڭدىن تېپىلىپ، ئۇنىڭ چاغاتاي يېزىقىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى شەكلىگە ئۆرۈلگەن نۇسخىسى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىندى.

مولla فازىلنىڭ مەزكۇر داستانى ئەلىشىر نەۋايىنىڭ شۇ ناملىق داستانى بىلەن نامداش ۋە سۇژېت جەھەتتىمۇ ئوخشاشلىققا ئىگە بولۇپ، دەسلەپكى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ داستانى يېزىلىپ، 221 يىل كېيىن ئەينى بىر ماۋزۇدا شىنجاڭ تەۋەسىدە يېزىلغان يىرىك داستان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇكى، مولla فازىل داستانىنى يېزىشتىن ئىلگىرى ئەلىشىر نەۋايىنىڭ داستانى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، ئۇنىڭ ئىلھامى ۋە بەدىئىي ئەسەرنىڭ مەنبەسى خەلق ھاياتى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ھالدا جاھان كېزىپ يازماقچى بولغان ئەسىرىگە ماتېرىيال توپلىغان. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى يازىدۇ:

«كېزىپ مەن رەستەئى بازار ئىچرە،
كى گويا نافەئى تاتار ئىچرە،
كېزىپ سەيىر ئەيلەدىم شەھىرى جاھاننى،
كۆرۈپ فەھىم ئەيلەدىم ياخشى ـ ياماننى. »

مولla فازىل ئۆز داستانىنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي قۇرۇلمىغا ئىگە ئەسەر قىلىپ يېزىپ چىقىش يولىدا بەلگىلىك ئىزىشچانلىق كۆرسەتكەن، شائىر داستاننىڭ باش قىسمىدا «ئۆز ھالىدا ئۆزرىخاھلىق قىلغانى»، «مۇناجات بەدنارگاھى قازىيۇل ھاجات»، «قەلەم كاغەزگە جەۋاب بەرگەنى»، «ئەرزاداشت قەلەم»،

«سىفەتى ئەھلى ئىشق»، «كاغەز قەلەمگە جاۋاب بەرگەنى»، «دەرمەزھەبى ئىبلىس ئەلەيھىللەئىنە»، «دەرھەبى ھال خۇدگۇيەند»، «بۇ دۇنيانىڭ بىۋەفالىقىنىڭ بەيانى»، «شەھەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ بەيانى» قاتارلىق ماۋزۇلار ئاستىدىكى مىسرالاردا ئېيتقان پىكىرلەر ۋە باشقا جايلىرىدىكى تەسۋىرلەر بۇ نۇقتىنى ئۇچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

شائىر موللا فازىلنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بويىچە يېزىلغان. ئەمما، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇنىڭدا رېئالىزملىق خاھىشمۇ بەلگىلىك ئىپادىلەنگەن. موللا فازىلنىڭ رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بويىچە ئىش تۇتۇشى بىر تەرەپتىن چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى داستانچىلىق ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شائىر ياشاپ تۇرغان دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇنداق بولسىمۇ شائىر رومانتىزملىق ئۇسۇلنىڭ ۋاستىسى بىلەن رېئالىزملىق خاھىشنى تەقلىدچىلىك ۋە كىلاسسىزملىق ئېقىمىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ مەۋجۇت مەسىلىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ئۇتۇق قازانغان.

## 3. سەلاھى

«گۇل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستاننىڭ مۇئەللىپى بولغان سەلاھىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىللىرى ھەم ئۆز ئىسمى توغرۇلۇق ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسمىز[1]، پەقەت داستاننى قاچان يازغانلىقى توغرىسىدا:

---

[1] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (ق. ھەسەنوۋ، س. موللاۋۇدۇۋلار تۈزگەن، ئالمۇتا مەكتەپ نەشرىياتى 1982 - يىلى نەشر قىلغان) ناملىق كىتابتا سەلاھىنى «مۇھەممەد ئەبۇ سەلاھي، كاشغەر شەھىرىدە تۇغۇلغان، مىلادىيە 18 - ئەسىردە ياشىغان، «گۇل ۋە بۇلبۇل»نى 1678 - يىلى كاشغەردە تاماملىغان» دېگەن بايان بار. ئاشۇ كىتابنىڭ 148 - بېتىگە قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى

«بۇ كىتاب تارىخىي قۇنىگاسىن قۇچ،
بولۇبان بىر مىڭ بىر يۈز ئەللىكۇ ئۇچ.»

دېگەنلىرى، يەنە بىر يەردە:

«ئىشت تارىخنى بۇلبۇل كەبى ئۇچ،
بولۇپ بىر مىڭۇ بىر يۈز ئەللىكۇ ئۇچ.»

دېگەن مىسرادىكى ئۇچۇرغا ئاساسلانغاندا، شائىر داستاننى ھىجرىيە 1153 - يىلى (مىلادىيە 1740 — 1741 - يىللىرى) يازغانلىقى بىلىنىدۇ.

مۇئەللىپنىڭ «كىتاب ھەققىدە ئېيتقىنى» دېگەن بابىدا خاتىرىلەنگەن:

«بولۇپ پەيزى باھارى كاشغەردىن،
تەپىپ تەبئىم جاپا بۇ سۆزلەر ئاندىن.»

دېگەن مىسراغا ئاساسەن، سەلاھى قەشقەرلىك دەپ ھېسابلانماقتا[1].

«گۇل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستاننىڭ قول يازما ۋە چاپ قىلىنغان نۇسخىلىرى مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتىدۇ[2]. بۇلار ھەجىم جەھەتتە بەلگىلىك دەرىجىدە پەرقلىق بولۇپ، ئىلمىي خادىملار ئۇنىڭ بىرقەدەر ئۆلچەملىك نۇسخىسىنى ئىشلەپ، جەمئىي 41 باب، 1000 بېيىت، 2000

---

[1] «قەشقەر ئەدەبىياتى»، 1992 - يىلى 6 - سان، 88 - بەت.

[2] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابتا «گۇل ۋە بۇلبۇل» نىڭ قول يازما نۇسخىلىرىنىڭ لېنىنگراد ۋە تاشكەنت شەھەرلىرىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتلىرىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى ئېيتىلغان. ئابدۇرەھىم سابىت ئەپەندىنىڭ بايانىچە، داستاننىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا چاپ قىلىنغان بىرقانچە نۇسخىسى بارلىقى ئېيتىلغان. يەنە ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسىدا ۋە باشقا ئورۇنلاردىمۇ بىرقانچە خىل نۇسخىلىرى ساقلىنىۋاتىدۇ.

مىسرادىن تەركىب تاپقانلىقىنى دەلىللەپ چىقتى[1]. «گۈل ۋە بۇلبۇل» «بۇلاق» ژۇرنىلىدا بىرقانچە رەت ئېلان قىلىندى[2]. جۈملىدىن داستانىنىڭ ئاپتورى دەسلەپ موللا ئەلەم شەھيارى دەپ ھېسابلانغان، كېيىنچە داستاندىكى ئېنىق پاكىتلار ئارقىلىق سەلاھى دېگەن قاراش مۇقىملاشتى.

داستاندا شائىر ئۆزىنىڭ تەخەللۇسىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

«خۇداۋەندە سەلاھى ئاسى بەندە،
ئاتايۇ مەغفەرەت ھەم لۇتفا بەندە.»

ياكى:

«(سەلاھى) گە ئىلاھىم رەھمەت ئەيلە،
كىتابىن كىمسە كۆرسە رەھمەت ئەيلەر.»

سەلاھى «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستانىنى يېزىشتىن ئىلگىرى غۇربەتى[3] ناملىق بىر شائىرنىڭ ئوخشاش ماۋزۇدىكى بىر داستانى بىلەن ئۇچرىشىپ چىققان. بۇ توغرۇلۇق سەلاھى مۇنداق

---

[1] ئابدۇرەھىم سابىت ئەپەندى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 6 - سانىدا «(گۈل ۋە بۇلبۇل) توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىپ، داستانىنىڭ ش ئۇ ئا ر تەۋەسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتقان بىرقانچە نۇسخىسىنى ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ، بۇ توغرۇلۇق قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

[2] داستان «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىللىق 3 - سانىدا ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۇسەيىنلەرنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «موللا ئەلەم شەھرىيار» نامىدا ئېلان قىلىنغان. ئابدۇرېشىت ئىسلامى 1985 - يىلى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي 15 - سانىدا داستاننى «سەلاھى» نامىدا قايتىدىن نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلدى. «بۇلاق» تا ئېلان قىلىنغان ھەر ئىككى نۇسخىدا «موللا ئەلەم شەھيارى» نامىغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق ئۇچۇر يوق.

[3] بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن غۇربەتىنىڭ كىملىكى ھازىرچە مەلۇم ئەمەس، بىراق سەلاھىنىڭ «قىلىپ نەزمى نەچچە بىر - بىر غەزەللەر، ئېيتىپ ئۆتكەن ئىكەنلەر ئول مەھەللەر» دېگىنىدىن قارىغاندا، ئۇ سەلاھىدىن خېلى بۇرۇن ئۆتكەن، خېلى كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان شائىر بولۇشى مۇمكىن، دېگەن قىياس كېلىپ چىقىدۇ.

يازغان:

«ئېتىپ غۇربەتى كىم بىر كىتابى،
قويۇپ ئاتنى ‹گۇل ـ بۇلبۇل› كىتابى.
بايان ئەتمىش گۇل ـ بۇلبۇلنىڭ ئىشقىن،
كى ئىشق ۋادىسىدا بىر ـ بىرىگە زىددىن.»

غۇربەتى داستاننى غەزەل شەكلىدە قىسقىراق يازغانلىقى توغرىسىدا سەلاھى مۇنداق ئەسكەرتكەن:

«قىلىپ نەزمى نەچچە بىر ـ بىر غەزەللەر،
ئېيتىپ ئۆتكەن ئىكەنلەر ئول مەھەللەر.
كىتابى خوپ ئېيتمىدۇر ئول ۋە لېكىن،
ئازايتىپدۇر مەگەر بېرىپتۇ ئېكىن.»

سەلاھى ئۆزىنىڭ داستاننى غۇربەتىنىڭ داستانىغا قارىغاندا ئۆزگىچىرەك ئۇسلۇبتا يېزىپ چىققانلىقىنى تۆۋەندىكى مىسرالاردىن بىلىۋالىمىز:

«قىلىپمەن بۇ كىتابقا مېھرىبانلىق،
كى قىلدىم غۇربەتىگە ھەمزەبانلىق.
قوشۇپ سۆزنى ھەم تاپىپ مەھەلنى،
كى نەزم ئېيتتىم نەچچە بىيىت، غەزەلنى.
ھېكايەت ئەيلەدىم بىرنەچچە سۆزۈمنى،
كىتابى غۇربەتىگە قوشتۇم ئۆزۈمنى.
قىلىپ تەبئىم بىرنەچچە سۆز تەي،
پۈتۈم مەن سەھىپەمغە سۆزنى قىيافەي.
كى دەرد سۆز ئىشق بۇنياد ئېتەي دەپ،
كى روھى غۇربەتىنى شاد ئېتەي دەپ.

كىتابى غۇربەتنىنى تازە قىلدىم،
قىسسۇرە ۋارىقىنى شىراز قىلدىم.
كى قىلدىم بى ۋەزىبىلىق غۇربەتنىنى،
سەلاھى ساچتى گۆھەر بىرلە دۇرنى. »[1]

بۇ مىسرالاردا ئېيتىلغان مەزمۇنغا قارىغاندا، شائىر سەلاھى رىقابەتلىشىشكە ماھىر، تىرىشچان بىر ئادەم بولغان، يەنى ئۇ غۇربەتى يازغان داستاندىن ئۈبدانراق بولسۇن ئۈچۈن ئۆز داستانىنى يازغان.

شائىر داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىنى مۇنداق باشلىغان:

«ئىكەۋلەن ئەي كۆڭۈل ھەمدەم بولالى،
سىفاتىڭ گۇل بىلە بۇلبۇل قىلالى.
نە يەڭلىغ بولدى ئاشىق گۇلغە بۇلبۇل،
بايان قىلىپ ئىشقى بۇلبۇل قىسسەئى گۇل.
بايان ئەيلەي ئۇلار ئىشقىنى بىر - بىر،
قىلايىن قىسسەسىغا نەزم تەقدىم.
كى بۇلبۇل ئىشقىدا بۇلبۇل بىناۋادۇر،
غەرىبلىك دەردى بىرلە مۇفتەلادۇر.
قىلۇر ئەردىم كېچە - كۈندۈز تەپەككۇر،
نىچە تۈرلۈك ھېكايەتلەر تەسەۋۋۇر.
مەگەر نەزم ئەيلەسەم بولغاي سازاۋەر،
دىبان دۇرلارنى ساچسام مەن بەپەكبار.
بۇ سۆز ئەردى، نادايى ئاسمانى،
كى ‹نەزم ئەت بۇلبۇلى گۇل داستانى.›
بولۇپ مەشۇقۇ ئاشىق بۇلبۇلۇ گۇل،
بايان ئەيلەكى ئىشقى بۇلبۇلۇ گۇل.

---

[1] «قەشقەر ئەدەبىياتى»، 1992 - يىللىق 6 - سان، 90 -، 91 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئىشتىكىل داستانى بۇلبۇلۇ گۇل،
دىيۇر بۇلبۇلكى مەن مەھزۇن مىسكىن،
بايان ئەيلەي سىلەرگە چەرخى دۇندىن.
فەلەك چەرخى مىنى سەرگەشتە قىلدى،
نىگارىمدىن يەلۇز ئاشۇفتە قىلدى.
دەمادەم قان ئاقاردۇر كۆزلارىمدىن،
ۋەفاسىز دىلرەبالار فۇرقەتىدىن. »[1]

سەلاھى داستانىنىڭ سۇژىت ئاساسى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «لىسانۇتتەير» ناملىق ئەسىرىدىن كەلگەن[2]. لېكىن، ئازراق پەرقلىنىدىغان جايلىرىمۇ بار. شائىر داستانىدا مەلۇم چىمەنلىكنى ماكان قىلغان ھۇمايۇن (بەخت قۇشى)، تاۋۇس (توز)، تۇت، كەبك (كەكلىك)، قۇمرى، پاختەك، سوپىسوپىياڭ، ھۇد ـ ھۇد قاتارلىق سەككىز قۇشنىڭ شۆھرەتپەرەسلىككە، ماختانچاقلىققا بېرىلىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى «بارچە قۇشلارنىڭ پادىشاھىمەن» دەپ لاپ ئۇرغاندا بۇلبۇلنىڭ رەددىيەسىگە ئۇچرىغانلىقىدەك ۋەقەلىكنى تەسۋىرلەيدۇ.

ئومۇمەن، شائىر سەلاھى «گۇل ۋە بۇلبۇل» ناملىق بۇ داستانىنى ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن نەۋايى، ھىرقەتىي، غۇربەتى قاتارلىق شائىرلارنىڭ داستانلىرىدىكى ئوخشاش تېمىدىكى مەزمۇنلارغا تەقلىد قىلىپ يازغان، سىمۋوللىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنىڭ ۋاستىسىگە تايانغان، رومانتىك ئۇسلۇبقا مۇراجىئەت قىلغان بولۇشىغا قارىماي، ئۆزى ياشاپ تۇرغان ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ مەلۇم تەرىپىنى ئوبرازلىق يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالالمىغان. دېمىسىمۇ، داستان سەھىپىسىدە زامانغا بولغان قاتتىق نارازىلىق، ئادالەت ۋە ساپ

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلى ئومۇمىي 15 ـ سان، 231 ـ بەت.
[2] سەلاھى «تەرىقەت مەسنەدىغە پىركامىل، نەۋايى ئەمرى مەئرۇپ ئىچىدە ئامىل» دېگەن مىسراسىدا بۇ نۇقتىنى ئىپادىلىگەن.

مۇھەببەتكە بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈش، يورۇقلۇق، ھۆرلۈك ئىزدەش ساداسى چوڭقۇر ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

داستاننىڭ بەدىئىيلىكى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەنە شۇ ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيەنى پۇختا بەدىئىي شەكىل، كومپوزىتسىيە ۋاستىسى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى قاتارلىق بىر قاتار تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ.

## 4. ئەرشى

خوجا جاھان (ياقۇپ) ئەرشى دەۋرى. مىلادىيە 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قارا تاغلىقلارنىڭ ئاتامانى دانىيال خوجا يەكەن رايونىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان. ئاپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى ئەھمەد خوجا كاشغەر بىلەن خوتەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئىككى تەرەپ داۋاملىق توقۇنۇشۇپ تۇرغان. بۇ چاغدا غالدان ئۆلۈپ، جوڭغارلارنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ كەتكەچكە، قارا تاغلىقلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان يەكەن بولسۇن ياكى ئاق تاغلىقلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان كاشغەر بىلەن خوتەن رايونى بولسۇن، ھەممىسى جوڭغار ھۆكۈمرانلىرىنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمىغان. جوڭغار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ «ئاڭگى» لىرى شەكىلگىلا ئايلىنىپ قېلىپ، باج ـ سېلىق كۆپ يىلغىچە تاپشۇرۇلمىغان.

مىلادىيە 1715 ـ يىلى سىۋان ئاراپتان (مىلادىيە 1697 — 1727 ـ يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن) ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەپ، قازاق خانلىقىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قوشۇن چىقىرىشقا باشلىغان. ئۇ قوشۇن باشلاپ ئاقسۇ، ياركەند قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، قارا تاغلىقلارنىڭ ئاتامانى دانىيال خوجىنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلغان. ئارقىدىنلا قەشقەر بىلەن خوتەننى ئىشغال قىلىپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ ئاتامانى ئەھمەد خوجىنى ئەسىر ئالغان. سىۋان ئاراپتان دانىيال خوجا جەمەتى بىلەن ئەھمەد خوجا جەمەتى ۋە

www.uyghurkitap.com

ئۇلارغا قاراشلىق قىسمەن ئاھالىلەرنى ئىلىغا كۆچۈرۈپ، نازارەت ئاستىغا ئالغان. لېكىن، جۇڭغارلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا بىۋاسىتە ئۇنۇملۇك ھۆكۈمرانلىق قىلالمىغاچقا، نائىلاج قارا تاغلىقلارنىڭ قولىقى يۇمشاق ئاتامانى دانىيال خوجىنى ئاقسۇ، ياركەند، كاشغەر، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەرگە ھۆكۈمران قىلىپ قويۇشقا مەجبۇر بولغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قارا تاغلىقلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلەپ، ئاق تاغلىقلار يەنە بېسىمغا ئۇچرىغان[1].

دانىيال خوجا تەختكە چىقىرىلغاندىن باشلاپ تاكى ئىلىدىكى ئەھمەد (مەھمۇد) خوجا ئوغۇللىرى بولغان چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا غەلىبان كۆتۈرۈپ بارغۇچە بولغان يېرىم ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە دانىيال خوجا (مىلادىيە 1700 ـ 1730)، ئابدۇللا خوجا (مىلادىيە 1730 ـ 1735)، خوجا جاھان (ياقۇپ) (مىلادىيە 1736 ـ 1756) ھاكىمىيەت بېشىدا تۇردى.

مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا خوجا جاھان (ياقۇپ) نى دانىيال خوجىنىڭ ئوغلى دەپ يازغان[2].

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ياركەند سەئىدىيە خانلىقى مۇنقەرز قىلىنىپ تاكى چوڭ - كىچىك خوجىلار ئىسيانى بېسىقتۇرۇلۇپ، شىنجاڭ رايونىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەنگە قەدەر (1759 - يىلى) ئۆتكەن 80 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا يەرلىك ھاكىمىيەت ئىزچىل تۈردە ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قولىدا تۇرغىنى يوق. ئاپاق خوجا مىلادىيە 1678 - يىلىدىن 1695 - يىلىغىچە، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى سەككىز يىل ئەتراپىدا، جەمئىي 20 نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭ يەرلىك

---

[1] چيەن بوچۈەن: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىلى نەشرى، 343 - ، 344 - بەتلەر.

[2] «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 - يىلى نەشرى، 4 - بەت.

ھاكىمىيىتى ئاپاق خوجىنىڭ رەقىبى قارا تاغلىق دانىيال ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قولىغا ئۆتۈپ، بۇ ھۆكۈمرانلىق مىلادىيە 1700 - يىلىدىن 1755 - يىلىغىچە 55 يىل داۋام قىلدى.

دانىيال خوجا جەمەتى، بولۇپمۇ خوجا جاھان (ياقۇپ) ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل (مىلادىيە 1736 — 1755) «ئالتە شەھەر» ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىرقەدەر تىنچ گۈللىنىش مەزگىلىگە قەدەم قويغان. مۇھەممەد سادىق كاشغەري «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا بۇ دەۋرنى ھۇسەيىن بايقارا زامانىسىغا ئوخشاتقان. بۇ ھەقتە مۇھەممەد سادىق كاشغەري:

«مەملىكەت ئىچرە شەھىنشاھ ئەيلەسە جانلارغا جان،
بەلكى جاندىن ئاشۇرۇپ جانلارغا جانان ئەيلەمىش. »

دەپ يازغانىدى. بۇ زاماندا سۇ قۇرۇلۇشى، تېرىقچىلىق ئىشلىرى ياخشىلىنىپ قالماستىن، لەڭگەر قۇرۇلۇشى ياخشىلانغان. شۇنداقلا خوجا جاھاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياركەندتە «‹ئاق مەدرىسە› ناملىق بىر ئالىي ئوقۇش يۇرتى بىنا قىلىنغان. بۇ ئوقۇش يۇرتى كېيىنچە ‹مەردرىسەئىي خامۇش› دەپ ئاتالغان.»[1] ئۇيغۇرچە تارىخىي ھۆججەتلەردە خوجا ئابدۇللا زامانىسىمۇ تەرىپلەنگەن. مەسىلەن، «تارىخى ھەمىدىيە» (135 - بەت) دە: «بۇ خوجامنىڭ دەۋرىدە تولا ئوبدانلىق بولدى. ‹سىيەرى شەرىف› (خۇراسانلىق ئالىم مەۋلانا مۇئىنىددىننىڭ ئەسىرى) خوجا ئابدۇللانىڭ تەشەببۇسى بىلەن مۇھەممەد رىھىم تەرىپىدىن تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىندى» دەپ يېزىلغان.

خوجا جاھان (ياقۇپ) تەرەققىيپەرۋەر، ئىلىم - مەرىپەتنى سۆيىدىغان، ئىلىم ئەھلىنى قوللايدىغان كىشى بولغاچقا، بىر قىسىم ئالىم - ئۆلىما، شائىر - ئەدىبلەرنى ئەتراپىغا توپلاپ،

---

[1] مۇھەممەد سادىق كاشغەري: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 - يىلى نەشرى، 126 - بەت.

ئۇلارغا يېقىندىن يار - يۆلەك بولغان. يەكەن شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىگە - تۆت پاتمانلىق يەرگە ئۆز نامىدا بېھىشتىن نىشان بېرىدىغان مىسلى گۈزەل كاتتا بىر باغ ئەھيا قىلدۇرۇپ، ياز كۈنلىرى ئالىم - ئۆلىمالارنى يىغىپ، مەشرەپ - بەزمىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان. تارىختا ئۆتكەن پادىشاھلار، پەيغەمبەرلەر ۋە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئەھۋاللىرى يېزىلغان «سىيەر»، «تارىخى ئەنبىيا»، «ئەنبىيا ئىزام ۋە ئەۋلىيائى ساھىب كىرام»، «پادىشاھى مۇتەقەددەمىلەرنىڭ قىسسىسى» دېگەنگە ئوخشاش كىتابلارنى ئەرەب ۋە پارسچىدىن تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ، مۇتالىئە ھەم مۇنازىرىلەرگە ئۇيۇشتۇرغان. يازغۇچى، شائىرلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان كۈنلەردە ئۆزىمۇ يازغانلىرىنى ئوقۇپ، ياخشى يازغانلارنى خانلىق نامىدىن مۇكاپاتلاپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىلھام بەرگەن[1].

ئەرشى ئىجادىيىتى. خوجىلار زامانىسىدىكى ئىلغار پىكىرلىك، ئىجادىي تەسەۋۋۇرغا باي شائىرلاردىن بىرى ئەرشى ھېسابلىنىدۇ.

ئەرشىنىڭ ئۆز ئىسمى خوجا ياقۇپ، كېيىن خوجا جاھان دەپ مەشھۇر بولغان. «تارىخى نادىرىيە» ناملىق كىتابتا «ھەزرىتى مەۋلانا خوجا ياقۇپ خوجام خۇجەندتە تەۋەللۇت تاپتىلەر»[2] دېيىلگەن. ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھىجرىيە 1097 - يىلى (مىلادىيە 1685 — 1686 - يىللار) غا توغرا كېلىدۇ[3].

خوجا جاھانىنىڭ خۇجەندتە تۇغۇلۇشىدا مۇنداق بىر تارىخىي سەۋەب بار. ئاپاق خوجا ئالتە شەھەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا كىرگۈزىۋالغاندىن كېيىن، «قارا تاغلىقلار» غا قارىتا دەھشەتلىك تۈردە باستۇرۇش ئېلىپ بارغان. شۇ مەزگىلدە خوجا جاھانىنىڭ

---

[1] ئابدۇرەھىم سابىت: «لىرىك شائىر ئەرشى»، «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» (قەشقەر)، 1985 - يىلى 1 - سان.

[2] «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقاتى خەۋىرى» (قەشقەر)، 1985 - يىللىق 1 - سان، 8 - بەت.

[3] بۇ خىل مەزمۇندىكى ئۇچۇر مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق كىتابى (59 - بەت) دىمۇ قەيت قىلىنغان.

بۇۋىسى خوجا شۇئەيب ئاپاق خوجىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قىرغىنچىلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مىلادىيە 1677 - يىلى بىر قىسىم «قارا تاغلىقلار» بىلەن كەشمىر ئارقىلىق پامىرنىڭ غەربىگە ئۆتۈپ كەتكەن، ئوغلى دانىيال خوجا خۇجەنتكە ئورۇنلاشقان. ئاردىن سەككىز يىل ئۆتكەندە خوجا جاھان دۇنياغا كەلگەن.

خوجا جاھان دەسلەپكى مەلۇماتنى خۇجەنت مەدرىسەلىرىدە ئالغان، ئاندىن ھەزرىتى خوجا شەيخ خوجەنتىنىڭ مازىرىغا بېرىپ بىر مەزگىل ئىلىم تەھسىل قىلغان. «تارىخى نادىرىيە» دىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، «ئۇنىڭ تەھسىل ئىلىملىرى ئانچە بولدىكى، تەسلىرىدە ھەر مۇشكۈل بولسا ھەل قىلور ئەردى. گاھى سەمەرقەنت، بۇخاراغا بېرىپ، ئەھلى پەزىللەر بىلەن مەشرەپ تۈزۈپ، مۇنازىرە قىلىشور ئەردى.»[①]

خوجا جاھان ئەقىل - پاراستى ئۆسۈپ بېرىۋاتقان بىر چاغدا ئائىلىسى بىلەن بىرگە ياركەندكە قايتىپ كەلگەن. چۈنكى، مىلادىيە 1716 - يىلى سىۋان ئاراپتان باشچىلىقىدىكى جۇڭغارلار ياركەندكە باستۇرۇپ بېرىپ، دانىيال جەمەتىنى ئىلىغا ئېلىپ كەتكەن. نەتىجىدە دانىيال خوجا، خوجا جاھانلار ئىلىدا 14 يىل تۇتقۇنلۇقتا تۇرغان.

مىلادىيە 1727 - يىلى سىۋان ئاراپتاننىڭ ئورنىغا چىققان غالدان سىرىن دانىيال خوجىنى تۇتقۇنلۇقتىن بوشىتىپ، ياركەندكە خان قىلىپ تەيىنلەپ ئەۋەتكەندە، خوجا جاھان داۋاملىق يوسۇندا ئىلىدا گۆرۈ ئورنىدا قالغان. مىلادىيە 1730 - يىلى دانىيال خوجا كېسەل سەۋەبى بىلەن ھاكىمىيەتتىن چەتلەشتۈرۈلگەن ۋە 1731 - يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، 1735 - يىلىغىچە خوجا ئابدۇللا ياركەندتە خان بولۇپ تۇرغان. مىلادىيە 1735 - يىلىدىن 1755 - يىلىغىچە خوجا جاھان جۇڭغارلارنىڭ

---

① «قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقات خەۋىرى» (قەشقەر)، 1985 - يىلى 1 - سان، 8 - بەت.

ھىمايىسى ئاستىدا ياركەندتە خان بولۇپ تۇرغان.

خوجا جاھان تۆت بىر تۇغقان بولۇپ، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا كاشغەر، ئاقسۇ، خوتەن، ياركەندلەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەنگەن[1]. بۇلارنىڭ ئىچىدە خوجا جاھان ياشتا چوڭ، ئەقىللىك ۋە تەدبىرلىك بولغاچقا، باشقا قېرىنداشلار ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىشلىرىدا خوجا جاھاننىڭ ئاغزىغا قاراپ، خوجا جاھاننى ۋەكىل قىلغان، ياركەندنى يادرو قىلغان بىر ھاكىمىيەت بولۇپ، 20 يىل مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرغان.

مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا خوجا جاھاننىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرغان ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلغان:

«...... ھەزرەتى خوجا جاھان خوجام پادشاھ ئەلەيھىر رەھمەۋىر رىزۋان ھەممە ۋاقىتىدا ئۆمۈرلەرىنى ئۆلىمالار ۋە سالىھلار ۋە ئەھلى تەبئىلەر بىللە مەشرەپ تۈزۈپ مەسھ ئاسا، جان فەزا كەلاملار ئىلە جانسىز تەنلەرگە جان ئاتا ئەيلەپ، مالامال ئىلتىپاتلار قىلۇر ئەردىلەر ۋە گاھى ئەمىر - ئۆمەرا ماۋلى شەھەر بىرلە ئولتۇرۇپ، مەملىكەتلەرنىڭ ئەسباب ياراغىن كۆرگۈزۈپ، فەقىر رەئىيەلەرنىڭ داد سوراغلىرىغە مۇۋاپىق ھۆكۈم سۈرۈپ كۆڭۈللەرنى جەمئىي شاد قىلۇر ئەردى. گاھى سىيەر تەۋرىخ كىتابلاردىن ئەنبىيائى ئىزرام ئەۋلىيائى كىرامنىڭ ۋە ئىمام مۇجتەھىدلەرنىڭ، پادشاھى ماتەقەددەملەرنىڭ قىسسە ۋە ھېكايەلىرىدىن ئىشتىپ ئۇلارنى دۇئايى خەير قىلىپ ياد ئەيلەر ئەردىلەر. گاھى دىۋان، غەزەلىيات، مەسنەۋى كىتابلەردىن ئاراغە سالىپ ھەقايىق مەئنالەردىن ئاراغە سالىب ۋە بىر ھالەت پەيدا قىلۇر ئەردىلەر ئەھلى مەجلىسلەرگە سىرايەت قىلىپ پەرۋانەدەك ئۆزلەرىنى پارە - پارە قىلىپ باشلەردىن ئۆرۈپ مۇرغى بىسمىل يەڭلىغ بولۇپ، بىخۇدلۇق رۇ بېرىپ يىقىلور ئەردى. گاھى نەزمە

---

[1] ئابدۇرەھىم سابىت: «لىرىك شائىر ئەرشى»، «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» (قەشقەر)، 1985 - يىللى 1 - سان.

دۆرلەرىن رىشتەغە ئالىپ، كۆڭۈللەر خىرمەنىغە ئوت سالغۇدەك پۇر سۆز ۋە ئەبىيات دىلپەزىلارنى تەتىپ بېرور ئەردى. پىشىۋايى ماتەقەددەملەرنىڭ نازۇك فەھىم غەزەلىياتلەرىغە جاۋاب ساقى، مۇخەممەس ۋە مۇسەددەسلەر نەزمە قىلۇر ئەردى. گاھى مەملىكەت مەيدانىدە ئولتۇرۇپ شائىرانە ۋەقىت سۆخەن فەھىم زامانلەرنىڭ شېئىر ئەبىياتلەرىن ئىلغەپ تەرجىمە ئەيلەپ بۆلەغا ساھىبىغە ئىلتىپات شاھانەلىباسلەر ئەتا ئەيلەپ، ئۆز قاتارىدە مۇمتاز ۋە سەرافراز ئەيلەر ئىدىلەر. ھەر ھەپتە ئۆلىما ۋە فازىللەر يەنى ئاخۇند، سەييىد، خاجەلەرنىڭ دەرسخانەلەرىغە بارىپ، يارانلار قايىسىلەرىكى خۇش فەھىم، خوش ئىدراكىدۇرلەر ۋە رىيازەت ۋە مۇجاھىد ۋە بەھسى مۇنازەرەر ۋە مۇتەلىئەلەرى نازۇك بولسە، ئاڭا ئىلتىپاتلەر قىلىپ، شۇمۇقەددەم ئولتۇرغۇزۇپ، كۆڭۈللەرنى خوش قىلۇر ئەردى. ئانداغ تۇرلۇك ماھازەرلەرنى كەلتۇرۇپ ئېھسان بىرلە يارەنلەرنى سىير قىلۇر ئەردىلەر ۋە بەزى ۋەقىتتا دەرۋىش تالىبلار ۋە يا مۇۋاپىقلار بىرلە سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارغە بايان تەرىقەت ۋە سەير سۇلۇك تىلەپ قىلۇر ئەردىلەر. بۇ ئىقلىمدە ھەرنىچۈك چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى كىچە ـ كۈندۈز بۇ شاھى ئالىنىڭ ھەققىلەرىدە ياخشى تەلەپلەر دۇئايى خەير قىلىپ خاتىرلەرىغە شۇكرى سانا ئېيتۇر ئەردىلەر. ئىلگىرى ـ كېيىن مۇنداق ۋاقىت مەۋجۇت بولغان ئېمەسدۇر دەر ئەردى، ۋە بەزىلەر سۇلتان ھۇسەيىن مىرزانىڭ ۋاقتىغە تەشبىھ قىلۇر ئەردىلەر. ھەممە ئالىم ئەمەلدار ئىدىلەر. «ئەلئۇلۇما ئۇۋەرسەتۇلئەنبىيا» ھەدىسىغە بۇلار ئىككى تەرەپتىن ۋارىسدۇرلەر.»[1]

شائىر زەلىلىيمۇ خوجا جاھاننى ئالاھىدە مەدھىيەلەپ، بۇرھانىدىننى قارىلاپ شېئىر يازغان. ئۇنىڭ بۇ شېئىرى «تەزكىرەئى ئەزىزان»نىڭ يەنە بىر قول يازما نۇسخىسىدا مۇنداق بېرىلگەن:

[1] مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشرى، 82 ـ ، 83 ـ بەتلەر.

ئى خوجا جاھان خۇدا ھەمىشە يارىڭ بولسۇن،
گەردۇن قەدىمىڭدىكى ئىتبارىڭ بولسۇن.
دۈشمەن ئىلە تۇغ - ئەلەم جىلۋىگەر ئولدى،
ھەممەت ئىلكىڭدە زۇلفىقارىڭ بولسۇن.

بۇرھانىددىن غۇرۇر نەسەپ ئول سەگى ئەبلەخ،
ئىسلام ئىلگە قىلغان غەمخورلۇقۇڭ مۇبارەك بولسۇن.
بىچارە زەلىلى خوجا جاھانىنىڭ ئولفىتى ئەردى،
دۈشمەنلىرىڭ دۈشمەن قولىدا خارۇزارىڭ بولسۇن. »[1]

مىلادىيە 1750 - يىللارنىڭ باشلىرىدا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئىلىدا تۇغۇلغان ئاپاق خوجا نەۋرىلىرى بۇرھانىددىن خوجا بىلەن خان خوجا (خوجا خان) نى تۇتقۇنلۇقتىن بوشىتىپ، «ئاق تاغلىق» خوجىلار قولى ئارقىلىق «ئالتە شەھەر»نى قايتىدىن ئۆز ئىلكىگە ئېلىش قەستىگە چۈشكەن، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن بۇرھانىددىن خوجا ئاپاق خوجا تۇغىنى كۆتۈرۈپ، «ئاق تاغلىق» خوجىلار قالدۇق كۈچلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، قايتىدىن مۇستەھكەملىنىۋاتقان «ئالتە شەھەر» ھاكىمىيىتىنى مۇنقەرز قىلدى. مەغلۇپ قىلىنغان خوجا جاھان (ياقۇپ) ئۆز جەمەتىدىكىلەر ۋە ئۆزىگە سادىق بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن ياركەندنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇرھانىددىن خوجا ئۇنى قۇربات مىرزا لەشكەرلىرىگە تۇتقۇزۇپ كېلىپ، پۈتۈن جەددى - جەمەتىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈردى. بۇ ھىجرىيە 1169 - يىلى (مىلادىيە 1755 — 1756 - يىللار) بولۇپ، ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئىچىدە خوجا جاھانىنىڭ ئوغلى شائىر فۇتۇھىيمۇ بار ئىدى.
بۇرھانىددىن خوجا ئالتە شەھەرنىڭ خانلىق ئورنىغا چىققاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە قارشى تۇرۇپ، ئۆز ئىنىسىنىڭ دەۋىتى

[1] «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» (قەشقەر)، 1985 - يىلى 1 - سان، 11 - بەت.

بىلەن چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى كۆتۈردى. نەتىجىدە چىڭ سۇلالىسى گېنېرالى جاۋ خۇي باشلىغان قوشۇن تەرىپىدىن باستۇرۇلدى[1].

خوجا جاھان (ياقۇپ) ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىشى ئارقىسىدا بىلىملىك ئادەم بولۇپ چوڭ بولغان. ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ مول لۇقىنى ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلاردىن، ئىران ئەپسانىلىرى، يەھۇدىي رىۋايەتلىرى، ئەرەب ھېكايىلىرى، يۇنان ھېكمەتلىرى، شەرق مۇسۇلمان ئەللىرى ئەدەبىياتى، ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى ۋە تۆت زات توغرىسىدىكى كىلاسسىك قاراشلار ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە ئىكەنلىكىدىن، قەلبى ئىنسانىي ھېس - تۇيغۇلار بىلەن تولغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىن كۆرۈۋالالايمىز.

ئەرشى ئۆمرىنىڭ مۇرەككەپ بىر تارىخىي جەريانلار ئىچىدە ئۆتكىنىگە قارىماي، ۋاقىت، پۇرسەت بولسىلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە زېھنىنى سەرپ قىلغان. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىرلىرى «دىۋانى ئەرشى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن[2]. بۇ توپلامغا كىرمىگەن يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىمۇ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن[3]. ئۇنىڭ يەنە بىر دىۋانى ھازىر تاجىكىستاندا ساقلىنىۋاتىدۇ[4].

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «دىۋانى ئەرشى» گە جەمئىي 90 غەزەل، سەككىز رۇبائىي، بىر ساقىينامە، ئالتە

---

[1] ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىلى نەشرى، 184 - بەت.

[2] «دىۋانى ئەرشى»نىڭ قول يازما نۇسخىسى 1957 - يىلى يېڭىساردىن تېپىلغان، ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئەسەر «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، «دىۋانى ئەرشى» نامى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 - يىلى نەشر قىلىندى.

[3] بۇ شېئىرلار ئابدۇرەھىم سابىتنىڭ تەييارلىشى بىلەن «قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقات خەۋىرى» ناملىق ژۇرنالنىڭ 1985 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىندى.

[4] بۇ توپلام تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قول يازمىلار بۆلۈمىدە 2227/11 نومۇر بىلەن ساقلانماقتا. بۇ توغرۇلۇق ئۇچۇر ساۋۇت موللاۋۇدۇننىڭ «18 - ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيەسى» (ئالمۇتا، 1990 - يىلى) ناملىق كىتابىنىڭ 81 - بېتىدە بېرىلگەن.

www.uyghurkitap.com

مۇخەممەس، ئىككى مۇسەممەن، ئۈچ مۇھەببەتنامە، بىر مۇستەھزاد كىرگۈزۈلگەن. «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «باياز» (مىلادىيە 1813 ـ 1814 - يىللىرى قومۇل ۋاڭ ئوردىسىدا تۈزۈلگەن) لارغىمۇ شائىرنىڭ بەزى شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

ئەرشى لىرىك شائىر. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدىكى لىرىك ئوبرازلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كىشىلىك قارىشى، جەمئىيەت ۋە دۇنيا ھەققىدىكى ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى مەسىلىلەر ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوبرازلىق، يارقىن ھالدا ئىپادىلىگەن.

## 5. فۇتۇھىي

فۇتۇھىي تەخەللۇسلۇق بۇ شائىرنىڭ ئۆز ئىسمى خوجا سىددىق بولۇپ، خوجا جاھان (ياقۇپ)نىڭ ئوغلى ئىدى. «تارىخى نادىرىيە» ناملىق كىتابتا خوجا سىددىقنىڭ ئاتىسى خوجا جاھان ياركەندتە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ۋاقىتتا ئۇنىڭ 18 ياشتا ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. شۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، خوجا سىددىق ھىجرىيە 1130 - يىلى (مىلادىيە 1717 ـ 1718 - يىللىرى) دۇنياغا كەلگەن بولىدۇ. «تارىخى نادىرىيە» دە مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان: «ھەزرىتى خوجا جاھان خوجامنىڭ خوجا سىددىق ئاتلىق بىر پەرزەنتى بار ئىدى. ھۆسن - جامالدا ئاپتاپتىن غەلىبە قىلۇر ئەردىلەر. خۇشخۇيلۇقتا ھەممە خۇلق ئاندا زاھىر بولۇر ئەردى. پەم - پاراسەتتە ئەپلاتون، ئارىستوتېل كەمتەرىن شاگىرتلىرىدىن ئەردى. تەبئىي زىھنلىرى پەيزەئى پولاتتەك مەزمۇت نەسپىتەنى زۇھەل چالاكالارى ئالماس بىلەن شىكاپ ئەيلەر ئىدىلەر. ۋۇجۇد سىبغىيلىقتا ھاتەم بىر غۇلام چاكار ئەردىلەر. ئەدلۇ ئادالەتتە نۇشىرىۋان بەستەرىن خادەم ئەردى. سىن سالىلىرى ئون سەككىز ئەردىلەر. تەھسىللىرى ئاقارغان ئىدىلەر. تەپتىش ۋە تەھقىقلىرى تەھسىل تامام بولغان تالىپى ئىلىملەردىن يۈز دەرىجە ئارتۇق ئىدى پەھىم ئەشئاردا ئانداغ ئىدىلەركى، ئۆزگە يارەنلەر بېيىتىنى

ئېغىزلىرىغا ئالغۇچە مەزمۇننى تەسەررۇپ قىلىپ تەقرىزىغا كەلتۈرەر ئەردىلەر. ئەشئار نەزمىدە ئىككى - ئۈچ غەزەلنى بەدىيەتەن بىر دۇفئەدە كىتابقا ئالۇر ئىدىلەر. ھەممە يارەنلەر مۇنداق تەبئىي چالاك، تىز چەھىملىرىگە تەھسىن ۋە ئاپىرىن قىلۇر ئېردىلەر.[1]»

بۇ بايانلاردىن خوجا سىددىقنىڭ سۈپىتى ۋە ئەقىل - پاراسىتى، جۈملىدىن شېئىرىيەت ساھەسىدىكى ئۆتۈقلىرىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

خوجا سىددىقنىڭ ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلاپ، بۇ ساھەدە نەتىجە يارىتىشىدا دادىسىنىڭ، جۈملىدىن ئائىلە جەمەتىنىڭ تەسىرى چوڭ بولغان. ئۇنىڭ نوقۇل ئائىلە مۇھىتىغا باغلىنىپ قېلىشىدا تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەب بار ئىدى، يەنى ئۇ دادىسى خوجا جاھان ئىلىدا جۇڭغارلار قولىدا تۇتقۇن بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا تۇغۇلغان. خوجا ئابدۇللا جۇڭغارلار تەرىپىدىن ئالتە شەھەرگە خان قىلىپ تەيىنلىنىپ، پەقەت ئىككى يىلدىن كېيىنلا (1732 - يىلى) دادىسى بىلەن يەكەنگە قايتالىغان. خوجا سىددىق 18 ياشقا كىرگۈچە دادىسىنىڭ قولىدا تەربىيەلىنىپ ھەمدە ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، خېلى يۇقىرى ماھارەت ئىگىلىگەن. «تەزكىرەئى ئەزىزان» دىكى بايانغا قارىغاندىمۇ خوجا سىددىق دەسلەپكى بىلىمنى ئائىلىسىدە ئالغان، يەنى ئۇ كىچىك ئانىسى (ھاممىسى) قولىدا تەربىيەلەنگەن. «ئۇلۇغ ئەزىزەم ئالىم، مەنىدان كىشى ئەردى...... سىددىق خوجام پادىشاھ شېئىر ئەدەبىياتنى كەسىپ ئالۇر ئەردى.»[2] ئەمما، خوجا سىددىق كېيىنكى بىلىمنى يەكەن ۋە قەشقەردىكى مەدرىسەلەردە ئالغان بولسا كېرەك. چۈنكى، ئەينى زاماندا بۇ جايلاردا مەدرىسەلەردە

---

[1] ئابدۇرەھىم سابىتنىڭ «خوجا سىددىق فۇتۇھىي» ناملىق ماقالىسىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، 1986 - يىللىق 2 - سان. بۇنىڭغا ئوخشاش مەزمۇن مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق كىتابىنىڭ 110 – 111 - بەتلىرىدىمۇ قەيت قىلىنغان.

[2] ساۋۇت موللاۋۇدۇۋنىڭ «18 - ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيەسى» ناملىق كىتابىنىڭ 124 - بېتىدە ئېلىنغان نەقىل.

ئەۋزەل ئوقۇتۇش شارائىتى ھازىرلانغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يۇقىرى تەبىقە ئىمتىيازىدا تۇرۇۋاتقان خوجا سىددىقنىڭ بەگزادىنىڭ مەدرىسەدە مۇنتىزىم تەربىيە كۆرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

خوجا سىددىق دادىسى، ھاممىسى ۋە باشقىلارنىڭ تەسىرىدە شېئىرىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ بايانىغا قارىغاندا، فۇتۇھىي 18 يېشىدىلا شېئىرىي دىۋان تۈزگەنىكەن. بۇ توغرىدا مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي مۇنداق مەلۇماتنى قالدۇرغان: «ئول ۋاقىتنىڭ ئۆلىمالىرىنىڭ ئىتتىپاقى بىرلا ھەزرەت خوجا جاھان خوجامىنىڭ رۇخسەتلەرى بىرلە كىتاب تەسنىف قىلدىلاركى، ئاتىنى ‹فۇتۇھىي› دەرلەر. ئول كىتابنىڭ مەزمۇنلەرى ھەممە ئەھلى ئالەم ۋە ئەھلى دانىشلەرگە مەلۇمدۇر.» [1]

خوجا سىددىقنىڭ ئەقىل - پاراستى توغرۇلۇق «تارىخى نادىرىيە» دىكى بايانلاردىن باشقا، «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا مۇنداق ئۇچۇرلار ئېيتىلغان: «فەھمى ئەشئاردا ئانداغ ئىدىلەركى، ئۆزگە يارانلار بەيىتنى نەفسلەرىگە ئالغۇنچە بۇلار مەزمۇننى تەسنىف قىلىپ تېز فەھملەر تەھسىم ۋە ئاپىرىن قىلۇر ئەردىلەر.»

خوجا سىددىق يازغان شېئىرلارنى دادىسى ئەرشى دائىم كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرغان، جۈملىدىن بىر پارچە قەسىدىسىنى ئەرشىنىڭ ئوقۇپ چىققانلىقى توغرۇلۇق «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا مەلۇمات بېرىلگەن.

فۇتۇھىينىڭ خېلى كۆپ لىرىك شېئىرلىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، بۇلار 1980 - يىللارنىڭ ئاخىرى يەكەندىن بايقالغان يەنە بىر قىسىم شېئىرلار بىلەن قوشۇلۇپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىندى[2].

---

[1] س. موللاۋۇدۇۋنىڭ «18 - ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيەسى» ناملىق كىتابىنىڭ 125 - بېتىدە: «ئۇنىڭ بۇ كىتابى بۈگۈنگىچە ئىلىم ئەھلىگە مەلۇم بولمايۋاتىدۇ» دېيىلگەن.

[2] بۇلارنى ئابدۇقېيىيۇم خوجا، ئابلەت ئابلىزلار تەييارلىغان.

بۆلاردىن باشقا، تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان ئەرشىنىڭ شېئىرلار توپلىمى ئىچىگە فۇتۇھىينىڭ شېئىرلىرىمۇ قوشۇپ توپلەنگەن[1].

## 6. مەشھۇرىي

«گۈلئۈزارى كەلدىكىم بولدى گۈلىستان ياركەند،
نەۋباھارى مەقدىمىدىن تازە بولىستان ياركەند.

لۇتف ئىلە كەلتۈردى مەقدەم[2] بىر مەسھا[3] مەقدىمى،
تاپتى جىسمىم ناتىۋاندەك پەيزىدىن جان ياركەند.

كەلدىكىم قىش ئۆتراسىدا بىر سىراپا نەۋ[4] باھار،
گۈل كەبى باشتىن - ئاياغقا بولدى خەندان[5] ياركەند.

كەلدىڭ ئانداغ شەۋكەتۇ شانۇ شەھى شاھى بىلەن،
قەشقەر سەھرەتتە قالدى، بولدى ھەيران ياركەند.

رەڭبەرەڭ ئەۋافىنى[6] كىم ئەيلەمىش يۈز تىلە بىلەن،
خۇشناۋا مەشھۇرى بۇلبۇلدۇر گۈلىستان ياركەند.»

مانا مۇشۇنداق ئۆز يۇرتىنى زوق - شوققا تولغان ھالدا

---

[1] س. موللاۋۇدۇۋ: «18 - ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيەسى»، ئالمۇتا «پەن» نەشرىياتى 1990 - يىلى نەشرى، 125 - بەت.
[2] مەقدەم (ئەرەبچە) ــ قەدەم كەلتۈرۈش، كېلىش.
[3] مەسھا ــ ئەيسا پەيغەمبەر.
[4] سىراپا نەۋباھارى (پارسچە) ــ باشتىن - ئاياغ يېڭى باھار.
[5] خەندان (پارسچە) ــ كۈلگۈچى.
[6] ئەۋافىنى (ئەرەبچە) ــ سۈپەتلىرىنى.

www.uyghurkitap.com

كۈيلەپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ جۇشقۇن كۈيىنى ياڭراتقان شائىر مەشھۇري 124 - غەزىلىنىڭ 11 - مىسراسىدا «بۇ چىمەننىڭ بىر گۈلى رەناسىمەن مەشھۇرىيكىم» دەپ ئۆز يۇرتىنىڭ يەكەن ئىكەنلىكى ۋە تەخەللۇسىدىن بېشارەت بەرگەن بولسا:

«پادىشاھا رەھىم قىل ئاجىزۇ ھەيراندۇرمەن،
دەرت غەم تىغلىرىدىن بۇ جىگىرى قاندۇرمەن.
ئاھ ھەسرەت ئوتىدىن سىلەسى بەرياندۇرمەن، ①
كۆزدە ياش، سىنەدە تاش ھالى پەرىشاندۇرمەن،
دەربەدەر يۇرگۈچى ئەۋارەئى دەۋراندۇرمەن. » ②

دەپ، يەنە:

«تۇنۇگۇن بولدى مىنىڭ پىسىق ئىشرەت گاھىم،
ھەرسىرى كۈيىدا ئىبلىس لەئىن③ ھەمراھىم.
ئاقىبەت تەۋبىگە تەۋفىق بىرىپ ئاللاھىم،
كەلدى دەرگاھىگە بۇ يۈزى قارا ئىبراھىم،
گۇناھ ئامۇرزە غەرقدىئى④ ئىسياندۇرمەن. »

دەپ يازغانلىرىدىن شائىرنىڭ قىسقىچە ھال - ئەھۋالى، جۈملىدىن ئىسمىنىڭ ئىبراھىم ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

شائىرنىڭ بىگانە شېئىرلار توپلىمىنىڭ قول يازمىسىدا ياشىغان زامانى توغرۇلۇق ئېنىق بىرەر ئۇچۇر قالدۇرۇلمىغان. پەقەت توپلامنىڭ ئاخىرىدا «گىرىبان پارە قىل ئى دوستلار كىم قەدىردان كەتتى» مەتلەئىلىك بىر مەرسىيە بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ

---

① بەريان (پارسچە) — كاۋاپ.
② ئەۋارەئى دەۋران (پارسچە) — زاماننىڭ ئاۋارىسى.
③ ئىبلىس لەئىن (پارسچە) — لەنەت قىلىنغان شەيتان.
④ ئامۇرزە (پارسچە) — كەچۈرگۈچى.

مۇنداق تاماملىغان:

«ئەزىزى خامە بەگ بىن سەيد جالالىدىن،
بېرىپ جان جەددى ئەئلاسى قېشىغا جاۋىدان كەتتى.»

يەنە مۇخەممەس شەكلىدە يېزىلغان بىر مەرسىيە بار بولۇپ، ئۇنىڭ مەتلەئى مۇنداق:

«ئى ئەزىزايا سۆزى شېرىن زابانىم قايدىسەن.»

دېمەك، بۇ ئىككى پارچە مەرسىيەدە «ئەزىز» ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. دەسلەپ ئىلمىي خادىملار مىلادىيە 19 - ئەسىرنىڭ 30 — 40 - يىللىرى يەكەن ۋە خوتەنلەردە ھاكىمبەگ بولۇپ تۇرغان مۇھەممەد ئەزىز ھاكىمبەگ بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭغا قارىغاندا، مەشھۇرىي ھەم مىلادىيە 19 - ئەسىردە ياشىغان شائىر بولۇشى كېرەك، دەپ قارىغان[1]. ئەمما، تارىخچى مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا موللا ئىبراھىم موللا مەشھۇرىي دېگەن ئىسىمنى تىلغا ئالغان. ئالىمنىڭ ئېيتىشىچە، دانىيال خوجىنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى يۇسۇپ بىلەن ئۆزى كۆرمىگەن بىر بالىسى بىر قالماقنىڭ ئائىلىسىدە ئۆسكەن. دانىيال خوجا ئىلىدىكى جۇڭغارلار ئوردىسىدا تۇرۇۋاتقان پەرزەنتى ھەققىدە خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئالىدۇ، لېكىن شۇ بالىنىڭ ھەقىقەتەن دانىيال خوجىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئىككى تەرەپتىن ۋەكىللەر قاتنىشىدۇ: دانىيال خوجا تەرەپتىن خەلپە

---

[1] بۇ قاراشنى دەسلەپ تەتقىقاتچى مەتىمىن يۇسۇپ مۇھەممەد نىياز بىننى ئابدۇلغەفۇرنىڭ «قىسەسۇلغارايىب» ناملىق ئەسىرىنىڭ يېزىلىشىغا تەشەببۇسچى بولغان مۇھەممەد ئەزىزبەگ دېگەن ھاكىمنىڭ نامىغا قاراپ ئوتتۇرىغا قويغان.

www.uyghurkitap.com

ئابدۇللا، موللا مەشھۇرىيكى موللا ئىبراھىملار بولغان[1]. بۇ ۋەقە «تەزكىرەئى خوجىكان» دىمۇ تەكرارلانغان. مۇشۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان موللا مەشھۇري (موللا ئىبراھىم) شائىر بولۇپ، بۇ يەردە توختىلىۋاتقان «دىۋانى مەشھۇري» ناملىق توپلامنىڭ ئاپتورى بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىمىز[2]. بۇنىڭ ئاساسلىرى مۇنداق: بىرىنچىدىن، مەشھۇري دېگەن ئىسىم دانىيال خوجا زامانىسىدىكى ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان ھەم بۇ ئىسىمنىڭ ئالدىغا ئۆز زامانىسىدىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ سۈپەت بەلگىسى بولغان «موللا» سۆزى قېتىلىپ، ئۇ كىشىنىڭ ھەقىقەتەن ئوقۇغان، بىلىملىك ئادەم ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىلگەن؛ ئىككىنچىدىن، دانىيال خوجا جەمەتىگە مەنسۇپ ئەرشى، فۇتۇھىي قاتارلىقلار شېئىرىيەتكە قىزغىن ھەۋەس قىلىپ، ئىجادىيەت سەھنىسىدە نەتىجە ياراتقان چاغلاردا مەشھۇرىيمۇ خان جەمەتىگە يېقىن بولۇشتەك ئىمتىيازدىن پايدىلىنىپ (مەشھۇري دانىيال خوجا جەمەتىنىڭ ئەزاسى بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن، بالا دەۋاسى سۆھبىتىگە قاتناشقانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ)، ئەدەبىيات ساھەسىدە ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، شېئىرىيەت بەيگىسىدە ئورتاق ئۆزۈشنى نىيەت قىلغان. ئۇنىڭ خاس توپلام تۈزۈپ چىققالىغانلىقى مەشھۇرىينىڭ ئىجادىيىتى ۋايىغا يەتكەن چاغدا خوجا جاھان (ياقۇپ) ياكى دانىيال خوجا دەۋرىدىكى پايدىلىق شارائىت ئوبدان رول ئوينىغان؛ ئۈچىنچىدىن، مەشھۇري كاشغەر بىلەن ياركەندنى سېلىشتۇرغان شېئىرىي مىسراسىدا ياركەندنى يۇقىرىراق ئورۇنغا قويۇپ تەسۋىرلىگەنلىكىمۇ دانىيال خوجىدىن تارتىپ خوجا جاھان (ياقۇپ) زامانىسىغىچە بولغان مەزگىلدە ياركەندنىڭ ئالتە

---

[1] مۇھەممەد سادىق كاشغەري: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 - يىلى نەشرى، 73 - بەت.

[2] بۇ قاراشنى دەسلەپ س. مولاۋۇدۇۋ «18 - ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيەسى» (ئالمۇتا، 1990 - يىلى نەشرى) ناملىق كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغان.

شەھەرنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالغانلىقىدەك ئورنى بىلەن مۇناسىۋىتى بار. شۇنداق بولسىمۇ، شائىر مەشھۇرىينىڭ ياشىغان زامانى توغرۇلۇق بۇ بايانلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

205 غەزەل، بىرقانچە مۇخەممەس، مۇسەددەس، تەرجىئىبەند، مەرسىيە، مۇناجاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 3960 مىسرادىن تۈزۈلگەن «دىۋانى مەشھۇرىي» دا ئىشق - مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ بىرقاتار ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن[1].

## 7. مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي

### مۇھەممەد سىددىق زەلىلىينىڭ ھاياتى

شائىر مۇھەممەد سىددىقنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدە ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئازراق ئىما - ئىشارەت قالدۇرۇلغان. مەسىلەن، شائىر ھىجرىيە 1157 - يىلى (مىلادىيە 1744 - يىلى، «كىچىك دىۋان» بويىچە ھىجرىيە 115 - يىلى) يازغان «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شەرىف بۇزرۇكۋار» داستانىدا: «ئۆمرى يەتمىشكە يېتىپ مەرد ئولمادى» دەپ يازغان مىسراسى ھەمدە ھىجرىيە 1131 - يىلى (مىلادىيە 1718 - يىلى) يازغان «سەپەرنامە» سىدىكى «خەستە زەلىلىيدۇر چۇ نادان ھۇنۇز، بولمادى قىرىق ياشىدە مۇسۇلمان ھۇنۇز» دېگەن مىسرالىرىدا قەيت قىلىنغان سانلار بويىچە ھېسابلىغاندا، مۇھەممەد سىددىق تەخمىنەن ھىجرىيە 1087 - يىلىدىن 1091 - يىلىغىچە (مىلادىيە 1676 - يىلىدىن

[1] بۇ كىتاب تەتقىقاتچى مەمتىمىن يۇسۇپ تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ بىرىنچى قېتىم 1985 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن، ئىككىنچى قېتىم 1995 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدى. توپلامنىڭ قول يازمىسى 1983 - يىلى ئۆكتەبىردە يەكەندىن بايقالغان، ھازىر ئۈرۈمچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ئورگانلاردا ساقلىنىۋاتىدۇ.

1680 - يىلىغىچە) بولغان ئارىلىقتا تۇغۇلغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

مۇھەممەد سىددىقنىڭ ئانا يۇرتىنىڭ قەيەردىلىكى ھەققىدە يەنە ئۇ يازغان تۆۋەندىكى بېيىتلەرگە مۇراجىئەت قىلىش مۇمكىن:

«كەتتى زەلىلىي تەلبە ئىمامەن تەۋافىغە،
ياركەند ئىچىدە نەيلىسۇن ئەبۇ زەمىنى يوق[1].
(87 - غەزەل)

[تەلبە زەلىلىي ئىماملارنى تاۋاپ قىلغىلى كەتتى، يەكەندە تارتىشقۇدەك يەر سۇيى بولمىسا نېمە قىلسۇن.]

«بىلادى يەكەندىن يۈز تۇمەنىمىڭ ئارزۇ ئەيلەپ،
ئەجەمنىڭ مەككىسىنى ھەج قىلاي دەپ بىگۇمان كەلدىم. »
(127 - غەزەل)

[نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن يەكەندىن ئەجەمنىڭ مەككىسى دەپ ئاتالغان خوتەنگە ھەج تاۋاپ قىلاي دەپ بىگۇمان كەلدىم.]

بۇ مىسرالاردىكى مەزمۇنلار مۇھەممەد سىددىقنىڭ يەكەندە تۇغۇلغانلىقىنى پەرەز قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. شائىر 30 يېشىغىچە يەكەندە ياشىغان. ئۇ «سەپەرنامە» دە يەكەننى «چىمەن» (گۈللۈك) گە، ئاقسۇ، كۇچانىڭ يۈزىدىكى ئۈپىغا، ئالىي دەرىجىلىك خوجىلارنىڭ گۆھىرىگە ئوخشىتىپ مەدھىيىلەيدۇ.

مۇھەممەد سىددىق يەكەندىكى خانلىق مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. «سەپەرنامە» دە بۇ توغرۇلۇق مۇنداق مىسرالار بار.

«چەشمەئى چىراغى ھەمەئى مەملىكەت،
رەۋنەقى باغچە مەنى مەئرىفەت.

---

[1] «زەلىلىي دىۋانى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1985 - يىلى نەشرى، 158 - بەت. تۆۋەندە نەقىل ئېلىنغان شېئىرلارمۇ مۇشۇ توپلامدىن ئېلىندى.

بىر تەرەفى مەدرەسەئى خاندۇر،
ئىلىم بىلەن فەزلى گۈلىستاندۇر.

جەمى ئىكەن مەدرەسەدە ئالىمان،
رەۋشەن ئولۇپ ھەربىر شەمئى جەھان.

گەرمى مۇتالىئەدە ھەنگامە،
دەرس بېرۇر ۋاختىدە ئەللامە.

ئالىم ھەم ئامىل ئاخۇن ئۈچۈن،
مەسنەدى ھېكمەتتە ئەفلاتۇن ئۈچۈن.»

شائىر بۇ مىسرالاردا ئۆزى بىلىم ئالغان خانلىق مەدرىسە (مەدرەسەئى خان) نى ئىلىم بىلەن پەزىلەتنىڭ گۈلىستانى، جاھاننى يورۇتقۇدەك ئالىملار يىغىلغان جاي، قىزىق مۇتالىئە بولۇپ تۇرىدىغان، ھېكمەت تەختىدە ئەپلاتون (پىلاتو)غا دەرس بەرگۈدەك ئالىم - ئۆلىمالار يىغىلغان «روناقلىق باغلىرى»، «مەرىپەت گۈلشىنى» دەپ، ئۇنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى بىلەن ئىلىم دەرىجىسىنى قوشۇپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇ ھال يەكەن شەھىرىنىڭ يەكەن خانلىقى زامانىسىدا بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ زەلىلىي قىرانلىق چاغلىرىغا كەلگەن چاغلىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ساقلىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي 179 -، 195 - غەزەللىرىدە ۋە باشقا غەزەللىرىدە مەۋلانا رۇمى، بايەزد بەستامى، شەمسىدىن تەبرىزى، باھاۋۇددىن نەقشىبەندى، ئابدۇرەھمان جامى، ئەلىشىر نەۋايى قاتارلىقلارنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغانلىقىغا قارىغاندا[1]،

[1] «زەلىلىي دىۋانى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1985 - يىلى نەشرى، 123 -، 339 - ۋە 364 - بەتلەر.

ئۇلار توغرۇلۇق مۇئەييەن تونۇشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن خەۋىرى بار ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

زەلىلىي قىرانلىق چاغلىرىغا كەلگەندە بىردىنلا سەپەرگە چىقىشنى ئارزۇ قىلىپ قالىدۇ. بۇنىڭدا ھەر خىل سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن. شائىر ئۆزىنىڭ سەپەر قىلىش مۇددىئاسىنى يۇزەكى ھالدا مۇنداق بايان قىلغان:

«سەيرى جەھان قىلماغىم تەركىي جەھاندۇر غەرەز،
ئەيلەگەنى ئىمتىھان ياخشى ياماندۇر غەرەز.
......
سورماغانىدىن مىنى بىدادلەر،
زالىمۇ بى رەھىم پەرىزادلەر.

ياخشىراق ئۇلدۇركى سەفەر ئەيلەيىن،
داغ چېكىپ يار جەفاسىنى دەيىن.
......
تەلبە زەلىلىي سەير ئەتەر كۆڭلىدە مەتلۇبى سەفەر،
يۇرسە جەھاندا دەربەدەر مەنزىلىدۇر خوتەن ھۇنۇز.
......
ھەۋايى سەيرى چىن ئايلەر زىھى بۇ كىلكى نەققاشىم،
خۇدا بىلگەي مىنىڭ ماچىن ئىچىدە ئەمدى توختاشىم. »

دىمەك، شائىر ياركەندتىن يولغا چىقىپ، كاشغەر شەھىرى، ئاتۇش ــ مەشھەد، خوتەن، ھەتتا ئەردەۋىل (ئاقسۇ)، كۇچا، تۇرفان (تۇرپان)، قۇمۇللارغىچە ئايلىنىپ چىقىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا كۆپ رىيازەتلەرنى چېكىدۇ. بارغانلا يېرىدە «ئاشىق قەلەندەر»[1] تەرىزىدە

---

[1] شائىر شېئىرلىرىدا بۇ گەپنى «قەلەندەر سىفەت» دەپ ئالغان.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

«مازارلارنى» تاۋاپ قىلىدۇ. ئۇ يەردە ئىككى يىل، بۇ يەردە ئۈچ يىل ئىستىقامەت قىلىدۇ. زەلىلىي سەپەر جەريانىدا ئىنىسى دەلىلى، دوستى مولىلا غەزەلىلەر بىلەن بىرگە بولغان. زەلىلىي تەخمىنەن 50 ياشلارغا بارغاندا خوتەنگە بىرىپ، شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان ھەم ئانىسىنىمۇ خوتەنگە ئاپىرىپ بىرگە تۇرغان. ئۇ خوتەننىڭ لوپ، قارىقاش، كىرىيە، چىرا ناھىيەلىرىنىمۇ بىر - بىرلەپ كۆرگەن.

زەلىلىينىڭ 39 - غەزىلىدىكى:

«مىنى ئاۋارە قىلغان ياركەنت شەھىرىدە ماھىمدۇر،
قاراڭغۇ ئەيلىگەن ئالەمنى گويا دۇدى ئاھىمدۇر.»
(مىنى ئاۋارە قىلغان ئاي يۈزلىكىم يەكەن شەھىرىدەدۇر،
ئالەمنى قاراڭغۇ قىلغان ئاھۇ زارىم تۈتۈندۇر.)

دىگەن مىسرالارغا قارىغاندا، شائىرنىڭ كۆڭۈل مەيلىنى ئۇبدانلا تارتقان بىر مەھبۇبى يەكەن شەھىرىدە قالغان بولۇشى ياكى شائىر يەكەنگە مىھىر - مۇھەببىتى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، يەكەندىكى ئاۋام خەلقنى سىغىنىپ بۇ ئوتلۇق مىسرانى قالدۇرغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىمىز.

«خار، قەدىرسىز، پىقىر، تۈۋەن» دىگەن مەنىلەردىكى «زەلىلىي» تەخەللۇسى بىلەن شىئىر يازغان شائىر مۇھەممەد سىددىق شىئىرىيەت ساھەسىدە چوڭ ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن.

شائىرنىڭ شىئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن بەزى ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ مۇسىقى (مۇزىكا) غا ھىرىسمەن ياكى مۇغەننى (مۇزىكانت) ئىكەنلىكىنىمۇ پەم قىلغىلى بولىدۇ، مەسىلەن، شائىرنىڭ تۈۋەندىكى بىيىتلىرى بۇ پىكىرنى قۇۋۋەتلەيدۇ:

«نەغمە بىلەن تازەدۇر جانلەر،
نەغمە بىلەن شاد پەرىشانلەر.

نەغمە بىلەن شەھرى جۇنۇن بولدى پۇر،
ئۆزدى مېھمارىنى جۇنۇندىن شۇئۇر.

نەغمە بىلەن روھى گىرىفتار تەن،
نەغمە بىلەن قىلدى فەراموش ۋەتەن. »

مۇھەممەد سىددىق زەلىلىينىڭ قاچان، قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە بىرەر يازما ماتېرىيال قالمىغان. شائىرنىڭ ھىجرىيە 1155 - يىلى (مىلادىيە 1744 - يىلى) يېزىپ قالدۇرغان «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شەرىف بۇزرۇكۋار» دېگەن ئەسىرىدە «ئۆمرى يەتمىشكە يېتىپ مەرد ئۇلمادى» دېگەن مىسراسى ۋە 11 - رۇبائىيسىدىكى «يەتمىشكە يەتمىپتۇرمەن ئاغزىمدا تىشىم يوق، ھەفتەدۇر مىللەت ئىلىكگە ئەمدى ئىشىم يوق» دېگەن بېيىتلىرىدىن قارىغاندا، يەتمىش ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەن بولۇشى ئېھتىمال، دېگەن پىكىرگە كېلىمىز.

مۇھەممەد سىددىق زەلىلىينىڭ قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى توغرۇلۇق ئوخشاشمىغان قاراشلار مەۋجۇت. بەزى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، زەلىلىي خوتەندە ۋاپات بولغان. خوتەننىڭ «ئالتۇنلۇقۇم» مەھەللىسىدىكى «ئالتۇن مازار» دا «مۇھەممەد سىددىق ياركەندىي خەلپەم قەبرىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەشھۇر قەبرە بولۇپ، بۇنى كىشىلەر يېقىنقى كۈنلەرگىچە مۇھەممەد سىددىق زەلىلىينىڭ قەبرىسى دەپ تاۋاپ قىلىشقان. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇھەممەد سىددىق ئىككى ئوغلى ۋە ئانىسى بىلەن بىر مەزگىل ئولتۇرغان «ئالتۇنلۇقۇم» كوچىسىدىكى بىرمۇنچە كىشىلەر شائىر زەلىلىينى ئەۋلىيا سۈپەت ئادەم كۆرۈپ، ئۆز پەرزەنتلىرىگە «مۇھەممەد سىددىق» دەپ ئات قويۇشقان[1].

---

[1] رەجەپ يۈسۈپ: «مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1983 - يىللىق 2 - سان.

## لىرىك شېئىرلىرى

زەلىلىي لىرىك شېئىرىيەتنىڭ غەزەل، رۇبائىي، مۇخەممەس، قەسىدە، ساقىينامە ژانىرلىرىدا ناھايىتى سۈپەتلىك نەزمىلەرنى قالدۇرغان.

زەلىلىي غەزەللىرى كۈچلۈك دەۋر پۇرىقىغا ئىگە. زەلىلىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان يىللار شىنجاڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتى قاتتىق ئىجتىمائىي بوھراننى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتى، خەلقنىڭ تەقدىرى ئۆكتەم ۋە مۇستەبىت خوجا - ئىشانلار قولىدا ئېغىر تەھدىتكە ئۇچراۋاتاتتى. بۇنداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە كۈچلۈك دەۋر پۇرىقىنى، يالقۇنلۇق خەلقچىللىق روھ ۋە يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ئاتا قىلدى: ئەل - يۇرتنىڭ پاجىئەسى، خەلقنىڭ چۇقانى، كۈرەشنىڭ كېلەچىكى، ۋەتەننىڭ تەقدىرى شائىرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىشىپ كەتكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا خەلق ۋە ۋەتەنگە بولغان سەمىمىي مۇھەببەت بىلەن چەكسىز سادىقلىق، ياۋۇز، مۇستەبىت كۈچلەرگە بولغان غەزەپ - نەپرەت ۋە ئادالەت - ھەققانىيەتنى مەدھىيىلەش، ھەقىقەتنى كۆزلەش ناھايىتى يارقىن ئىپادىلىنىپ، خەلقنىڭ مۇھەببىتى، ئارزۇسى ۋە غايىسى ئىزھار قىلىنغان. زەلىلىي شېئىرلىرىنىڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇنىڭ شېئىرلىرى خوجا - ئىشانلارنىڭ شۇملۇقلىرى ۋە ياۋۇزلۇقلىرىغا قارشى كۈرەشتە شىنجاڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ۋە ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شائىرنىڭ بەزى شېئىرلىرى ئەينى دەۋرنىڭ ئۆزىدىلا خېلى يۇقىرى ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلىپ، ئىشانلىق پىكىر ئېقىمىغا قارشى كۈرەشنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپلا قالماي، بەلكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىزنىڭ شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خوجا - ئىشانلارغا قارشى كۈرەشكە قوشقان تۆھپىلىرىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزدا قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر.

«تەزكىرەئى چىلتەن»: بۇ ھىجرىيە 1147 - يىلى (مىلادىيە 1736 - يىلى) يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، 532 مىسرا ھەجىمدىكى دىنىي مەزمۇنغا ئىگە تەزكىرە. شائىر زەلىلىي بۇ تەزكىرىسىدە يەكەندىكى چىلتەن مازىرىنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا ئاڭلىغان چىلتەن ھەققىدىكى رىۋايەت - قىسسىلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، ئادالەت، ھەققانىيەتنى ياقلاش، يورۇقلۇققا تەلپۈنۈش، مېھنەتكەش خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە ھېسداشلىق قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارىشىنى ئىپادىلىگەن.

«سەپەرنامە»: «سەپەرنامە» سەپەر ھەققىدىكى كىتاب، سەپەر خاتىرىسى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھىجرىيە 1131 - يىلى (مىلادىيە 1718 — 1719 - يىللىرى) خوتەندە يېزىلغان، 2244 مىسرادىن تەركىب تاپقان.

«سەپەرنامە» دە مۇھەممەد سىددىقنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سەپەرلىرى، جۈملىدىن خوتەن تەرەپكە قىلغان سەپەر كەچۈرمىشلىرى ئىپادىلەنگەن، بولۇپمۇ داستاندا شائىرنىڭ خوتەندىكى كەچۈرمىش - پائالىيەتلىرى گەۋدىلىك ئورۇندا تەسۋىرلەنگەن.

مۇھەممەت سىددىق سەپىرىنى خوتەندىن باشلاپ، كاشغەر (كوناشەھەر)، ئاتۇش، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان، قۇمۇللارنى ئايلانغان. كېيىن خوتەنگە ئۆتۈپ، دەسلەپ قاغىلىق، ئاندىن گۇما، قارىقاش، خوتەن، لوپ، چىرا، نىيەگىچە بارغان.

شائىر داستانىدا ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنى ئەۋلىيا - ئەنبىيالار مازىرىنى زىيارەت قىلىشنى نىيەت قىلدىم دېسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەمەلىي بايانى بۇ مەقسەتتىن خېلىلا ھالقىپ كەتكەن. ئەسەردە شائىر ئۆزى كەزگەن ۋە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى، باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى، يۇرت - جاي نامى، ئۇ جايلارنىڭ قىسمەن جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى، مەنزىرىسى، يەرلىك

خەلقنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، ئۆزىنىڭ ھەربىر ئورۇندا قانچە ۋاقىت تۇرۇپ، قانداق چاغدا يولغا چىقىپ، نەگە يېتىپ بارغانلىقى ۋە كېتىۋاتقانلىقى...... دەك كونكرېت ئەھۋاللارغىمۇ تېگىشلىك ئورۇن بېرىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، زەلىلىي بەزىبىر تارىخىي ۋەقە ۋە شەخسلەر، مازار ـ ماشايىخلار ۋە ئۇلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر توغرىسىدىمۇ توختىلىپ ئۆتكەن.

خۇلاسە قىلغاندا، شائىر مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي خوجىلار زامانىسىدا ياشىغان رېئالىزملىق ۋە خەلقچىللىق روھىغا ئىگە شائىر. ئۇ مەيلى لىرىك شېئىرىيەتتە بولسۇن، مەيلى داستانچىلىق ساھەسىدە بولسۇن، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن، رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودى بىلەن رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈشتە ئۇتۇق قازانغان شائىر. ئۇ «تەزكىرەئى چىلتەن»، «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شەرىف بۇزرۇكۋار» قاتارلىق داستانلىرىنى دەل مۇشۇ خىل ئىجادىيەت مېتودى بويىچە يېزىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن بۇ داستانلار رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا قارىتىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. «سەپەرنامە» بولسا رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېزىلغان. زەلىلىي يەنە تەزكىرە خاراكتېرىگە مەنسۇپ بولغان رىۋايەت ـ قىسسىلەرنى نەزمىي شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ داستانلاشتۇرۇۋەتكەنلىكى بىلەن، نەسرىي ئۇسلۇبتا تەزكىرە يازغۇچىلاردىن روشەن پەرقلىنىدىغان، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان شائىر.

شائىر زەلىلىينىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىدە يۇقىرىدا سۆزلەنگەندەك بىر قاتار ئىلغار ئىدىيەلەر ئىپادىلىنىش بىلەن بىرگە يەنە بەزى پاسسىپ، چۈشكۈن قاراشلارمۇ ئەكس ئەتكەن. بۇ بىر تەرەپتىن شائىر ياشىغان دەۋرنىڭ مۇرەككەپلىكى، ئۆتكۈر زىددىيەت بىلەن تولغانلىقى، جەمئىيەت ئىدېئولوگىيەسىدىكى تۇراقسىزلىق، شائىرنىڭ باشتىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپلىقى، ئادالەتسىزلىك ۋە روھىي بۇرۇقتۇرمىلىقنىڭ

ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى قاتارلىق بىر قاتار ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلغاندا، كونكرېت ماكان - زامان بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق پرىنسىپ بويىچە مۇئامىلە قىلىشىمىز زۆرۈر.

## 8. مۇھەممەد سىددىق رەشىدىي

«سىددىقنامە»[1] ناملىق ئىجتىمائىي - ئەخلاقىي تېمىدىكى ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇھەممەد سىددىق رەشىدىيگە دائىر ئۇچۇر مەزكۇر كىتابنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق بېرىلگەن:

«...... مەلۇمكى، پادىشاھلار، ۋەزىرلەر ۋە نامدار ئەھلى دۇنيادارلاردىن ھېچبىرى بىخەستەلىك قىلىپ، بۇ مەيداندا ئات چاپتۇرۇشقا (‹قابۇسنامە›دەك بىرەر ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا) ھەرىكەت قىلىشمىدى. شۇ سەۋەبلىك، ئىسىللىك سەدىپىنىڭ يېگانىسى، قەدىمكى خانلىقنىڭ ئەۋلادى مۇھەممەد ئىبراھىم كۆك بەگ ئىبنى خاجە كەفەك كۆك بەگ ئىبنى مۇھەممەد ئابدۇللا بەگ رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىم ھىممەت كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، تەۋپىق تاجىنى بېشىغا تاقاپ، ھىدايەت تونى بىلەن قورشىنىپ، بۇ ئۇلۇغ مەرىكىگە كىرىپ، نامدارلىق چېكىسىگە ئۆزىنى ئوراپ، بۇ مۇھەببەتلىك ئىشقا كىرىشىپ ۋە بۇ ۋەزىپىنىڭ مۇھىم مۇشكۇللۇكىنى بىلىپ (‹قابۇسنامە›نى) چىن ۋىلايىتىدىن ماچىن دىيارىغا ئېلىپ بېرىپ، پېقىرنىڭ خانىسىنى يەنى كەمىنە ساداقەتمەن كىشىنىڭ قەدىمىنى بوسە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن نۇشىرۋان ئادىلنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ ئالەم ئىچىدە مەخپىي، ئەھلى ئالەم ئارا يوشۇرۇن قالغان نەسىھەت گۆھەرلىرى — پەند - ساۋاق جاۋاھىرلىرىنىڭ ئاچقۇچى يوقلۇقىدىن ۋەياكى ھېچ

[1] بۇ ئەسەردىن پارچىلار دەسلەپ مۇھەممەد زۇنۇن سىدىق، ئابدۇقادىر بۇلاقلارنىڭ تەييارلىشى بىلەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

كىشىنىڭ ئاچقۇسى يوقلۇقىدىن بۇ خەزىنىلەر ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچى ئەلھال ئىمكانىم ئىلكىگە چۈشتى. ئاخىر خەزىنە ئىشىكىنى ئېچىپ، بۇ دۇر - جاۋاھىرلارنى ئەتراپ - ئالەمگە چېچىپ، جاھان ئەھلى ئىچىدە ئامۇخاسقا مەنپەئەت يەتكۈزمەك ئۈچۈن ‹دالالىتى سەندىن، سەئيى ۋە ئىستىقامەت مەندىن، مەزمۇنىچە قۇۋۋەت تېپىپ، يادىكارى مەندىن قالغان، تۆھپىسى خانىدان خەزىنىسىدىن يەتكەي› دېگەن ئۈمىدتە، بۇ دەرگاھنىڭ خېرىدارى، ئەرزىمەس كەمىنە ۋە ئېتىقاد قىلغۇچى يەنى ساداقەتمەن، كەمتەر، ئەھلى تەسدىق مۇھەممەد سىددىق ئەل مۇلەققەب (لەقەبلەنگەن، لەقەبلىك) بى رەشىدي شۇ بۇ كىتابنى يېشىم يەتمىش بەشكە يەتكەندە، نەزم:

قارىغاندا كۆرەشتىم تاغ بىرلە،
قازىدىم تاغنى تىرناغ بىرلە. »

ھىجرىيە مىڭ ئىككى يۈز (مىلادىيە 1785 — 1786) دە باشلىدىم. ئىككى يۈز بىر (مىلادىيە 1786 — 1787) دە زۇلقەئىدە ئېيىنىڭ ئون بەشى ئازنا كۈنى تامامىغا يەتكۈزدۈم......»[1] دېيىلگەن.

دېمەك، «سىددىقنامە» نى رەشىدي 1785 - يىلى 75 ياشتا ئىشلەشكە كىرىشكەنلىكى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئاپتورنىڭ مىلادىيە 1713 - يىلى تۇغۇلغانلىقى ئېنىق بولىدۇ[2].

ئاپتورنىڭ يۇرتى مەسىلىسىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەزمۇنلاردىكى «...... چىن ۋىلايىتىدىن ماچىن دىيارىغا ئېلىپ بېرىپ، پېقىرنىڭ خانىسىنى يەنى كەمىنە ساداقەتمەن كىشىنىڭ

---

[1] ئابلىمىت ئەھەد: «مۇھەممەد سىددىق رەشىدي ۋە ‹سىددىقنامە›»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2000 - يىللىق 1 - سان.

[2] ئەسەرنىڭ بىر قول يازما نۇسخىسى ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

قەدىمنى بوسە قىلدى...... » دېگەن ئۇچۇر ۋە كىتابنىڭ يېزىلىشىغا تەشەببۇسكار بولغان مۇھەممەد ئىبراھىم كۆك بەگنىڭ كاشغەر ھاكىمى ئىكەنلىكى[1] توغرىسىدىكى مەلۇمات ئارقىلىق قىياس قىلىش ئىمكانىيىتى بار. قاراخانىيلار خانلىقىدىن باشلاپ تاكى مىنگو دەۋرىنىڭ باشلىرىغىچە ئۇيغۇر ئاپتورلىرى «چىن»نىڭ جۇغراپىيەلىك دائىرىسىنى بىرقانچە خىل مەنىدە چۈشەنگەن. بىرىنچى، كەڭ مەنىدە جۇڭگو دەپ قارىغان: ئىككىنچى، شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارراق دائىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا؛ ئۈچىنچى، شىنجاڭ: تۆتىنچى، كاشغەر ياكى كاشغەرىيە: بەشىنچى، تار دائىرىدىكى قاراش بويىچە خوتەن. رەشىدىي ئىبىتقان «چىن ۋىلايىتىدىن ماچىن دىيارىغا بېرىپ» دېگەن جۈملىنى «چىن ۋىلايىتىدىكى ماچىن – خوتەنگە بېرىپ» دەپ چۈشىنىشىكىمۇ، «كاشغەر ۋىلايىتىدىن خوتەن دىيارىغا بېرىپ» دەپ چۈشىنىشىكىمۇ بولىدۇ. بۇلاردىن رەشىدىينى كاشغەردە ياشىغان مۇئەللىپلەردىن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

رەشىدىي ئەتراپلىق بىلىم ئالغان ئادەم بولۇپ، قەدىمكى كىتابلارنىمۇ پىششىق ئوقۇغان. ئۇ كىشىلەرنى ئەنئەنىۋى بىلىم، ئەدەپ - ئەخلاق ئارقىلىق تەربىيەلەشنى نىيەت قىلىپ، قەشقەر ھاكىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇشبۇ كىتابنى يېزىپ چىققان.

مۇندەرىجىسى بىلەن 44 باب قىلىپ تۈزۈلگەن بۇ كىتاب[2]دىن، ئېتىقاد، تائەت - ئىبادەت، ئاتا - ئانىنىڭ ھەققىنى تونۇش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، ھۈنەر - ئىلىم ئۆگىنىش، تىل گۈزەللىكى، تۈرلۈك پەند - نەسىھەتلەر، ياشلىقنى قەدىرلەش، ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەسلىك، يېمەك - ئىچمەك ۋە ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىش، يېمەك - ئىچمەكنىڭ سالامەتلىككە بولغان پايدا - زىيىنى، مېھمان بولۇش ۋە مېھمان

---

[1] ۋ. غوپۇر، ئە. ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، 856 - بەت.
[2] كىتابنىڭ ئەسلىي نامى مەلۇم ئەمەس. زامانىمىزدىكى ئىزدەنگۈچىلەر «سىددىقنامە»دېگەن ئىسىمنى ۋاقىتلىق قويغان.

كۆتۈشنىڭ تەرتىپ - مىزانلىرى، مۇغەننىلىك ۋە شاھمات ئويناش قائىدىلىرى، مۇھەببەت ۋە نىكاھ ئىشلىرى، خوتۇن - قىزلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلىدە بولۇش، ھامىمىغا بېرىش، ئۇخلاش ۋە ئارام ئېلىشنىڭ سالامەتلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، شىكار قىلىش - ئوۋ ئوۋلاش ۋە چەۋگەن ئويناشنىڭ تەرتىپلىرى، دوست بىلەن دۈشمەننى پەرقلەندۈرۈش، مال - مۈلۈك جەم قىلىش ۋە ئىقتىسادچىل بولۇش، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، خىزمەتكارلارغا بولغان مۇئامىلە، سودا - سېتىق ۋە ئېلىم - بېرىم ئىشلىرى، ئۆيلىنىشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر، پەرزەنت - ئەۋلادلارنى پەرۋىش قىلىشنىڭ زۆرۈرىيەتلىرى، دوستلۇقنىڭ شەرتلىرى ۋە ۋاپادارلىق، دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلىش، دوستلار ئارا ئەپۇ قىلىشنىڭ پەزىلىتى، ئىلىم - مەرىپەت ئىزدەشنىڭ پايدىسى، تېبابەتچىلىك ۋە تېبىبىي ئىلىمنىڭ ئەھمىيىتى، ئىلمىنۇجۇم (ئاسترونومىيە) ئۆگىنىش، شېئىر ۋە شائىرلىق قائىدىلىرى، مۇزىكا ئىلمى، مۇنشىيلىق (كاتىپلىق) ۋە مەخپىيەتلىكلەرنى ساقلاش شەرتلىرى، پادىشاھلارنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ۋەزىرلىك قائىدىلىرى، ھەربىي سەركەردىلىك، دېھقانچىلىق ئىشلىرى، مەردلىك ۋە سېخىيلىقنىڭ پەزىلىتى...... قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

## 9. موللا يۈنۈس ياركەندىي

موللا يۈنۈس ياركەندىي يۈسۈپ - زۈلەيخا تېمىسىدا يىرىك داستان يازغان شائىر.

يۈسۈپ بىلەن زۈلەيخا تېمىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پارسىي ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخىدا كەڭ تارقىلىپ، سەييارە ۋەقەلىككە ئايلىنىپ كەتكەن ئاشىق - مەشۇقلار توغرىسىدىكى قىسسە. مىلادىيە 15 - ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر شائىر ئابدۇرەھمان جامى پارس تىلى بىلەن «يۈسۈپ - زۈلەيخا»

ماۋزۇسىدا داستان يازغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەسىرى ۋە شۆھرىتى تېخىمۇ كەڭ تارقالغان.

مولالا يۇنۇسنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ يۇسۇپ ۋە زۇلەيخاغا دائىر بۇ داستاننى شىنجاڭدىكى تەتقىقاتچىلار ئابدۇرەھمان جامىنىڭ داستانىغا تەقلىد قىلىپ يېزىپ چىقىلغان، دەپ ھېسابلىماقتا.

1950 - يىللاردىن باشلاپ داستاننىڭ يېزىلغان يىلى ۋە نامى توغرىسىدا مەلۇم پەرقلىق بايانلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. [1]

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 1957 - يىلى بېسىلغان «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى قول يازمىلىرىنىڭ كاتالوگى» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن:

««يۇسۇپ - زۇلەيخا› ئېپىك داستان، ئاپتورى مولالا يۇنۇس ياركەندىي. شائىر بۇ داستاننى مەۋلانا ئابدۇرەھمان جامىنىڭ پارس تىلىدا يېزىلغان ‹يۇسۇپ - زۇلەيخا› ناملىق داستانىغا تەقلىد قىلىپ، مىلادىيە 1791 - يىلى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىققان. لېكىن، ئەسەر جامىنىڭ كىتابىدىن مۇستەقىل سۇژېت، تىل ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيەتلەر جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

...... ئەسەر 1955 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاتۇش ناھىيەسىدىن سېتىۋېلىنغان ...... 9048 مىسرا» .

بۇ نۇسخا ھازىرغىچە ئېلان قىلىنمىدى.

مۇھەممەد سالىھ ھاجى مولالا يۇنۇسنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان، ھىجرىيە 1376 - يىلى (مىلادىيە 1956 - يىلى) مولالا مۇھەممەد ئىبنى ئىسلام ئەل كاشغەرىي ئىسىملىك خەتتات

---

[1] ھاجى نۇرھاجى: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كاتالوگى»، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىللىق 1 - سانى، 344 - بەت.

ئابدۇرەھىم سابىت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ، ئىككىنچى كىتاب، 1 - قىسىم، 1983 - يىلى، 259 - بەت.

ھاجى ئەھمەد: «دېڭىز ئۈنچىلىرى» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1983 - يىلى نەشرى، 95 - بەت.

ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىلى نەشرى، 189 - بەت.

تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بىر ئەسەرنى «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدى. [1] ئەمما، ئەسەر نامى «مۇھەببەتنامە» دەپ، يېزىلغان ۋاقتى مىلادىيە 1807 - يىلى ئىكەنلىكى ئېيتىلغان، يەنى داستاننىڭ ئاخىرىدا ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى توغرۇلۇق مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن:

«تەھەتۇل - كىتاب يەئەۋنۇل مەلەكۇل - ۋەھھاب،
تەمامى شۇدئىن نۇسخەئى شەرىف دەرماھى جۇمادىيۇل -
ئەۋۋەل سىزدەھۇم رور جۇمئە دەرۋاقتى چاشىت،
فەقىرۇل - ھەقىر دەردەستى موللا يۇنۇس ئىبنى موللا
يۇسۇف ياركەندى تامەم شۇد.
......
كىشىم دەسەلەر: تەئرىخ قانچە؟
جەۋبىدا دېسۇنلاركىم ‹غەرىبى›.»

بۇ نۇسخىمۇ ئوخشاشلا 9000 مىسرادىن تەشكىل تاپقان.

ئومۇمەن، مىلادىيە 18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يەكەندە موللا يۇنۇس ئىبنى موللا يۇسۇپ ياركەندي ئىسىملىك بىر يېتۈك شائىر ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئۆز ئانا تىلىنىڭ ۋە ئەدەبىياتىنىڭ يېتىلگەن ماھىرى بولۇش بىلەن بىرگە پارس تىلىنىمۇ پۇختا بىلگەن. ئۇ پارس تىلىدا يېزىلغان «يۇسۇپ -زۇلەيخا» داستانىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ ۋە مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى ئۇسلۇبىغا كەلتۈرۈپ، يېڭىباشتىن ئىشلەپ چىققان.

«مۇھەببەتنامە» ماۋزۇسىدىكى بۇ داستان جەمئىي 72 كىچىك سەرلەۋھىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىرىش قىسمىغا 13 سەرلەۋھە ئاجرىتىلغان. ئۈچ سەرلەۋھە ئەسەرنىڭ جاتىمىسى، 56 باب ئاساسي ۋەقەلىكتىن ئىبارەت.

---

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 3 -، 4 -، 1993 - يىللىق 1 -، 2 - سانى.

ئومۇمەن، بۇ داستاندا يۇسۇپ بىلەن زۇلەيخانىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئاشىقلىقى، مۇراد ـ مەقسىتىنىڭ ھاسىل بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقلار، ھەسرەت ـ نادامەتلەر، سۇيىقەست ۋە ھىيلە ـ مىكىرلەر، رەزىللىك ۋە ۋاپاسىزلىقلار؛ ياخشىلىق، سەمىمىيلىك، چىدام ۋە غەيرەت قاتارلىق ياخشى ـ يامان خاراكتېر، قىلىق ۋە ھەرىكەتلەر ئىنتايىن تەسىرلىك شەكىلدە تەسۋىرلىنىپ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ۋە ۋاپادارلىققا مەدھىيە ئوقۇلغان.

## 10. موللا مۇھەممەد تۆمۈر كاشغەرىي

موللا مۇھەممەد تۆمۈر كاشغەرىي 17 ــ 18 ـ ئەسىردە كاشغەردە ياشىغان ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمان ۋە شائىر. ئۇ كاشغەر مەدرىسەلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە شەرق كىلاسسىكلىرىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، بۇلارنىڭ ئېسىل دۇردانىلىرىدىن ئۆز خەلقىنى خەۋەرلەندۈرۈش ئۈچۈن، بىر قىسىملىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. بۇلار «كەلىلە ۋە دەمنە»، «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا»، «ئەخلاقۇلمۇھسىنىن» (گۈزەل ئەخلاق) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ ئەسەرلەرنى ئەينى چاغدىلا ئۇيغۇرلارغا كۈچلۈك تەسىر قىلىپ، مەنىۋى تەلىپىنى قاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان، جۈملىدىن «كەلىلە ۋە دەمنە» دىكى بىرمۇنچە مەسەل ۋە چۆچەكلەر زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى بايلىقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان[1].

---

[1]«كەلىلە ۋە دەمنە» نىڭ 1717 ـ يىللىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتىنى ئۆزەك قىلغان شىنجاڭ ئەدەبىياتى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى جۇڭگو تەرجىمە ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ چوڭ تۆھپە ھېسابلىنىدۇ. لىۇ شۇۋخۇا ئەپەندى «ھىندىستاننىڭ ‹بەشنامە›سى ۋە جۇڭگو خەلق چۆچەكلىرى» دېگەن ماقالىسى («چەت ئەل ئەدەبىيات تەتقىقاتى»، 1983 ـ يىلى 2 ـ سان) دا «‹بەشنامە› (كەلىلە ۋە دەمنە) نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى 1959 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن دۇنياغا كەلدى» دەپ يازغان. بۇنىڭدىن كۆرۈنىدۇكى، بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى جۇڭگو تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.



www.uyghurkitap.com

1717 - يىلىدىكى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، كاشغەر ھاكىمبېگى ئىمام مۇھەممەدنىڭ تەۋسىيەسى بويىچە موللا مۇھەممەد بۇ كىتابنى پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ۋە «ئاسارى ئىمامىيە» دەپ قوشۇمچە ماۋزۇ قويغان. موللا مۇھەممەد «كەلىلە ۋە دەمنە» نى تەرجىمە قىلىشتا ئىجادىي يول تۇتقان. ئۇ كىتابنى پاساھەتلىك تىل بىلەن ئىشلەپ، ئۇنىڭغا يېڭى لىباس كىيدۈرگەن. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، تەرجىمان «كەلىلە ۋە دەمنە» نى تەرجىمە قىلىپ ئىشلەپ چىققىنىغا قارىماي، ئۇيغۇر ھېكايەتچىلىكىنىڭ گۈزەل ئۇسلۇبىنى قوللىنىش بىلەن بىرگە ھەربىر مۇھىم ۋەقە، ئېپىزوتلار ئارىسىدا مەقسەتنى شېئىر بىلەن چۈشۈرگەن. بۇنداق غەزەللەر يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە بولۇپ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى يەنىمۇ بىر بالداق كۆچەيتكەن، «ئەخلاقۇلمۇھسىنىن» پارس يازغۇچىسى ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفىينىڭ پەلسەپىۋى، دىداكتىكىلىق ئەسىرى بولۇپ، موللا مۇھەممەد بۇ ئەسەرنى1709 - يىلى پارسچىدىن تەرجىمە قىلىپ چىققان. بۇ ئەسەر 40 بابتىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭدا ۋاپا، ۋەدە، ياخشىلىق، گۈزەللىك، ئىلىم - مەرىپەت، شىجائەت، ساخاۋەت، سەۋر، ھايا، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىش، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق قاتارلىق ئەخلاق كاتېگورىيەسىگە كىرىدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەر ئەتراپلىق يېشىپ چۈشەندۈرۈلگەن. تەرجىمان موللا مۇھەممەد «ئەخلاقۇلمۇھسىنىن»نىڭ كىشىلەرنى ئەدەپ - ئەخلاققا ئۈندەشتە بەلگىلىك رولى بار، دەپ تونۇغانلىقتىن، خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك، خەلقنى كىتاب مەزمۇنىدىن بەھرىمەن قىلدۇرۇپ، يامان ئەخلاق، ناچار ئىللەتلەرنى تۈزىتىپ، ياخشى خىسلەتلەرنى راۋاج تاپتۇرۇش مەقسىتىدە ئۇنى تەرجىمە قىلغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، موللا مۇھەممەد يەنە جامىنىڭ داستانى «يۈسۈپ ۋە زۇلەيخا»نى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 11. شاھى ھىجران

شاھى ھىجران ـ ياركەندتە ئۆتكەن تەرجىمانىنىڭ تەخەللۇسى. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى شاھ مۇھەممەد ئىمىن بىنىنى خوجا نىزامۇددىن (شاھ مۇھەممەد ئىمىن ئاخۇنىنىڭ ئوغلى خوجا نىزامۇددىن) ئىدى[①].

شاھى ھىجران (خوجا نىزامۇددىن) خوجا جاھانىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «شاھنامە»نى تەرجىمە قىلغان. 1908 ـ يىلى تاشكەنتتە بېسىلغان «شاھنامەئى تۈركىي» دە: «تارىخىي بىر مىڭ بىر يۈز ئاتمىش تۆت، ئات يىلى جۇمايىدال ئاخىرىدا ناسىرى ئەھلى ئىمام، خەلپەئى راھمان، ئىنايەتى مۆلكى مەنان خوجائى جاھان يەنى خوجا جاھان خوجام...... ھۇزۇلەرىدە بۇ فەقىرى بىبىزات ۋە ھەقىرى كەم ئىستىبدات يەنى شاھى ھىجران تەھمەتەن غۇسسەدىن جاھانگىر شېئىر ۋە بەرزۇئى دەلىر قىسسەسىن فارسى لىساندىن تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلدۇق.»[②] دېمەك، بۇ كىتاب مىلادىيە 1751 ـ 1752 ـ يىللىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان[③].

---

[①] ئى. تۇرسۇن ئەپەندى «تارىمدىن تامچە» ناملىق كىتابى (414 ـ بەت) دا بۇ تەرجىماننى خوتەن قاراقاشلىق، كىتابنى 1837 ـ يىلى تەرجىمە قىلغان دەپ كۆرسەتكەن. «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا «شاھنامەئى تۈركىي» دىن پارچىلار بېرىلگەن ۋە ئۇنىڭغا قىلىنغان ئىلاۋە سۆزىدە شاھى ھىجراننىڭ يەكەنلىك ئىكەنلىكى، كىتابى ئەرشىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يەكەندە تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئېيتىلغان. بۇ يەردە كېيىنكى قاراش قوبۇل قىلىندى.

[②] «شاھنامەئى تۈركىي» ئۆزبېكىستاندىكى ئىلمىي ئورگانلاردا 1322 نومۇر بىلەن ساقلانغان نۇسخا، 7 ـ بەت.

[③] بەزى مەنبەلەردە مۇنداق دېيىلگەن: شاھى ھىجران جاسارەت بىلەن «شاھنامە» نى تەرجىمە قىلىش ئىشىغا كىرىشكەن بولسىمۇ، بىراق ئەينى دەۋردىكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى تۈپەيلىدىن بۇ خىزمەتنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان. موللا خامۇشاخۇنىنىڭ ئەسلەتمە بېرىشىچە، ئاخۇن موللا شاھى ھىجران يەكەن شەھىرىدە «شاھنامە»نىڭ كۆپ قىسمىنى تەرجىمە قىلىپ بولغان ۋە بۇ «تۈركىي شاھنامە» (تۈركچە شاھنامە) ئەتراپقا تونۇلۇپ، شۆھرەت قازىنىۋاتقان بىر چاغدا بىرمۇنچە باشباشتاق كىشىلەر تاغ ئىچىگە يىغىلىپ، پايتەخت يەكەنگە بېسىپ كىرگەن. شۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا نۇرغۇن كىشى ئۆلگەن. شاھى ھىجرانمۇ ئاشۇ ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ تەرجىملىرىنىڭ بىر قىسمى ئاشۇ كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپ زايە بولغان. يەنە بىر قىسمى پارچە ـ پارچە ھالەتتە خەلق ئىچىگە تارقىلىپ كەتكەن.

# 12. ئۆمەر باقى ياركەندىي

شىنجاڭ تەۋەسىدە نەۋايى داستانلىرىنى نەسرلەشتۈرۈش، ئاممىبابلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ پېشۋاسى ئۆمەر باقى ياركەندىي (1750 - يىلى تۇغۇلغان) نىڭ نامى چەت ئەللەردىمۇ داڭلىق[1].

ئۇ 1792 - يىلى «خەمسە نەۋايى» دىكى «فەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانلىرىنى تاللىۋېلىپ، ئۇنىڭدىكى تىل گۈزەللىكىنى ئىمكان بار تولۇق ساقلاپ، ۋەقەلىكنىڭ باش - ئاخىرىنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىغا، چېكىنمە بايانلارنىڭ تەرتىپىگە، ۋەقەلىكنىڭ راۋان بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان ھالدا ھېكايە شەكلىگە كەلتۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. بۇ نەسرىي ئەسەرلەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ چوڭقۇر ئۆزلىشىشىگە مۇھىم ھەسسە بولۇپ قوشۇلغان. ئۆمەر باقى شىنجاڭدا نەۋايىشۇناسلىق ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۆھپە قوشۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر پىروزا ئەدەبىياتى ئۈچۈنمۇ زور تۆھپە قوشقان.

---

[1] مۇھەممەدجان ھەكىموف (ئۆزبېكىستان)نىڭ «ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن خەتتاتلار» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق يېزىلغان: «شۇنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، نەۋايى داستانلىرىنىڭ خەلق كىتاب ۋارىيانتلىرى يارىتىلغانىدى. بۇنىڭغا 18 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى ۋە 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان باقى تەرىپىدىن يېزىلغان ‹قىسسەئى پەرھاد ۋە شېرىن›، ‹كىتابى لەيلى ۋە مەجنۇن›، 19 - ئەسىردە شائىر مەھزۇن ياراتقان (بۇ خوتەنلىك شائىر مەھزۇن بولۇشى مۇمكىن — نەقىلچىدىن) ‹قىسسەئى شاھزادە فەرھاد ۋە شېرىن› مىسال بولالايدۇ. ئەنە شۇ نەسرىي بايانلار — خەلق كىتابى ۋارىيانتلىرى تاشكەنتتە 1840 - ، 1909 - ، 1910 - ، 1912 - ۋە 1915 - يىللاردا تاش باسمىدا قايتا - قايتا نەشر قىلىنىدى. ئۆمەر باقى ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلاش، ئەمەلىيلەشتۇرۇش ۋە تەرغىب قىلىشتا سەييىد ھىدايىتۇللا خوجا سەييىد ئارىف خوجا ئوغلى خىسلەت (1880 — 1945) نىڭ خىزمەتلىرى كاتتا بولدى. ‹قىسسەئى فەرھاد ۋە شېرىن› غا 13 پارچە، ‹كىتابى لەيلى ۋە مەجنۇن› گە 11 پارچە رەسىم ئىشلەنگەن. بۇ رەسىملەرنى شەۋكەت ئىسكەندەرى سىزغان.» («بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 3 - سانى، 152 - بەت).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 13. موللا مۆمىن ياركەندىي

شائىر موللا مۆمىن ياركەندىي خوجا جاھان ئەرشى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئەدىبلەرنىڭ بىرى. شائىرنىڭ يېقىندا تېپىلغان شېئىرلىرىدا شائىر ۋە دۆلەت ئەربابى خوجا جاھان ئەرشىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر ئېچىنىشى، خوجا ئاپاقنىڭ نەۋرىسى خوجا بۇرھانىدىنىنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش يولىدىكى رەزىل قىلمىشلىرىغا بولغان نارازىلىقى ۋە خەلق ئاممىسىنى قىرغىن قىلغان جىنايى قىلمىشلىرىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلغانلىقى، ئۇنىڭ «قارا تەقىلىك» (قارا تاغلىق) خوجىلارغا مەنسۇپ بىر شەخس ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئىجادىنىڭ ئەرشى ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ داۋاملاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«قارا تەقىلىك» (قارا تاغلىق) خوجىلارنىڭ تارىخىغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، خوجا دانىيالنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى ئىچىدە خوجا مۆمىن ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ بارلىقىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ كىشى خوجا ئابدۇللانىڭ ئىككىنچى ئوغلى خوجا يۈسۈپنىڭ ئىككىنچى ئوغلى خوجا مۆمىن بولۇپ، ئۇ يەكەندە تۇغۇلغان. ئاتىسى خوجا يۈسۈپنى جوڭغارلار ئىلىدا بىر مەزگىل گۆرۈ ئورنىدا تۇتۇپ تۇرغاندا، خوجا مۆمىن تاغىسى خوجا جاھاننىڭ تەربىيەسىدە بولغان. خوجا جاھان ئەرشى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە، ئۇ خوجا سىددىق فۇتۇھىي بىلەن بىللە ئەدەبىي يىغىلىشلارغا قاتنىشىپ، شۇ دەۋرنىڭ ئەدىبلىرى قاتارىدا تونۇلغان. ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن بىر مەزگىل قەشقەردە ئاكىسى بىلەن بىللە يۇرت سورىغان.

خوجا جاھان ئەرشى ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولۇپ، خوخا جاھان پۈتۈن جەمەتى بىلەن پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن مەزگىلدە خوجا مۆمىن ئاكىسى بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئالغان. ئۇنىڭ شۇنىڭدىن

كىيىنكى تەقدىرى مەلۇم ئەمەس.[①]

مۆمىن شېئىرىيەتكە ھەۋەس قىلغان. ئۇنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردە يازغان شېئىرلىرى مەلۇم ئەمەس. پەقەت 1756 - يىلىدىن كېيىن يەنى خوجا ياقۇپ ۋەكىللىكىدىكى قارا تاغلىق خوجىلار ھاكىمىيىتى يىقىلغاندىن كېيىن يازغان ئىككى پارچە غەزىلى ساقلىنىپ قالغان.[②]

[①] ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، 192 - بەت:.

[②] ئابدۇرەھىم سابىت شائىر موللا مۆمىن يازغان ئىككى پارچە غەزىلىنى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 6 - سانىدا ئېلان قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

# ئالتىنچى باب
# 19 ـ ئەسىر ئەدەبىياتى

## 1. 19 ـ ئەسىر كاشغەر جەمئىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

### 1. 19 ـ ئەسىر كاشغەر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

كاشغەرنىڭ 19 ـ ئەسىر ئەدەبىياتى تەرەققىي قىلغان ئەدەبىيات بولۇپ، ئۇ كاشغەرنىڭ 1000 يىللىق ئەدەبىياتى نەتىجىلىرىنىڭ چوققىسىنى، پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ غولى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى پۇختا ئاساسقا ئىگە قىلغان. مۇبادا 19 ـ ئەسىر كاشغەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بولمايدىكەن، پۈتكۈل ھازىرقى ۋە يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى چوڭ مۆلچەرلەش تەسكە توختىغان بولاتتى.

مەلۇمكى، قاراخانىيلار خانلىقى زامانىسىدىن باشلاپلا كاشغەر شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ يادرولۇق مەركىزى بولۇپ كەلگەن. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىنىڭ باشلىرىدىلا ئۇيغۇر سىياسىيون مەسئۇدبەگ ساچىيە مەدرىسەسىنىڭ يېنىدا مەشھۇر سائادەت كۇتۇپخانىسىنى بىنا قىلىپ، ئالالىقتا توغۇلغان جەمال قارشىدەك ئالىملارنى كاشغەرگە جەلپ قىلغان. ياركەند خانلىقى زامانىسىدا ياركەند شەھىرى سىياسىي مەركەز قىلىنىش بىلەن بىرگە كاشغەر شەھىرى مەدەنىيەت، دىن، سودا ۋە ئىقتىساد جەھەتتىكى مەركەزلىك رولىنى ئاۋۋالقىدەكلا ئويناپ، ئاكا ـ ئۇكا

شەھەر سۈپىتىدە كاشغەرنىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىپ تۇرغان. خوجىلار زامانىسىغا كەلگەندە بۇ خىل ئەھۋالدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش بولمىغان. مەشھۇر شائىر زەلىلىي ئېتىقاد ۋە ئىلىم يولىنى ئىزدەپ ياركەندتىن چىقىپ كاشغەر شەھىرىگە كەلگەن ۋە كاشغەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئاستىن ئاتۇشنىڭ مەشھەد كەنتىدە ـ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىدا ئۈچ يىل ئېتىقاد بويىچە ئىستىقامەتتە ـ مۇتالىئەدە بولغان. 18 ـ 19 ـ ئەسىردە خوتەندە ياشىغان نەۋبەتىي ۋە مەھزۇن قاتارلىق داڭلىق شائىرلار كاشغەر شەھىرىدە، ئاتۇش مەشھەتتە زىيارەت ۋە تاۋاپ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. قارىقاشلىق مەشھۇر ساتىرىك شائىر ئەھمەد شاھ قارىقاشى كاشغەر خانلىق مەدرىسەسىدە ساۋاقدىشى ئاقسۇلۇق قابىل تالىپ نەزەر مۇفتى بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە كېيىنچە ئەدەبىيات ساھەسىدە شۆھرەت قازانغان.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن باشلاپلا شىنجاڭ، بولۇپمۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ئالتە شەھەر، يەتتە شەھەر، جەنۇبتىكى سەككىز شەھەر (خەنزۇچە «نەنلۇباچېڭ ـ 南路八城») دېگەندەك ئاتاقلار بىلەن ئاتالغان. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى كاشغەر بولۇپ كەلگەن. ئاقسۇدا ياشىغان يېقىنقى زامان تارىخ ئالىمى موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدىيە»دە ھەم يەتتە شەھەرنىڭ بىرىنچىسى قىلىپ كاشغەرنى ساناپ، ئۇنى «مەزكۇر يەتتە شەھەرنىڭ ئەڭ ئەلا ۋە ئەڭ ئاۋۋالقىسى»، «بۇ ناھايىتى كونا، داڭلىق ۋە مەشھۇر شەھەردۇر..... بۇ شەھەردىكى ئۆلىمالارنىڭ ئىلىم تالىپلىرىغا راۋاج بېرىش، فۇزىلا ۋە ساھىب دۆلەتلارغا روناق بېرىش، تىجارەتچىلەر ۋە دېھقان ئەشرەپلەرنىڭ ئۆشرە ـ زاكات ۋە خەير ـ سەدىقە بېرىشى، ئەھلى كەسىپ ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تىرىشچانلىقى جەھەتتە باشقا شەھەرنىڭ ئادەملىرىگە قارىغاندا ئۈستۈن ۋە زىيادە تۇرىدۇ. خۇسۇسەن، ئۆلىمالار راۋاجى ۋە سودىگەرلەرنىڭ سودا ـ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تىجارىتى بابىدا، ئۇ شەھەر گويا ‹ئىككىنچى بۇخارا› دەپ ئاتالسا ئەسلا مۇبالىغە بولمايدۇ»[①] دەپ يازغان.

19 - ئەسىر كاشغەر جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ساھەسىدە مۇئەييەن ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈشى كۆچلۈك تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولغان.

چىڭ سۇلالىسى مىلادىيە 1756 - يىلىدىن 1759 - يىلىغىچە بولغان قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ شىنجاڭدىكى پاراكەندىچىلىكى ۋە بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى توپىلىڭىنى ئۈزۈل - كېسىل مەغلۇپ قىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنى تىنچىتىپ، جۇڭگونى مىسلىسىز كەڭ دائىرىدە بىرلىككە كەلتۈرگەن. بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى بىرمۇنچە يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ۋە نۇرغۇن ئادەتتىكى پۇقرالار چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرەپتە تۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. شىنجاڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى، جۇڭغار خانلىقى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىجتىمائىي ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار چارە - تەدبىرلەرنى قوللانغان.

چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا كاشغەرنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى بەلگىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ تۇرغان. ئەينى چاغلاردا بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئاساسەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىشى بىلەن يەنە بوز يەر ئېچىش، سۇ ئىنشائاتى ئېلىپ بېرىش، يول ياساش، شەھەر سېپىلى ۋە چىگرا مۇداپىئە قورغانلىرىنى ياساش، كان قېزىش قاتارلىقلار بىلەنمۇ مەشغۇل بولغان. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ

---

① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدىيە»، 639 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 - يىلى نەشرى.

نوپۇسىمۇ خېلى ئاشقان. تەرەپ - تەرەپكە تۇتاشقان يېزا - بازارلار، شەھەرلەر ئاۋاتلاشقان. مەدرىسە - مەكتەپخانىلار جانلانغان. خەلقنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆسكەن. جەمئىيەتنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا مۇكەممەللەشكەن.

كاشغەرنىڭ مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئىتى ئىلگىرىكى يىللارغا قارىغاندا خېلى تەرەققىي قىلغان. بۇ خىل تەرەققىيات ئالدى بىلەن مائارىپ ساھەسىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان. كاشغەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئىسلام دىنى مائارىپى تېخىمۇ مۇنتىزىملاشقان. كاشغەر شەھىرىدە ئون نەچچە مەدرىسە بولغاندىن باشقا، ياركەند، يېڭىسار، ئوپال، ئاستىن ئاتۇش مەشھەد، ئىكساق قاتارلىق شەھەر - يېزىلاردىمۇ مەدرىسەلەر بار بولغان. يېڭى - يېڭى مەدرىسەلەر بىنا قىلىنىپ تۇرۇلغان[1]. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك مەدرىسەلەر كاشغەر، ياركەند شەھەرلىرىگە مەركەزلەشكەن. يەنە ھەرقايسى يېزا - كەنتلەردە مەكتەپخانا، قارىيخانىلار ئومۇملاشقان. يېشىغا يەتكەن بالىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى

---

[1] قۇندۇزلۇق تارىخچى ئىمامەلى قۇندۇزى (تەخەللۇسى كامى، 1785 — 1858) 1824 -، 1825 - ۋە 1843 - يىللىرى كاشغەرگە كېلىپ قايتقان ۋە «تارىخى مەنزۇمە» (شېئىرىي يىلنامىلەر)ناملىق كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئابدۇۋەلىباي كاشغەرىي دېگەن كىشىنىڭ كاشغەر شەھىرىدە ئۆز نامىدا مەدرىسە بىنا قىلدۇرغانلىقى، سىدىق دىۋانبېگى نامىدا مەدرىسە بىنا قىلىنغانلىقى، ياركەندتە ئاخۇنبەگ نامىنى ئالغان ئىسمائىل ھاكىمبەگ مەدرىسە ۋە راۋاقنىڭ بىنا قىلىنغانلىقى (مىلادىيە 1840 — 1841 - يىللىرى پۈتكۈزۈلگەن)، ئابدۇللا ساھىبزادەنىڭ خوتەننىڭ قارىقاشتا بىر مەدرىسە سالدۇرغانلىقى توغرىسىدا مەلۇماتلار بېرىلگەن. بۇ ھەقتە ئا. خ. جالىلوپ، ت. ف. فائزىيېپ (ئۆزبېكىستان) لارنىڭ «تارىخى مەنزۇمە» — ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت مۇھىم قول يازما» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن. «مالۇپ ئەنجۇمەنى»، 203 - بەت، ئالمۇتا، «غىلىم» نەشرىياتى 1990 - يىلى نەشرى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كەنجازا مەدرىسەسى قاتارلىق مەدرىسەلەر بىنا قىلىنغان. ئاتۇش مەھشەدتىكى «ئالمۇتا مەدرىسەسى» توغرىسىدىكى بىر تارىخىي ھۆججەتتە: «ھىجرىيە 1232 - يىلى (مىلادىيە 186 — 1817 - يىلى) مەنكى كاشغەرلىك سالىھجان بايدۇرمەن. دادام نېئمەتجان باي ھەققىدە ھەزرەت سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھى يېنىدىكى كونا ئورۇنغا بىر مەدرىسە، مەسچىت بىنا قىلدىم» دەپ يېزىلغان. ئابدۇرېھىم ھاشىم يازغان «ئاتۇش» (1) ناملىق كىتابنىڭ 79 - بېتىگە قارالسۇن، بۇ كىتاب قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2005 - يىلى نەشر قىلىنغان.

مەكتەپخانىلارغا كىلىپ باشلانغۇچ مائارىپ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغان. قەيسەر ئىرادە تىكلەپ، كۆڭلىگە يۈكسەك غايە پۈككەن، ئوقۇشتا ئۆزۈپ چىققان، ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرگەن ياكى ئۆزى بىرەر چارە ـ تەدبىر تاپقانلار بولسا يۇقىرىلاپ مەدرىسەگە چىقىپ ئوقۇغان. بەزى تالىپلار يەنىمۇ كۆپ بىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن باغداد، ئىسپىهان، بۇخارا، كابۇل، دېهلى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي (1725 ــ 1848)، ئابدۇرەھىم نىزارىي (1770 ــ 1850)، موللا توختى كاشغەرىي (1800 ــ 1890)، ھۈسەيىنخان تەجەللى (1856 ــ 1924)، ئابدۇقادىر ئەزىزى بىننى ئابدۇلۋارىس كاشغەرىي (1862 ــ 1924) قاتارلىق كاتتا مۇدەررىسلەر ئۆتكەن. مەدرىسەلەردە ئىجتىمائىي، تەبىئىي پەنلەر، جۈملىدىن تېبابەتچىلىك، ئىلمىنۇجۇم، ھەربىي ئىلىم قاتارلىقلار ئوقۇتۇلغان.

بۇ يىللاردا كاشغەردە خەنزۇ تىلىدىكى شۆتاڭ مائارىپىمۇ يولغا قويۇلغان. ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمە چىقىرىشى ۋە ئىقتىساد ئاجرىتىشى بىلەن بىر تۈركۈم ئۇيغۇر باللار شۆتاڭغا كىرىپ خەنزۇ تىلى بىلەن دۆلەت مائارىپىنى قوبۇل قىلغان. بىر قىسىم مانجۇچە، خەنزۇچە ئوقۇغان زىيالىيلار يېتىشىپ چىقىپ، بەزىلىرى مەمۇرىي ـ ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا مانجۇ ۋە خەنزۇ ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىكتە خىزمەتلەرنى بېجىرىشكە قاتناشقان.

بۇ چاغقا كەلگەندە كاشغەرنىڭ سودا ـ تىجارەت ئىشلىرى ئالاھىدە جانلانغان. سودىگەرلەر ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن قويۇق سودا ئالاقىسى قىلىپ، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ فارفۇر بۇيۇملىرى، چاي ۋە يىپەكلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئىچكى ئىستېمالنى تەمىنلىگەندىن باشقا، ئۇلارنى ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەرگە ئېلىپ بېرىپ، مالغا ئايرىۋاشلاپ، يەنە ۋەتەنگە ئېلىپ كەلگەن. كاشغەردىن چىقىدىغان ماتا، سەرگەز، شايى ـ ئەتلەس، گىلەم، تېرە ـ يۇڭ، زەمچە بازارلارنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ قالماستىن، يەنە كۆپلەپ سىرتقا

چىقىرىلغان. ئەينى زاماندىكى كاشغەر بازارلىرى توغرىسىدا خەنزۇچە يېزىلغان«شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» («新疆图志»)دە مۇنداق دېيىلگەن: «سۇلى (كاشغەر) تۇپرىقى مۇنبەت، مول ھوسۇللۇق جاي بولۇپ، ھەر يىلى بۇغداي، قوناقتىن نۇرغۇن ھوسۇل ئالىدۇ. كالا، قوي، تۆگە، ئاتلار توپ ـ توپى بىلەن يۇرىدۇ. ئېسىل ماللار توپلانغان بولۇپ، ھەممىنى جەلپ قىلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان بۇ جاي پامىرنىڭ شەرقىدىكى مەشھۇر بازار. بۇ يىللاردا كاشغەر خەلقارا بازارغا ئايلانغان. بۇ يەردە تاشكەنتلىك، رۇسىيەلىك، ئەنگلىيەلىك، ھىندىستانلىق سودىگەرلەر بولغان[1]. كاشغەرنىڭ ئىقتىساد، سودا ـ تىجارەت ئىشلىرى 19 ـ ئەسىردە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق خېلىلا مۇنتىزىملىشىپ قالغان. بۇ ھەقتە 17 ـ ئەسىردە يېزىلغان «بەھرۇل ئەسرار» ناملىق كىتابتا مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان: «بۇ يەردە دانلىق زىرائەتلەر ۋە باشاقلىق زىرائەتلەر ناھايىتى ئوخشايدۇ. بىراق، كېۋەز ئازراق تېرىلىدۇ. مېۋىلەردىن ئۈزۈم، شاپتۇل ۋە قوغۇنى داڭلىق، ھاۋارايى مۆتىدىلگە يېقىن كېلىدۇ، دەل ـ دەرەخلىرى كۆپ، ئوت ـ چۆپى مول...... كاشغەرنىڭ تاۋارلىرى ـ قاشتاش ، زۇمرەت، قىزىلىق ياقۇت، ئېپار، ئالتۇن، زەر كىيىم ـ كېچەك، جۇڭگو بۇيۇملىرى، چىنە ـ قاچىلار، قوتاز، قىرغىز ئاتلىرى...... دىن ئىبارەت.»[2]

19 ـ ئەسىردە كاشغەرنىڭ بىناكارلىق ئىشلىرى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان. قاراخانىيلار خانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردىكى ئىسلام دىنىي زاتلىرىنىڭ قەبرىلىرى بۇ يىللاردا كەڭ كۆلەملىك رېمونت قىلىنغان. بەزىلىرى يېڭىدىن ياسالغان.

---

[1] ئا. نۇردۇن: «شىنجاڭ سودا بازارلىرى توغرىسىدا تەتقىقات»، 282 ـ بەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2009 ـ يىلى نەشرى.

[2] مۇھەممەد ئىبنى ۋەلى (خىۋەلىك ئاپتور): «بەھرۇل ئەسرار» (پارچە، ئابدۇشۇكۇر تۇردى تەييارلىغان)، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 3 ـ سانى، 83 ـ، 84 ـ بەتلەر.

1838 – 1839 - يىللىرى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ تەرىپىدىن كاشغەر شەھىرى بىر قېتىم كېڭەيتىپ ياسالغان[①]. شۇ يىللاردا يەنە بەشكېرەم، ئاۋات يېزىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى يېڭىئۆستەڭ يېزىسى بىنا قىلىنىپ، نەچچە مىڭ ئادەم ئۆي - ماكانلىق، يەر - سۇلۇق قىلىنغان. كېيىنچە بۇنىڭدىن ئاققاش يېزىسى بۆلۈنۈپ چىققان. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە يېڭىشەھەر بازىرى كېڭەيتىلىپ، سېپىل قوۋۇقلىرى مۇستەھكەملەنگەن. كاشغەر تەۋەسىدىكى بارلىق مەدرىسەلەر رېمونت قىلىنىپ تۇرۇلغان. بىر قاتار ئاممىۋى پائالىيەت، ئېتىقاد سورۇنلىرى، تۇرالغۇ جايلار، كوچا - بازارلار، رەستىلەر ياسالغان ياكى كېڭەيتىلگەن.

مانا بۇلار خەلق ئاممىسىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنىڭ بەلگىلىك يوسۇندا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن ئاڭ - سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگىمۇ زۆرۈرىي ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بەرگەن.

لېكىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىر فېئوداللىق ھاكىمىيەت بولۇپ، ئۇ ئاز ساندىكى يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەك، ئەزگۈچى سىنىپىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى ئۇنىڭ ئەسلىي ماھايىتى ئىدى. ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ، جۈملىدىن كاشغەرنىڭ ئومۇمىي سىياسىي ۋەزىيىتىدە نىسپىي مۇقىملىق ئورنىتىپ، جۇڭگونى كەڭ كۆلەمدە بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئومۇمىيلىق جەھەتتە تارىخىي ئېقىمنىڭ ئاساسىي يۆزلىنىشىگە ماسلاشقانلىق، ئىجتىمائىي مۇھىت جەھەتتىن تەسىرچانلىقى چوڭقۇر، سىياسىي جەھەتتە غايەت زور ئىلگىرىلەش بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئەمما، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى 19 - ئەسىر

---

① ئىمامەلى قۇندۇزى: «تارىخى مەنزۇمە»(شېئىرىي يىلنامىلەر)، 29 - بەت: بۇ ھەقتە ئا. خ. جالىلوپ، ت. ف. فائزىيېپ (ئۆزبېكىستان) لارنىڭ «‹تارىخى مەنزۇمە› – ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت مۇھىم قول يازما» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن. «مالۇپ ئەنجۇمەنى»، 204 - بەت، ئالمۇتا «غىلىم»نەشرىياتى 1990 - يىلى نەشرى. بۇ ماتېرىيالدا زوھۇرىددىن بەگنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ھىجرىيە 1264 - يىلى (مىلادىيە 1847 – 1848 - يىللىرى) ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەن.

كاشغەر جەمئىيىتىدە ئۇيغۇرلار سىياسىي جەھەتتە ماھىيەتلىك
ئەركىنلىككە، ھۆرلۈككە ئېرىشەلىگەن ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن
بىرگە بۇ چاغدا سىياسىي ۋە مىللىي باراۋەرلىكتىن سۆز ئېچىش
مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ئىچكى جەھەتتە
چىرىكلەشكەن، ئېغىر كرىزىس پاتقىقىغا پاتقان، چەت ئەللەردىكى
قۇدرەتلىك جاھانگىر كۈچلەرنىڭ قاتتىق مۇداخىلىگە ئۇچراپ
تۇرۇۋاتقان، ئىچكى - تاشقى زىددىيەت ئۆتكۈرلەشكەنلىكى،
پومېشچىكلار سىنىپى بىلەن دېھقانلارنىڭ ئارازلىقى بەكلا
كۈچىيىپ كەتكەنلىكى بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى
بولۇپ قالغان. شۇنداق قىلىپ، 19 - ئەسىر شارائىتىدا
كاشغەردىكى كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدا مۇستەبىت
ھاكىمىيەتنىڭ ئېغىر ۋەھىمىسى، ۋەھشىيلىكتە ئۇچىغا چىققان،
چىرىكلەشكەن ئەمەلدارلار سورۇنىدىكى قارا كۈچلەرنىڭ
دەھشەتلىك يوسۇندا ئېزىشى، قاتمۇقات ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىشىغا
قارىتا بىر خىل ھەققانىي قارشىلىق ھېسسىياتى ھەم كەيپىياتى
ئۆسۈپ بارماقتا ۋە يوشۇرۇن ساقلانماقتا ئىدى.

كاشغەر ئەينى زاماندا يەنە شىنجاڭ بويىچە سىياسىي -
ئىجتىمائىي جەھەتتە تولىمۇ سەزگۈر، زىددىيەتلەر مۇرەككەپ ئورۇن
بولغان. بۇ مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتتە تېخىمۇ گەۋدىلىك ھالدا
كۆرۈلگەن، يەنى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى
1758 — 1759 - يىللىرى يۈلتۈزقۇم (شىڭشىڭشىيا)دىن ئۆتۈپ
شىنجاڭغا كىرىپ قارا تاغلىقلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن جەڭ
قىلغاندا كاشغەردە بىر قاتار كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچرىغان، ئەينى
زاماندا قارا تاغلىق خوجىلار يېتەكلىگەن توپىلاڭچىلار بىلەن
يەرلىك ھۆرلۈككە ئىنتىلگۈچى ھەققانىيەتچىلەر ئارىلىشىپ
كەتكەن. بىر تۈركۈم خەلق قايمۇقۇپ، قايسى تەرەپتىن ھۆرلۈكنىڭ
ساداسى كېلەركىن، ئەركىن نەپەسلىك ھاياتنىڭ ئۈمىد نۇرى
كۆرۈنەركىن دېگەن ئارزۇدا تېنەپ - تەمتىرەپ قالغان. شۇنىڭ
بىلەن دۈشمەن بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنى پەرق ئېتىشكە

مەيلى بولمىغان مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى كاشغەردىكى بىر قىسىم مېھنەتكەش خەلق بىلەن ۋەتەنپەرۋەر يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنى ئوخشاشلا دۈشمەن سېپىگە ئىتتىرىۋەتكەن. يەنە تېخى يەرلىك ھاكىمبەگلەرگە ئىشەنمەي، ئۆزلىرىگە بۇرۇنراق ساداقىتىنى بىلدۈرگەن، «تاللاپ تەيىنلەش ئۆلچىمىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدە ھەربىي تۆھپە كۆرسىتىپ، مەرتىۋىگە ئېرىشكەنلەرگە ئېتىبار بېرىش»[1] پىرىنسىپىغا ئاساسەن، قۇمۇل، تۇرپان، پىچانلاردىكى ھاكىمبەگلەرنى كاشغەرگە يۆتكەپ، يەرلىك ھاكىمبەگلەرنىڭ ئۈستىدىن نازارەت قىلدۇرغان، جۈملىدىن كاشغەردىكى باش ھاكىمبەگلىك ئورنىغا لۈكچۈن بەگلىكىدىن ئادەم ئېلىپ بېرىپ ئولتۇرغۇزغان. بۇلار يەرلىك ھاكىمبەگلەر ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەت تەيىنلىگەن مانجۇ، خەنزۇ ئەمەلدارلار، دوتەيلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈستىدىن يۈرگۈزىدىغان ئېكسپلاتاتسىيەنى ھەددىدىن زىيادە ئاشۇرۇۋەتكەن. زۇلۇم چېكىدىن ئاشقان، ھەتتا بۇ قوش قاتلام ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھ ۋەكىللىرىنىڭ يانچىلىرىمۇ بوش كەلمەي، يەرلىك دېھقانلارنى، ئوتتاقچىلارنى خالىغانچە قاقتى - سوقتى قىلالايدىغان بولۇۋالغان.

ئومۇمەن، 19 - ئەسىر كاشغەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئومۇمىيلىق جەھەتتە بىرلىككە كەلگەن ۋەتەن قوينىدا نەپەسلەنگەن، گۈللەنگەن ئەدەبىيات ھادىسىسى، قىسمەنلىك جەھەتتە تىنچسىز، ئۆتكۈر زىددىيەتكە تولغان ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى ئاھۇ - زارلىقنىڭ، ئىسيانكارلىقنىڭ، ھەققانىيەت، ئادالەت، ھۆرلۈك - ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

19 - ئەسىر كاشغەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تۆۋەندىكىدەك ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىي ئاساسنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ جارى بولۇپ تۇرۇلغان ۋە تەرەققىي قىلغان.

---

[1] لى شېڭ مەسئۇللۇقىدا يېزىلغان: «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى»، 239 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 - يىلى نەشرى.

بىرىنچى، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى قوللانغان سىياسىي جەھەتتە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىنى ئاساس قىلىش، ئىجتىمائىي جەھەتتە مۇقىملىقنى يولغا قويۇش، ئىقتىسادىي جەھەتتە جانلاندۇرۇشنى نىشان قىلىش، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق چارە - تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭ بەزى تەپسىلاتى يۇقىرىدا قىسقىچە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلدى.

ئىككىنچى، ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشى، سىنىپىي قاتلاملار يەنى نامراتلار بىلەن بايلار، پۇقرالار بىلەن ئەمەلدارلار، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن يەرلىك ئەمەلدارلار، لۈكچەك ۋاڭ ئەۋلادلىرى بىلەن كاشغەر بەگلىرى ئارىسىدىكى پەرقنىڭ كېڭىيىشى، كەڭ ئاۋام ئارىسىدىكى نارازىلىق، قارشىلىق كەيپىياتىنىڭ كۈچىيىشى قاتارلىقلار ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچلۈك رولىنى ئوينىغان. يەنىمۇ كونكرېتراق ئېيتقاندا، بۇ دەۋردىكى كاشغەر ئەدىبلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ قاتتىق مىللىي زۇلمىغا، مەركىزىي ھۆكۈمەت تەيىنلىگەن ئەمەلدارلار ۋە يەرلىك ھاكىمبەگلەرنىڭ تۈرلۈك بېسىمى ۋە دەھشەتلىك ئېزىشىگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ خىل بېسىملار كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياشاشقا بولغان ئىرادىسىنى، ھۆرلۈككە، ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشىنى، يورۇقلۇققا، ئادالەتكە، ھەققانىيەتكە بولغان قارشىلىق كۆرسىتىش ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، رەزىللىككە، خۇنۇكلۇككە، قاراڭغۇلۇققا بولغان قارشىلىق روھىنىڭ ئۇسۇشىگە تەسىرى كۈچلۈك بولغان، ئەينى دەۋردىكى رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە خاتىرىلەشتە قەلەم ئىگىلىرىنى قولغا ئىختىيارسىز قەلەم ئېلىشقا، مىھنەتكەش خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇش ھالىتىنى خاتىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، رېئالىزملىق ئاڭ - سەۋىيەنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلەتكەن.

www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچى، تويۇنغان، باي ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت، ئەدەبىياتنىڭ خىمىرتۇرۇچلۇق، تۈرتكىلىك ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچلۈك رولى 19 - ئەسىر كاشغەر ئەدەبىياتىنىڭ يارتىلىشى ۋە بەرق ئۇرۇشىغا كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

تۆتىنچى، قىسمەنلىك جەھەتتە ئەنئەنىۋى، مىللىي ئەخلاقتىن چەتلەشكە، سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ چاكىنا تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىشقا، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە ياتلىشىشقا، ئەقلىي كامىللىقتىن بىزار بولۇشقا قارشى پىكىر ئېقىمىنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئۇنىڭ ئىلغار پىكىرلىك ئەدىبلەرنى غىدىغلىشى، ئۇيغا سېلىشى ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

بەشىنچى، سەزگۈرلۈك بىلەن ئەمەلىي بىلىمنى بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر، ئېگىزدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر تاشلىيالايدىغان، ئەقىل - پاراسەتلىك بەزى يەرلىك ھاكىمبەگلەر، ئەمەلدارلار يۇرتنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىغا ئالاھىدە قىزىقىپ، ئۇنىڭ ئىجادىيەتچىلىرىگە مەدەت بەرگەن، رىغبەتلەندۈرگەن. مەسىلەن، 1800 - يىللىرى خوجا ياقۇپ ياركەندىنىڭ ئەمىر خۇسراۋ دېھلىۋىنىڭ «چاھار دەرۋىش» ناملىق ئەسىرىنى پارسچىدىن كاشغەر ئۇيغۇر تىلى شېۋىسىگە ئاغدۇرۇپ چىقىشىغا تەشەببۇسكار بولغان ياركەند ئەمىرى يۇنۇس ۋاڭ، 1813 - يىللىرى موللا سىددىق ياركەندىنىڭ «خەمسە نەۋايى» ناملىق ئەسەرنى نەسرلەشتۈرۈپ چىقىشىغا ۋە «بۇلبۇلى گۈلشەن نەۋايى» (قوشۇمچە ماۋزۇسى «نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىنبەگ») دەپ نام بېرىلىشىگە تەشەببۇسكار بولغان ياركەند ھاكىمبېگى مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىنبەگ، 1830 — 1840 - يىللاردا ئابدۇرەھىم نىزارىي، نورۇزئاخۇن زىيائى، تۇردى ئاخۇن غەرىبى قاتارلىقلارنىڭ «ھېكايەتى غېرىب» («ھېكايەتى ئۇششاق»، ياكى «مۇھەببەت داستانلىرى») ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئەدەبىي توپلىمىنى رەتلەپ كىتابەت قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلغان كاشغەر ھاكىمبېگى زوھۇرىددىن[1]،

---

① زوھۇرىددىن بەگ يەنە تۇردى ئاخۇن غەرىبىنىڭ ئايرىم «كىتابى غەرىب» ناملىق داستانىنىڭ يېزىلىشىغىمۇ كۆرسەتمە بەرگەن.

1845 — 1846 - يىللىرى موللا مۇھەممەد نىياز ئابۇلغەفۇرنىڭ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر پارسچە يازغان «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسەرنى كاشغەر ئۇيغۇر تىلى شېۋىسىگە ئاغدۇرۇپ چىقىشىغا كۆرسەتمە بەرگەن ياركەند ھاكىمبېگى ئابدۇراخمان ۋاڭ ھاكىمبەگ قاتارلىقلارنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال 18 - ئەسىر شارائىتىدىمۇ داۋام قىلىپ تۇرغان. مەسىلەن، ياركەند ھاكىمى ئەمىن قۇربانبەگ خەزىناچىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن نامەلۇم تەرجىمان 1706 - يىلى «تارىخى بىناكەتى»ناملىق ئەسەرنى پارس تىلىدىن كاشغەر ئۇيغۇر تىلى شېۋىسىگە تەرجىمە قىلىپ چىقىپ، «تارىخى خەزىناچى» دەپ ئاتىغان[1]. موللا مۇھەممەد تۆمۈرنىڭ 1717 - يىلى «كەلىلە ۋە دەمنە»ناملىق ئەسەرنى پارسچىدىن كاشغەر ئۇيغۇر تىلى شېۋىسىگە تەرجىمە قىلىپ[2] چىقىشىغا كاشغەردىكى مۇھەممەد ئىمامبەگ سەۋەبچى بولغان، شۇڭا ئەسەرگە «ئاسار ئىمامىيە» دەپ قوشۇمچە ماۋزۇ قويۇلغان[3]. ئەمىر قۇربانبەگ بىننى نىيازى (بەلكى ئەمىن قۇربانبەگ خەزىناچى بولسا كېرەك دېيىلىدۇ) نىڭ تەشەببۇسى بىلەن مىرفازىل كىچىك ساقى ناملىق كىشى «رەۋزەتۇسسەفا» ناملىق ئەسەرنى 1737 - يىلى كاشغەر ئۇيغۇر تىلى شېۋىسىگە ئاغدۇرۇپ «تارىخى خاۋەندىشاھ» دېگەن نام بىلەن كۆچۈرۈپ تارقاتقان[4]. شاھى ھىجران خوجا ياقۇپ ئەرشىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1751 -، 1752 - يىللىرى ياركەند شەھىرىدە «شاھنامە»نى پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشىنى قولغا ئالغان. مۇھەممەد سادىق كاشغەريي كاشغەر ھۆكۈمدارى مىرزا ئوسمانبەگنىڭ ئانىسى رەھىمخان ئاغىچا بىكەنىڭ ئۆتۈنۈشى ۋە

---

[1] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، 1058 - ، 1059 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 - يىلى نەشرى.

[2] ئ. م. مۇگىنوپ: «ئۇيغۇرچە قول يازمىلار ھەققىدە مەلۇماتلار»، 17 - بەت؛ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، 1058 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 - يىلى نەشرى.

[3] ئىمىن تۇرسۇن: «ئەدەبىي مىراس ھەم ۋەسىقىلىرىمىز»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1980 - يىلى 1 - سان، 59 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى.

[4] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، 1058 -، 1059 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 - يىلى نەشرى.

مىرزا ئوسمانبەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مىلادىيە 1788 - يىلى «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىققان. موللا مۇھەممەد ئەيسا ياركەند ھاكىمى كېپەك بەگنىڭ قىزى ئايشە خېنىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1790 - يىلى «رىيازۇلمۇزەككىرىن» (ئاپتورى ئاخۇن موللا كالان، ئەسەر 1770 - يىلى يېزىلغان) ناملىق كىتابنى پارس تىلىدىن كاشغەر ئۇيغۇر تىلى شېۋىسىگە تەرجىمە قىلىپ چىققان.

يۇقىرىقىدەك بىرقانچە سەۋەب خوجىلار ۋە جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى مالىمانچىلىق تۈپەيلىدىن بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان ئەدەبىيات ئىشلىرىنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىپ ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق ئىمكانىيەت ۋە ياخشى شارائىتقا ئىگە قىلغان. بۇ دەۋردە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان كۆپلىگەن ئەدىبلەر بىر قىسىم تەركىۋەتەن، ئۆكتەم، تەلۋە خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى، ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتەك ئۇلۇغ ئىستەكنىڭ تۈرتكىسى ۋە خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، مىللىي زۇلۇم ۋە فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى مىللىي دېموكراتىك ئىدىيەۋى ئېقىمنىڭ ئىلھامى ئاستىدا ئەدەبىيات - سەنئەت سەھنىسىگە چىقىپ، ھەر خىل ژانىر ۋە ھەر خىل تېمىدىكى ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر ئالتۇن دەۋرىنى ياراتقان.

## 2 . 19 - ئەسىر كاشغەر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر يازغۇچىلار ئالدىنقى دەۋر ئەدەبىياتىدىن پەرقلىق ھالدا ئەنئەنىۋى تېمىلار بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى رېئاللىققا يۈزلىنىپ، قەلىمىنى قورال قىلغان ھالدا تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنى قوللىنىپ، يۇقىرى قاتلام فېئودال ھۆكۈمران سىنىپ ئىستىبداتچىلىرىنىڭ

قىرغىنچىلىقى، ۋەھشىيلىكى ۋە مىھنەتكەش خەلق ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيەسىنى، يەرلىك فېئودال تۆرىلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنى، خەلققە سالغان زۇلۇم ۋە ھەددى - ھېسابسىز ئېغىرچىلىقلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلغان. ھەر خىل مەزمۇندىكى ئەرەبچە، پارسچە ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ بېيىشى، مەزمۇن جەھەتتىن كۆپ تەرەپلىككە ئىگە بولۇشى، بەدىئىيلىك جەھەتتىن يۈكسەك تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەر قوشۇلغان.

بۇ دەۋر ئەدەبىياتى جۇڭغارلار - خوجىلار ھۆكۈمرانلىقى زامانىسىدىكى ئەدەبىيات بىلەن بەزى تەرەپلەردە ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ دەۋر ئەدەبىياتى ئىدىيەۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە سېلىشتۇرغاندا زور دەرىجىدە يېڭىلانغان ۋە تەرەققىي قىلغان. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، ئەدىبلەر قوشۇنى زورايغان. ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىن نۇرغۇن ئەدىبلەر يېتىشىپ چىققان. بۇلار ئىچىدە مۇھەممەت سادىق كاشغەرىي، موللا سىددىق ياركەندىي، موللا يۇنۇس ياركەندىي، ئابدۇرەھىم نىزارىي، موللا مۇھەممەد نىياز ئابدۇلغەفۇر، نورۇز ئاخۇن زىيائى، زوھۇرى، تۇردى غەرىبى، ئىمىر ھۇسەيىن سەبۇرى، خۇشھال غەرىبى، موللا نىياز ئاشىقى، موللا مۇھەممەد نىياز، ئاسىيزاھىد ئاخۇن، ئابدۇقادىر ناقىس، غەرب خەستە، ھۇسەيىنخان تەجەللى، موللا يۇنۇس، ئابدۇقادىر ئەزىزى، ئارەزى پازىلباي قاتارلىق مول ھوسۇللۇق شائىرلار ياشاپ ئۆتكەن.

بۇ دەۋردە ئۆزبېكىستانلىق شائىر فۇرقەتنىڭ كاشغەرىيەگە كېلىشى ۋە بۇ يەردە بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشى ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. زاكىرجان خالمۇھەممەد ئوغلى فۇرقەت 1859 - يىلى قوقەند شەھىرىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىن مۇنتىزىم مەكتەپ تەربىيەسى كۆرگەن،

www.uyghurkitap.com

ئەدەبىياتقا قىزىققان. تەسىرى ئۆزبېكىستاندا خېلى چوڭقۇر بولغان. ئۇ ھەر خىل سەۋەب بىلەن ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. 1891 - يىلى يىل ئاخىرىدا باكۇ ئارقىلىق تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىگە كەلگەن. قىشنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، 1892 - يىلى باھار پەسلىدە بۇلغارىيەگە قاراپ يولغا چىققان. ئۇ يەردىن گىرېتسىيە، ئىتالىيەلەرگە بارغان، ئاندىن دېڭىز ئارقىلىق مىسىرغا كېلىپ، قاھىرە، ئىسكەندىرىيە شەھەرلىرىدە بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ مەككىنى تاۋاپ قىلغان. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا ھىندىستانغا بېرىپ بومباي، دېھلى قاتارلىق شەھەرلەرنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن كەشمىرگە كەلگەن. قىشنى كەشمىردە ئۆتكۈزۈپ، 1893 - يىلىنىڭ باشلىرىدا كەشمىردىن تىبەت (شىزاڭ) ئارقىلىق شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىققان.

فۇرقەتنىڭ كەشمىردىن چىقىپ شىنجاڭغا كېلىش سەپىرىدە تۇرمۇش ئېغىرچىلىقى سەۋەبىدىن شىنجاڭنىڭ يېڭىسارىدىن چىقىپ كېتىپ، كەشمىردە تۇرۇپ قالغان موللا سەئىدۇللا ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر شائىرى ئۇنىڭغا ھەمسەپەر بولۇپ يول باشلىغان. فۇرقەت خوتەن ئارقىلىق قاغىلىققا كەلگەن. ئۇ بۇ يەردە ئاتاقلىق تېۋىپ، شائىر تەجەللى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق تاكى ئۇلار ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر داۋاملاشقان. فۇرقەت قاغىلىقتا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن ياركەندكە كەلگەن.

فۇرقەت كەشمىردىن شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىققاندا، شىنجاڭنى ئايلىنىپ تاشكەنتكە قايتىش خىيالىدا بولغان. لېكىن، شائىر ياركەندتە بىرقانچە ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن، بۇ يەرنى ياقتۇرۇپ قالغان.

ياركەندتىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ مېھماندوستلۇقى، بۇ دىيارنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، ساپ ھاۋاسى شائىرنىڭ خەستىلەنگەن كۆڭلىگە ئارام بېغىشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ياركەند

فۇرقەتكە ئىككىنچى ۋەتەن بولۇپ قالغان. ئۇ ياركەندتە تېۋىپلىق قىلىپ ھايات كەچۈرگەن. فۇرقەت ھاياتىنىڭ ياركەندتىكى دەۋرى ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ گۈللەنگەن دەۋرى بولغان. ئۇ بۇ يىللاردا ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن كۆپلىگەن ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان. 1909 - يىلى فۇرقەت كېسەل بىلەن ياركەندتە ۋاپات بولغان.

فۇرقەت ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى چاغاتاي تىلى ئۇسلۇبىدىكى كىلاسسىك شېئرىيەتنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە يېزىلغان. خەلقچىللىق، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ، گۈزەل ئەخلاقنا ئۈندەيدىغان ئىلغار پىكىرلەر ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيەسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسىي تەرەپلەردۇر.

فۇرقەت بەدىئىي ئىجادىيىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى لىرىك شېئىرلار تەشكىل قىلغان. ئۇنىڭ «بەھار ئەييامى»، «چىرايلىق»، «كېلىڭ موللا رىھىم»، «ئۆمۈر خۇش ئۆتمەس»، «ئىستەر كۆڭۈل»، «سەير باغ ئېتسەڭ نېتەر»، «پەسلى بەھار ئېمەسمى»قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئۆزىنىڭ ئېستېتىكىلىق ئىدىيەسى مەركەزلىك يوسۇندا ئىپادىلەنگەن.

فۇرقەت ياركەندتە تۇرغان مەزگىلدە ئۇ يەردىكى قائىدە يوسۇنلارغا، ئۆرپ - ئادەتلەتگە ئەھمىيەت بىلەن كۆزىتىش ئېلىپ بارغان ۋە بۇ ھەقتىكى كۆزىتىش نەتىجىلىرىنى«قەۋائىدىن چىن ۋە ئۇمۇراتى سىياسىي» (چىننىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى ۋە سىياسىي ئىشلىرى) نامى بىلەن «تۈركىستان ۋىلايىتى گېزىتى»[1]دە ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇ ماقالە فۇرقەتنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ماقالە يەنە ئەينى زاماندىكى ياركەندلىكلەرنىڭ ئەخلاق - يوسۇنلىرىنى تەھقىقلەشتە قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ

---

[1] فۇرقەتنىڭ بۇ ماقالىسى «تۈركىستان ۋىلايىتى گېزىتى»نىڭ 1905 - يىللىق 50 - سان ۋە 1906 - يىللىق 1 -، 7 -، 8 - سانلىرىدا بۆلۈپ بېرىلگەن.

ھېسابلىنىدۇ[1].

بۇ دەۋردە يەنە ئەدىبلەرنىڭ ئىدىيەۋى خاھىشچانلىقىدا بىرقەدەر ئېنىق ئۆزگىرىش بولغان. كۆپچىلىك ئاپتورلار بايرىقى روشەن ھالدا ئېزىلگۈچى خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ ئەسەر يازىدىغان، شۇلارنىڭ مۇڭ-زارىنى ئىپادىلەيدىغان خاھىش گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسى يارقىن بولغان، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچەيگەن.

ئىككىنچى، بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا تارىختىكى ھەرقانداق دەۋرگە سېلىشتۇرغاندا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سانى بىلەن ھەجمى كۆپەيگەن، تېما دائىرىسى كېڭەيگەن، مەزمۇنىنىڭ رەڭدارلىقى ئاشقان، ئۇسلۇبى يېڭىلانغان. «دىۋانى سەدائى»، «مۇخەممەسى نىزارىي»، «غەزەلىياتى غېرىبى»، «دىۋانى زوھۇرى»، «دىۋانى سەبۇرى»، «دىۋانى نىيازى»، «دىۋانى تەجرىد»، «كۇللىيات خەستە»، «كۇللىيات غېرىبى»، «دىۋانى موللا سەئدۇللا»، «دىۋانى ناقىس»، «كىتابى ئابدۇللا» قاتارلىق لىرىك شېئىرىي توپلاملار (بەزىلىرىنىڭ ئىچىدە ئېپىك شېئىرلار - داستانلارمۇ بار)، «نەسرىي خەمسە نەۋايى»، «كىتابى غېرىب»، «داستان غىزائى»، «ھېكايەتى غېرىپ» («مۇھەببەت داستانلىرى»)، «ماقالات»، «بەھرام گۆر»، «مۇھەززىنۇل ۋاھىزىن»، «ھەفتە داستان»، «مەنسۇر»، «ئىسكەندەرنامە»، «زەپەرنامە»، «تۆتنامە»، «گۈلزارى بىنىش»، «داستانى مېۋە» (مېۋىلەر مۇنازىرىسى) قاتارلىق داستان - قىسسىلەر مەيدانغا كەلگەن.

ژانىر، شەكىل جەھەتتىن ھەر خىل بولغان. ئىلگىرىكى دەۋرگە سېلىشتۇرغانغا قارىغاندا بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي يادىكارلىقلار سان جەھەتتىن كۆپ، ھەجمى چوڭ، تېمىسى خىلمۇخىل، مەزمۇنى رەڭگارەڭ بولغان.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيەۋىلىكىدە ئېنىق

[1] بۇ مەزمۇنلار «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى» (قادىر ئەكبەر، ھۆرمەتجان ئابدۇراخمانلار تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 - يىلى نەشرى) ئاساسىدا تەييارلاندى.



www.uyghurkitap.com

ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. ئەدەبىي ئەسەرلەردە مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمغا بولغان قارشىلىق بىلەن مېھنەتكەش خەلقنىڭ ئەركىنلىك ـ ھۆرلۈككە ئىنتىلىش، ئادالەت ـ ھەققانىيەتكە تەلپۈنۈش، تەڭسىزلىك، ئېزىلىشكە بولغان قارشىلىق روھى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بولۇپمۇ ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ ئىسيانكارلىق ۋە ھۆرلۈككە ئىنتىلىش خاھىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە بىر بۆلۈك شائىرلارنىڭ جاسارىتى خېلىلا يۇقىرى بولغان. كۆپچىلىك شائىرلار گۇمانىزم، مەرىپەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلىگەن. رېئال تۇرمۇش ئېستېتىكىسى بىلەن غايىۋى ھايات مەۋقەلىرى چىن ھېسسىيات ۋە يۇقىرى بەدىئىي دىت ئارقىلىق ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

تۆتىنچى، ئەدەبىي ئىجادىيەت مېتودىدا توپ ئۆزگىرىش بولغان. رومانتىزم، رېئالىزمدىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت مېتودى ئىزچىل ۋە ئۇنۇملۇك قوللىنىلغاندىن سىرت، تەنقىدىي رېئالىزم خاس مېتود سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. بەزى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ خىل خاھىش روشەن ئىپادىلەنگەن.

بەشىنچى، كىلاسسىزملىق ئەدەبىي ئېقىم بۇ دەۋردە ئاساسىي ئېقىم بولغان. كىلاسسىزم ئەڭ دەسلەپ غەربىي ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن بىر خىل ئەدەبىي ئېقىم بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانىيەت ئەدەبىيات تارىخىدىكى نۇرغۇنلىغان بەدىئىي مېتود ۋە ئەدەبىي ئېقىملار ھەرقايسى خەلقلەر ئەدىبىيات تارىخىغا نىسبەتەن ئورتاق بولغىنىدەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ ياۋروپا ئەدەبىياتىدىن مۇستەسناسىز شەكىللەنگەن كىلاسسىزم ئېقىمى بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ئەلىشىر نەۋايى زاماندىش ۋە ئۆزىدىن بۇرۇنقى كامالەتكە يەتكەن ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلىش، ئۇلارنى ئۈلگە قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش، ۋە دوراش بويىچە بىر خىل ئەدەبىي ئېقىم شەكىللەندۈرگەنىدى. ئۇ لىرىك شېئىرلاردىن تارتىپ داستان، تەزكىرىلەرگىچە، يەنە تىل، ئۇسلۇب، ئىدىيەۋى خاھىشلارغىچە بولغان تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك تەقلىدىيلىك بىلەن

ئىجادىيلىقىنىڭ جىپسىلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جەزبىدار ئۇلگە تىكلەپ بەرگەنىدى. بۇ دەۋردە ئابدۇرەھىم نىزارىي، نورۇزئاخۇن زىيائى، تۇردى غېرىبى قاتارلىقلار نەۋايىنىڭ ئىزىنى بويلاپ مېڭىپ، بۇ بۈيۈك ئۇستاز ۋەكىللىكىدىكى بىر قاتار داڭلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇلگە ۋە ئۆرنەك قىلىش ئارقىلىق بىر تۈركۈم سەرخىل داستانلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كاشغەرنى مەركەز قىلغان كىلاسسىزملىق ئەدەبىي ئېقىمنىڭ چوققىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئالتىنچى، بۇ دەۋردە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاددىي ۋە ئىستىخىيەلىك شەكىلدىكى قامۇسچىلىق ئېقىمى قايتىدىن بارلىققا كەلگەن. نۇرغۇنلىغان ئەدىبلەر كۆپ تەرەپلىمە بىلىم، جۇملىدىن تەبىئىي پەن، ئىلاھىيەت، ئەخلاقشۇناسلىق، مائارىپشۇناسلىق، مۇسىقا، ئىلمىنۇجۇم قاتارلىقلارنى ئۆگىنىپ، شۇ ساھەدە ئاددىي قامۇسلارنى ياراتقان، ئاددىي قامۇسىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلىغان.

يەتتىنچى، كوللېكتىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جانلانغان. بۇ دەۋردە نۇرغۇنلىغان ئاپتورلار شەخسىي ئىجادىيەتتىن سىرت، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئىستىخىيەلىك يوسۇندىكى ئەدەبىي كۇرۇژوكلار تەشكىللەنگەن. چوڭ ھەجىملىك كوللېكتىپ ئەدەبىي توپلام ـ بايازلار بارلىققا كەلگەن. 1830 – 1840 ـ يىللىرى كاشغەردە بارلىققا كەلگەن بىر خىل ئەدەبىي ھەمكارلىق ھادىسىسىنى ئابدۇرەھىم نىزارىي، نورۇزئاخۇن زىيائى، تۇردى غەرىبى قاتارلىقلار باشلىغان بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىبسىل ئەنئەنىسى ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ھادىسە سۈپىتىدە ئەدەبىيات تارىخىنىڭ شەرەپلىكلىكىنى ئاشۇرۇشتا كۈچ قوشقان.

سەككىزىنچى، تەزكىرىچىلىك گۈللىنىپ تۇرغان. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەزكىرىچىلىكنىڭ تارىخى بىرقەدەر ئۇزاق. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن تارتىپ تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا

www.uyghurkitap.com

قەدەر تەزكىرىچىلىك مۇھىم بىر ژانىر سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلگەن ۋە تەرەققىيات يولى بويىچە داۋاملىق ئىلگىرىلىگەن. 19 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە كاشغەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەزكىرە سان جەھەتتىن كۆپ، ھەجىم جەھەتتىنمۇ خېلى زور بولغان، مەزمۇن جەھەتتىنمۇ كۆپ خىللىقتا قاراپ يۈزلەنگەن. مەسىلەن، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ تەزكىرىلىرى (داڭلىقى «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تەزكىرەئى خوجەكان»)، قاسىمىنىڭ 1799 - يىلى يازغان «تەزكىرەئى ئارسلانخان»[1]؛ مۇھەممەد ئەلى كاشغەرىينىڭ «تەزكىرەئى ھەزرىتى موللام» (1800 - يىلى يېزىلغان)؛ موللا ياقۇپ بىننى ئۆمەر كاشغەرىينىڭ 1808 - يىلى يازغان «تەزكىرەتۇل ھىدايەت» ۋە «شەجەرەئى بۇزرۇكۋار»ناملىق ئەسىرى؛ «تەزكىرەئى ئەسھابۇلكەئف» قاتارلىق ئەسەرلىرى؛ ئىمام ھەسەن كاشغەرىينىڭ 1882 - يىلى يازغان «داستان زەئىد ئەنسارى»؛ تەلەبىنىڭ «تارىخى ۋاقىئەئى كاشغەر»؛ ئەيمەننىڭ «ئىلىك خانلار توغرىسىدا داستان»؛ موللا ئابدۇغاپپارنىڭ 1853 - يىلى يازغان «زەپەرنامە شاھ باھادىر خان»، شەمسىدىن ئەلى يېڭىسارىنىڭ «سىيەرۇل مۇخلىسىن» ۋە «تەزكىرەئى ئارسلانخان» قاتارلىق ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىرقەدەر يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ۋە تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولغان موللا ھاجىنىڭ 1829 — 1830 - يىللاردا يېزىلغان «تەزكىرەئى بۇغراخان»؛ موللا مىرسالىھ كاشغەرىينىڭ «تارىخى كاشغەر» (دەسلەپ «چىڭگىزنامە» دەپ ئاتىلىپ قالغان)، موللا مۇھەممەد نىياز ئابدۇلغەفۇر ياركەندىينىڭ 1851 — 1852 - يىللىرى يازغان «قىسەسۇلغەرايىب» قاتارلىق ئەسەرلىرى بارلىققا كەلگەن[2]. بۇ دەۋردە تەزكىرە ئاپتورلىرىنىڭ تىل ۋە ئۇسلۇب

---

[1] ئىمىن تۇرسۇن: «ئەدەبىي مىراس ھەم ۋەسىقىلىرىمىز»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1980 - يىلى 1 - سان، 59 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىلى نەشرى.

[2] بۇ كىتاب 1994 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەت قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى تەرىپىدىن ئاق باسما قىلىپ تارقىتىلدى.

جەھەتتە كۆپ تەرەپلىمە ئالاھىدىلىكلىرى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرەب، پارس تىللىرى بىلەنمۇ تەزكىرىلىرىنى روياپقا چىقارغان. ئۇيغۇر تىلىدىكى تەزكىرىلىرىگە بولسا ئەرەب، پارس تىل ئۇسلۇبى بويىچە ماۋزۇ قويۇشقان. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئۇسلۇبى بىر تەرەپتىن تىل ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن باشقا مىللەت خەلقىگە ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىشنى ئويلىغان.

توققۇزىنچى، ئەدەبىي، ئىلمىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇشتۇرۇش ساھەسىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدىكى جانلىنىش بولغان. نۇرغۇن ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. كاشغەرلىك تەرجىمانلار ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىكىنىڭ ئاۋانگارتلىرى سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلغان[①].

ئونىنچى، ئەدەبىياتنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي كۈچلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن يېقىنلىق بارلىققا كەلگەن. ئەدەبىيات بىلەن ئاۋام خەلق ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە قويۇقلىشىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا بولغان تەسىرىمۇ چوڭ بولغان. بىرمۇنچە ھاكىمبەگلەر ھەر خىل مەقسەتلەر ئۈچۈن ئاپتورلارغا ھامىيلىق قىلىشىپ، كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالغان.

ئون بىرىنچى، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەت، ھېكايە، داستان ـ قىسسە ۋە ناخشا ـ قوشاقلارنى توپلاش، رەتلەش، قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈپ، يازما ئەدەبىياتقا ئايلاندۇرۇش بويىچە بىرمۇنچە ئىشلار ئىشلەنگەن. خەلقنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا ئاھاڭ تېكىستلىرىدە يېغىلىنىش بولغان. ھۆرلۈك، ئىنسانىي

---

[①] بۇ ھەقتە ئىمىن تۇرسۇننىڭ «ئەدەبىي تەرجىمە تارىخىمىزدىن بىر باب» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 8 ـ سانى)ناملىق ماقالىسى؛ راززاق مەتنىياز باشچىلىقىدا يېزىلغان «غەربىي يۇرت تارجىمە تارىخى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىقلارغا قارالسۇن.

هوقۇق ئۇچۇن كۈرەش قىلغان بىر قاتار خەلق قەھرىمانلىرى مەيدانغا كېلىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار ھاياتىدىن ھاسىل قىلغان تارىخىي داستانلىرى ۋە كەڭ خەلقنىڭ بۇ قەھرىمانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ يالقۇنلۇق ھاياتىنى مەدھىيەلەيدىغان ناخشا ـ قوشاقلىرى كاشغەر باغلىرىدىن قۇمۇل تاغلىرىغىچە، خوتەن بوستانلىقىدىن ئىلى گۈلىستانلىقلىرىغىچە كەڭ تارقالغان. سەلەي چاقچان (1790 ـ 1850) لەتىپىلىرى، نوزۇگۇم (1808 ـ 1827) قوشاقلىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى لەرزىگە سالغان.

ئون ئىككىنچى، ئۆز خەلقىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىملىرىدىن، ئەدىبلىرىدىن ئۆگىنىش، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش، كۆپەيتىش، رەتلەش، ساقلاش، ئۇلارنى ياد ئېتىش بويىچە كەڭ ھەرىكەت قوزغالغان. ئۇلۇغ شائىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش، نۇسخىلاش، رەتلەش، ئاممىبابلاشتۇرۇش قاتارلىق ساھەدە مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي، ئۆمەر باقى ياركەندىي، موللا سىددىق ياركەندىي، موللا يۇنۇس ياركەندىي، مۇھەممەد فازىل ئوغلى ئابدۇرەھىم كاشغەرىي، ئابدۇرەھىم نىزارىي، نورۇز ئاخۇن زىيائى، تۇردى غەرىبى قاتارلىقلارنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرى باشقا رايونلاردىكى ئۇيغۇرلارغا ئۈلگە بولغان.

بۇ دەۋردە يەنە يازما ئەدەبىياتنىڭ سۈت ئانىسى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمۇ كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇنلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، رېئالىستىك خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىگە ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ھالدا ئەينى دەۋردىكى تۈرلۈك ئالۋان ـ ياساق، سەيسى قاتارلىقلار ۋە شۇ دەۋر سىياسىتىنىڭ قاپلىرىنى يېرىپ تاشلاپ، تارىخنىڭ بەدىئىي كارتىنىسىنى ئېغىز ئارقىلىق سۈرەتلەپ بەرگەن.

خۇلاسىلىگەندە، 19 ـ ئەسىر كاشغەر ئەدەبىياتى مەزمۇن جەھەتتە تولغان، شەكىل جەھەتتە پىشقان، ئۇسلۇب جەھەتتە خاسلاشقان، ئىجتىمائىي تەسىر جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن، تىل

www.uyghurkitap.com

جەھەتتە ئۆلچەملەشكەن بىر خىل ئەدەبىيات ھادىسىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، 1000 يىللىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا پاراۋۇزلۇق رولىنى ئويناپ كەلگەن كاشغەر ئەدىبلىرىنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلغان، پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئىزچىللىقىنى، ئاكتىۋاللىقىدا تويۇنغانلىقىنى تولۇق پاكىت ئاساسىغا ئىگە قىلىشقا مۇناسىپ ئۈلۈشىنى قوشقان، ئۇيغۇر ئەدبىيات گۈلىستانىنى شان ـ سەرەپلەر بىلەن بىزىگەن، تەسىرىنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۆتكۈزۈشكە تولۇق ئاساس ھازىرلىغان، مەڭگۈ يالتىراپ تۇرىدىغان قۇتلۇق يادنامە قالدۇرغان، پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى يېلىنجىتىپ تۇرۇشقا بولغان ئىشەنچىسىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە بىكىتىۋەتكەن.

## 2. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي

### 1. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ ھاياتى

ئۇزاق يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا قەدەممۇقەدەم يۈكسىلىپ، مۇكەممەللىشىپ، بېيىپ كەلدى. مۇشۇ جەرياندا ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلار، ئاتاقلىق تىلشۇناسلار، ئۇلۇغ تارىخشۇناسلار، كاتتا شائىر ـ يازغۇچىلار، دىراماتورگ، سەنئەتكارلار يېتىشىپ چىقىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ياشاپ ئۆتكەن، ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن ئەدەبىي، تارىخىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرى بىلەن ئۆز دەۋرىدە شىنجاڭدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا تونۇلغان تالانتلىق يازغۇچى، ئالىم، ئەدەبىي تەرجىمان ۋە جامائەت ئەرباىي مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ھەققىدە

ئېنىق مەلۇماتلار ساقلانمىغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر ئەدىبنىڭ ھاياتى ھەققىدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقاتلاردا بىرنەچچە تۈرلۈك كۆزقاراشلار مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ قاراشلارنى تۆۋەندىكى بىرقانچە خىلغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ھىجرىيە 1138 - يىلى (مىلادىيە 1721 - يىلى) كاشغەردە موللا شاھ ئەلى ئاخۇن ئىسىملىك بىر دىنىي مۆتىۋەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ھىجرىيە 1266 - يىلى (مىلادىيە 1846 - يىلى) كاشغەردە بولغان بىر قېتىملىق سىياسىي توپىلاڭدا پاجىئەلىك ھالدا قەتل قىلىنغان.

بۇ خىل قاراش ئابدۇرەھىم سابىت تۇزگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2 - قىسىم 2 - كىتاب) [1]، غەيرەتجان ئوسمان تۇزگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس»[2] قاتارلىق ماتېرىياللاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئىككىنچى، موللا مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ھىجرىيە 1138 - يىلى (مىلادىيە 1725 — 1726 - يىللىرى) كاشغەر يارباغ مەھەللىسىدە موللا شاھ ئەلەم ئاخۇنۇم ئىسىملىك بىر دىنىي مۆتىۋەرنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ھىجرىيە 1266 - يىلى (مىلادىيە 1850 - يىلى) ئالەمدىن ئۆتكەن. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (III توم)[3]، غەيرەتجان ئوسمان يېتەكچىلىكىدە تۇزۇلگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (II توم)[4] قاتارلىقلاردا مۇشۇ خىل قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

---

[1] ئابدۇرەھىم سابىت تۇزگەن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2 - قىسىم 2 - كىتاب)، قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى باستۇرغان. 1984 - يىل 10 - ئاي نەشرى، 237 - بەت.

[2] غەيرەتجان ئوسمان تۇزگەن: « ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1987 - يىلى نەشرى، 203 - بەت.

[3] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (III توم)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 - يىلى نەشرى، 418 -، 425 - بەتلەر.

[4] غەيرەتجان ئوسمان يېتەكچىلىكىدە تۇزۇلگەن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 - يىلى 8 - ئاي نەشرى، 920 -، 923 - بەتلەر.

www.uygurkitap.com

ئۇچىنچى، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي 1740 - يىلى كاشغەردە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1849 - يىلى ۋاپات بولغان. بۇ مەلۇماتلار «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»[1]، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»[2]، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1984 - يىللىق ئومۇمىي 14 - سانىدا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن نەشرگە تەييارلىغان مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ «غەزەل ۋە مەسنەۋىلەر» نىڭ كىرىش سۆزىدە، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1988 - يىللىق 2 - سانىدا ئى. سەئىدۇللايېۋنىڭ «مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ ئەخلاقىي دىداكتىك مىراسى» ناملىق ماقالىسىدە، ساۋۇت موللائۇدوۋ يازغان «18 - ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيەسى»[3]، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت قامۇسى»[4]، لىيۇ گوشياڭ تۈزگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»[5]، گو چىڭيۇۋ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەھرىمانلىق شەجەرىسى»[6]، ئىمىنجان ئەھمىدى تۈزگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»[7]، ئابدۇكېرىم راخمان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»[8] ناملىق

---

[1] ك. ھاسانوۋ، س. موللائۇدوۋ تۈزگەن: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، 1982 - يىلى نەشرى، ئالمۇتا، 168 - بەت.

[2] قازاقىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۈزگەن:«ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، قازاقىستان س س ر «نائۇكا» نەشرىياتى 1983 - يىلى نەشرى، ئالمۇتا، 86 - بەت.

[3] C. موللائۇدوۋ: «18 - ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيەسى»، «نائۇكا» نەشرىياتى، 1990 - يىلى نەشرى، ئالمۇتا، 203 - بەت.

[4] تۆمۈر داۋامەت يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن: «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت قامۇسى» (غەربىي شىمال قىسمى)، مىللەتلەر نەشرىياتى 1989 - يىل 10 - ئاي نەشرى، 242 - بەت (خەنزۇچە).

[5] لىيۇ گوشياڭ تۈزگەن: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1952 - يىل 5 - ئاي نەشرى، 238 - بەت (خەنزۇچە).

[6] گو چىڭيۇۋ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەھرىمانلىق شەجەرىسى»، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشرى، 2263 – 2265 - بەتلەر (خەنزۇچە).

[7] ئابدۇكېرىم راخمان يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1998 - يىل 7 - ئاي نەشرى، 469 - بەت (خەنزۇچە).

[8] جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخ مەجمۇئەسى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (3)، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 - يىل 4 - ئاي نەشرى، 11 - بەت.

كىتابلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئالىمنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ۋە بۇ ھەقتە يېزىلغان ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئاساسەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مۇشۇ خىل قاراشلارغا مەركەزلەشكەن. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بىرىنچى خىل قاراش بىلەن ئىككىنچى خىل قاراش ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ يەردىكى پەرق پەقەت ھىجرىيە يىلىنى مىلادىيە يىلىغا ئايلاندۇرۇشتىن كېلىپ چىققان ئوخشىماسلىقتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئوخشاشلا 1725 ـ، 1726 ـ يىللىرى تۇغۇلۇپ، 1850 ـ يىلى ۋاپات بولغان دېگەن قاراش ئىدى. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ئالىمنىڭ ھاياتى ھەققىدە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يۇقىرىقى قاراشلار ئوخشاش ئەمەس ئىدى، ھەتتا بەزى مەنبەلەردە، مەسىلەن ليۇ زىشياۋ يازغان «ئۇيغۇر تارىخى»①، گاۋ ۋېندې باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو مىللەتلەر تارىخى مەشھۇر شەخسلەر لۇغىتى»②، «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىدىكى مەشھۇر شەخسلەر تەزكىرىسى»③ قاتارلىقلاردا ئەدىبنىڭ ياشىغان ۋاقتى 1685 — 1765 ـ يىللىغىچە دەپ ئېلىنغان بولۇپ، مۇشۇ بىر قاتار قاراشلار سەۋەبىدىن ھەتتا بەزى ماتېرىياللاردا مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ئاتلىق ئەدىبتىن ئىككىسى پەيدا بولغان. ④ لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن، يۇقىرىقى

① ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» 1 ـ قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىل 10 ـ ئاي نەشرى، 1078 ـ بەت.

② گاۋ ۋېندې باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «جۇڭگو مىللەتلەر تارىخى مەشھۇر شەخسلەر لۇغىتى» (中国民族人物辞典)، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1988 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى، 610 ـ بەت (خەنزۇچە).

③ جوۋ شاۋزۇ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىدىكى مەشھۇر كىشىلەر تەزكىرىسى» (西域文化名人志)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى، 256 ـ بەت.

④ تۆمۈر داۋامەت يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن: «جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت قامۇسى» (غەربىي شىمال قىسمى) (中国少数民族文化大辞典) دا مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي (1740 — 1849) 穆罕默德·萨迪克·喀什噶尔 ۋە 穆罕默德·沙迪克·喀什噶尔 (1685 — 1765) دەپ ئىككى كىشى سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلغان.

قاراشلارنىڭ خۇددى ئەمىنجان ئەھمىدى ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغاندەك «پاكىت ئاساسى ئېنىق ئەمەس» ئىدى. ئۇنداقتا، ئەدىب زادى قاچان، قەيەردە تۇغۇلغان؟ ھازىرچە بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزگە ئاساسلانغاندا، ئالىمنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك مەلۇمات ھىجرىيە 1252 - يىلى (مىلادىيە 1836 - يىلى) ئالىم تەرىپىدىن كاشغەر ئوپال ئازىقتىكى «ھەزرىتى موللام» (مەھمۇد كاشغەري) مازىرىغا تەقدىم قىلىنغان «مەسنەۋى شەرىف» ناملىق كىتابنىڭ ۋەخپىنامىسىدە ئۇچرايدۇ.

«ھىجرىيە 1252 - يىلى (كالا يىلى) ئۇلۇغ رەجەپ ئېيىنىڭ 14 - كۈنى شەرىئەتنىڭ تۈۋرۈكى بولغان كاشغەر ۋىلايىتى قازى مەھكىمىسىنىڭ قازىسى تۆۋەندە مۆھۈرۈمنى باسقۇچى مەنكى موللا سادىق ئەلەم شاھ ئەلا ئاخۇن ئوغلى بىر يۈز ئون تۆت ياشقا كىرگەن تەندۇرۇس ھالىتىم، ئىلىمگە بولغان ھېسسىياتىم، ئىشتىياقىم ۋە ئەدەبلىك كەيپىياتىم بىلەن ئىلىم - مەرىپەتنى مەزمۇن قىلغان ئالتە دەپتەرنى بىر مۇقاۋىغا توپلەپ، ۋاراقلىرىغا ئىجتىھات قەلىمى بىلەن زىننەت بېرىپ يېزىلغان قىممەت باھالىق ئالتۇنغا سېتىۋالغان مۈلكۈم بولغان «مەسنەۋى شەرىف» ناملىق كىتابىمنى كاشغەرنىڭ ئوپال رايونى تاغ باغرىدا، سۈزۈكبۇلاق سەھنىسىدە دەپنە قىلىنغان ھەزرىتى موللام، دىنىنىڭ قۇياشى، ھۆسەيىن (ئوغلى) قەلەم ئىگىسى بولغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرىغا مۇتلەق ۋەخپە ئەبەدىي سەدىقە (قىلدىم).

بۇ ئۇلۇغ ئەدىبكە (مۇتلەق ۋەخپە قىلغان) ئىلىم - مەرىپەت مەزمۇنىدىكى بۇ كىتابىمنى ئەدىبلەر بىلەن ئىلىم ئەربابلىرىنىڭ دىنىنىڭ قۇياشى، ھۆسەيىن (ئوغلى) قەلەم ئىگىسى بولغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مۇبارەك قەبرىسى ئۈستىدە، سۈزۈك بۇلاق ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ مۇتائىلە قىلىپ، قەلەم ئىگىسى بولغان ھەزرىتى مەۋلام، دىنىنىڭ قۇياشى، ھۆسەيىن (ئوغلى) مەھمۇد كاشغەري ھەققىدە دۇئا قىلىپ، مۇسۇلمان ئەۋلادلىرى ۋە مىللىتىمىزنىڭ ئاممىسىغا ئىلىم ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ تولۇق

پەزىلەتلىك بولۇشقا تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ۋەخپە قىلىنغان مەزكۇر كىتابىمغا باش شاگىرتىم موللا ئەيد خەلپەت موللا ئىبۋەز ئوغلىنى باشقۇرغۇچى قىلىپ تەيىنلىدىم، دەپ تۆۋەندە موللا سادىق ئەلەم ئۆز مۆھۈرۈمنى باستىم.

مەزكۇر ئىقرارىمنىڭ راستلىقىغا مۇددەررىس ئۆلىما ئەلنەزەر ئاخۇنۇم، باش كاتىب موللا ئابدۇرەھىم نىزارىي، نورۇز كاتىب، تۇردۇش كاتىب، شەيخ ئاخۇنۇم، موللا غوجىلاق، ئوپالدىن زەيدىن قۇرۇلبېگى قاتارلىقلار گۇۋاھتۇر.

مۆھۇر:

داڭلىق ئۆلىما، دەۋرىنىڭ ئالىمى موللا سادىق شاھ ئەلا ئوغلى.

(مۆھۇر ھىجرىيە 1208 - يىلى ئويۇلغان)»[1]

مانا بۇ ۋەخپىنامىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي 1722 – 1723 - يىللىرى ئەتراپىدا كاشغەر كوناشەھەر ناھىيەسىدە موللا شاھ ئەلەم ئاخۇنۇم ئىسىملىك بىر دىنىي مۆتىۋەر كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئۆز ئائىلىسىدە ئالغاندىن كېيىن، كاشغەر دۆلەتباغ يېزىسىدىكى ئۇزاق تارىختا ئىگە بولغان «مەدرىسەئى ھامىدىيە» گە ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ بۇ يەردە دىنىي بىلىملەردىن سىرت، تارىخ، تىل - ئەدەبىيات، ھېساب، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە يەنە ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۆز دەۋرىنىڭ تونۇلغان ئالىملىرىدىن بىرى بولۇپ يېتىشكەن. مەدرىسەنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن كاشغەر خانلىق مەدرىسەسىنىڭ مۇددەررىسلىكىگە تەيىنلىنىپ، بىر مەزگىل ياش تالىپلارنى ئوقۇتۇپ، ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش، ئىلىم مۇتائىلە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان.

مۇشۇ جەرياندا ئالىمنىڭ ئىلمىي قابىلىيىتى ۋە يۈكسەك ئەخلاق - پەزىلىتى ئاۋام ئىچىگە كەڭ تارقالغان. مۇھەممەد

[1] خالىدە مۇتىئى نەشرگە تەييارلىغان: «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 - يىل 7 - ئاي نەشرى، بېيجىڭ.

سادىق كاشغەرىينىڭ مەلۇماتىنىڭ چوڭقۇر، ئەتراپلىق، نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭ، ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن خەۋەر تاپقان كاشغەرنىڭ ئەينى چاغدىكى ھاكىمى مىرزا ئوسمانبەگ ئۇنى ئوردىسىغا چاقىرتقان ھەمدە ئالىم بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭغا خوجىلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان بىر تەزكىرە يېزىپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ، مىرز ئوسمانبەگنىڭ ئانىسى رەھىمخان ئاغىچا بىكەممۇ موللا مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينى يېزىشقا دەۋەت قىلىپ، ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ. ئەسلىدىنلا مۇشۇنداق بىر ئەسەر يېزىش ئىستىكىدە بولۇپ كېلىۋاتقان موللا مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي تېز تۇتۇش قىلىپ، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بۇ كىتابنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يېزىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن بەكمۇ سۆيۈنگەن مىرزا ئوسمانبەگ مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ، مىرزىلىققا سالىدۇ. كېيىن مىرزا ئوسمانبەگ ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا تۇرپانلىق ئىمىن خوجىنىڭ ئوغلى ئىسكەندەر ۋاڭ كاشغەرنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ئىسكەندەر ۋاڭمۇ ئىلىم - مەرىپەتنى قىزغىن سۆيىدىغان ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولغاچقا، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ ئىلمىي پەزىلىتىگە قاراپ، ئۇنى ئوردا خىزمىتىدە داۋاملىق قالدۇرىدۇ.

زامانىسىنىڭ ئەرەب ۋە پارس تىلى بويىچە تونۇلغان ئالىمى مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 10 - ئەسىردە (839 — 923 - يىللىرى) ئۆتكەن ئەرەب تارىخچىسى ئەبۇ جەپپەر مۇھەممەد بىننى جۇۋەيرى بىننى زەيىت تەبەرىنىڭ ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن تارتىپ تاكى ئاپتور ۋاپات بولغانغا قەدەر ئارىلىقتىكى دۇنيانىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ تارىخىغا ئائىت تۆت توملۇق «تارىخى تەبەرى» ناملىق ئەسىرىنى ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ دەۋر رىئاللىقىغا ماسلاشتۇرغان ھەمدە مەزمۇن جەھەتتىن ئەسلىدىكىسىگە قارىغاندا بىرقەدەر تولۇقلىغان ئاساستا، ئىجادىي، مۇۋەپپەقىيەتلىك

ھالدا تەرجىمە قىلىپ چىقىدۇ ھەمدە ئەسەرگە بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشىغا ھامىيلىق قىلغان ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ نامىنى بېرىپ، «تارىخى ئىسكەندەرىيە ۋە تاجنامەئى شاھى» (ئىسكەندەر خانلىقى ۋە شاھلار تاجنامىسى) دەپ ئات قويىدۇ. ئەدىب مۇشۇ يىللاردا يەنە ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ياركەند (سەئىدىيە) خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر تارىخچى مىرزا ھەيدەر كۆرەگانىنىڭ داڭلىق ئەسىرى «تارىخى رەشىدىي» نى پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىدۇ. شائىرنىڭ ئىجادىيەتتىكى يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتى، ئىستېداتى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كەڭ تارقىلىدۇ ۋە ئۇزاق ئۆتمەي كاشغەر شەرئى مەھكىمىسىنىڭ قازىلىقىغا تەيىنلىنىدۇ[1]. دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەردە ۋايىغا يەتكەن، تەمكىن، دەل سۆزلۈك، ھەرقانداق ئىشنى ئەستايىدىل ئويلاپ، توغرا بىر تەرەپ قىلىدىغان، ھەممە ئىشتا خەلق مەنپەئەتىنى ئويلايدىغان، كاشغەردىكى داڭلىق ئالىم ـ ئۆلىمالار ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بۇ ئۇلۇغ ئەدىبنىڭ «موللا مۇھەممەد سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم» دېگەن مۆھۈرى ئادالەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەرلەردە بىردەك ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

بۇ مەزگىللەردە شائىر كاشغەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىلىم ساھەسىدە كۆپلەپ شاگىرت يېتىشتۈرگەندىن سىرت، يەنە ئەينى زامانىنىڭ تالانت ئىگىلىرىدىن بولغان ئابدۇرەھىم نىزارىي، تۇردۇش ئاخۇن غەرىبى، نورۇز ئاخۇن زىيائى، ئۆمەر ھۇسەيىن سەبۇرى قاتارلىقلار بىلەن ئىلمىي ئىشلاردا ھەمكارلىشىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى

---

[1] بەزى مەنبەلەردە مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي تۇرپان ۋاڭى ئەفرىدۇن كاشغەرگە ھاكىمبەگ بولغاندا قازىلىققا تەيىنلەنگەن دېيىلگەن. لېكىن، تۇرپان ۋاڭى ئەفرىدۇن 1827 ـ يىلىدىن 1873 ـ يىلىغىچە تۇرپاندا ھاكىمىيەت تۇتقان بولۇپ، كاشغەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلمىغان، بۇنى يەنىمۇ تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۈچۈن زور كۈچ چىقىرىدۇ، جۈملىدىن ئىلىم ئەھلىلىرىگە بولغان چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتىنى ۋە ياش ئەۋلادلارنىڭ ۋە مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئارزۇسىدا ئۆزىنىڭ قىممەت باھالىق مۈلكى بولغان «مەسنەۋى شەرىف» ناملىق كىتابىنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرىغا زىيارەتكە چىققان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن مۇتلەق ۋەخپە قىلىدۇ. بۇنىڭدىن 170 نەچچە يىل بۇرۇن يەنى ھىجرىيە 1252 - يىلى (مىلادىيە 1836 - يىلى) يازغان ئاشۇ ۋەخپە خېتىدىكى: «بۇ ئۇلۇغ ئەدىبكە (مۇتلەق ۋەخپە قىلغان) ئىلىم - مەرىپەت مەزمۇنىدىكى بۇ كىتابىمنى ئەدىبلەر بىلەن ئىلىم ئەربابلىرىنىڭ دىنىنىڭ قۇياشى، ھۇسەيىن (ئوغلى) قەلەم ئىگىسى بولغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مۇبارەك قەبرىسى ئۈستىدە، سۆزۈك بۇلاق ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ مۇتائىلە قىلىپ، قەلەم ئىگىسى بولغان ھەزرىتى مەۋلام، دىنىنىڭ قۇياشى، ھۇسەيىن (ئوغلى) مەھمۇد كاشغەرىي ھەققىدە دۇئا قىلىپ، مۇسۇلمان ئەۋلادلىرى ۋە مىللىتىمىزنىڭ ئاممىسىغا ئىلىم ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ تولۇق پەزىلەتلىك بولۇشقا تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن»[1] دېگەن مۇشۇ جۈملىلەر ئالىمنىڭ مىللەتنىڭ تەقدىرىگە، ئەۋلادلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر ئادەم ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي كاشغەر شەرئى مەھكىمىسىنىڭ قازىسى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق ئۆلىماسى بولۇش سۈپىتى بىلەن كاشغەر ھاكىمبېگى زوھۇردىن (1830 - يىللاردىن 1849 - يىلىغىچە كاشغەردە ھۆكۈمرانلىق قىلغان) نىڭ ئىسلاھات ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەملىشىدۇ. ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن بىنەم يەر ئېچىش ھەيئىتىنىڭ يېتەكچىلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، نۇرغۇنلىغان تېرىلغۇ يەرلەرنى ئېچىپ ۋە

[1] خالىدە مۇتىئى نەشرگە تەييارلىغان: «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 - يىل 7 - ئاي نەشرى، 167 - بەت.

كېڭەيتىپ، يەرسىز دېھقانلارنى يەر ـ سۇغا ئىگە قىلىدۇ. ھىجرىيە 1254 ـ يىلى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئۆزى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىسلاھاتقا ماسلاشتۇرۇپ، قەشقەر شەھىرىنى كېڭەيتىش ئۇچۇن شەھەر سېپىلىنى قايتىدىن سوقتۇرماقچى بولىدۇ. بۇ زور ئەمگەك كۈچى ۋە ئىقتىسادىي كۈچ تەلەپ قىلىدىغان جاپالىق قۇرۇلۇش بولغاچقا، ھەممىلا ئىشىدا خەلقنى ئويلايدىغان، خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولغان مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي خەلقنىڭ ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم[1] قاتارلىق بىر قىسىم يۇرت ئۆلىمالىرى بىلەن بىرلىكتە زوھۇرىددىن ھاكىمبەگكە بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىگەن زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ شەھەرنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى باشلىنىشى بىلەنلا مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي قاتارلىقلاردىن ئۆچ ئېلىشنى نىيەت قىلىپ، ئەسلىدىكى شەھەر سېپىلىنى كېڭەيتىش پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، شەھەر سېپىلىنى مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ تۆرەيارباغدىكى، تۇردى شەيخ ئاخۇنۇمنىڭ قۇمدەرۋازىدىكى باغلىرىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن سوقتۇرۇپ، ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىش ئارقىلىق ئۆچ ئالىدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىگەن ئالىم ئۆز خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، ئائىلىسىگە قايتىپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھىجرىيە 1266 ـ يىلى (مىلادىيە 1850 ـ يىلى) ئالەمدىن ئۆتىدۇ[2].

## 2. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ ئىجادىيىتى

19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئۇچىنچى

---

[1] تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي تەرىپىدىن مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىغا كىتاب ۋەخپە قىلىنغانلىق توغرىسىدىكى ھۆججەتكە قول قويغان بەش گۇۋاھچىنىڭ بىرى.

[2] بەزى مەنبەلەردە مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي 1849 ـ يىلى كاشغەردە بولغان بىر قېتىملىق سىياسىي توپىلاڭدا قەتل قىلىنغان دەپ ئېلىنغان. بىراق، بۇ قاراشنىڭ ئاساسى ئېنىق ئەمەس، شۇڭا بۇنى يەنىمۇ تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

قېتىملىق ئالتۇن دەۋرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە چوڭ تۆھپە قوشقان مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ئەلىشىر نەۋائىيدىن كېيىن ئۆتكەن مول ھوسۇللۇق ئەدىبلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى تارىخ، ئەدەبىي تەزكىرە، شېئىرىيەت، تەرجىمە، ئەخلاق، دىن قاتارلىق كۆپ خىل ژانىر ۋە شەكىللەرگە تەۋە بولۇپ، ئۇ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پەن - مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ۋە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئالىم ئۆز ھاياتىدا باشتىن - ئاخىر خەلق بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، ئۆز ھاياتىنى خەلق تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك، پاراۋان ئۆتۈشى ئۈچۈن بېغىشلاش بىلەن بىرگە يەنە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر تەزكىرە ئەدەبىياتى ۋە تارىخ، پەلسەپە، ئەخلاق، دىن قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى.

مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئالدى بىلەن لىرىك شېئىرلارنى يېزىش بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ لىرىك شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى غەزەللەر، مەسنەۋىلەر، مۇخەممەسلەر، رۇبائىيلار، ساقىينامىلەر ۋە مۇسەممەنلەردىن تەركىب تاپقان. گەرچە ھازىرغا قەدەر مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ ئايرىم شېئىر دىۋانى تېپىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەزكىرە ۋە تارىخ - تەرجىمە ئەسەرلىرىگە قىستۇرۇلغان شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىدىنلا ئۇنىڭ يېتىشكەن شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ تارىخ، ئەدەبىي تەزكىرە جەھەتتىكى ئىجادىيىتى ناھايىتى گەۋدىلىك بولۇپ، ئەدىب ئۆزىنىڭ تارىخىي جەھەتتىن يۇكسەك چىنلىققا، بەدىئىي جەھەتتىن مۇكەممەللىككە ئىگە بولغان تەزكىرە ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تەزكىرە ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتى

ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ تەزكىرە ئەسەرلىرىدىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى «تەزكىرەئى ئەزىزان» (ئەزىزلەر تەزكىرىسى)، «تەزكىرەئى خوجەكان» (خوجىلار تەزكىرىسى)، «تەزكىرەئى ئەسھابۇلكەئف» ( ئەسھابۇلكەئف تەزكىرىسى)، «تارىخى ئىسكەندەرىيە ۋە تاجىنامەئى شاھى» («ئىسكەندەر خانلىقى تارىخى ۋە شاھلارنىڭ تاجنامىسى») قاتارلىقلار ئۇيغۇر تەزكىرە ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆزىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى تارىخىي چىنلىقى ۋە بەدىئىيلىكى بىلەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئۇيغۇر تەزكىرە ئەسەرلىرىنىڭ نەمۇنىلىرى بولۇپ، 18 – 19 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي يەنە تەرجىمە ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ «تەرجىمەئى تارىخى تەبەرى» (تارىخى تەبەرىنىڭ تەرجىمىسى)، «تەرجىمەئى تارىخى رەشىدىي» (تارىخى رەشىدىينىڭ تەرجىمىسى) قاتارلىق ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن باشلانغان ئەخلاقىي دىداكتىكىلىق تېمىدا ئەسەر يېزىش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئىجادىي ھالدا بېيىتىپ، ئەينى دەۋر جەمئىيەت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرگەن ئاساستا «زۇبدەتۇلمەسائىل» («مەسىلىلەر جەۋھىرى» – ئىجتىمائىي دىداكتىكىلىق ئەسەر)، «ئادابۇسسالىھىن» («ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقى») قاتارلىق ئەخلاقىي دىداكتىكىلىق ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپتور يەنە «قىياپەتۇل بەشەر»، («ھەر خىل قىياپەتلەر بەشرىسى» – تىبابەتچىلىك پىسخولوگىيەسىگە دائىر ئىلمىي رىسالە)، »رىسالەئى كەسپدار» («كەسپدارلار رىسالىسى») قاتارلىق رىسالە ئەسەرلىرىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە «كەشفۇل قۇلۇپ»، «ئىسلام ئاساسلىرى»، «قۇرئان تەپسىرى» قاتارلىق 18

www.uyghurkitap.com

پارچىدىن ئارتۇق نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغانلىقى مەلۇم. گەرچە ئاپتورنىڭ كۆپ قىسىم ئەسەرلىرى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ تېما جەھەتتىن خىلمۇخىل، مەزمۇن جەھەتتىن مول، شەكىل جەھەتتىن مۇكەممەل ۋە رەڭدار بولغان ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 18 ـ 19 ـ ئەسىرلەردىكى گۈللىنىشى ئۇچۇنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بېيىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى.①

## 3. مىرھەسەن سەدايى

سەدايى (1758 ـ ؟) كاشغەردە ئۆتكەن لىرىك ۋە يىرىك شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۇرتى، ئىسىم ـ شەرىپى، يېشى توغرۇلۇق «دىۋانى سەدايى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدا ئەھمىيەتلىك ئۇچۇرلارنى بېرىپ ئۆتكەن:

ئۆتمەي ئىشقىنىڭ بەھرىدىن، غەر قاب بولۇپ نەھرىدىن،
بۇلاق باشى شەھرىدىن ئېيتىپ بارىپ دوستلارىم.
......
مىرھەسەن ئاتىم، سەدائى دەپ ماڭا بولدى لەقەب،
مەئنى يوق يا مەسلىھەت مەنەندى نەقشى بورىيا.
......
ئەگەر دەرگاھىڭە بارسام قىلىپ مەن شانۇشەۋكەتنى،
بۇلاق باشىدەكى يۇرگەن ئىشىگىمدە گادەھ دەرلەر.
(ئەسلىي كىتاب 43 ـ بەت)
ياشىم يېتىپ ئەللىككە ساقالىم ئاقارغاندا،
خىزمەتكە بۇيۇرغان دەپ يار ئالدىدا نەۋكەرمەن.
(ئەسلىي كىتاب 70 ـ بەت)

① بۇ مەزمۇنلار ماگىستىر ئۆمەر ئەخەت تەييارلىغان ماتېرىيال بويىچە رەتلەندى.

بولدى مىڭۇ ئىككى يۈز يىگىرمە بىردە بۇ سۆزۈم،
ھەر كىشى بۇ مەئىنىنى شەرھ ئەيلىسە ئۇلدۇر رىسا.

دېمەك، شائىر كاشغەر شەھىرىنىڭ بۇلاقبېشى مەھەللىسىدىن بولۇپ، ئىسمى مىرھەسەن، ئەدەبىي تەخەللۇسى سەدايى، ھىجرىيە 1221 - يىلى (مىلادىيە 1807 - يىلى) 50 يېشىدا شېئىرلار توپلىمىنى تۈزۈپ چىققان.

سەدايى لىرىكىلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى «ۋاپاسىز يار» غا نارازىلىقىنى ئىزھار قىلىش ۋاستىسى ئارقىلىق زامانىسىغا نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۆز مۇھىتىدىكى بۇرۇقتۇرما ۋەزىيەتنىڭ نۇقسانلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ؛ ۋاپادار مەھبۇبقا بولغان ھۆرمىتى، سېغىنىشى، ئۈمىدى ۋە تەلپۈنۈشىنى تەسىرلىك مىسرالار بىلەن سۈرەتلەيدۇ.

شائىرنىڭ غەزەل، مۇخەممەس، مۇسەددەس، پەندنامىلىرىنىڭ تىل ۋە شەكىل تۈزۈلۈشىدە بىر خىل يېڭىلىق بارلىقىنى تەكىتلىمەي بولمايدۇ.

سەدايى خەلقنىڭ جانلىق تىلىنى ئىشلىتىشكە كۆپرەك ھەرىكەت قىلغان؛ قاپىيە - چۇشۇرگىنى رادىف بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشقا ھېرىسمەن بولغان، بولۇپمۇ قاپىيەلەر ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارغا قوشۇمچە قوشۇش ئۇسۇلى بىلەن چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇزۇنراق كەلگەن بۇنداق قاپىيە شەكلى بىلەن تۈزۈلگەن مىسرالارنىڭ كۈيدارلىقى، ئاھاڭدارلىقى ئېشىپ، بىر خىل مۇڭلۇق خۇسۇسىيەت ھاسىل قىلغان. ئارۇز ۋەزنىدىلا ئەمەس، بەلكى بىرمۇنچە بارماق ۋەزنلىك لىرىكىلارنىمۇ يېزىپ، شېئىرلىرىنى جۇشقۇن، تېتىك تۇسكە ئىگە قىلغان.

سەدايى شېئىرلىرىدا چوڭراق ئۆزگىچىلىك بار دېيىلسە، ئۇنىڭ «قاشىمغا كېلىپ ناگاھ بىر دىلبەرى جانان قىز»، «كۆڭلۈمنى قىلىپ رەۋشەن خۇرشىدى دەرەفشان قىز»[1] قاتارلىق

---

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 2 - سانى، 238 -، 239 - بەتلەر.

ئىككى پارچە غەزىلىنى تىلغا ئېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى چوڭ.

مەلۇمكى، «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دا شائىرلار «يار» ئوبرازىنى يارىتىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ خىلمۇخىل ئوي - پىكىرلىرىنى ئىزھار قىلىشقانىدى. نەتىجىدە «يار» نىڭ نام - شەرىپى سىرلىقلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنى ئەرەبچە، پارسچە ئىسىملار بىلەن سۈپەتلەش ئادىتى شەكىللەندى، يەنى «يار» نى 20 نەچچە خىل ئىسىم - سۈپەت بىلەن تەرىپلىگەن.

سەداينىڭ بۇنداق سۈپەتلەشلەرنى قوللانغاندىن سىرت، ئۇيغۇرچە «قىز» سۆزىنى يۈرەكلىك ھالدا ئىشلىتىپ، ئۇنى رادىف قىلىپ تاللىۋېلىشىنىڭ ئۆزى ماختاشقا تېگىشلىك روھ.

سەدايى شېئىرلىرىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى تەسىرى چوڭقۇر ئىدى. ئۆتمۈشتە دىنىي مەكتەپلەردە «دىۋانى سەدايى» ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقى قىلىنىپ ئىشلىتىلگەن. ①

تۆۋەندە سەداينىڭ شېئىرىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز:

## كىتاب ھەققىدە

دېمەگىن قەغەزگە خالىس بىر خەتى خۇشخان كىتاب،
قەيزى ئەسرار - ئى ھەقىقەت نۇرى ھەم ئىمان كىتاب.
ئىستەسەڭ پىرى كامىل يا تەبىبنى ھەر كېسەل،
رەھبەرى دۇنيايى دۇندۇر دەردىگە دەرمان كىتاب.
ئەمىر مەرۇفدۇر سەراپا ئوقۇساڭ ھەر رۇز - شەب،
جانۇ دىل بىرلە ئىشتىكىل مەنىسى قۇرئان كىتاب.
ئوقۇغىل ھەر لەھىز ئەيلەپ تىنمايىن ئاۋاز - ئى بەلەند،
بۇلبۇلى ۋەقت - ئى سەھەردە تۆتى - ئى خۇشخان كىتاب.
ئەنبىياۋۇ - ئەۋلىيالاردىن بايان ئەيلەي دېسەڭ،
نەزم ئەيلەپ بۇ يۈرەكنى بائىس - ئى گىريان كىتاب.

---

① «دىۋان سەدايى»، 1918 — 1919 - يىللىرى تاشكەنتتە بېسىلغان.

دائىما قوينوڭدا بولسۇن گاھى قىلغىل تاجسار،
قايدا بارساڭ ئەزبىرايى ئىززەتى مېھمان كىتاب.
تىل بىلە ياد ئەت، سىراپا قىل يۈرەكىڭ ئىچرە جا،
ھەر نىچۈك ئادەمنى ئەيلەر بەلكى بىئارمان كىتاب.
ئەي سادائى ھەر كىتابنى تۇتىيائى دىيدە قىل،
بولسا ھەر مۈشكىللەرىڭنى ئەيلەگەي ئاسان كىتاب.

## 4. موللا سىددىق ياركەندي

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى تارىخىدا يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئىشلىگەن ئىشلىرى خىلمۇخىل، ئەدەبىي مىسرالار رەڭگارەڭ. موللا سىددىق ياركەندي ئەنە شۇنداق رەڭگارەڭ ئەدەبىيات گۈلزارىدا ئۆزىگە خاس خۇش پۇراق گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇشقا ھەسسە قوشقان.

«نەسرى خەمسە نەۋايى» (نەسرى خەمسە) 1813 - يىلى موللا سىددىق ياركەندى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن چوڭ ئەدەبىي تەۋەررۈك.

بۇ كىتابقا «خەمسە نەۋايى» دىكى «فەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئەئى سەييارە»، «سەددى ئىسكەندەرى» قاتارلىق تۆت داستان نەسرلەشتۈرۈلۈپ كىرگۈزۈلگەن. «ھەيرەتۇلئەبرار» نىڭ ئورنىغا «لىسانۇتتەير» داستانى كىرگۈزۈلگەن.

بۇ ئىشنى ئىشلەشكە ئۆز دەۋرىدىكى ياركەند ھاكىمبېگى مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ تەشەببۇسكار بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ بەگكە بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن بۇ ئەسەرنى يەنە «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ»، «گۈلشەن بۇلبۇلى نەۋايى» دەپمۇ ئاتىغان.

موللا سىددىق ياركەندي «خەمسە نەۋايى» نى نەسرلەشتۈرۈشتە نەۋايىنىڭ يۈكسەك ئىستېداتى ۋە زور ئىجادىي مېھنىتىگە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قاراپ، ئەسەرنىڭ ئەسلىي ئىستىلىنى ئىلاجىنىڭ بارىچە ساقلاپ قالغان. شۇ ئاساستا يەنە «خەمسە نەۋايى» نىڭ

www.uyghurkitap.com

تىلى، قۇرۇلمىسى ۋە تەپسىلات تەسۋىرلىرىنى نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئىجادىي يوسۇندا يېزىپ چىققان.

«نەسرى خەمسە نەۋايى» ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا چوڭ ھەسسە بولۇپ قوشۇلغان. موللا سىددىق ياركەندىي بولسا چىۋەر پىروزا يازغۇچىسى سۈپىتىدە تونۇلغان.

## 5. خۇشھال غەرىبى

خۇشھال غەرىبى (18 – 19 ـ ئەسىرلەر) كاشغەر شەھىرىدە تۇغۇلغان، شۇ يەردە مەدرىسەدە ئوقۇپ، يۇقىرى بىلىم ئىگىلىگەن ھەم ئەدەبىيات ساھەسىگە قىزىقىپ، شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. شائىر تازا يېتىلىۋاتقان يىللاردا كاشغەرنىڭ ۋەزىيىتى تۇراقسىز بولۇپ، مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى بىرقانچە قېتىم خەلق قوزغىلاڭلىرى يۈز بەرگەن. 1820 ـ يىللاردىن 1828 ـ يىللارغىچە كاشغەردە يۈز بەرگەن توپىلاڭ ۋە قوزغىلاڭلاردا كاشغەر قاتتىق داۋالغۇش ئىچىدە قالغان. شۇ چاغدا خۇشھال غەرىبى ئامالسىزلىقتىن يۇرتىنى تاشلاپ، قوقەندكە مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كەتكەن. شائىر 1845 ـ يىلى ھاياتىدا يازغان شېئىرلىرىنى توپلاپ «كۇللىيات غەرىبى» ناملىق توپلامنى ئىشلەپ چىققان. ئۇنىڭدا مۇنداق مىسرالار بار:

ئۇچرادىم ئول دەردگەكىم بىدەۋا،<br>
قىلدى مېنى ئۆز ۋەتەنىمدىن جۇدا.<br>
يەئنى ئىبرۇر ئۆز ۋەتەنىم كاشغەر،<br>
يىللار ئىدى ماڭا جايىم مەقەر.<br>
... ...<br>
بەس بۇزۇلۇپ، ۋەيران ئولۇپ كاشغەر،<br>
ئىلكىدە قوپار ھەمە زىرۇ زەبەر.<br>
تاراج ئېتىپ نەقد ئىلە مارجانلەر،

تاراج ئېتىپ بەلكى ئەزىز جانلار.
شەھىرى ۋىلايەتغە ئانىڭدىن قاچىپ،
چىقتى مۇسلىملار ھەممە مۇلكىدىن كېچىپ.
چىقتىم ئۇلار بىرلەكى چىققان چاغى.
چەرخ دىلىم بولسا نى تەن مەرھەمى.
ئۆز ۋەتەنىمدىن چىقىپ ئارام يوق،
بەلكى خۇنى شىممەئى ئاشام يوق.

## 6. ئابدۇرەھىم نىزارىي

### 1. شائىرنىڭ ھاياتى

ئابدۇرەھىم نىزارىي (1770 – 1850) كاشغەردە تۇغۇلغان. كاشغەردىكى مەدرىسەلەردە ئوقۇغان. خۇسۇسەن ئالىم مۇھەممەد سادىق كاشغەرىيدىن تەلىم ئېلىپ، يېزىقچىلىق، خەتتاتلىق، جۈملىدىن ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان. ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن بىر مەزگىل خانلىق مەدرىسەدە مۇدەررىس بولۇپ ئىشلىگەن ۋە «نەۋايى» ناملىق دەرسلىك تۈزۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ماتېرىيالى قىلغان. 1831 – 1848 - يىللىرى كاشغەر ھاكىمبەگ ئوردىسىدا كاتىپلىق بىلەن مەشغۇل بولغان. مۇشۇ جەرياندا كاشغەر ھاكىمبېگى زوھۇرىددىننىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن نورۇز ئاخۇن زىيائى، تۇردى ئاخۇن غەرىبى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ «ھېكايەتى غەرىبى» نامىدىكى چوڭ ھەجىملىك داستانلار توپلىمىنى 1841 – 1844 - يىللىرى يېزىپ چىققان. «ھېكايەتى غەرىبى» كېيىنچە «مۇھەببەت داستانلىرى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. توپلامدىكى «دىباچە» (مۇقەددىمە)، «فەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «مەھزۇن ۋە گۈلنىسا» قاتارلىق داستانلارنى ئابدۇرەھىم نىزارىي ئۆزى يالغۇز يېزىپ چىققان بولسا، «چاھار دەرۋىش»نى زىيائى بىلەن بىرلىكتە يېزىپ چىققان. شائىر 1848 - يىلى يەنە «رابىئە

ۋە سەئدىن» داستانىنى يېزىپ چىققان، ئۇنىڭ يەنە «زادۇن نەجات» ناملىق ئەسىرى بار. شائىر يازغان مۇخەممەسلەرمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، 1995 - يىلى «نىزارىي مۇخەممەسلىرى» دېگەن نام بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. شائىر ئەدەبىي ئىجادىيەتتە «نىزارىي» تەخەللۇسىنى قوللانغان.

## 2. «رابىئە ۋە سەئدىن»

كاشغەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ يامانيار يېزا سۇبھانالللا كەنتىدە كىشىلەر بىر يېرىم ئەسىردىن بۇيان زىيارەت قىلىش ۋە خاتىرىلەشنى تەرك ئەتمەي داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان «قوشماق مازار» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان بىر مەقبەرە بار. بۇ 19 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يىرىك تىراگېدىيەلىك داستان «رابىئە ۋە سەئدىن»نىڭ باش قەھرىمانى رابىئە بىلەن سەئدىننىڭ مەقبەرىسىدۇر. مەلۇمات ۋە پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەينى چاغدىكى سۇبھانالللا كەنتى[1] تەلۋۈچۈك دەرياسىنىڭ بويىدىكى سۈيى ئەلۋەك، يېرى مۇنبەت گۈزەل بوستانلىق جاي بولۇپ (تەلۋۈچۈك دەرياسىنىڭ ئېقىنى كېيىنچە ئۆزگىرىپ كەتكەن)، رابىئە شۇ كەنتتىكى يەر، سۇ ئىگىسى ياقۇپ باي ئائىلىسىدە، سەئدىن بولسا نامرات دېھقان ئىبراھىم ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇلار كىچىكىدىنلا بىللە ئويناپ، بىللە ئۆسكەن. ئىپتىدائىي دىنىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇپ، چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان. ئۇلار يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ۋە قىيامەتلىك جۈپ بولۇشقا ئەھدە قىلىشقان. ئۇلارنىڭ پاك مۇھەببىتىدىن خەۋەر تاپقان ئىبراھىم ئاخۇن ئۇلارنى مۇرادىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ياقۇپ باينىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزگەندە ياقۇپ باي تەرىپىدىن رەت قىلىنغان. ياقۇپ باي قىزى رابىئەنى ئۆز كەنتىگە تەۋە بولغان بايتوقاي بەگلىكىنىڭ زالىم بېگى جابىرغا بەرمەكچى بولغان.

---

[1] بەزى ماتېرىياللاردا بۇ يەر بەيزاۋات ناھىيەسىگە تەۋە ئىدى، دەپمۇ يېزىلىدۇ.

سەئدىن مەشۇقى رابىئەنىڭ پىراقىدا مەجنۇن بولۇپ، رابىئەنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلغان ھالدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ياقۇپ باي ئاخىر رابىئەنى جابىرغا ياتلىق قىلغان. ئەھدۇ پەيمانىغا ماس ھالدا جابىرغا قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇزمىغان رابىئە ئۆز ئۆيىگە قېچىپ كېلىپ، سىڭلىسى بىلەن سۇ ئېلىپ كېلىشنى باھانە قىلىپ ئاشىقى سەئدىنىنىڭ تۇپراق بېشى (قەبرە بېشى) غا بېرىپ، ئىچىدىكى ھەسرەت - پىغانلىرىنى تۆكۈپ، ئامراق سىڭلىسىنى باغرىغا بېسىپ خوشلىشىپ، ئارقىدىن «سەئدىن، مەن ھازىرلا يېنىڭىزغا بارىمەن» دەپ ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ، قەبرىستانلىقنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان تەلۋىچۈك دەرياسىنىڭ كاچكۇلىغا ئۆزىنى تاشلىغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان كىشىلەر يىغا - زار قىلىشىپ، پالتا، كەكە، كەتمەن - گۈرجەكلىرىنى ئېلىپ كېلىپ دەريانىڭ مۇزىنى چېقىپ رابىئەنى ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالمىغان. يەنە بىر يىلى يەنى ھىجرىيە 1248 - يىلى (مىلادىيە 1832 ـ 1833 - يىلى) ئەتىياز مۇزلار ئېرىپ، تۇڭ كۆتۈرۈلگەندە رابىئەنىڭ جەسىتى سەئدىنىنىڭ قەبرىسىگە يېقىنلا بىر لاي - لاتقىدىن تېپىلغان. يۇرتتىكىلەر مەسلىھەتلىشىپ، بۇلار ھايات ۋاقتىدا بىر - بىرىگە قوشۇلالمىدى، ئەمدى روھى بىر يەردە بولسۇن دېيىشىپ، گۈزەل رابىئەنىڭ جەسىتىنى سەئدىنىنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىپ بىر جۈپ قەبرە ياسىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ قەبرىسى «قوشماق مازار» دەپ ئاتالغان.

قەبرە ياسىلىپ بىر يىلدىن كېيىن ئىككى قەبرە ئوتتۇرىسىدىن ئىككى تۈپ يۇلغۇن ئۈنۈپ چىقىپ، شاخ - چاتاقلىرى بىر - بىرىگە چىرمىشىپ باراقسان ئۆسكەن. يەنە بىر يىلى بىر تۈپى قىزىل، بىر تۈپى ئاق چېچەكلىگەن. باراقسان ئۆسكەن بۇ ئىككى تۈپ يۇلغۇننىڭ شاخ - چاتاقلىرى بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، ئاق - قىزىل چېچەكلەر گويا بىر تۈپ يۇلغۇندا ئېچىلغان ئىككى چېچەكتەك كۆرۈنگەن. شۇڭا، يەرلىك كىشىلەر بۇ مازارنى «ئاق چاتاق مازار» دەپمۇ ئاتىغان (ھازىر يۇقىرىقى ئىككى

ئىسىم تەك قوللىنىلىدۇ ھەمدە رابىئە - سەئىدىن مەقبەرىسى جايلاشقان مەھەللە «چاتاق مازار مەھەللىسى» دەپ ئاتىلىدۇ). ئەنە شۇ چاغدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بۇ يۇرت خەلقى «قوشماق مازار»نى زىيارەت قىلىپ، رابىئە - سەئىدىننى خاتىرىلەشنى زىنھار تەرك ئەتمەي داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

ھەر يىلى يۇلغۇن چېچەكلىگەن مەۋسۇمدا يىراق - يېقىندىكى كىشىلەر بۇ يەرگە زىيارەتكە كېلىشىدۇ. ياشانغان مويسىپىتلەر رابىئە - سەئىدىن روھىغا دۇئا - تىلاۋەت قىلسا، ياشلار يۇلغۇنغا سۇ قۇيۇپ مەقبەرىنى سۈپۈرىدۇ. قىزىل چېچەكنى رابىئەنىڭ، ئاق چېچەكنى سەئىدىننىڭ سىمۋولى قىلغان ھالدا يۇلغۇن شاخلىرىنى بىر - بىرىگە چېتىپ، مەرسىيە قوشاقلىرىنى ئوقۇشىدۇ[1].

رابىئە - سەئىدىننىڭ بۇ تىراگېدىيەلىك ۋەقەسى ئۆز زامانىسىدىلا كاشغەر تەرەپتە خەلق ئارىسىدا كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلىش بىلەن بىرگە، خەلقنىڭ كۆزى، قۇلىقى ۋە جارچىسى بولغان ئەدىبلەرنىمۇ ئۆزىگە تارتقان. دەسلەپ بۇ ۋەقەلىك ھەققىدە ئابدۇجېلىل دېگەن بىر شائىر قەلەم تەۋرىتىپ، ئۇنى داستان شەكلىگە كىرگۈزگەن. لېكىن، ئابدۇجېلىلنىڭ يۇرتى، داستاننى قاچان، قەيەردە يازغانلىقى توغرۇلۇق ئۇچۇر يوق[2].

بىز بۇ يەردە توختىلىۋاتقان شائىرنىڭ رابىئە - سەئىدىن

---

[1] ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق ۋاقتىدا («مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە) رابىئە بىلەن سەئىدىن «فېئودالىزمنىڭ ئاشىق - مەشۇقلىرى» دەپ ئاتىلىپ، خەلقنىڭ ئۇلارنى خاتىرىلەش پائالىيىتى «تۈت كونىلىق» سانىلىپ، مەقبەرە چېقىپ تاشلانغان، زىيارەت قىلىش، خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى مەنئى قىلىنغان، يۇلغۇنمۇ ئاساسەن قۇرۇپ كەتكەن. ئاپەتلىك يىللارغا خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى نەتىجىسىدە يۇلغۇن يېڭىباشتىن كۆكلىدى، چېچەكلىدى. 1985 - يىلى يېڭىشەھەر ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەبلەغ ئاجرىتىپ «قوشماق مازار»نى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە ئۇنى ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى دەپ بېكىتتى (ئابلەت ئابباس: «‹رابىئە - سەئىدىن› ۋە قوشماق مازار»، «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر»، 1993 - يىلى 1 - سان).

[2] بۇ داستاننىڭ بىر قول يازمىسى ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى قارىمىقىدىكى «ئەبۇرەيھان بىرۇنى» نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

ھەققىدىكى داستاننىڭ بىرىنچى بابىنىڭ بېشىدا مۇنداق ئەسكەرتمە بار:

خىرەد پىكرىن ھەريان رەۋانە قىلور،
بۇ يەڭلىغكى شىرىن فەسانە قىلور.
ۋەرەق ئۇزرە ئانداغ يازىپدۇر رەقەم،
مىداد جۇش ئەيلەپ چېكىپ ئۇن قەلەم.

بۇ شېئىري پارچىنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسىدا «رابىئە ۋە سەئدىن» ۋەقەسى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغانلىقى بايان قىلىنغان بولسا، كېيىنكى ئىككى مىسراسىدا بۇ ۋەقەنىڭ ئەسلىدە قەلەمگە ئېلىنىپ بولۇنغانلىقى، شائىرنىڭ ئاشۇ نۇسخىدىن ئىلھاملىنىپ قايتىدىن بۇ داستاننى يېزىپ چىققانلىقى ئەسكەرتىلگەن.

دېمەك، شائىر «رابىئە ـ سەئدىن» داستاننى يېزىشتا خەلق ئارىسىدا تارقالغان «رابىئە ۋە سەئدىن» ھەققىدىكى ۋەقەلەرنى پىششىق ئىگىلەپ، ئابدۇجېلىل يازغان «رابىئە ۋە سەئدىن» داستاننىڭ قول يازمىسىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى چوڭقۇر مۇلاھىزىلەردىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بويىچە چوڭقۇر مەزمۇن، زور بەدىئىي تەسىرچانلىققا ئىگە بولغان «رابىئە ۋە سەئدىن» داستاننى ياراتقان دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇ[1].

رابىئە ـ سەئدىن ھېكايىسىنىڭ تارىخي ۋەقەلىكى توغرىسىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن:

خىرەد چۇن تارىخ ھېسابىن دېدى،
مىڭۇ ئىككى يۇز قىرىق سەككىز ئىدى.

---

[1] شېرىپىدىن ئۆمەر: «19 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 2 ـ قىسىم 1079 ـ بەت.

يەنى بۇ ۋەقە ھىجرىيە 1248 - يىلى (مىلادىيە 1832 — 1833 - يىللىرى) يۈز بەرگەن. داستاننىڭ يېزىلغان ۋاقتى توغرۇلۇق بولسا ئەسەردە:

دەر ئېردىكى تىترەپ چۇبادى خەزان،
كى ئۆچتى «چەراغىم» نىتەي ئاھ، جان.
چەراغىم ھورۇفىلكى ئەھلى خىرەد،
كى تەئخى سالىن دېمىش بىلگەدەد.

دەپ يېزىلغان بولۇپ، شائىر تەرىپىدىن ئالاھىدە ئىشارە قىلىنغان ئەبجەت ھېسابىنى بىلدۈرىدىغان سۆز — «چەراغىم» دىن قارىغاندا ھىجرىيە 1254 - يىلى (مىلادىيە 1838 — 1839 - يىللىرى) يېزىلغان.

«رابىئە ۋە سەئدىن» ناملىق بۇ داستان رېئالىستىك خۇسۇسىيىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن 19 - ئەسىر ئەدەبىيات مۇنبىرىدە يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە تىراگېدىيەلىك داستان ھېسابلىنىدۇ.

شائىر رابىئە بىلەن سەئدىندىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ پاجىئەلىك مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى تېپىكلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئەينى چاغ فېئودالىزم مۇھىتىدا ياشاپ ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي ئارزۇسى ۋە مۇھەببەت ۋىسالىغا يېتەلمىگەن بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ ئۆز ئەركىنلىكى ۋە ھەقانىي ئىستىكى يولىدىكى تىرىشچانلىقى، سەلبىي كۈچلەرگە قارشى كۆرەشتىكى يېڭىلمەس ئىرادىسى ۋە ئەڭ ئاخىرقى پاجىئەلىك ئۆلۈمى قاتارلىق ۋەقەلەرنى كەسكىن تىراگېدىيەلىك مۇھىت ئىچىدە ئىپادىلەپ، ئەسەر باش قەھرىمانى رابىئە ئوبرازىنى يۇقىرى تىراگېدىيەلىك قىممەتكە ئىگە قىلىپ، فېئودالىزم شارائىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئائىلە ۋە نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ رەزىل ماھىيىتى ۋە خۇنۇك ئەپت - بەشىرىسىنى تۈپ يىلتىزى بىلەن ئېچىپ

كۆرسەتكەن، شۇنداقلا يەنە تىراگېدىيە قەھرىمانى رابىئەنىڭ ئەينى دەۋردە كەڭ ئومۇملاشقان نامۇۋاپىق تۈزۈم ۋە قائىدە - يوسۇنلارغا قارشى باشتىن - ئاخىر قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىپ، ھەققانىي مەقسەت ئۈچۈن ئۆز - ئۆزىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشتىن يانمايدىغان ئۇلۇغۋار ئىرادىسىنى كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەسەردە رابىئە ئوبرازىدىكى بارلىق ئىجابىي خىسلەتلەرنى داستاندىكى پاجىئەلىك ھايات مەنزىرىسىگە قارىمۇقارشى قىلىپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق فېئوداللىق ئىجتىمائىي مۇھىتتا خارلانغان كەڭ ئاياللار ئاممىسىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئىجتىمائىي ئازادلىقىدىن ئىبارەت ئىنتايىن جىددىي ۋە تاقەت قىلغۇسىز مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە دەۋر بۆلگۈچ ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىلغان[①].

سىنىپىي جەمئىيەتتىكى مەرتىۋە قارىشى ھۆكۈمران سىنىپ ۋە يۇقىرى قاتلام كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازىنىڭ ئەخلاقىي قارىشىنى قوغدايتتى. بۇ خىل قاراش ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا قارىمۇقارشىلىق ۋە ئاداۋەت پەيدا قىلاتتى. بۇ خىل قارىمۇقارشىلىق ۋە ئاداۋەت ئەينى دەۋردىكى جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئېھتىياجى. بۇ خىل جەمئىيەت قۇرۇلمىسى مۇقىم خاراكتېرگە ئىگە. بۇ خىل مۇقىم قۇرۇلما كىشىلەرنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلىشىنى يەڭگىلى بولمايدىغان توسالغۇ ۋە زىددىيەتكە دۇچار قىلاتتى. «رابىئە ۋە سەئدىن» دىن ئىبارەت بۇ تىراگېدىيەلىك داستاندا تىراگېدىيە قەھرىمانلىرىنىڭ ئىنسانىي قۇدرىتى بېسىم ۋە بوغۇشقا ئۇچراش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىنى ئىپادىلەشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن. شۇڭا، بۇ تىراگېدىيەلىك داستاننىڭ ئاپتورى تىراگېدىيە قەھرىمانلىرىنىڭ پاجىئەسىگە نىسبەتەن ھېسسىيات جەھەتتىن

---

[①] ئابلاجان مۇھەممەد: «تىراگېدىيە ۋە ‹رابىئە ۋە سەئدىن› داستانىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 - يىللىق 3 - سان.

ھېسداشلىق قىلىپلا قالماستىن، جەمئىيەتكە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى ھەم ئۇنى پاش قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويغان. ئۇ ئاددىي ھالدا تىراگېدىيەنىڭ سەۋەبىنى تەقدىرگە باغلاپ قويمىغان، بەلكى تەقدىردىن ھالقىش ياكى ئۇنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن. بۇ ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن زور ئەھمىيەتكە ئىگە[1].

ئومۇمەن، بۇ تىراگېدىيەلىك داستانىنىڭ ئىچكى مەزمۇنىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا تىراگېدىيە قەھرىمانلىرىنىڭ روھىي ئىنتىلىشى ۋە تاشقى مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ توقۇنۇشىغا ئېتىبار قىلىنغان. گەرچە تەقدىر تۇيغۇسى بۇ خىل كەيپىياتقا مەلۇم دەرىجىدە ئارىلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇ تىراگېدىيەنىڭ كىشىلەرنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈرۈشى ئۈچۈن رول ئوينايدۇ.

رابىئە داستاندىكى باش قەھرىمان. ئۇ كىشىلىك غۇرۇرى ۋە ئەركىن مۇھەببىتى تەھدىتكە ئۇچرىغان چاغدا تەقدىرگە باش ئەگمىگەن، ئۇ خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغان. ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئالىيجاناب، كەسكىن ۋە ئۇلۇغۋار، ئۇ تەقدىرگە تەن بەرمىگەچكە، ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە خورلۇققا دۇچ كەلگەن ھەمدە بەختكە قارشى بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشقان. رابىئە جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچ كەلگەندىن تارتىپ بەختكە قارشى بولغان تىراگېدىيەلىك ئاقىۋەتكە قەدەر ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئېچىنىشى ۋە ھېسداشلىقىنى قوزغاپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئوبرازى تېخىمۇ ئالىيجاناب، تېخىمۇ قەيسەر بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. رابىئە كەسكىن تىراگېدىيەلىك روھقا باي بولۇپ، ئۇ شەرق مۇسۇلمان خەلقلەر ئەدەبىياتىدىكى تىراگېدىيەلىك داستانلاردىكى كەم بولسا بولمايدىغان بىر تىراگېدىيەلىك قەھرىماننىڭ ئوبرازى.

---

[1] رەيھان: «ئۇيغۇر مۇھەببەت داستانلىرىدىكى تىراگېدىيەلىك ئالاھىدىلىك»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان (خەنزۇچە)، بېيجىڭ.



www.uygurkitap.com

داستاندىكى رابىئە خېلى يۇقىرى دەرىجىدىكى بەدىئىي مۇكەممەللىككە ۋە يۈكسەك ئېستېتىكىلىق قىممەتكە ئىگە ئىجابىي ئوبرازدۇر. ئۇ ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى تىراگېدىيەلىك ئاقىۋەتنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا مۇھىم رول ئوينىغۇچى شەخس بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىزچىل ئۆز ئەركىنلىكى يولىدا كۈرەش قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىسيانكار، قەيسەر ۋە تىز پۈكمەس خاراكتېرى، مۇھەببەتكە سادىق، ئۆز غايىسى ۋە ئېتىقادىنى مەڭگۈ قەدىرلەيدىغان بىر قاتار گۈزەل ئەخلاق - پەزىلىتى ھەم ئۇلۇغۋار ھەرىكىتى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ھېسداشلىقىنى قوزغايدۇ. رابىئە شۇ قەدەر پاك دىل، ئەقىدىلىك قىز بولغانلىقى ئۈچۈن، فېئوداللىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئەنئەنىۋى قائىدە - تۈزۈملەرنىڭ قاتمۇقات ماددىي ۋە مەنىۋى كىشەنلىرىگە پىسەنت قىلماستىن، ئۆز مۇھەببىتى يولىدا ئەركىن قەدەم تاشلاپ، سەئىدىندىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئورنى ئۆزىدىن تۆۋەن نامرات دېھقان يىگىتنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ تامامەن يوللۇق بولغان شەخسىي مۇھەببەت ئىشلىرىغا ئاتىسى ياقۇپ ۋە باشقا سەلبىي كۈچلەر جان - جەھلى بىلەن قارشى چىققان شارائىتتا ئاستىدىمۇ ئۆزىنىڭ ساداقەتمەنلىكىدىن قايتمايدۇ. شۇڭا، ئۇ ئۆزى ئاشىق بولغان سەئىدنىنى ئەسەردىكى پۇل، مال - دۇنيا ۋە يۇقىرى ئىمتىياز ئارقىلىق ھەممىنى ئۆزۈمگە قارىتىۋالالايمەن دېگەن خام خىيالدا يۈرگەن جابىردىن مىڭ ھەسسە ئەۋزەل بىلىپ، جابىرنىڭ نىكاھ تەلىپىنى ئۇنىڭ بارلىق ھەشەمەتلىرى بىلەن بىرلىكتە قەتئىي رەت قىلىدۇ.

ئومۇمەن، رابىئە رەھىمسىز فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ روھىي ئىسكەنجىسىگە قارشى ئورنىدىن دەس تۇرغان، ئۆز سۆيگۈسىگە سادىق، ئىرادىلىك، ئەقىللىك، ئۇياتچان، گۈزەل قىزلارنىڭ ئوبرازى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئەمگەكچى خەلققە خاس كەم سۆزلۈك، ئاق كۆڭۈللۈك، راستچىللىق، جىگەرلىك ئالاھىدىلىكلەر مۇجەسسەملەشكەن.

### 3. «زادۇن نەجات»[1] (قۇتۇلۇش ئۇزۇقلىرى)

بۇ ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى ئىدىيەلەرنى ئەكس ئەتتۇرۇشكە بېغىشلىغان داستانى بولۇپ، 476 بېيىت (952 مىسرا) تىن تەشكىل تاپقان. شائىر بۇ ئەسەرنى كاشغەر ھاكىمبېگى زوھۇرىددىننىڭ بۇيرۇقى ۋە تەشەببۇسى بىلەن يازغانلىقىنى مەزكۇر داستاننىڭ خاتىمە قىسمىدا ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتكەن.

داستان ۋەقەلىكى ئۆتكۈر زىددىيەت، مۇنازىرە شەكلى بىلەن قانات يايدۇرۇلۇپ، مەركىزىي ئىدىيە يورۇتۇلغان، يەنى بىر - بىرىگە زىت ئىككى شەخسنىڭ سوئال - جاۋابى تەرزىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ئىككى شەخسنىڭ بىرى خاۋەران (شەرق) دىياردا پۈتۈن جەمئىيەت، خەلقنىڭ سۆيۈملۈك ئۇستازى، جاھانغا مەشھۇر بىر دانىشمەن ئالىم مۇقبىل رەۋشەندىل؛ يەنە بىرى دانىشمەندىن سوئال سورىغۇچى، خەلققە زىيانلىق، ھىيلىگەر - مەككار، زالىم، ماۋارەنلىك مۇدبىر خۇدبىن.

مۇدبىر خۇدبىن ئۇلۇغ دانىشمەن مۇقبىل رەۋشەندىلنىڭ ياخشى سۈپەت، ئۇلۇغ خىسلەتلىرىنى ئاڭلاپ رەشك - ھەسەت قىلىپ، ماۋارەندىن خاۋەرانغا بېرىپ مۇقبىل رەۋشەندىل بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ. مۇدبىر خۇدبىننىڭ مۇقبىل رەۋشەندىلدىن سورىغان چىگىش سوئاللىرىغا دىققەت قىلىنغاندا، ئۇنىڭمۇ كۆپ ئىلىملەردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

مۇدبىر خۇدبىننىڭ مۇقبىل رەۋشەندىلدىن سورىغان سوئاللىرى چىگىش، مۇرەككەپ، تېپىشماق شەكىللىك سوئاللار بولۇپ، ئۇ بۇ سوئاللىرىنى مۇقبىلدىن غەرەزلىك سوراپ، مۇقبىلنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ، خالايىق ئالدىدا رەسۋا قىلماقچى بولىدۇ، لېكىن دانا ئالىم مۇقبىل ئۇنىڭ غەرەزلىك سوئاللىرىغا

---

[1] داستاننىڭ «دۇررۇن نەجات» (قۇتۇلۇش دۇردانىلىرى)، «دەھرۇننەجات» (قۇتۇلۇش دۇنياسى) دېگەن ناملاردىكى نۇسخىلىرىمۇ ساقلانغان.



www.uyghurkitap.com

ھېچقانداق تەمتىرىمەستىن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىدۇ. ئاخىر مۇدبىر خۇدبىن مۇنازىرىدە يېڭىلىدۇ، دانىشمەن مۇقبىل ئالدىدا ئۆزرە بايان قىلىپ، مەمەدانلىق ۋە خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، توۋا ـ ئىستىغپار ئېيتىدۇ.

مۇدبىر دانىشمەن مۇقبىلدىن ئومۇمەن 99 سوئال سوراپ جاۋاب ئاڭلايدۇ. مۇدبىر مۇقبىلغا 47 سوئالغىچە ناھايىتى ئەدەپسىزلىك، ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، دانىشمەن ئالىم مۇقبىلنى يەڭمەكچى بولىدۇ. لېكىن، ئۇ دانىشمەن ئالىمنى توسۇيالمىغاندىن كېيىن، 48 ـ سوئالدىن باشلاپ ئەدەپ ـ ئەخلاق دائىرىسىگە كىرىپ، ئۆزىنى تۈتۇۋېلىپ، بىر شاگىرت (ئوقۇغۇچى) ھالىتىگە كېلىپ، ئەدەپ بىلەن سوئال سورايدۇ. ئۇلۇغ ئالىم، دانىشمەن مۇقبىل يەنىلا ئەدەپ ـ ئەخلاق خىسلىتىدە تۇرۇپ مۇدبىرنىڭ سوئاللىرىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىدۇ. ئاخىرىدا مۇدبىر ئۆزىنىڭ ئېتىقادى، ئىجتىمائىي ئەخلاقى جەھەتتىكى خاتالىقلىرىنى تۈزىتىپ، ياخشى كىشىلەر قاتارىغا كىرىپ، قالغان ئۆمرىدە ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلققە، جەمئىيەتكە پايدىلىق ئادەم بولىدۇ.

داستانىنىڭ مەزمۇنى خېلى كەڭ ساھەلەرگە تۇتاشقان. شائىر ئۇنىڭدا فانتىزم، ئادالەت ۋە ئادىل شاھ، ئىلىم ـ مەرىپەت، ئېتىكا ـ ئەخلاق، گۇمانىزم، سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى تەسىرلىك ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

### 4. ئابدۇرەھىم نىزارىي مۇخەممەسلىرى

ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ «زادۇن نەجات»ناملىق ئەسىرىنىڭ ھاشىيەسىگە ئۇنىڭ 35 پارچە مۇخەممىسى كۆچۈرۈلگەن. جەمئىي 49 بەت 1450 مىسرانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

نىزارىينىڭ بۇ مۇخەممەسلىرى ئەلىشىر نەۋايى غەزەللىرىگە يېزىلغان تەقمىسلەردىن ئىبارەت بولۇپ، غەزەللەر «چەھار دىۋان» دىن مۇۋاپىق نىسبەتتە تالالاپ ئېلىنغان. مەسىلەن:

1 - دىۋان – «غەرەيىبۇس سىغەر» («بالىلىق لىرىكىلىرى»)دىن تۆت غەزەل؛

2 - دىۋان – «نەۋادىرۇش شەباب» («ياشلىق لىرىكىلىرى») دىن 13 غەزەل؛

3 - دىۋان – «بەدايىئۇل ۋەسەت» («ئوتتۇرا ياشلىق لىرىكىلىرى») تىن بەش غەزەل؛

4 - دىۋان – «فەۋائىدۇل كىبەر» («قېرىلىق لىرىكىلىرى»)دىن 12 غەزەل[①].

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، نىزارىي يۇقىرىقى غەزەللەرنى «چەھار دىۋان» نىڭ تۈزۈلۈش تەرتىپىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، چاغاتاي يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسىدىكى 26 ھەرپىنىڭ ھەربىرى بىلەن قاپىيەلىنىدىغان غەزەللەرنى بىر - بىرلەپ تاللاپ ئالغان. ا، ب، ھ ھەرپلىرى بىلەن قاپىيەلىنىدىغان غەزەللەردىن بولسا تەكرار تاللىغان ۋە ھەربىر ھەرپ بىلەن قاپىيەلىنىدىغان غەزەلگە «ھۇرۇفۇل ئا» («ا» ھەرپى)، «ھۇرۇفۇل با» («ب» ھەرپى) دېگەنگە ئوخشاش ماۋزۇ قويۇپ چىققان.

تاللانتىلىق شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ ئەلىشىر نەۋايى غەزەللىرىگە تەخمىس يازغانلىقى، بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ ئەلىشىر نەۋايى بىلەن بولغان ئەدەبىي ئالاقىسىنىڭ نەقەدەر قويۇقلۇقى، ئۇستاز نەۋايىغا بولغان ھۆرمىتىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، نىزارىينىڭ ئېپىك شېئىرىيەتتىلا ئەمەس، بەلكى لىرىك شېئىرىيەتتىمۇ يۇقىرى ئىستېدات ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەينى دەۋردە غەزەلىياتىنىڭمۇ بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## 7. تۇردى غەرىبى

مېھنەتكەش خەلقنىڭ ئەمگىكى ۋە ھۈنەر - ماھارىتىنى

---

① «غ» قاپىيەلىك بىر غەزەلنىڭ قايسى دىۋانغا تەئەللۇقلۇقى ھازىرچە ئېنىق بولمىغانلىقتىن، يۇقىرىقى سانغا كىرگۈزۈلمىدى.

قىزغىن ئىشتىياق، چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلەپ ۋە مەدھىيەلەپ، ئۇنى ھەم ئەدەبىي، ھەم تەزكىرە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلىپ ئەكس ئەتتۇرۇشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولغان غەرىبىنىڭ مۇبارەك نامى ئەدەبىيات تارىخىدا تېگىشلىك ئورۇننى ئىگىلەپ تۇرىدۇ.

غەرىبىنىڭ ئىسمى تۇردۇش[1] ئاخۇن، لەقىمى غەرىبى[2] بولۇپ[3]، تەخمىنەن 1802 – 1862 - يىللىرى كاشغەردە ياشىغان[4].

ئادەمنىڭ ماھىيىتى ئەمەلىيەتتە باشقا ھېچقانداق ئابستراكت نەرسە بولماستىن، بەلكى بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسىدىنلا ئىبارەت. رېئال تۇرمۇشتا ھەربىر ئادەم مۇئەييەن ئىجتىمائىي ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەت ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئىدىيەسى، ھېسسىياتى، خاراكتېرى، ئادىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مۇئەييەن ئىجتىمائىي ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا، بىر ئەدىب ياكى شائىرنى چۈشىنىشتە ئۇنىڭ سىنىپىي ئورنى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر، كونكرېت چۈشىنىشكە، ئۇنىڭ ئىدىيەسى ۋە خاراكتېرىگە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇنى بەلگىلىگەن كونكرېت مۇھىتنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئەگەر مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت مۇئەييەن مۇھىتتىن ئايرىلغان ھالدا يازغۇچىنىڭ خاراكتېرىنى شەكىللەندۇرگەن، ئىجتىمائىي ۋە

---

[1] تۇردۇش – تۇردى سۆزىنىڭ تەلەپپۇزدىكى بۇزۇلۇپ ئېيتىلىشى بولۇپ، بىر خىل تىل ئادىتى.

[2] ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا تەخمىنەن 13 نەپەر شائىر ئۆزىگە «غەرىبى» سۆزىنى تەخەللۇس قىلغان.

[3] ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «ئۇيغۇرلاردا ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت – بۇلاقتىن بىر ئوتلام» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشرى، 151 - بەت) دا شائىرنىڭ ئىسمىنى تۇردۇش موللا ئىبنى ئابدۇللا دەپ ئالغان.

[4] ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى يۇقىرىقى كىتابىدا يەنە تۇردى غەرىبىنىڭ ھىجرىيە 1293 - يىلى (مىلادىيە 1876 - يىلى) «تەزكىرەئى خوجا ئەبۇ نەسىر سامانى» نى كۆچۈرۈپ چىققانلىقىنى ئېيتقان. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ ئاشۇ يىللارغىچە ھايات ئىكەنلىكى ئۇقۇلىدۇ.

سىنىپىي مەنبەنى ئېچىپ كۆرسەتمىگەندە، يازغۇچىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسى بولمايدۇ. جۇڭغار تۇپىلاڭچىلىرىنىڭ ۋە چوڭ ـ كىچىك خوجىلار، يەتتە خوجا قاتارلىقلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك، تەپرىقىچىلىك ھەرىكەتلىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە مۇقىملىق، ئىقتىسادىي جەھەتتە يۈكسىلىش ۋەزىيىتىنى يارىتىش بىلەن بىرگە، ئەمگەكچى خەلققە كەلتۈرگەن مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىشى، ئۇلارنىڭ ياشاش ھوقۇقى ۋە ھۆرلۈككە ئىنتىلىش ئارزۇلىرىنى ۋەھشىيلەرچە ئاياغ ئاستى قىلىشى بىلەن بىرمۇنچە خەلقپەرۋەر ئەدىبلەر يېتىشىپ چىقىپ، ئۆتكۈر تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەسەرلەرنى ياراتتى. يەنە بىرمۇنچە شائىرلار ئۆزلىرىگە ئارقا ـ ئارقىدىن «غەرىبى» تەخەللۇسىنى قويىدى[1]. بۇلار ئاساسەن تۆردى نازىم غەرىبى، خۇشھال غەرىبى، غەرىب خەستە، ئاشۇراخۇن غەرىبى، مۇھەممەد غەرىب شەھيارى، يۈسۈپ غەرىبى، موللا توختى غەرىبى قاتارلىقلاردۇر.

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك» تە «غەرىب» (ghärb) سۆزىنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق مۇنداق دېيىلگەن: «غەرىب (1) ئەرەبچە مۇساپىر، باشقا جايدىن كەلگەن، يات»، «غەرىب (2) ئەرەبچە ئاجايىپ، قىزىق، غەرىب ئىش ـ ئەجەبلىنەرلىك ئىش؛ غەرب مەنىلىك؛ غەرىب ئاسار ـ ئاجايىپ نىشانىلەر؛ غەرىب ئۆمۈر ـ قىزىق ئىشلار ئاجايىپ ۋەقەلەر»، چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۈنسېرى زەئىپلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئۆتكۈر ۋە مۇرەككەپ دەۋردە كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ مۇڭ ـ زارىغا ھەمدەم بولغان خەلقپەرۋەر شائىر تۆردى نازىمۇ شۇ شائىرلار قاتارىدا ئۆزىگە «غەرىبى» تەخەللۇسىنى قوللىنىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

غەرىبى بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنى ئۆز يېزىسىدا ئوقۇش،

---

[1] غەيرەتجان ئوسمان: «غەرىبى تەخەللۇسلۇق شائىرلار»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2001 ـ يىللىق 3 ـ سان، 95 ـ بەت.

هۆنەر ـ ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزگەن. كېيىن ئائىلىسى بىلەن بىرگە كاشغەر شەھىرىنىڭ بۆلاقبېشى مەھەللىسىگە كۆچۈپ كىرىپ، بۇ جايدا ئاتىسىنىڭ ماتاچىلىق كەسپىگە ياردەملەشكەن.

تارىخچى لىيۇ زىشياۋ ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتابىدا شائىر توغرۇلۇق مۇنداق مەلۇمات بەرگەن: «ياركەند (سەئىدىيە) خانىدانلىقىدىن كېيىنكى مەزگىللەردە باشلانغان داۋالغۇشلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيە ـ مەدەنىيەت ساھەسىدە ئىنتايىن زور قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى. شۇڭا، نۇرغۇن كىشىلەر رېئال تۇرمۇشتىن ئۈمىدسىنى ئۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىياتى ۋە ئىقتىدارىنى ئاللانى، پەيغەمبەرنى ياكى رىۋايەتتىكى قەھرىمانلارنى مەدھىيەلەشكە قارىتىپ، ئادىل، مۇقىم، پاك غايىۋى جەمئىيەتنى بەرپا قىلىش خىيالىدا بولدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنمۇ بۇ ئىدىيەۋى ئېقىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت ساھەسىدە مەلۇم نىسبەتتە ساقلىنىپ قالدى. ئەنە شۇنداق شارائىتتا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى كونىدىن ـ كونىگە گۈللىنىۋاتقان رېئال تۇرمۇش، بولۇپمۇ ئۈزۈكسىز ئاۋاتلىشىۋاتقان شەھەر تۇرمۇشى بىر ئۇيغۇر شائىرنىڭ ئىلھامىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇ بولسىمۇ تۇردۇش ئاخۇن ئىدى، خېلى ۋاقىتلارغىچە كىشىلەر ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ‹غەرىبى› دېگەن تەخەللۇسىنىلا بىلەتتى.»

شائىر «كىتابى غەرىب» ناملىق دىداكتىكىلىق داستانىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزى توغرىسىدا مۇنداق يازغان:

ئۆلۈم ئەھلىگە كەپىش بەردار ئىدىم،
جاھان ئەھلىدىن ئەسرۇ بىزار ئىدىم.
جاھان ئىچرە غۇربەتتە ھالىم تەئەب[1]،
ئىدى تۇردى ئىسمىم «غەرىبى» لەقەب.

[1] تەئەب ـ قىيىنچىلىق، ھېرىش، تېلىش.

www.uyghurkitap.com

بىز يۇقىرىقىلاردىن شائىرنىڭ ئىسمىنىڭ تۇردى، لەقىمىنىڭ «غەرىبى» ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. يەنە يۇقىرىقى مىسرالاردىن مەلۇم بولغىنىدەك، فېئوداللىق زۇلۇم، جاھالەت ھەممە يەرنى قاپلاپ، مىدىرلاشقا ئىمكانىيەت قالمىغان، چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ نائىبلىرى بولغان يەرلىك فېئودال مۇشتۇمزورلار، زالىم، ئاچ كۆز ئەمەلدارلار خەلق ئۈستىدىن دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە يۈرگۈزۈپ، خالىغانچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىۋاتقان، مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمىدىن قىلچە خۇشلۇق كۆرمەي، ۋەيرانچىلىق دېڭىزىدا ئازابلىنىۋاتقان بىچارە دېھقانلار ئاممىسى ئۆز ئانا يۇرتلىرىنى تاشلاپ مۇساپىر بولۇپ، يۇرتتىن ـ يۇرتقا قېچىپ سەرگەردانلىق ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان زامانلار بولغاچقا، ئەنە شۇ كۆلپەتلىك قارا كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان مىڭلىغان بىگۇناھ ئاھالىلەرنىڭ بىرى بولغان تۇردى نازىم غەرىبنىڭ ئائىلىسىمۇ ئالۋان ـ ياساقنىڭ ئېغىرلىقىدىن، دېھقانچىلىقتىن ئالغان ھوسۇل بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز قېلىپ، يېزىنى تاشلاپ شەھەرگە ـ بۇلاقبېشى مەھەللىسىگە كۆچۈپ كىرگەن ھەمدە ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ماتاچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرمۇش ئۆتكۈزگەن. شائىر مانا مۇشۇ مەزگىلدە زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى، ئۆلىماسى، مەشھۇر شائىرى، ئۆزى بىلەن بىر مەھەللىلىك ئابدۇرەھىم نىزارىي بىلەن يېقىندىن تونۇشقان، ئۇ گەرچە غۇربەتچىلىكتە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ئىلىم ئىگىلەشكە قىزغىن ئىشتىياق باغلايدۇ. ئۇنىڭ ئىلىم ـ پەنگە بولغان ئىشتىياقى، ئىلىم ئەھلىگە بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسى شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىينى تەسىرلەندۈرىدۇ. نىزارىي ئۇنى تەربىيەلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەر تەرەپلىمە غەمخورلۇق قىلىدۇ. 1835 ـ يىلى كاشغەر ھاكىمبېگى زوھۇرىددىن شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىينى ئۆز دىۋانخانىسىنىڭ باش

مىرزىلىقىغا تەيىنلىگەندە، غەرىبىنىمۇ نىزارىيىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ۋە ئىلتىماسىغا ئاساسەن بەش كىشىلىك دىۋانخانىنىڭ مىرزىلىقىغا بەلگىلەيدۇ.

شائىرنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنىڭ سەۋىيەسىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىلىم - مەرىپەتكە قىزىققاندىغان كىشى ئىكەنلىكىدە شەك يوق، ئۇنىڭ بۇ ئىنتىلىشى ئەرەب، پارس تىلىنى مۇكەممەل ئىگىلىشى، بۇ تىل ئارقىلىق شەرق كىلاسسىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇش، شائىرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئوردىدا مىرزىلىق ئىشلىرىنى ئەستايىدىل ئورۇنلىغاندىن باشقا، يەنە ئۆز قەلىمى ئارقىلىق مول مەزمۇنلۇق ئەسەرلەرنى يېزىپ، كاشغەرنىڭ ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇشۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، كاشغەر شەھىرىدە ۋاپات بولىدۇ. «غەرىبىنىڭ مازىرى ھەققىدە ھازىر ئىككى خىل قاراش بار. كاشغەردىكى بەزى پېشقەدەم تارىخچىلار غەرىبى ئوردا خادىمى بولغانلىقتىن، ئەينى دەۋرنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە سۇلتانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان دېسە، يەنە بەزىلەر ئۇستازى ئابدۇرەھىم نىزارىيغا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى ئېيتىدىلەپ، ئوپالدا ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ ئايىغىدا ياتقان، ھازىر ئوپال خەلقى ‹غەرىب مازىرى› دەپ ئاتاپ، ئەقىدە - ئىخلاس قىلىۋاتقان قەبرە غەرىبىنىڭ مازىرىدۇر دېيىشمەكتە.»

غەرىبى ئۆز دەۋرىدە بەدىئىي ئىجادىيەت ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتتە يۇقىرى ئورۇن ئىگىلىگەن شەخس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن كاشغەرنىڭ مەرىپەتلىك ھاكىمبېگى زوھۇرىددىنىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ۋە نىزارىي، زىيائىي قاتارلىق ئەدىبلەر بىلەن بىرلىكتە كوللېكتىپ ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىمۇ «ھېكايەتى غەرىب» («مۇھەببەت داستانلىرى») تىن ئىبارەت چوڭ

ھەجىملىك كوللېكتىپ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن.

شائىر غەرىبى ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان ئەدىبلىرىدىن بولۇپ، بەدىئىي ئىجادىيەت ساھەسىدە كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ «غەزەللەر»، «بەھرام گور»، «كىتابى غەرىب» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار[①].

«غەزەللەر» «ھېكايەتى غەرىب» ناملىق كۆللىياتىنىڭ ھاشىيەسىگە غەرىبى تەخەللۇسى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي 41 غەزەلدىن تەركىب تاپقان[②].

«بەھرام گور» (1838 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن)[③] داستانىدا ئىران شائىرى بەھرام بىلەن چىنلىق سودىگەرنىڭ ئاسرانىدى قىزى دىلئارام ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى، جۈملىدىن تىراگېدىيەلىك پاجىئەسى تەسۋىرلەنگەن. بۇ نەۋايىنىڭ «سەبئەئى سەييارە» داستانى ئاساسىدا ئىخچام قىلىپ، ئاددىي ئۇسلۇبتا مۇقەددىمە ۋە خاتىمە بېرىلمىگەن ئاساستا يېزىلغان داستان بولۇپ، شائىرنىڭ ئۆز زامانىسىغا لايىقلاشتۇرۇپ ئىشلەپ چىققان بەدىئىي ئەمگىكى ھېسابلىنىدۇ.

«كىتابى غەرىب»

بۇ شائىر غەرىبىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى

---

① شائىرنىڭ يەنە «ئەمىر ئەلىشىر ‹خەمسە› لىرىدىن ئۈزۈپ ئېلىنغان بىر ھېكايەت» دېگەن ئەسىرى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى.

② ئىلمىي خادىملارنىڭ بايقىشىچە، بۇ غەزەللەر ئەسلىي «فۇزۇلى دىۋانى» دىن تاللىۋېلىنغان ۋە ۋەزىن، قاپىيە، رادىفنى ئەينەن ساقلاپ قالغان ئاساستا ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلۇپ چىقىلغان. ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش جەريانىدا ئايرىم كۇپلېت، مىسرا ۋە سۆزلەرنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق غەزەللەرنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ۋە بېيىتىشقا تىرىشقان. غەرىبىنىڭ فۇزۇلى غەزەللىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرغاندىن كېيىن «فۇزۇلى» دېگەن تەخەللۇسىنىڭ ئورنىغا ئۆز تەخەللۇسىنى ئالماشتۇرغانلىقىنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.

③ بۇ داستان 4032 مىسرا بولۇپ (بەزى نۇسخىسى 3900 مىسرا)، «شاھ بەھرام»، «شاھ بەھرام ۋە دىلئارام»، «بەھرام ۋە دىلئارام» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ م. يۈسۈپنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1989 ـ يىلى نەشر قىلىندى.



uyghurkitap.com

بولۇپ، ئۇنىڭدا دېھقانلار، ھۈنەرۋەن، ئىشچىلارنىڭ كىشىلىك جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى بىلەن مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمدەملىكى مەدھىيەلىنىپ[1]، رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ ئۇلغىيىشىغا مۇھىم ھەسسە قوشقان.

شائىر كىتابىنى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە 1841 - يىلى يېزىپ چىققان.

تۇردى غەرىبى زوھۇرىددىننىڭ تاپشۇرۇشىدىن ئىلگىرى مۇشۇنداق بىر كىتاب يېزىش توغرۇلۇق ئالدىن ئويلىغان. چۈنكى، شائىرنىڭ ئۆزى ھۈنەرۋەن ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ۋە مەلۇم مەزگىل ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان بولغاچقا، ئۇمۇ باشقا ھۈنەرۋەن - كاسىپ، دېھقانلار قاتارىدا دەللال سودىگەر، قەللاپلارنىڭ، ئەمەلدار - ھاكىملارنىڭ، جازانىخورلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە ۋە ئېزىشىگە ئۇچرىغان. مۇنداق تەقدىرداشلىق، ھەمدەردلىك بىر تەرەپتىن شائىرنىڭ زورلۇق ئىچىدە ياشاۋاتقان يوقسۇللارنىڭ نامراتلىق ئىچىدىكى تۇرمۇشىغا ئىچىنىش تۇيغۇسىنى ئويغاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەتنىڭ سودىگەر، ئەمەلدار ۋە باشقا ھەر خىل تەبىقىلەر بىلەن ئۇچرىشىش، ئالاقە مۇناسىۋەتلىرى جەريانى، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، مىجەز - خۇلقىنى چۈشىنىش، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇئامىلە - مۇناسىۋەتلىرىدە بولۇۋاتقان ئۆزئارا رىقابەت، پايدا - مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى، ھىيلە - نەيرەڭلەرنى تونۇپ يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. شائىرنىڭ زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئوردىسىدا كاتىپلىققا بەلگىلىنىشى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىن كەلگەن ئەرز - شىكايەتلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، جەمئىيەت تۇرمۇشىدا، تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ ھېس قىلالمىغان يېڭىچە

[1] ش. ئۆمەر: «19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 1 - قىسىم، 408 - بەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1998 - يىلى نەشرى.

www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋەت، يېڭى زىددىيەت ـ توقۇنۇشلىرىنى چۈشىنىپ يېتىش شارائىتىنى تۇغدۇرۇپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، 1830 ـ يىللار ئەتراپىدا چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى دۇگاڭ (ۋۇۋا)نى يارلىقى بويىچە كاشغەر شەھىرىنىڭ «تاشقى شەھەر» دەپ ئاتالغان غەربىي جەنۇب قىسمىنى سېپىل ئىھاتىسىگە ئېلىش ئىشى باشلىنىپ، بۇ ئىشقا پۈتۈنلەي دېگۈدەك دېھقانلار، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ جەلپ ئېتىلىشى، بۇ ئىشتا كۆپ جەبىر ـ سىتەم كۆرگەن دېھقان، قول ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى شائىرنىڭ چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى قوزغىغاندىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت ھاياتىدا تۇتقان ئورنى، رولىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

شۇنىڭ بىلەن شائىردا تەڭسىزلىك، مۇناپىقلىق، ساختىلىق، ئوغرىلىق ئەۋج ئالغان، قەبىھچىلىك، نامراتلىق قاپلاپ كەتكەن قاراڭغۇ جەمئىيەت تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى خاتا، نامۇۋاپىق ئىشلارنى تۈزىتىش ئوي ـ پىكرى تۇغۇلغان. شائىر ئۇنى توغرا يولغا باشلاشنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئىلىم ـ مەرىپەت، شەرىئەت يولى دەپ ھېسابلىغان، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ غايىسىنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدا ئامال ئىزدەپ يۈرگەندە زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ جەمئىيەتتىن ئاڭلىغانلىرى بويىچە غەرىبنى چاقىرتىپ، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنى، سودىگەرلەرنى توغرا يولغا سېلىش ئۈچۈن ئاممىباب بىر كىتاب يېزىپ چىقىشنى بۇيرۇغان. شۇنىڭ بىلەن شائىر بىر يىل ئىشلەپ، بىر مۇقەددىمە، 32 باب، 1956 مىسرادىن تەركىب تاپقان زور ھەجىملىك شېئىرىي ئەسىرى «كىتابى غەرىب»نى يېزىپ پۈتكۈزۈپ زوھۇرىددىن ھاكىمبەگكە تەقدىم قىلغان[1].

---

[1] ئا. سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، 2 ـ كىتاب، 2 ـ قىسىم، 380 ـ بەتلەر.

«‹كىتابى غەرىب› ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا كۆرۈنەرلىك ئورۇن ئىگىلەيدۇ...... (ئۇنىڭدا) ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشۇ دەۋردىكى (ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى) قول سانائەت كەسىپلىرى گۈزەل شېئىرىي مىسرالار بىلەن تەسۋىرلەنگەن.»[1]

شائىر غەرىبى بۇ ئەسىردە مۇنازىرە ئۇسۇلى ئارقىلىق شېئىرىيەتنىڭ مەسنەۋى شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئەينى چاغ جەمئىيىتىدىكى 32 خىل (34 خىل)[2] ھۈنەرنىڭ ۋە ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى، ئىچكى زىددىيەتلىرى ۋە خاراكتېر - خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىدۇ. سوئال - جاۋاب شەكلى ئارقىلىق ئەمگەك، ھۈنەر، ئادالەت، راستچىللىق، ئۆزئارا ياردەم، ئىتتىپاقلىق توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەمگەك ۋە ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە رولىنى ئۇلۇغلاپ ھەم يۇقىرى دەرىجىدە باھالايدۇ[3].

## 8. نورۇز ئاخۇن زىيائىي

### 1. زىيائىينىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى

زىيائىي (18 — 19 - ئەسىرلەر) تەخەللۇسى بىلەن ئاتالغان بۇ شائىرنىڭ ئىسمى نورۇز ئاخۇن بولۇپ، نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائىي دېگەن نام بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ.

19 - ئەسىرنىڭ 30 — 40 - يىللىرىدا كاشغەر رايونىدا كۆتۈرۈلگەن ئەدەبىي گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن

[1] ليۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 2 - قىسىم، 1060 — 1063 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 - يىلى نەشرى.

[2] ئوتتۇرا ئەسىردە شەھەرلەر 32 خىل ھۈنەرۋەنگە ئىگە بولمىسا شەھەر ھېسابلانمايتتى.

[3] ۋ. غوپۇر، ئە. ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تېزىسلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىلى نەشرى، 954 - بەت.

بايراقدارلىرىدىن زىيائىينىڭ نامى ئابدۇرەھىم نىزارىي، تۇردى غەرىبىلەر بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنىشقا تېگىشلىك. ھەتتا ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، زىيائىي ئۆز زامانىسىنىڭ شېئىرىيەت سەركەردىسى ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا.

زىيائىينىڭ ئۆمرى كاشغەردە ئۆتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت جەھەتتىكى ئىقتىدارى ۋە ياخشى ئەخلاق - پەزىلىتى بىلەن زاماندا شلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر بولغان ھەم ئەينى زاماندىكى كاشغەر ھاكىمبېگى زوھۇرىددىن ئۇنى ھاكىمبەگ مەھكىمىسىنىڭ كاتىپلىق خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرغان. شائىر بۇ خىزمەتنى تەخمىنەن 1831 - يىللىرىدىن 1844 - يىللىرىغىچە جەمئىي 14 يىل ئىشلەيدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ نىزارىي، غەرىبىلەر بىلەن بىرلىكتە «ھېكايەتى غەرىب» (غەرىبلەر ھېكايىتى) ناملىق چوڭ كۇللىياتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. زىيائىينىڭ «مەسئۇد ۋە دىلئارا»[1]، «ۋامۇق ۋە ئۇزرا»[2]، «مۇھزىنۇلۋائىزىن»[3]، «ھەفت داستان»[4] قاتارلىق داستانلىرى ۋە ئابدۇرەھىم نىزارىي بىلەن بىرلىشىپ يازغان «چاھار دەرۋىش»[5] ۋە ئۆزىنىڭ «ياۋا توشقان»[6] ناملىق ئەسەرلىرى بولغان. زىيائىينىڭ تەرجىمە ئەمگەكلىرىدىن ئۇبەيدى زاكانى پارسچە يازغان «مۈشۈك بىلەن چاشقان» ناملىق مەسەلنى شېئىرىي شەكىلگە سېلىپ ئىشلىگەن بىر ئەسىرى بار[7].

زىيائىي بەدىئىي ئىجادىيەتتە تىنىم تاپماي ئىزدىنىپ چوڭ

---

[1] بۇ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[2] بۇ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. ئەمما، بۇنىڭدا ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ داستانى دېيىلىپ قالغان.

[3] بۇ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 2 -، 3 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان.

[4] بۇ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[5] بۇ ئەسەرنىڭ شاھ ئازادە ھېكايىسى بىلەن 4 - دەرۋىش ھېكايىسىگە زىيائىي، 3 - دەرۋىش ھېكايىسىگە ئا. نىزارىينىڭ تەخەللۇسى قويۇلغان.

[6] «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[7] زىيائىينىڭ يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئىشق - مۇھەببەت ھەققىدە پەلسەپىۋى مۇلاھىزە قىلىنىدىغان 76 مىسرالىق «ئىشق فەزائىلىدىن شۇئمەي ئىزھار قىلماق»، 80 مىسرالىق «پەلەكتىن شىكايەت» (ۋاقىتلىق قويۇلغان ئىسىم) دېگەن ئەسەرلىرى بار.

ئۆتۈق قازانغان ۋە 14 يىل ھاكىمبەگ مەھكىمىسىدە ئىتىبارلىق ئورۇندا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى موھتاجلىق، ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، يوقسۇللۇق ۋە قىيىنچىلىقتا ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇ ھال شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

«چاھار دەرۋىش»

«چاھار دەرۋىش» ناملىق ئەسەر قىزىقارلىق ھېكايىلەردىن تۈزۈلگەن. ئۇنىڭدا رۇم مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى ئازادە بەخت بىلەن شام پادىشاھىنىڭ قىزىغا ئاشىق بولغان بىرىنچى دەرۋىش - يەمەنلىك سودىگەرنىڭ؛ پەرەڭ پادىشاھىنىڭ قىزىغا ئاشىق بولغان ئىككىنچى دەرۋىش - ئەجەم پادىشاھىنىڭ؛ بەسىر مەلىكىسىنىڭ ئىشقىدا كۆيگەن ئۈچىنچى دەرۋىش - پارس پادىشاھىنىڭ؛ دېۋىلەر باشلىقى مۇلكى سادىق قولىدىكى پەرىنىڭ ئىشقىغا گىرىپتار بولغان تۆتىنچى دەرۋىش - چىن ماچىن پادىشاھىنىڭ ئوغلىنىڭ ئۆز ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا باشتىن كەچۈرگەن ئاجايىپ ھايات پاجىئەلىرىنى ۋە ئىنتايىن دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق، جەبىر - جاپالارنى يېڭىش بەدىلىگە ئاخىر مۇراد - مەقسىتىگە يەتكەنلىكىنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ قىيىنچىلىقتىن قورقماي تىرىشىپ كۈرەش قىلغان كىشىلەرلا ئۆز ئارزۇسىغا يېتەلەيدۇ، دېگەن ئىدىيە ئالغا سۈرۈلىدۇ[1]. بۇ ئەسەر ئابدۇرەھىم نىزاري بىلەن ئىجادي ھەمكارلىقتا يېزىلغان.

## 2. زىيائىينىڭ داستانلىرى

### 1. «مەسئۇد ۋە دىلئارا»

«مەسئۇد ۋە دىلئارا»[2] (1841 - 1842) دا بەسىر پادىشاھى

---

[1] «چاھار دەرۋىش»نىڭ بىرقانچە خىل قول يازما نۇسخىسى بار. ئۈرۈمچى نۇسخىسى 9843 مىسرا، لېنىنگراد نۇسخىسى 13824 مىسرا.

[2] بۇ داستان جەمئىي يەتتە باب، 2432 مىسرا. يەنە 2560 مىسرا دېگۈچىلەرمۇ بار. بۇ «سەيفۇل مۇلۇك» قىسسىسىنىڭ ئىجادي بېيىتىلغان نۇسخىسى.

مىرزابانىنىڭ ئوغلى ـ شاھزادە مەسئۇد بىلەن ئىرەمباغىنىڭ پادىشاھى شەربال پەرىنىڭ قىزى دىلئارا ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىشق ـ مۇھەببەت ۋەقەلىكىنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق سادىق، پىداكار، چىدامىلىق كىشىلەرلا جاپا ـ مۇشەققەت، قىيىنچىلىقتىن غالىب كېلىپ، ئۆز ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ، دېگەن ئىلغار ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويغان.

2. «مۇھزىنۇلغائىزىن»

زىيائىي بۇ داستانىنىڭ ئىسمى ۋە يېزىلغان يىلى توغرۇلۇق ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق يازغان:

پەند ئەۋراقىدىن تاپىب ئىسبات،
مۇھزىنۇلغائىزىن دېدىم مۇڭا ئات.
تە ئىرىخىن سورىساڭىز مىڭ ئىككى يۈز،
ئەللىكىگە ئىزافەدۇر توققۇز.

دېمەك، داستان ھىجرىيە 1259 ـ يىلى (مىلادىيە 18943 ـ يىلى) يېزىلغان[1]. زىيائىي «مۇھزىنۇلغائىزىن»نى ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا يازغان[2]. داستانىنىڭ يېزىلىشىدىكى يۈزەكى سەۋەب شۇكى، زىيائىي زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ مەھكىمىسىدە ئىشلەپ، كېيىنكى چاغلاردا ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ ئىككى يىلغىچە يېتىپ قالىدۇ. ئۇ بىتاپ بولۇپ قالغاندىن كېيىن تۇرمۇشى قىيىنچىلىقتا قالىدۇ. بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۆزى سادىقلىق بىلەن خىزمىتىنى قىلغان ئەمەلدارلار ئۇنىڭدىن ھال سورىماق ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇنى ئۆچ كۆرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايدۇ. بۇ خىل قىلىق شائىرغا ئېغىر كېلىدۇ. غەم ـ قايغۇ چىرمىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شائىر قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئۆز

---

[1] داستان 4800 مىسرا.

[2] بەزىلەر زىيائىي بۇ داستاننى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئوردىسىغا كىرىشتىن ئىلگىرى يازغان، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن.

قەلبىدىكى ھەسرەت - نادامەتنى زامانداشلىرىغا بىلدۈرۈش، ھۆكۈمرانلار سورۇنىغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، شۇنداقلا ئاۋام خەلقنى نادانلىق، ئەخمەقلىقتىن خالاس قىلدۇرۇش ئۈچۈن داستاننى يېزىپ چىققان. «مۇھەببەتنامە»، «مۇھزىنۇلئەسرار» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى مۇڭلۇق ۋەز - نەسىھەتلەر دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەسەر مەزمۇن جەھەتتە ئەدەپ - ئەخلاق ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ئائىت ئۈگۈت - نەسىھەتلەر، ھېكمەتلىك سۆزلەر، ئۆز زامانىنىڭ تۈرلۈك ئىللەتلىرىگە قارىتىلغان تەنقىدلەر ۋە گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتلەرگە ياغدۇرۇلغان قىزغىن ئالقىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. داستاندا يەنە ئاپتورنىڭ ئۆز يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتى، ئىلىم - مەرىپەتنى ئەۋزەل بىلىشتەك ئەخلاقىي قارىشى روشەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. داستان مۇقەددىمە ۋە خاتىمىدىن باشقا يەتتە بابقا بۆلۈنگەن. ھەربىر بابتا بىر مىسال كەلتۈرۈلگەن. بۇ ئارقىلىق ئاپتور ئۆز كۆزقاراشلىرىنى ئىسپاتلىغان ۋە يىغىنچاق خۇلاسىلەپ بەرگەن. «مۇھزىنۇلئەسرار» ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي مەسىلىلىرىنى جانلىق، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئۇنىڭدا شائىرنىڭ ئەدەبىي كۆزقارىشىدىن سىرت يەنە پەلسەپىۋى ئىدىيەسىمۇ سۆزلەنگەن. بۇ جەھەتتە مەزكۇر داستان 19 - ئەسىردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي پىكىرلەر تارىخىدا تىلغا ئالماي ئۆتكىلى بولمايدىغان ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

3. «ۋامۇق ۋە ئۇزرا»

بۇ زىيائىينىڭ رومانتىك مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن تىراگېدىيەلىك داستانى بولۇپ، شائىر ئۇنىڭدا ئەنئەنىۋى ئىشق - مۇھەببەت ھېكايىسىنى ۋاستە قىلىپ، رېئال مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن مېھنەت سىڭدۈرگەن.

داستان ۋەقەلىكىنىڭ ھېكايە مەنبەسى توغرىسىدا سۆز ئاچساق، بۇ ھېكايىنىڭ مىلادىيە 10 - ئەسىردىن ئىلگىرىلا ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئۇچۇرلارغا ئىگە

بولىمىز. بۇ ھېكايە ۋەقەلىكىنى دەسلەپ پارس شائىرى ئوبۇلقاسىم ھەسەن ئۇنسۇرى (ۋاپاتى 941 ـ يىلى) «ۋامۇق ۋە ئۇزرا» نامىدا داستانلاشتۇرغان. 14 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئىران شائىرى زاھىر كىرمانى ھەم شۇ ناملىق داستان يازغان. 18 ـ ئەسىردە خارەزمدە ئۆتكەن خوجا سەئىد ھەسەنى زاھىر كىرمانى يازغان «ۋامۇق ۋە ئۇزرا» داستانىنى تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلغان. ئەلىشىر نەۋايى «مەجالىسۇننەفائىس» نامىلىق ئەسىرىدە بۇ ھېكايىنىڭ سۇژىتىنى مىسال تەرىقىسىدە تىلغا ئالغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھېكايە ۋەقەلىكى 19 ـ ئەسىرگىچە يازما ئەدەبىياتتا قايتا كۆرۈلمىگەن، ئەمما «جەمئىۇلھېكايەت» تە خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كېلىنگەن.

زىيائىي بۇ ھېكايە سۇژىتىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا دەسلەپ قىلىپ داستان شەكلىدە يېزىپ ئۇتۇق قازانغان.

شائىر زىيائىي «ھىندى دىيارى» دا بولۇپ ئۆتكەن ۋامۇق بىلەن ئۇزرانىڭ تىراگېدىيەلىك ۋەقەسىنى تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئارقىلىق فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. شائىر داستاندا فېئودالىزم ھىمايىچىلىرىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق فېئودالىزمنىڭ ئىنسانلار ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان چىرىك ئىجتىمائىي ماھىيىتىنى پاش قىلىدۇ. ئەزگۈچى ۋە ئېزىلگۈچىلەردىن ئىبارەت ئىككى قارىمۇقارشى سىنىپ ۋەكىللىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ۋە كۆزقاراشلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكلەرنىڭ سىنىپىي مەنبەسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 9. ئىمىر ھۇسەيىن سەبۇرى

ئىمىر ھۇسەيىن سەبۇرى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كاشغەر شەھىرىگە قاراشلىق قوغان يېزىسىدا نامرات ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئىلىم ـ مەرىپەتكە قىزغىن ئىشتىياق

باغلىغاچ، باشلانغۇچ ۋە يۇقىرى بىلىم يۇرتلىرىدا (مەدرىسەلەردە) جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ، زامانىسىنىڭ يېتىلگەن ئىلىم ئەھلىگە ئايلانغان. ھاياتى تولىمۇ غورىبەتچىلىكتە ئۆتۈۋاتقان شائىر تۇرمۇشىنىڭ ئېغىر بېسىملىرىغا تىز پۈكمەي، ئىزچىل ئىجادىيەت، ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ بۇ روھىدىن تەسىرلەنگەن ۋە شائىرنىڭ ئىستېدات، ئىقتىدارىغا قايىل بولغان قەشقەر ھۆكۈمدارى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ شائىرغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا كېپىللىك قىلىش ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش نىيىتىدە ئۇنىڭغا قەشقەر شەھىرىنىڭ تۈمەن دەرياسى بويىدىكى ھەرەمباغ يېزىسىدىن بىر بۆلۈك يەر ۋە سۇ تەقسىم قىلىپ بەرگەن. سەبۇرى ئائىلىسى بىلەن بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ، بىر تەرەپتىن دېھقانچىلىق قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجادىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان ۋە 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ۋاپات بولغان.

سەبۇرى ئەسەرلىرىدىن ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغىنى «نەۋايىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى توغرىسىدا»، «دىۋانى سەبۇرى» ۋە «ماقالات» تىن ئىبارەت.

«نەۋايىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى توغرىسىدا» ئەسىرىنى سەبۇرى 1840 - يىلى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يازغان. شائىر ئۇنىڭدا نەۋايىنىڭ «خەمسە» سىدىكى «سەددى ئىسكەندەرى» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى ئىسكەندەرنىڭ خىسلەتلىرىنى ئاساس قىلىپ، نەۋايىنىڭ ئادالەت ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەيدۇ، نەۋايىنىڭ خەلقپەرۋەرلىكى ھەم مەملىكەتتە ئادالەت، ھەققانىيەت ئورنىتىش يولىدا كۆرسەتكەن ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى قىزغىن مەدھىيەلەپ، ئۆزىنىڭ نەۋايى ئادالەتپەرۋەرلىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان، ئەقىل - پاراسەتنىڭ قۇدرىتى، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ نۇرى بىلەن جاھالەت ۋە زۇلۇمنى يوقاتقىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتەك ئوپتىمىستىك

كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

«دىۋانى سەبۇرى» شائىرنىڭ بىر بۆلۈك غەزەل، مەسنەۋى، تەرجىئى بەندلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى شېئىرلارنىڭ كۆپچىلىكى كىلاسسىك ئەدەبىيات تېمىسىدىكى ئەنئەنە بويىچە مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ شېئىرلاردا شائىرنىڭ ئادالەت، ھەققانىيەت، مەرىپەت، ئىنسانپەرۋەرلىك ھەققىدىكى ئىلغار قاراشلىرى، ئاچ كۆزلۈك، ئابرۇيپەرەسلىك، ھىيلىگەرلىك، ساختىپەزلىك، يالغانچىلىق، خىيانەت، ئالدامچىلىق قاتارلىق ئىللەتلەرگە بولغان ھەققانىي غەزەپ ـ نەپرىتى، زامانىنىڭ بىۋاپالىقى ئۈستىدىكى شىكايىتى ئەكس ئېتىدۇ.

«ماقالات» شائىرنىڭ نەۋايىشۇناسلىق ئىشىنىڭ يەنە بىر نادىر جەۋھىرىدۇر. مەلۇم بولۇشىچە، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ سەبۇرى بىلەن كۆرۈشۈپ، نەۋايىنىڭ «لىسانۇتتەير» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە جاۋابەن: «نەسرىي ئىبادەت تەرزى بىلەن خاس ئاۋامنىڭ ئاممىباب تىلدا راۋان بىر ئەسەر مەيدانغا كەلتۈرۈلسە، خەلقنىڭ چۈشىنىشىگە ئېغىر كەلمەي پايدىلانسا» دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. سەبۇرى بۇ ھەقتە كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە مونۇلارنى يازىدۇ: «ئەگەرچە بۇ ئۇلۇغ ئىشقا قول سېلىشقا ھەددىم يوق ئىدى، ئەمرىگە بويسۇنۇش تەقەززاسىدىن چارىسىز قەلەم سوردۇم. يىراقنى كۆرگۈچى ئىمىر ھۇسەيىن سەبۇرى ئەرز قىلۇركى، مەشھۇر ھۆكۈمدارنىڭ ھۆكمى بىلەن بۇ زور خىزمەت ئېتىكىگە قول تەگكۈزدى. ھەربىر بۆلۈمنى ئۆزى بىلگىنىچە سايرايدۇ ۋە ھەر تۈتى ئۆز ئىقتىدارىچە ناۋا تۈزىدۇ. مەن پېقىرغا مەئنى گۈلچېھرەسىدە ئازغىنا كۆرۈنۈپ ئىدى، ئاشۇ ئىقتىدارىمچە مەئنى كېلىنىگە زىبۇ ـ زىننەت بەرگەيمەن.»

سەبۇرى «ماقالات» نى نەسرىي تۈرنىڭ سەجئە (نەسرىي ئەسەرلەردىكى قاپىيەلىك چۈشۈرگە) شەكلىگە مۇراجىئەت قىلىپ، كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ ماقالات تۈزۈش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ھالدا نەۋايىنىڭ «خەمسە» سىدىكى «ھەيرەتۇلئەبرار»، مەشھۇر پەلسەپىۋى داستانى «لىسانۇتتەير» گە جاۋابەن يېزىپ

چىققان ۋە مەزمۇن، ئۇسلۇب جەھەتتىن ئىمكانقەدەر يۇقىرىقى ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن ۋە ئۇسلۇبىغا سادىق بولۇشقا تىرىشقان. «ماقالات» تا يەنە نەۋايىنىڭ يىرىك ئەسىرى ـ «مەھبۇبۇلقۇلۇب»نىڭ تەسىرىمۇ خېلى كۈچلۈكتۇر. دېمەك، سەبۇرى ئۆزىنىڭ بۇ ئەمگىكىدە نەۋايىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىگە ئىجابىي ياندىشىدۇ ۋە كۆپلەپ ئوزۇق ئالىدۇ.

سەبۇرىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بۇ ئەسىرى 20 بابتىن قۇرۇلغان بولۇپ، مەزمۇنىنىڭ مول ۋە چوڭقۇرلۇقى، بەدىئىي سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن كۆزگە تاشلىنىدۇ. ئەدىب شەرق كىلاسسىكلىرىنىڭ دىداكتىكىلىق پەلسەپىۋى داستانچىلىق، ماقالاتچىلىق ئەنئەنىسىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب يارىتىپ، كىشىلىك ئەخلاق ۋە زامانغا بولغان قاراشلىرىنى سىمۋوللۇق پېرسوناژلار، يۇمۇرلۇق، ھەجۋىي ۋاستىلەر، ئىبرەتلىك پارچە، مەسەللەر ياردىمىدە جانلىق، ئوبرازلىق قىلىپ ئىپادە قىلىدۇ.

«ماقالات» 1842 ـ، 1843 ـ يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان. ئەدىبنىڭ ئۆز قول يازما ئەسىرى قەشقەر شەھەر ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق ئىمىر ھەسەن قۇتلۇق ھاجى تەرىپىدىن ساقلانغان بولۇپ، 1962 ـ يىل 17 ـ ئىيۇلدا بۇرھان ئەپەندىگە تەقدىم قىلىنغان. بۇرھان ئەپەندى بۇ تەۋەررۇك ئەسەرنى ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.

ئەدىب ئىمىر ھۇسەيىن سەبۇرىنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق[1].

## 10. زوھۇرى

«زوھۇرى» تەخەللۇسى بىلەن بىزگە ئۆز دىۋانىنى قالدۇرۇپ

[1] ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، 246 ـ بەت.

كەتكەن كىشىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن تەيىنلىنىپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرىدا كاشغەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ تۇرغان زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ دېگەن قاراش ئوتتۇرىغا چىققان[①].

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ تۇرپاندىكى ۋاڭ ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاشغەردىكى يەرلىك ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن يەرلىك فېئودال ۋاڭ ـ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋەكىلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەلۇم تەرەققىيپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر زات بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلىم ـ پەن بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئىقتىدارلىق كىشىلەرگە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن ۋە ئۇلارنى قوللىغان. نەتىجىدە بۇ مەزگىلدە نەزارىي، زىيائىي، غەرىبى ۋە سەبۇرى قاتارلىق ئەدىبلەر مەيدانغا چىقىپ، ئەدەبىياتىمىزدىكى يېڭى بىر يۈكسىلىشنىڭ سەھىپىسىنى ئاچتى. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسى ۋە رولىنى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ بىر ئەدىب ئىكەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

زوھۇرىددىنىنىڭ دىۋانى پۈتۈنلەي غەزەل شەكلىدىكى شېئىرلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، شېئىرلىرىنىڭ ئاخىرىدا «زوھۇرى» تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەندىن تاشقىرى، ئۆز ئىسمى زوھۇرىددىنىنىمۇ قوللانغان. بەزى غەزەللەردە ئۆزىگە «شاھ»، «شاھا» دەپمۇ خىتاب قىلغان، بۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىق ئورنىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەتكەن تىلى بولسا كېرەك. دىۋانىنىڭ سەۋىيەسىدىن شائىر زوھۇرىددىنىنىڭ ئۆز زامانىسىغا كۆرە يۇقىرى مەلۇماتلىق، مۇئەييەن ئەدەبىي ئىستېداتقا ئىگە كىشى ئىكەنلىكىنى، ئەرەب، پارس تىللىرىدىنمۇ خەۋىرى بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. دىۋاندىكى

---

[①] شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ ئومۇمىي 11 ـ سانىدا شائىر قۇربان بارات زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ھەققىدىكى تەتقىقاتىنى ھەمدە «دىۋانى زوھۇرى»نى ئېلان قىلدى.

غەزەللەر ئىشق - مۇھەببەتتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى تېمىدا بولۇپ، شائىرنىڭ مۇرەككەپ تۇيغۇلىرى ۋە ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ كەلگەن.

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىدىن بىرى بولغىنى ئۈچۈن، 19 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا كاشغەردە چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلىڭى بورىنىدا پەرغانىگە قېچىشقا مەجبۇر بولغان، ئۇنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقى، قاچان، قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى ھازىرچە نامەلۇم.

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئەدەبىياتىمىزدا ئۆزىگە خاس بىر بۆلۈك ئەسەرلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكى ھەمدە 19 - ئەسىرنىڭ 30 -، 40 - يىللىرىدا كاشغەردىكى ئەدەبىي ۋە مەدەنىي ھاياتنىڭ گۈللىنىشىدە ئوينىغان رولى بىلەن ئەدەبىياتىمىزدا مەلۇم ئورۇن تۇتىدۇ[1].

## 11. مۇھەممەدنىياز ياركەندىي

مۇھەممەدنىياز 19 - ئەسىردە ياشىغان داڭلىق ئەدىبلەردىن بولۇپ، تولۇق نامى موللا مۇھەممەدنىياز ياركەندىي. تاجىك ئاپتور ئىمامەلى قۇندۇزى (1885 — 1857) «تارىخى مەنزۇمە» (شېئىرىي تارىخ) ناملىق ئەسىرىدە: «مۇھەممەدنىياز ئاخۇند ياركەندىي مەزكۇر دىيارنىڭ يېتۈك فازىللىرىدىن ۋە پېشقەدەم ئۆلىمالىرىدىن ئىدى. ئۇ غەزەلىياتتا ‹نىيازىي› تەخەللۇسىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ تەقدىرنىڭ ئېغىر قىسمەتلىرىدىن قېچىپ خوتەندە ئىستىقامەت قىلدى. ئۇنىڭ جەسىتى ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھىرىگە ئېلىپ كېلىنىپ، ئاكىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى»[2] دېگەن مەلۇماتنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

---

[1] ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، 248 - بەت.

[2] «مالۇپ ئەنجۇمەنى»، ئالمۇتا «غىلىم» نەشرىياتى 1990 - يىلى نەشرى.

مۇھەممەدنىياز 1845 ـ 1846 ـ يىللىرى «تارىخى رەشىدىي» نى پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. 1857 ـ 1858 ـ يىللىرى «قىسەسۇلغەرايىب (ئاجايىپ قىسسىلەر) ناملىق تارىخي ئەسەرنى يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەردە شىنجاڭنىڭ ئۇزاق تارىخى بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، قىسسىلەر ئورۇن ئالغان، يەنە بىرمۇنچە شېئىرلارمۇ بار. بۇ كىتابنى ياركەند ھاكىمبېگى ئابدۇرەھمان ۋاڭ بەگنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەزىز بەگ خوتەنگە ھاكىمبەگ بولغاندا ئۇنىڭ ھوزۇرىغا چاقىرتىپ كېلىپ خىزمىتىدە بولغاچ، ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يېزىپ چىققان. بۇ ھەقتە ئەسەردە مۇنداق نەزمىي مىساللار بار:

ھاكىمى مۇتلەقىل ئىنانى خوتەن،
بائىسى رەۋنەقى، ئەمانى خوتەن.
كى ئەزىز ۋاڭ بەگ ئولدى ئاتى ئانىڭ،
دەپ تامام ئولماغاي سىفاتى ئانىڭ.
ماڭا ئەمىر ئەتتىكىم: ساڭا بىر ئىش،
بۇيرۇغۇم ئەيلەسەڭ كېرەك كۇشىش.
ئىش بۇكىم، بىر كىتابى يازغايسەن،
تەرزىن ئانىڭ بۇ نەۋئ قىلغايسەن:
كى دەبان تا بەشەر زەمانىدىن،
داغى ئەۋلادى داستانىدىن.
تاكى خانلارغىچە ئۇلاشتۇرغىل،
قىسسە خانغە يەتتى بەس، تۇرغىل.
قىل ئۇلار ۋاقىئاتىنى تەقرىر،
سەفھەغە ئەيلەيىك بىيىك تەھرىر.
قىلغان ئىشىمىز يادگار ئولغاي،
ئاتىمىز داغى ئاشكار ئولغاي.
مەن ئىشىتكەچ بۇ ھۆكمىنى ئول دەم،
...... ئول ئەمرنى ئەدا ئېتەرگە قەدەم.

...........................[1]
ئىلكىمە رىفئەتەن ئالىپ خامە،
ئەزم قىلدىم يازا......[2]
ھەقدىن ئۈشبۇدۇر ماڭا ئۈمىد،
تاپقاي ئەتمام ئەيلەبان تەسۋىد.
ئول مەھەلكىم تەمامىغە يەتكەي،
شاھ كۆرۈپ بارچەسىن قەبۇل ئەتكەي،
ئەمدى سۆز رىشتەسىن نىيازى ئۈز،
قىسسە پەردازلىق تەرىقىن تۈز.
ئەسلى مەقسەدغە قىلغىل ئەمدى رۇجۇئ،
داستان گۈيلۈقغە ئەيلە شۇرۇئ.

## 12. نىيازى

نىيازى تەخمىنەن 19 - ئەسىردە ياشىغان شائىر بولۇپ، قەيەرلىك ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. ئۇنىڭ 1841 - يىلى كۆچۈرۈلگەن «دىۋانى نىيازى» ناملىق توپلىمى كاشغەردىكى ئوپالدىن بايقالغان. ئۇنىڭ بىردىنبىر قول يازما نۇسخىسىنىڭ كاشغەردىن بايقالغانلىقىغا قارىغاندا، ئاپتورنى كاشغەر تەۋەسىدە ياشىغان شائىر بولۇشى كېرەك، دېگەن پىكىرگە ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ توپلامنىڭ يەنە باشقا نۇسخىلىرىمۇ 1980 - يىللاردىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن بايقالدى. «دىۋانى نىيازىي»دا 135 پارچە غەزەل، «تائامنامە»، «مېۋىنامە» ناملىق مۇنازىرە شەكلىدە يېزىلغان ئىككى پارچە داستان بار. شائىرنىڭ لىرىكىلىرىدا «يار» ئوبرازىنىڭ رەڭگارەڭ ئوبرازىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاياتقا، ياخشىلىق، گۈزەللىك، مۇرۇۋۋەتلىككە بولغان قارىشى

---

[1] قول يازمىدا شۇنىڭدىن كېيىنكى 24 مىسرا سىزىپ تاشلانغان، شۇڭا قالدۇرۇپ قويۇلدى.
[2] مىسرانىڭ ئاخىرى ئۆچۈپ كەتكەن.

www.uyghurkitap.com

ئىپادىلەنگەن.

«تائامنامە» (تائاملار مۇنازىرىسى) دە ئۇيغۇرلار ئىستېمال قىلىدىغان بەتتە پولۇ، چۆچۈرە، سىرماق، كۆجە، يوبدان، ئۇماچ، مانتا، چۆپ، ئۇگرە، كاكچا، رىشالە، سامبۇسا، شورپا، قاتلىما، پەدنە (؟)، ئۆپكە ـ ھېسىپ، زاڭ، گىردە، شىيرى بىرەنج (گۈرۈچ شىرىسى) قاتارلىقلارنى ئۆزئارا مۇنازىرىگە سېلىپ، ئۇلارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرسىتىپ، ئارتۇقچىلىقلىرى ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە قايىللىقىنى ئىپادىلەتكۈزىدۇ. داستاننىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلگەن:

چىقتى تەئام لەشكەرى پىرۇ جەۋان،
سالدى چۇ مەيدان ئۇزە دەستۇرخان.
جۇملە كىگىردەك چەرىكى بىر تەرەف،
ھەربىرى ئۆز نەرزى بىلەن تۇزدى سەف.

ئومۇمەن، شائىرنىڭ بۇ داستانى يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا، داستانچىلىقتىكى ئوبرازلارنىڭ خىلمۇخىللىقىنى ئۆگىنىشتە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

## 13. ئاسىي

ئەدىب موللا شاكىردىن كېيىن «زەپەرنامە» ناملىق يەنە بىر تارىخىي داستاننى يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن «ئاسىي» تەخەللۇسلۇق ئەدىبنىڭ تەرجىمىھالىغا دائىر ئەھۋاللار ھازىرچە ئېنىق ئەمەس.

1955 ـ يىلى قاغىلىقتىن راشىدىن مۇپتى ئىسىملىك ئۆلىما ئەۋلادلىرىنىڭ كۆمۈپ ساقلىغان يېرىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئىختىيارىغا ئېلىنغان بۇ تارىخىي داستان 2460 مىسرادىن ئارتۇق بېيىتتىن قۇرۇلغان بولۇپ، تۈزۈلۈش

جەھەتتىن ئىككى قىسىم، توققۇز بابقا بۆلۈنگەن. داستاندا چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ يەرلىك فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ خەلققە سالغان زۇلۇم - كۈلپەتلىرى، 19 - ئەسىرنىڭ 40 — 50 - يىللىرىدا خەلقنىڭ قوزغىلىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ۋە خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ قانلىق باستۇ-رۇلغانلىقىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي، تارىخىي ۋەقەلەر يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

داستان مۇئەللىپى بۇرۇن خاتا ھالدا «مۇغەننى» تەخەللۇسى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. «زەپەرنامە» داستانىنى ئىچكىرىلەپ ئۆگىنىش نەتىجىسىدە، داستان مۇئەللىپىنىڭ «ئاسىي» تەخەللۇسلۇق شائىر ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇنى داستاننىڭ ئاخىرىدا شائىرنىڭ ئۆزى ھەققىدە يازغان:

كى ئەي ئاسىي سۆزۈڭنى ئەيلەدىڭ قەتئ،
چۇ بىر مۇشكىل تىلىسمى ئەيلەدىڭ قەتئ. ①
ھەمۇل مۇشكىل تىلىسمىكىم ئۇشاتتىڭ،
دۇرى گەۋھەرلەرىن ئالەمگە ساچتىڭ.

دېگەن مىسرالاردىن بىلىش مۇمكىن.

شائىر داستانىنىڭ نامى ۋە يېزىلغان ۋاقتى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

زەفەر تاپغاچ چۇ بولدۇم نۇسرەت ئەنجام②،
‹زەفەرنامە› بۇ دەپ قويدۇم مۇڭا نام.

---

① قەتئ — ئۈزۈش، كېسىش مەنىلىرىدە. بۇ يەردە «قەتئ» سۆزى ئالدىنقى مىسرادا «ئۈزۈش» مەنىسىدە، كېيىنكى مىسرادا «كېسىش» مەنىسىدە كەلگەن.
② ئەنجام — نەتىجە، ئاقىۋەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

«زەپەرنامە» دېمەككە ھۆججەت ئۆشبۇ،
يەنى تەئرىخى ئەلفازى ھەم ئۆشبۇ.

دېمەك، «زەپەرنامە» داستانى ھىجرىيە 1276 ـ يىلى (مىلادىيە 1860 ـ يىلى) يېزىلغان.

«زەپەرنامە» داستانى مۆئەللىپىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر خەلق تەرىپىدە تۇرۇپ، ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي ـ تارىخىي ۋەقەلىرىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەنلىكىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدىغان ئەسەرلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ[①].

## 14. ئابدۇللا ئاخۇن خەستە

ئابدۇللا ئاخۇن شەرىف ئاخۇن ئوغلى خەستە (1854 ــ 1907) ياركەندتە شېرىپ ئاخۇنۇم ئىسىملىك بىر مۇدەررىس ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

ئۇ 17 ياشلارغا كىرگەندە دىن ۋە ئەدەبىيات بىلىملىرى بويىچە شۆھرەت قازىنىپ، خەلق ئىچىدە ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، كېيىنچە مەدرىسىدە مۇدەررىس بولۇپ ئىشلىگەن. ئابدۇللائاخۇن «خەستە» تەخەللۇسى بىلەن شېئىرلار يازغان ۋە ئۇنىڭ «كۇللىياتى خەستە» ناملىق توپلىمى بولغان[②]. ئۇنىڭغا غەزەل، مۇسەددەس، مۇخەممەس ۋە مۇرەببەلەر كىرگۈزۈلگەن.

خەستە غەزەللىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ مەزمۇنى ئەنئەنىۋى

---

① ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، 273 ـ ، 274 ـ بەتلەر.

② مەنبەلەردە بۇ توپلامغا 444 پارچە شېئىر كىرگۈزۈلگەنلىكى ئېيتىلىدۇ. ئەپسۇسكى، تولۇق توپلام مەلۇم ئەمەس، ھازىر مەلۇم بولغىنى 2 مۇسەددەس، 10 مۇخەممەس، 10 مۇرەببە، 50 غەزەلدىن ئىبارەت 72 پارچە ئەسەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 2793 مىسرالىق توپلامدىن ئىبارەت.

تېمىلار ئىزىدىن يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن تىل ۋە شەكىل جەھەتتە بەزى ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە، يەنى شائىر شېئىرلىرىنىڭ تىلى خەلقىنىڭ جانلىق تىلىغا يېقىن، ئۇنىڭدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىخلىرى ئۇچۇق كۆرۈلگەن. خەستە غەزەللىرىنىڭ كۇپلېت سانىنى كۆپرەك 9، 11، 13، 16، 20 كۇپلېت قىلىپ تۈزگەن[1]، قاپىيەلىرىنى بولسا بىر - ئىككى بوغۇملۇق (قىسقا) ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن تاللاپ ئىشلەتكەن.

خەستەنىڭ «ئەدەبنىڭ خىلئەتىن كىيگىل» ناملىق مۇرەببەسىدە ئەدەپ - ئەخلاق ئۆلچىمىنى ھەرقايسى قاتلام كىشىلىرىگە تەتبىقلىماقچى بولغانلىقى ئۆز دەۋرى ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا قەدىرلەشكە تېگىشلىك شىجائەت ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندە بۇ مۇرەببەنى كۆرۈپ ئۆتىمىز:

### مۇرەببە

ئەدەبنىڭ خىلئەتىن كىگىل ئەدەبدىن ياخشى زىينەت يوق،
كىشىكىم بىئەدەب بولسا ئۇنىڭدا ئەسلا خىسلەت يوق.
ئۇلۇغلار ئالدىغا بارساڭ ئەدەبدىن ئۆزگە خىلئەت يوق،
ئەدەبنى ئۆزگە پىشە قىلماغانغا ئەسلا رىفئەت يوق.

خۇدا گۇيلۇق قىلاي دېسەڭ ئەدەبنى ئۆزگە پىش ئەيلە،
بىلىپ ئەفزەل ئۆزۈڭدىن خارۇ خەسنى سەن رەۋىش ئەيلە،
ئۆزۈڭنى پەس تۇتۇپ نەفسىڭغە ھەردەم سەررزەنىش ئەيلە،
تەكەببۇر ئەيلەگەنگە ھەق قاتىدا ئەسلا قۇربەت يوق.

«فەلان ئوغلى فەلانمەن» دەپ ئۆزۈڭگە فەخرى ناز ئەتمە،
بەھايىمدەك كۇلۇپ ئويناپ دۇتار، تەمبۇرنى ساز ئەتمە،

---

[1] كىلاسسىك شائىرلار غەزەللەرنى كۆپرەك 5، 7، 9 كۇپلېتلىق قىلىپ يازاتتى؛ خەستە شېئىرلىرىدا 6، 7 كۇپلېتلىق غەزەللەرمۇ بار.

www.uyghurkitap.com

«فەلان ئوغلى» دەبان مەھشەردە ئۆزنى شەرمساز ئەتمە،
ئەمەل لازىم، سەيدلىك، خوجىلىقتا ئەسلا ھۆرمەت يوق.

ئۇلۇغلۇق خالىساڭ ئەيلە تەۋەززۇئ پەس تۇتۇپ ئۆزنى،
ئۇلۇغلارغا قىلىپ ھۆرمەت كىچىككە پەس قىلىپ سۆزنى،
دۇرۇشتلۇق قىلماغىل ھېچكىمگە ھەرگىز چوڭ تۇتۇپ ئۆزنى،
بۇ ئالەم ھەم ئۇ ئالەمدە دۇرۇشت گويلارغا ئىززەت يوق.

ئەگەر سالىك ئىرۇرسەن ھېچ تەرەفكە بىخەبەر باقما،
خۇدا مەخلۇقىنى كۆرمەك ھەقىر دىنغا خەتەر، باقما،
ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇپ جانىڭغا دوزاختىن شەرەر ياقما،
كى مەزھەر بولماغان ھەققە جەھاندا ئەسلا خىلۋەت يوق.

نوبۇۋەتكە ئەگەر تەسدىق قىلساڭ ئىززەت - ئىكرام ئەت،
قىلىپ ھۆرمەت مەشايىخقا ئۆزۈڭگە خىزمەت ئىلزام ئەت،
دۇئا ئەيلەپ نەزەر قىلسا ئۆزۈڭگە رىفئەت ئەئلام ئەت،
نەزەر تاپماي بىۋاسىدىن ھېچ كىشىگە ئەسلا ئۇلفەت يوق.

تاپاي ئۇلفەت دىسەڭ ھەققە، پىرى كامىلنى ئاختارغىل،
بىرىپ جان نەقدىنى بىر ئالىمى ئامىلنى ئاختارغىل،
دىلى ئايىنەدەك بىر مۇرشىدى فازىلنى ئاختارغىل،
ئۇلارنىڭ سۆھبەتىن تاپماي كىشىگە ئەسلا لەززەت يوق.

سورار ھەق ھەشرىدە ئەئمالىدىن، ھەرگىز نەسەب سورماس،
«نە ئىش قىلدىڭ» دەبان سورغاي ئەمەلدىن، ھېچ لەقەب سورماس،
سوران ھەر بەندەنىڭ ئەئمالىدىن، ئەجداد دەپ سورماس،
قۇرۇق سەيىد بولۇپ قىلماي ئەمەل، يۈرمەككە رۇخسەت يوق.

تىرەكباغ خانىقاھىدا ياتىپ قالغان غەرىب خەستە،
كۆتەرىپ خانىقاھى نام، ھەۋايى نەفسىگە بەستە،

سېنىڭكى شۇملۇغۇڭدىن ئوت تۇتاشىپ كۆيدى بۇ رەستە،
كۆتەرىپ سۇفى ئات، ھەرگىز سېنىڭدە ئىستىقامەت يوق.

## 15. موللا سەئدۇللا

موللا سەئدۇللا (1840 — 1913) كاشغەر يېڭىسار ناھىيەسىگە قاراشلىق تېۋىز يېزىسىدا كەمبەغەل بىر رەۋەندە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. يېڭىسار ناھىيە بازىرىدىكى مەدرىسەدە ئەنئەنىۋى تەلىم ئۇسۇلى ئاساسىدا تەربىيەلەنگەن.

يېتىمچىلىك ۋە غۇربەتچىلىك موللا سەئدۇللانىڭ مەدرىسەدىن كېيىنكى ھاياتىغا تەھلىكە بولۇپ قالىدۇ. ئەمەلدارلارنىڭ بوزەك قىلىشى ۋە قاقتى - سوقتى قىلىشى شائىردا بىر خىل ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىنى پەيدا قىلىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ يۇقىرى قاتلامنى مەسخىرە قىلىپ، يېغىرىنى تاتىلايدىغان شېئىرلارنى يېزىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭدىن ۋاقىپلانغان ئەمەلدارلار ۋە روھانىيلار شائىرغا خىرىس قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تۆھمەتلەر ياغدۇرىدۇ. ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى ئالدىن پەملىگەن شائىر سەرسانلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرۈشكە باشلايدۇ. ئۇ دەسلەپ شىنجاڭ دائىرىسىدە. بەش يىل ئايلىنىپ، يېزا - قىشلاق، شەھەرلەرنى كېزىدۇ، ئاتاقلىق مازارلارنى تاۋاپ قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ چوڭقۇر قاتلىمى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. سەپەر جەريانىدا يۇرتداشلىرىغا يازغان بىر پارچە رۇقئىتىدا:

سەرسانلىقتىمۇ پۇلسىز قالمادىم،
يېيىش ئۈچۈن نان، ئۇنسىز قالمادىم.
ئىككى يېنىمدا ئىككى بېگىم بار،
شۇڭا ھېچكىمدىن قورقۇپ قالمادىم.

جاپا چەكسەممۇ ئۆلۈپ قالمادىم،
كىشىگە ھەرگىز موھتاج بولمادىم.

www.uyghurkitap.com

لېكىن ھىجراندا كۆزلىرىم ياشلىق،
رازى بولۇڭلار، ئەي يارەنلىرىم.

دەپ يازغىنىدەك، سەپەر جەريانىدا ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ، ھالاللىق بىلەن ئىشلەپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ئاخىرقى يىلى مارالبېشى ناھىيەسىدە بىر يىلچە تۇرۇپ، يازغان شېئىرلىرىنى رەتلەپ دىۋان قىلىپ تۈزۈپ، ئۇنى تېۋىز يېزىسىدىكى ئىنىسى سايىت ئاخۇنغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ، ئاندىن ئۆزى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى يەرلەرنى ئايلانغاندىن كېيىن، 1892 - يىلى كەشمىرگە كېلىپ، بۇ جايدا ساياھەتتە بولۇۋاتقان شائىر فۇرقەت بىلەن تونۇشىدۇ. ئۇ يەردە بىر يىلچە تۇرغاندىن كېيىن، فۇرقەت بىلەن بىرلىكتە خوتەنگە كېلىدۇ. ئۇ يەردە بىرقانچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار قاغىلىق، پوسكام ئارقىلىق ياركەندكە كېلىدۇ. فۇرقەت بىلەن دوستلۇق ئورناتقان شائىر موللا سەئدۇللا بەدىئىي ئىجادىيەتتە بەلگىلىك ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

شائىرنىڭ «دىۋانى موللا سەئدۇللا»[1] ناملىق شېئىرلار توپلىمى يادىكار قالغان.

موللا سەئدۇللا شېئىرلىرىدا تەنقىدىي رېئالىزم ئۇچقۇنلىرى تولىمۇ روشەن چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇ غەرىبەتچىلىك، سەرسانلىق تۇرمۇشىنى ئۇزاق مۇددەت باشتىن كەچۈرگەن بولغاچقا، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنىڭ ماھىيىتى ۋە ئاقىۋىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۆتكۈر كىنايە، ئاچچىق ئىبارىلەر بىلەن تولغان لىرىكىلىرىدا كۆپرەك يوغان قورساق ئەمەلدارلار، قارا قورساق روھانىيلار، تەخسىكەش - خۇشامەتچىلەرنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئۇ بىر شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

[1] بۇ توپلامنىڭ باش - ئاخىرى تولۇق ئەمەس.

باي بەچچە سىپاھلارغا بۇ دۇنيا كەڭرى جەننەتتۇر،
كىيىشى ئىپسل زەرباب، يېيىشى نازۇنېئمەتتۇر.
فەقىر، مىسكىن، يەتىملەرگە ئەرەج، دىشۋار كۇلفەتتۇر،
بۇردا نان تاپىپ يېسە، ئۇنىڭغا شۇ غەنىمەتتۇر،
ھەسرەت ئۆتەر كۈنلەر نادامەت، ئاھۇ ـ ئەفغانلىق.

نادامەت چەكتى پۇقرالار زۇلۇم ئىچرە كۆزىن ياشلاپ،
يىراقلارغا چىقىپ كەتتى ماكانى ـ يۇرتىنى تاشلاپ،
مۇجاۋىر ھەم فەقىرلىقنىڭ يولىغا قەدەم تاشلاپ،
بىچارىلەرگە نە چارە باشىغە چۈشسە سەرسانلىق.

شائىر موللا سەئدۇللانىڭ فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى ئېچىپ كۆرسىتىش ۋە پاش قىلىشتا كۆرسەتكەن جاسارىتىنى تەرىپلەشكە ۋە ئالقىشلاشقا تېگىشلىك.

## 16. زاھىد ئاخۇن

زاھىد ئاخۇن پازىلباي (19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى) ياركەندتە ياشىغان ئەدىبلەرنىڭ بىرى. ئۇ «ئىسكەندەرنامە» دېگەن ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى.

ئەدىب ئەسىرىنىڭ يېزىلغان يىلى، ئۆزىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى توغرىسىدا مۇنداق يازغان:

پۈتۈلدى بۇ كىتاب تەئرىخ نەچچەسىدە،
كىشى سورىسە بەناگاھ بىرمىڭ ئۈچ يۈزدە.
يىلى قايسى دەبان سورىسە بەناگاھ،
يىلى توڭگۈز دەبان قىلغىن ئاگاھ.
كى قايسى ئايدا ھەم پۈتۈلمىش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

دەبان، بەرگىل جەۋاب رەبىئۇسسانى[1] دۇرمىش.
تەمام بولغان كۈنى ئاي نەچچەسىدۇر،
ئاڭا بەرگىل جەۋاب ئاي توققۇزىدۇر.
تەمام بولمىش پۈتۈلۈپ قايسى تۈندە،
خەلايىقلارغا ئېيتىڭ جۈمە كۈندە.
پۈتۈلدى ھەم تەمام نەچچە كۈندە،
تەمام بولمىش كىتاب ئون ئىككى كۈندە.
كىشى سورسە بىناگاھ ساھىب كىتابى،
كى رەۋشەن ئەيلەگەيمەن ماھى تابى.
كىتاب ساھىبى ئەسلى سەمەرقەنت،
تۇغۇلغان يەرلىرى ھەم سەمەرقەنت.
سەمەرقەنتدە ئۆتۈپدۇر ئاباۋۇ ئەجداد،
ئاناسى ھەم موماسى ئەۋلادۇ زەرراد.
كىتاب ساھىبىنىڭ ئىسمى ناخۇن،
پۈتۈلگەندۇر كىتابغە زاھىد ئاخۇن.
ئاتاسىنىڭ ئاتىدۇر پازىلباي،
كى شۆھرەت تاپتى مۇنداق نەچچە يىل ۋاي.
ئاتاسىن ئىستەبان ياركەند كېلىپتۇر،
ئاتا ـ بالا ئىكەۋلەن تاپىشىپتۇر.
يەنە ئۆيلەندى ئول دەم بۇ شەھەردە،
كى تاپتى بىر جۇپ پەرزەند سەھەردە.
كى تاپتى سانسىزۇ ھەم مال ـ پۇللار،
خۇدا بەرگەي يەنە ھەم نەچچە قۇللار.
پۈتتى ھەم كىتابلار بىنىھايەت،
خۇدا قىلغايمىكىن دەپ بىھەق ئىنايەت.
ئەقىدە قىلدىلار ھەم كىتابغە،
كى قالماسمەنكىن دەپ ھەم ئىتابغە.
خۇداۋەندا گۇناھىن مەغفىرەت قىل،
ئەقىدە قىلغانىغە ئەفۋۇ رەفئى قىل.

---

[1] تۆتىنچى ئاي.

دېمەك، ئەدىبنىڭ كىتابى ھىجرىيە 1300 - يىلى (مىلادىيە 1881 — 1882 - يىللار) 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تامام بولغان.

«ئىسكەندەرنامە» 31 بابقا بۆلۈنگەن، نەسر ۋە نەزم ئارىلاش يېزىلغان، ئەمما نەسرىي بايانلار بىرقەدەر كۆپ، شۇڭا ئۇنى تارىخىي قىسسە دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

قىسسىدە ئىسكەندەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. ئاپتور مەزكۇر ئەسىرىنى نەۋايىنىڭ «سەددى ئىسكەندەرى» داستانى، جۈملىدىن مولla سىددىق ياركەندىينىڭ «نەسرى سەددى ئىسكەندەرى» قىسسىسى ئاساسىدا يېزىپ چىققان. ئەمما، زاھىد ئاخۇن ئۆلۈك تەقلىدىي ئەدەبىيات يولى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆز دەۋرىدە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئىسكەندەر ھېكايىلىرىگىمۇ نەزەر ئاغدۇرۇپ، ئەينى تارىخىي شارائىتتىكى ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان ھالدا، ئەسىرىنى رېئال ئىجتىمائىي ۋە ئىبتىبتىك قىممەتكە ئىگە قىلىپ ياراتقان، ئۆزىنىڭ چىن ھېسسىياتى، مۇلاھىزىلىرىنى قوشۇپ ئىجادىي ئىشلىگەن؛ ئۇيغۇر خەلق قىسسىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش شەكلى ۋە ئۇسۇلىنى مۇۋاپىق تەتبىقلىغان.

## 17. موللا مۇھەممەد نىيازى

موللا مۇھەممەد نىيازى 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كاشغەر يېڭىسار ناھىيە قوناساق كەنتىدە تۇغۇلۇپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر شائىرى. ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىدىن بىزگە يېتىپ كەلگىنى ھىجرىيە 1273 - يىلى (مىلادىيە 1856 — 1857 - يىللار) يېزىلغان «مەنسۇر»[1] ناملىق داستاندىن ئىبارەت.

شائىر موللا مۇھەممەد نىيازىنىڭ «مەنسۇر» ناملىق داستانى

---

[1] مەزكۇر داستان «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1980 - يىلى 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ئىسلامىيەتتىكى تەسەۋۋۇپنىڭ تونۇلغان ئىجادچىلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇ مەنسۇر ئەل ـ ھۇسەيىن ئەل ـ ھەللاجغا بېغىشلانغان. موللا مۇھەممەد نىيازى مەنسۇر رىۋايىتى ئاساسىدا ئەسلىي پارس تىلىدا نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان شۇ ناملىق ئەسەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ شېئىرىي شەكىلدە ئىجادىي ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى ئېقىمىنىڭ تونۇلغان ۋەكىلى مەنسۇر ھەللاج ۋە ئۇنىڭ ئىزنى باسقان ھورۇفى نەسىمگە ھېسداشلىق قىلغان ھەمدە ئۇلارنى ئۇلۇغلىغان. ئۇ رىۋايەت تۈسىدىكى بۇ ئەسەرنى ئىجادىي ئىشلەش داۋامىدا يەنە خوجا ئەھمەد يەسەۋىنى رىۋايەت قىلغۇچى قاتارىدا قويغان ھەمدە ئۇ ئارقىلىق مەنسۇر ۋە نەسىمى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر بىلەن باغلىغان.

داستان 1383 مىسرادىن قۇرۇلغان بولۇپ، ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. غەزەل ۋە مەسنەۋى شەكلىدىكى ئالدىنقى 30 مىسرا كىرىش سۆز، كېيىنكى 1353 مىسرا داستاننىڭ سۇژىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ قىسمىدىكى ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلغان 32 مىسرالىق ئۈچ پارچە غەزەلدىن باشقىسى مۇرەببە شەكلىدە يېزىلغان. داستاننىڭ تېمىسى ۋە مەزمۇنى، بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن شائىر موللا مۇھەممەد نىيازىنىڭ بىرقەدەر يېتىلگەن، ئۆزگىچە خاس پەلسەپىۋى پىكىر، دۇنيا قاراشقا ئىگە ئەدىب ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. شائىرنىڭ تۇرمۇش ئېغىرچىلىقىغا قارىماي، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىجادىيەتكە بېغىشلاپ، بىر بۆلۈك ئەدەبىي ۋە تارىخىي ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغانلىقى مەلۇم. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ «مەنسۇر» دىن باشقا ئەسەرلىرى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس[1].

---

[1] ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، 262 ـ بەت.

داستاندا مۇنداق مىسرالار بار:

ئۇشبۇ قىسسە نەسرى ئەردى،
چۈن ماڭا بىشارەت قىلدى،
نەزم قىل دەپ ھەم ئىدى،
تۈركى تىلغە دىديا.

سەۋەب قىسسە بۇ ئېرۇر،
ھېكايەتى مەنسۇرۇر.
......
ئۆزى ئىردى ياش يىگىت،
ياش ھەم بولسا تاش يىگىت.
كۆزى تولا ياش يىگىت،
يىغلاپ يۈرۈر ئەرديا.

يىغلاپ ھەقنىڭ خەۋائىدىن،
كۆڭۈل دۇنياسىدىن.

## 18. سابىر ئاخۇن ناقىس[1]

### 1. ناقىسنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى

ئەدىب سابىر ئاخۇن خەلپىتىم بىننى ئابدۇقادىر 1843 - يىلى ئەتىيازدا يېڭىسار ناھىيە بازىرى «مەدرىسە كۆلبېشى» مەھەللىسىدىكى ئابدۇقادىر مەزىن ئاخۇنۇم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئوقۇش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن ئاتىسىدىن ۋە يېڭىساردىكى مۇدەررىسلەردىن تەلىم ئېلىپ ئىجتىھات بىلەن

[1] بۇ تېمىنى ماگىستىر ئابدۇغەنى ياسىن تەييارلىغان.

ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. كېيىنچە كاشغەر شەھىرىگە كېلىپ، شۇ دەۋردىكى مەشھۇر مەدرىسەلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە تىل ـ ئەدەبىيات، تارىخ، ئىسلام تەلىماتلىرى بويىچە مۇكەممەل بىلىم ئىگىسىگە ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ، بۇ ساھەدىمۇ يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان؛ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگەنگەن ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزىمۇ بەدىئىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، كۆپلىگەن ئېسىل ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان. گەرچە ناقىس ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يورۇقلۇققا چىققىنى شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاز بىر قىسمىدۇر. ئۇنىڭ ئۇستىگە ناقىسنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى توغرۇلۇق بېرىلگەن ماتېرىياللارمۇ ناقىس ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشقا كۇپايە قىلمايدۇ. ئەمما، ناقىسنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى «گۇلزار بىنىش» بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاشتىكى مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە بىرىنچى قول ماتېرىيالدۇر.

«گۇلزار بىنىش» 1 ـ بۆلۈمىنىڭ 8 ـ ماۋزۇسى ئاستىدا شائىر تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى «گۇلزار بىنىش»نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ھايات پائالىيەتلىرى بىرقەدەر كونكرېت ۋە ئىخچام تەسۋىرلەر بىلەن بايان قىلغان ھەم ئىجادىي ئىشلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن.

## 2. ناقىسنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى

كۆپ يىل ئىزدىنىپ، ھەر تەرەپلىمە ئىگىلىگەن پاكىتلاردىن قارىغاندا، ناقىس ئەسەرلىرى ئۇنىڭ خەتتات شاگىرتلىرى قولىدا كۆچۈرۈپ كۆپەيتىلگەن، ئۇلاردىن ھازىرغىچە مەلۇم يەتتە ئەسەرنىڭ تىزىملىكى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار تۆۋەندىكىچە: (1) «گۇلزار بىنىش» داستانى. بۇ ئەدىب ناقىسنىڭ تۇنجى يىرىك ئەسىرى

بولۇپ، ئۇنىڭدىن 3840 مىسرا شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 244 ۋاراق قول يازمىنى ئەدىب ناقىسنىڭ كۈيۈ ئوغلى ۋە شاگىرتى، يېڭىسار سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ سابىق ئەزاسى مەسۇم ئاخۇن داموللام (1880 — 1968) ئۆز ئىلكىدە قەدىرلەپ ساقلاپ كەلگەن. 1957 - يىلى شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ئارقىلىق ھۆكۈمەتكە تاپشۇرغان، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق موزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ. (2) «نۆللى دىمەن» (مەن تېخى نۆلدە). بۇ ئەسەردە ئاساسەن ھۈنەر - سەنئەت، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ خاسىيەتلىرى سۆزلەنگەن، ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىش تەشەببۇس قىلىنغان. (3) «مۇجىدۇل قۇلۇب» (دىل بارلىقلىرى). (4) «نەسىھەتنامە ئۇنسۇر بايانى». بۇ ئەسەردە ئاساسەن ئەدەپ - ئەخلاق، پەند - نەسىھەت ۋە پەلسەپىۋى قاراشلار سۆزلەنگەن. (5) «بەيسى ھاكىمبەگ». بۇ تەزكىرە خاراكتېرلىك ئەسەر، ئۇنىڭدا چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن 1755 - يىللىرى كۇچا، ئاقسۇ، باي قاتارلىق جايلارغا تەيىنلەنگەن باش ھاكىم مىرزا ھودا بەگنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى تىنچىتىش يولىدا قوشقان «تۆھپىسى» ئۇچۇن، 1785 - يىلى چيەنلۇڭ خان تەرىپىدىن «خان نائىبى» دېگەن ئۇنۋان بېرىلىپ، ياركەندكە باش ھۆكۈمدار قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكى، ئاندىن بالىغا مىراس قالدۇرغان بۇ مەنسەپكە مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن ۋارىسلىق قىلىپ «بەيسى ھاكىمبەگ» بولغانلىقى، ئۇ 45 يېشىدا ياركەندتە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلى مۇھەممەد ھودا بەگ 1823 - يىلى ياركەند ۋە كاشغەردىن ئۇستا تەكلىپ قىلىپ «بەيسى ھاكىمبەگ» مازىرىنى ياساتقانلىقى توغرىسىدىكى تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىدا رېئال ئىجتىمائىي مەزمۇنلار شېئىرىي يول ئارقىلىق تەسۋىرلەنگەن. (6) «قۇتلۇقنامە». كىچىك ھەجىمدىكى بۇ داستاندا پاك ئىشق - مۇھەببەت، نىكاھ ئەركىنلىكى كۈيلەنگەن. داستاننىڭ بىر نۇسخىسى ھازىر تۈركىيەنىڭ ئەنقەرە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. (7) «دىۋانى ناقىس». بۇ شائىرنىڭ چوڭ ھەجىملىك شېئىرلار توپلىمى بولۇپ،

ئۇنىڭ بىر پارچە تولۇق كۆچۈرۈپ تۈپلەنگەن نۇسخىسىنى مەسئۇم ئاخۇن داموللام ساقلىغان، كېيىن ئوغلى (ئەدىب ناقىسنىڭ نەۋرىسى) سابىر ئاخۇن مەخسۇمغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. 1954 ـ يىللىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەدەنىيەت نازارىتىدىن يۇسۇپبەگ مۇخلىسوپ دېگەن كىشى قەدىمكى ئەسەرلەرنى يىغىش ئۈچۈن يېڭىسار ناھىيەسىگە بارغاندا 500 يۈەنگە سېتىۋالغان. ئەدىب ناقىس «دىۋانى ناقىس»نى تۈزگەندىن كېيىنمۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە يەنە نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان. بۇلارنىڭ بىر قىسمى «گۈلزار بىنىش» داستانىنىڭ قول يازمىسى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانغان. ناقىسنىڭ بىرمۇنچە شېئىرلىرى كاشغەر ۋە قازان مەتبەئەسىدە بېسىلغان «باياز» لارغىمۇ كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ يەنە ئەرەب، پارس تىلىدا بىرمۇنچە شېئىرلارنى يازغانلىقى مەلۇم. ئەدىب ناقىسنىڭ ئىخلاسمەن شاگىرتلىرى ۋە زامانداشلىرىنىڭ ئەسلىشىچە، ئۇ تىلى چۈچۈك، يۇمۇر خاراكتېرى كۈچلۈك، چاقچاق تۇسىگە ئىگە 400 مىسرادىن ئارتۇق ھەر خىل تېمىدىكى نەزمىنى ئاغزاكى ئېيتىپ قالدۇرغان. ناقىسنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئاساسەن بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىيەت تۈرىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەرقايسى بەھرلىرىدە غەزەل، مۇخەممەس، رۇبائىي، مەرسىيە شەكلىدىكى شېئىرلارنى ۋە مىللىي ۋەزىندە قىتئە (پارچە)، بېيىت (ئىككىلىك)لەرنى يازغان.

ھازىرغىچە مەلۇم بولغان يازما ۋە ئاغزاكى مەنبەلەردىن بىردەك ئىسپاتلانغىنى شۇكى، ئەدىب ناقىس ئىنسانپەرۋەر، ھۆررىيەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر زات، يېتىلگەن مۇتەپەككۇر ۋە پېداگوگ، شۇنىڭدەك ئاتاقلىق شائىر، مۇقامشۇناس ۋە خەتتات بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نامايەندىسى ھېسابلىنىدۇ.

«دىۋانى ناقىس» (تەخمىنەن مىلادىيە 1893 ـ يىلى تۈزۈلگەن) لىرىك شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ ئىلغار

ئىجتىمائىي ئېستېتىكىلىق قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شائىرنىڭ مۇقامدىن خەۋىرى بار بولۇپ، «ئون ئىككى مۇقام» غا دائىر مەخسۇس شېئىر يازغان. ئۇ شېئىرنىڭ بىرى مۇنداق:

راك ئىلە چەببەياد داغى سىگاھ،
بىر تۈزۈپ قىلماغىل ھەزەر ھەرگىز.
داغى ئۇششاق ئىلە بەياد ئايتۇر،
قاچمە، ئەي چارگەھ، نەۋا، ھەرگىز.
پەنجەگەھۇ نىش ئاۋارەك تۈزسەڭ،
بارمۇ ئۆز ھالىدىن غەنا ھەرگىز.
كىم ئەجەم مۇلكىنى ئىراق دېسۇن،
قىلمايىن ئۆزلۈكىن فەنا ھەرگىز.

## 19. ھۇسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى

### 1. تەجەللىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرىدىن بىرى، ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئالىم ھۇسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى ھەزرەتلىرى (1856 — 1925)[1] قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ زوڭلاڭ يېزىسى ئايكەن كەنتىدىكى ئۆلىما، تېۋىپ ۋە شائىر قۇتبىددىن شاھ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ھۇسەيىنخان ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە ئاتا - ئانىسى ئۇنى مەككىگە ئېلىپ بارغان ۋە باشلانغۇچ مەلۇماتنى مەككىدە ئالدۇرغان. كېيىن دادىسىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ھىندىستانغا بېرىپ مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقان ۋە دېھلى شەھىرىدىكى «دېھلى دارىلئۇلۇم» مەدرىسەسىدە، ئاندىن ئىرانىنىڭ «ئىسپىھان دارىلفۇنۇنى»دا، كېيىن ئافغانىستانىنىڭ «كابۇل دارىلفۇنۇنى» دا ئوقۇغان. ئۇ ئوقۇش جەريانىدا خىمىيە،

[1] تەجەللىنىڭ يىلنامىسى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلار بار. بۇ يىلنامە «نەسەبنامە» دىن ئېلىنغان.

تېبابەت، ئىلمىنۇجۇم، تارىخ، لوگىكا، تىلشۇناسلىق، جۇغراپىيە قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ، يۇقىرى ماھارەت ۋە ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىرلىكتە ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەب، پارس، ئوردۇ ۋە ھىندى تىللىرىنىمۇ ئوبدان ئۆگەنگەن. بۇلاردىن تاشقىرى شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتى بىلەنمۇ تونۇشقان. ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئىلمىي ئىجادىيەتلىرىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن «مەۋلىۋى»[1] دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. ھۇسەيىنخان مەككە، مەدىنە، دېھلى، كابۇل، تېھران، ئىستانبۇل، ھەتتاكى رۇسىيەدىكى بەزى شەھەرلەرگىچە بېرىپ، خېلى بىر مەزگىلگىچە ساياھەت ۋە سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن تۇرۇپ قالغان. ھۇسەيىنخان ھەج ۋە ئوقۇشنى تۈگىتىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ۋەتەنگە قايتىش يولىدا پاكىستاننىڭ گىلگىت شەھىرىگە كەلگەندە ئانىسى بىبى گۈلسۇم بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياركەند دەرياسى باش ئېقىنىنىڭ چاتۇلى كېچىكىدىن ئۆتۈشتە بارلىق بىساتلىرى دەرياغا غەرق بولغان. ھۇسەيىنخان يول ئازابىدىن غەم ـ قايغۇغا چۆمگەن ھالدا ياركەندكە كېلىپ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن ۋە ياركەندتىكى «يېشىل مەدرىسە» گە مۇدەررىسلىككە تەيىنلەنگەن. نۇرغۇن تالىپلار ئۇنىڭ تەربىيەسىدە بولغان. ھۇسەيىنخان «كابۇل دارىلفۇنۇنى»دا ئوقۇشنى تاماملىغاندا، ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمىدا ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇنىڭغا «تەجەللى ـ مۇجەللى»[2] دېگەن تەخەللۇسنى ھەدىيە قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ نامى «تەجەللى» دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولغان. تەجەللى ئۆزىنىڭ يۇقىرى بىلىمى، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتى ئارقىلىق ياركەندتىكى بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ، ئۆلىمالارنىڭ ۋە ئاۋام

---

[1] ئۆز دەۋرىدە ھىندىستاندا ئوقۇغانلارغا بېرىلىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان.

[2] تەجەللى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، چاقناپ تۇرغان نۇر دېمەكتۇر: مۇجەللى بۇمۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مۇسابىقە مەيدانىدا بىرىنچىلىكنى ئالغۇچى دېگەنلىكتۇر.



uyghurkitap.com

خەلقنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە نائىل بولغان. لېكىن، بەزى خۇراپىي موللىلار ۋە مۇتەئەسسىپلەر تەجەللىگە ھەسەتخورلۇق قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەر خىل تۆھمەتلەرنى چاپلايدۇ. گەرچە بۇنداق پىتنە - پاساتلار تەجەللىنىڭ ئابرۇيىغا داغ چۈشۈرەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئازابلاپ، دەرد - ئەلەمگە مۇپتىلا قىلىدۇ. تەجەللى مۇشۇنداق سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۆتكۈر ساتىرىك شېئىرلارنى يېزىپ، ھەسەتخور، مۇتەئەسسىپلەرنىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. لېكىن، تۆھمەتچىلەر ھۇجۇمىنى توختاتمايدۇ. ئۇلار تېخىمۇ رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، تەجەللىنى مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە چېقىشتۇرۇپ قارىلايدۇ. ئۇنىڭ ھاياتى تەھدىت ئاستىدا قالىدۇ. دەل مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە قاغىلىقلىق مەرىپەتپەرۋەر زات مۇتىئىللا ئەلەم ئاخۇنۇم ياركەندكە كېلىپ، تەجەللىنى قاغىلىققا كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېتىدۇ. مۇتىئىللا ئەلەم ئاخۇنۇم قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى تەجەللىگە قازىلىق، مۇپتىلىق، مۇدەررىسلىك..... كە ئوخشاش خىزمەتلەرنىڭ بىرەرسىنى ئىشلەپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىشىدۇ. بىراق، تەجەللى خالىيراق يېزىلارنىڭ بىرىدە ئىلمىي ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇشنى نىيەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تەكلىپلەرنى رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئانا يۇرتى زوڭلاڭ يېزىسى ئايكەن كەنتىگە ماكانلىشىدۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بورا كەنتىگە كۆچۈپ، ئۇ يەردە تۆت يىل تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن گۇما ناھىيەسىنىڭ كۇتامغا (ھازىرقى كىلياڭ يېزىسىنىڭ دەريا بويىغا) كۆچۈپ كېلىدۇ. كېيىن يەنە قاغىلىققا قايتىپ كېلىپ، شىر ئېرىق (شور ئېرىق) كەنتىدە ماكانلىشىدۇ. تەجەللى بۇ يەردە 20 يىلدىن ئارتۇق تۇرغان. بۇ جەرياندا قاغىلىق مەدرىسەلىرىگە كىرىپ مۇدەررىسلىك قىلغان؛ كۆپلىگەن كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگىتىپ، مەدەنىيەت ۋە مەرىپەت ئۇرۇقىنى چاچقان. تەجەللى جامائەتچىلىككە دىنىي ئالىم، مەشھۇر تېۋىپ سۈپىتىدە تونۇلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ خېلى كۆپ ۋاقتى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە

www.uyghurkitap.com

بېغىشلانغان. ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا ئەدەبىيات ۋە تېبابەتكە دائىر مول مەزمۇنلۇق ئەسەرلەرنى ياراتقان. جۈملىدىن ئۇ شېئىرىيەت ساھەسىدە زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ھىندى، ئەرەب، پارس، ئۇردۇ، تۈرك تىللىرىدا كۆپلىگەن غەزەل ۋە قەسىدىلەرنى يېزىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تالانتىنى نامايان قىلغان، ھەتتا خەنزۇ تىلىدىمۇ بەزى شېئىرلارنى يازغان. تەجەللىنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى كۆپ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىلىم ئەھلىگە مەلۇم بولغانلىرى مۇنۇلار: «بەرقى تەجەللى» — بۇ توپلام ئۇيغۇر، ئەرەب تىللىرىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇ پەلسەپىۋى مەزمۇنلارنى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭغا ئىمان تەۋھىدىنىڭ دەلىللىرى شەرھلەنگەن قەسىدىلەر، مەرسىيەلەر، مۇھەببەت غەزەللىرى ۋە ساتىرالار كىرگۈزۈلگەن①. «سەبەقى مۇجەللى» — بۇ توپلامغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېغىشلانغان قەسىدىلەر ۋە شائىرنىڭ دوستلىرىغا يازغان قەسىدىلىرى كىرگۈزۈلگەن. «دىۋان ئەرەبى» — بۇ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، كۆپ قىسمى ئارۇز ۋەزنىنىڭ رۇبائىي ۋە قىتئەلەردىن ئىبارەت. توپلام ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى قىسىمغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېغىشلانغان قەسىدىلەر؛ ئىككىنچى قىسىمغا ھېكمەتلىك نەسىھەتلەر، شائىرنىڭ دوستلىرىغا يازغان مەدھىيەلىرى، قىسمەن ھەجۋىي شېئىرلار، مۇھەببەت غەزەللىرى، مەرسىيەنامىلەر كىرگۈزۈلگەن②. «تۇھفەتۇل بەررەيىن»③ — بۇ توپلامدىكى قەسىدىلەرنىڭ بەزىلىرى ئەرەب تىلىدا، بەزىلىرى پارس تىلىدا

---

① بۇ توپلام ھۈسەيىن باي ھاجىم ۋە باھاۋۇدۇن بايلارنىڭ خىراجىتى بىلەن كاشغەردە تاش مەتبەئەدە بېسىلغان.

② تەجەللى بۇ شېئىرلارنى ۋاپاتىدىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ سادىق شاگىرتى ئابدۇجېلىل داموللام ھاجىمغا تاپشۇرۇپ، پۇرسەت تېپىلغاندا نەشر قىلدۇرۇشنى ۋەسىيەت قىلغان. ئۇ بۇ شېئىرلارنى رەتلەپ كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۆز ۋاقتىدا نەشر قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيەت تاپالمىغان. بۇ قول يازما ھازىرمۇ بار.

③ «ئىككى قۇرۇقلۇق ئۈچۈن تۆھپە» — تۈركىيەنىڭ بىر قىسمى ئاسىيا قىتئەسىگە، يەنە بىر قىسمى ياۋروپا قىتئەسىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق نام بېرىلگەن.

يېزىلغان. توپلامدىكى ئەسەرلەر بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇلغان مەدھىيە، زاماندىن شىكايەت، شائىرنىڭ تەرجىمىھالى، سۇلتان ئابدۇلھەمىد خانغا مەدھىيە، مۇتەئەسسىپلەر ھەجۋىي قىلىنغان ساتىرا..... لاردىن ئىبارەت[2][1]. «مەجمۇئەتۇل قەسائىد»[3] — بۇ مەرسىيە ۋە قەسىدىلەردىن ئىبارت[4]. «سەبدەرنامە» (قەھرىمانغا مەدھىيە) — بۇ ئۇيغۇر، پارس تىللىرىدا يېزىلغان شېئىرلاردىن ئىبارەت[5]. «تىلىسمى ئىشق»[6] — بۇ پارس تىلىدا يېزىلغان مۇھەببەت ناخشىلىرى ۋە غەزەللەردىن ئىبارەت[7]. «‹قۇرئان› نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى» — بۇ 1910 - يىلى ئىشلەنگەن[8].

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تەجەللىنىڭ «ساقىينامە»، «مۇراققى كەلىمە شەرىف» ناملىق كىتابلىرى ساقلىنىپ قالغان. ئالىمنىڭ ئۇيغۇرچە، پارسچە شېئىرلىرىدىن جەملەنگەن 17 قەسىدە، 31 پارچە مۇسەددەس، 15 پارچە ھەر خىل تېمىدىكى ئەسەرلىرى، دوستلىرىغا يازغان سالام خەتلىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە قوشۇلغان چوڭ تۆھپە بولۇپ سانىلىدۇ. بۇ شېئىرلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئالىمنىڭ ھايات چاغلىرىدىن تارتىپلا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەدرىسەلەردە ئەدەبىيات دەرسلىكى قىلىنىپ ئوقۇتۇلغان. 1896 - يىلدىن 1898 - يىلغىچە ئاتۇشتا «ھۇسەينىيە مەكتىپى» قۇرۇلىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان تەجەللى مەدھىيە شېئىرى يېزىپ، مەكتەپ سالغۇچى ئۇستىلارغا ئاپىرىن ۋە تەشەككۇر ئېيتقان.

---

[1] توپلامنىڭ ئەسلي قول يازمىسى ھازىر بار.

[2] شائىرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى م. مامۇتنىڭ تەييارلىشى بىلەن «تەجەللى شېئىرلىرى» دېگەن نام بىلەن مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2000 - يىلى نەشر قىلىندى.

[3] قەسىدىلەر توپلىمى.

[4] بۇنىڭ ئاززاق بىر قىسمىنىڭ قول يازما نۇسخىسى ساقلانغان.

[5] بۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە يوقالغان دەپ قارىلىدۇ.

[6] سىرلىق مۇھەببەت.

[7] بۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە يوقالغان دەپ قارىلىدۇ.

[8] شېڭ شىسەي دەۋرىدە يوقالغان دەپ قارىلىدۇ.

تەجەللىنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى ئۆز دەۋرىدە جەملەنگەن «باياز»لارغا كىرگەن. 1908 - يىلى تاشكەنتتە بېسىلغان «مىفتاھۇل ئەدەب»[①] ناملىق كىتابقا ئۇنىڭ خېلى كۆپ شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇ لوقمان ھېكىمنىڭ «تېبېبىي ئەزەم» ناملىق كىتابىنى پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. شائىرنىڭ «بەرقى تەجەللى – سەبەقى مۇجەللى» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمى 1899 - يىلى كاشغەردىكى «خۇرشىد» مەتبەسىدە بېسىلغان. كېيىن بۇ توپلام «دىۋانى تەجەللى» نامى بىلەن بۇلغارىيەدە نەشر قىلىنغان. تەجەللىنىڭ يەنە خىمىيەگە ئائىت كىتاب يازغانلىقى مەلۇم.

مەشھۇر ئالىم تەجەللى خاسىيەتلىك ھاياتىدا قىممەتلىك ئەمگەك ۋە ياخشى نام - سۇپەت قالدۇرۇپ، 69 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ قەبرىسى قاغىلىق ناھىيە بازىرىدىن بەش چاقىرىم يىراقلىقتىكى كاسكى مازىرىغا دەپنە قىلىنغان[②][③].

## 20. قۇلئەلىم

قۇلئەلىم 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قاغىلىقتا ياشىغان شائىر بولۇپ، شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيىتى توغرىسىدا بەزى ئۇچۇرلار قالدۇرۇلغان. ئۇنىڭ «تۆتنامە» ناملىق داستانىدىكى:

«ئون ياشىمدىن ئۇشبۇ چاغقە خەت پۈتۈپ،
ياخشىلارنىڭ نەزەرىدىن ھەم ئۆتۈپ. »

---

[①] ئەدەبىياتنىڭ ئاچقۇچى دېگەن مەنىدە.
[②] ئا. م. ھاجى: «تەجەللى - مۇجەللى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1984 - يىلى نەشرى.
[③] م. م. مۇھەممەدى: «ئۇلۇغ ئالىم تەجەللىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1991 - يىللىق 4 - سانى.

«سەن ئۆزۈڭنى ئاسراغىل، ئەي قۇلئەلىم،
سەن ئۆزۈڭنى ساقلا، ئەي ئامى زەئىف.»

دېگەن مىسرالاردىن شائىرنىڭ ئىسمىنىڭ قۇلئەلىم، تەخەللۇسىنىڭ ئامى زەئىف ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ھاياتىنى پۈتۈكچىلىك بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

كونا جەمئىيەتتە دېھقانچىلىق رايونلىرىدا سۇغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى پەقەتلا ھۆكۈمران تەبىقىلەرنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇلار سۇنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلاتتى. ئورتاقچىلار، ئاز ـ تولا يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان كەمبەغەل دېھقانلار يەرلىرىنى سۇغىرالماي قاڭغىر قاقشايتتى. ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت سۇ مەسىلىسى ئۈستىدە يۈرت ئارىسىدا جېدەل ـ ماجىرا تۇغدۇراتتى. يېغىلىقتا توقاچ ئوغرىلايتتى، بۇنى ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى قىلىۋالغانىدى.

شائىر ئۆز ئەسىرىدە ئەينى چاغدىكى قاغىلىقنىڭ بەزى يېزىلىرىدا يۈز بەرگەن سۇ ماجىراسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىش ئارقىلىق زۇلمەتلىك فېئوداللىق جەمئىيەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. قاتمۇقات ئېغىر ئالۋان ـ ياساقنىڭ دەستىدىن پەرياد چېكىۋاتقان خەلقنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى چۈشىنىپ چوڭقۇر ھەسرەت چەككەن. ئىستىبدات ھاكىمىيەتنىڭ قولچوماقلىرى بولغان مىڭبېگى، يۈزبېشى ۋە ئونبېشى قاتارلىق فېئودال ئەمەلدارلارنىڭ سالغان زۇلمى، ئالدامچىلىقى ۋە ساختىپەزلىكىنى پاش قىلغان، بايلارنى ئىنسابقا دەۋەت قىلىپ، يېتىم ـ يېسىر، نامراتلارنىڭ ھالىغا ئېچىنغان.

بۇ داستان بىزنىڭ كونا جەمئىيەتتىكى يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا ئوبدان ماتېرىيال بولالايدۇ.

شائىر قۇلئەلىمنىڭ بۇ داستاندىن باشقا يەنە قول يازما پېتى ساقلانغان «دىۋان تەجرىد» ناملىق بىر غەزەللەر توپلىمى بار.

تۆۋەندە «تۆتنامە» ناملىق داستاندىن پارچىلار كۆرۈپ ئۆتىمىز:

مېنىڭ تىلىم بولسە دېسەم ھەققە سەنا،
كېچە ـ كۈندۈز شۈكرىن ئايسام مەن يەنا.
يوللارىمنى ياخشى يولدىن ئاچقانى،
رىزقۇ روزامنى تەرەپكە ساچقانى.
بەلكى يەتمىشغە بۇ دەم يەتمىش ياشىم،
ئاتمادى جەبرۇ جەفا مۇشكۇلۇغ باشىم.
كىشىغە بىئۆزرە مۇھتاج ئەتمەدى،
بارچە مۇھتاجلار قاشىمدىن كەتمەدى.
سالمادى باشىمغە دۇنيا خارلىقىن،
يۈگۈرۈپ ئوقەت تاپارنىڭ زارلىقىن.
سەرنەۋىشت قەلەمدە بۇ دۇۋەت ـ قەلەم،
قىسمەت ئولمىش ماڭا تارتماشغە ئەلەم.
ئون ياشىمدىن ئۇشبۇ چاغقە خەت پۈتۈپ،
ياخشىلارنىڭ نەزەرىدىن ھەم ئۆتۈپ.
ئاز ـ تولا ئىلىم بېرىپ، قىلمادى خار،
قىلدى كۈندىن ـ كۈن خەتىمنى ئېئتىبار.
بەئدە، بىر سۆز دوستلارىم سالسە قۇلاق،
ئايماقىم زەرۇر بولۇپ ئاچتىم بۇلاق.
ئۇشبۇ يۇرتدا بار ئىدى يۇرتنىڭ باشى،
كېرىم ھاجىم بىرلە تالىپ مىڭ باشى.
يۇرتنى باشلاپ قىلغۇلۇق ئىشنى قىلىپ،
چوڭ ـ كىچىك بارچەنى دەستىگە ئېلىپ،
يۇسۇپ ھاجىم، سايىم ھاجىم يۇرت باشى،
شانەسىرباي، مۇھەممەد ئاخۇند يۈز باشى.
قادىر ھاجىم، ھۇسەين ھاجىم يۇرت باشى،
ئالماس ھاجخم، مۇنىرە ئەئزەم يۈز باشى،
ئۇشبۇلار ئىش قىلسە توسماس ھېچ كىشى،

www.uyghurkitap.com

ئامۇ خاسغە مەقبۇل ئېردى ھەر ئىشى.
سايىد ھاجىم، بارات ھاجىم بايەتىم،
مېھمانباي باشلىغىن جەمائەتىم.
سالىك ھاجىم، قۇربان ھاجىم، توختى باي،
ئەھلى لايفا ئۇلۇغ ـ ئۇششاق باي ـ گەداي.
ئابلا ھەسەن موللام بىلەن سابىت خاجە،
مۇھەممەد ھەسەن باي باشلىغىن ئابىت خاجە.

## 21. ئابدۇللا پوسكامىي

ئابدۇللا خەتىپ ئاخۇنۇم بىننى مۇھەممەد سادىق ئاخۇنۇم بىننى مۇھەممەد ئەمىن ئەلەم ئاخۇنۇم ھىجرىيە 1294 ـ يىلى (مىلادىيە 876 ـ يىلى) پوسكام ناھىيەسىنىڭ ئۇجمەئېرىق كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ «كىتابى ئابدۇللا» ناملىق 19 بابلىق شېئىري ئەسىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاتا ـ ئانا، بوۋا ـ موما، ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىل، قېرىنداش، پەرزەنت، نەۋرە، ئوغۇل، قىز، قېيىنئانا، قېيىنئاتا، كۈيۈئوغۇل، كېلىن قاتارلىقلار ھەققىدە ئايرىم ـ ئايرىم توختالغان. ئۇلارنىڭ ئائىلە، جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، مۇناسىۋەتلىرى، رولى توغرىسىدا ئەقىلگە مۇۋاپىق بايانلار بېرىلگەن. بۇ كىتابتا يېزىلغان مەزمۇنلار ئائىلە قۇرۇلمىسى ھەم جەمەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال. تۆۋەندە شائىرنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ھەققىدىكى قەسىدىسىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز:

ئىنايەت بىرلە ھەق بائىس قىلىپ بىزگە ئاتا پەيدا،
ئاتاغە ۋاسىت ئەيلەپ ھەق تەۋەللۇدغە ئانا پەيدا.
بۇلارغە كىم ئىتائەت قىلماسە تۇرلۇك خەتا پەيدا،
خەتا قىلغان كىشى ئاخىر قىلۇر ئۆزگە خەفا پەيدا،
خەفا پەيدا دېمەس بولسە ئاڭا بىر كۈن جەفا پەيدا.

ئاتا بىرلە ئانادىن سۈڭرە بىر تۇغقان قارىنداشدۇر،
قارىنداشقە كىشى يەتمەس ئەگەرچە يا قارى ـ ياشدۇر،
قارى بولسۇنۇ ياش بولسۇن نەچۆلەنگە بىرى باشدۇر،
بىرى باشدۇر قارىنداشدىن ئانىڭ ئاغزى ـ گىلى ئاشدۇر،
گىلىكىم ئاشقە توقنى كۆرسە، دەر بولمىش ئاكا پەيدا.

ئاكاسى يوق كىشىگە بىر ئىنى ئەلبەتتە هەم لازىم،
ئىنىسىغە ئاغا گوياكى ئەئلەم، مۇفتى هەم قازىم،
مۇنى راست دىمەسە هەركىم ئاڭا زايىئ بۇ ئەلفازىم،
بۇ سۆزلەرنى قەبۇل تۇتقان مىنىڭ ئەلبەتتە دەمسازىم،
دەمىنى ساز تۇتقانغە ئۇكاسىدىن ۋەفا پەيدا.

يەنە ئىككى قارىنداش ـ ئاپچا بىرلە سىڭلىسى هەمشىر،
غانىيمەتدۇر بۇ مەزلۇملار ئەگەرچە بولسەلەر كەمپىر،
ئانى كۆرسە دىگەي جانىم قارىنداش ئۆيگە هەمدەم كىر،
سوراپ ئەهۋالىنى ئايتقاي كۆرۈپمەن سەندە بىر غەم ـ كىر،
سىنى كۆرگەچكە كۆڭلۈمگە ئەجەب بىر خۇش ياقا پەيدا.
ئاتا بىرلە ئانا بىر تۇغقانى بولسە بۇ ياخشى خىيش،
زىمىستاندا كىشىنىڭ كۇلسە خىيشى قىش كىتەر ئىرمىش،
بەهار كۇنلەر يىتىپ بىر ـ بىرنى چىرلاپ ئايتاشۇر فىش ـ فىش،
كىلىڭ دەرمىش كىلۇرلەر خىيشۇ هەم دەرۋىش بۇ ئىش ئىشتىش،
بۇ كەلمىش ياخشى ئىش ئىرمىش بۇ كۇن بىزگە تاغا پەيدا.

يەنە قالغان ئىككى ـ ئۈچ تۇغقاننى ئۆز جەمائىم دەپ،
جەمائىم بىرلە چاي ئىچسەم ئەجەب شىرىن تەماغىم دەپ،
كىشى مەندىن سوئال سورىسە ئاڭا بۇدۇر جەۋابىم دەپ،
جەۋابىم بۇ جەمائىمنىڭ جەمالى كۆپ سەۋابىم دەپ،
جەمائە خىيشلارنى يوقلاسە خەيرۇل ـ جەزا پەيدا.

يەنە ھەم ئەرۇ خاتۇن بەندەگە ھەقدىن ئەجەب نىئمەت،
بۇ نىئمەت قەدرىنى بىلمەس كىشىگە قانچە دەپ لەئنەت،
ئاخىر كۇنلەردە ئۆلمەسدىن بۇرۇن باسقاي ئانى مىھنەت،
كىشى نىئمەتكە شۇكۇر ئەتسە تاپار رەھمەت قاچار زەخمەت،
مۇۋافىق ئەر ـ خاتۇن بولغانغە لۇتفى ھەق ئەتا پەيدا.

يەنە تۆرتنى قەرىن ئاتا، قەرىن ئانا دېمەك رەسمى،
بۇ رەسمىنى دېمەي ئۆزگە ئاتىنى بىز دېسەك ئەسكى،
ئاڭا ئەسكى كېلىن ياكى كۇيەۋ ئوغلان بولۇر خەسمى،
چەراكى ئول قەرىن بولماقغە فەرزەندى ئېرۇر دەسمى.
ئۆلارسىز بولماغاي ئېردى ئاكا بىرلە ئۇكا پەيدا.

بۇ ئىككىدىن جەھان خەلقى ئەجايىب بارچە كۆڭلى خۇش،
كۆڭۇل خۇشلارى خۇشلاشماق بىلە خۇشلۇقدا خۇب بىھۇش،
بۇ بىھۇشلارنى ئەھلى ھۇش خۇشامەت بىرلە قىلدى قۇش،
قوشالماسقە قوشاق قوشماق بىلە قوشلاشدا گەردى جۇش،
كۆڭۇل جۇشقە كىرىپ سەھرادا قىشلاق ياچىقا پەيدا.
......

## 22 . ئابدۇقادىر ئەزىزى

ئابدۇقادىر داموللام (1924 ـ ؟1954/5) ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر دېموكرات بولۇپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرىدىن، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساس سالغۇچىلىرىدىن بىرى.
ئابدۇقادىر داموللام ئاتۇش مەشھەدتە دۇنياغا كەلگەن[1]. بۇخارا

[1] يەنە بىر قاراشتا كاشغەر شەھرىدە تۇغۇلغان دېيىلىدۇ. بۇ ھەقتە شېرىپ خۇشتارنىڭ «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى شەخسلەر» ناملىق كىتابىنىڭ 353 ـ بېتىگە قارالسۇن (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى).

مەدرىسەلىردە ئوقۇغان. كېيىنچە مەكتەپ، مەدرىسەلەردە مۇئەللىملىك، مۇدەررىسلىك قىلىپ، جامائەت خىزمەتلىرى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تۆھپىسى كۆپرەك مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتا كۆرۈلگەن. ئۇ ئوقۇتۇشنىڭ مەزمۇنى، ئۇسۇلى ۋە دەرسلىك ماتېرىيالى قاتارلىق تەرەپلەردە خەلقنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق، بىرلىك، ئىلىم - مەرىپەتتىن ئىبارەت دېموكراتىك شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغان. ئۇ «سەرف نەھۋى»[①]، «ئىلمى تەجۋىد»[②]، «ئىلمى ھېساب»، «ئەقائىدى زەرۇرىيە»[③]، «ئەقائىد جەۋھەرىيە»، «تەلىمى سەبىيات»[④]، «فەسايىھۇل ئەنفال»[⑤]، «مىفتاھۇلئەدەب»[⑥]، «نەسىھەتى ئاممە» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان[⑦⑧].

ئابدۇقادىر داموللام ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە تەلىم - تەربىيەسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ «مۇتائىلە ھىدايەت» دېگەن ئەسىرىدە كەڭ خەلق ئاممىسىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، ئاڭ - پىكرىنى ئېچىش، دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئابدۇقادىر داموللام يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ھەق - ئادالەتنى كۆيلەيدىغان، ئەينى زاماندىكى پارىخورلۇق، تۆرىچىلىك، ئىككى يۈزلىمىچىلىك، قاششاقلىق، مەككارلىق قاتارلىق يارىماس

---

① مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس.

② قىرائەت.

③ زۆرۈر ئەقىدىلەر.

④ بالىلار تەربىيەسى.

⑤ ياش - ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت.

⑥ ئەدەبىيات ئاچقۇچى.

⑦ ئۇنىڭ «جەۋاھىرۇل ھەقايىق» (ھەقىقەت جەۋھىرى) ناملىق ئەسىرى مىسىردىكى ئەزھەر ئىنستىتۇتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

⑧ «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە تارىخى» (شاۋ ۋەنيۈەننىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە يېزىلغان)، ئەنخۇي خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 990 - بەت.

ئادەتلەرگە نەپرەتلىنىپ، شىكايەت بىلدۈرگەن شېئىر، مۇخەممەسلەرنى يازغان. بۇ ئەسەرلەر بەدىئىي تىل، ھەجۋىي كۈچىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن نەپسانىيەتچىلەرنىڭ يېغىرىغا تەگكەن.

ئابدۇقادىر داموللام بىر تەرەپتىن ھەق ـ ئادالەت، ھۆرلۈك، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلىپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن قول سېلىپ ئەمەلىي ئىشلىگەن، ئۇلۇغۋار غايە ۋە تەۋرەنمەس ئىرادىگە ئىگە جامائەت ئەربابى ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ خەلق ئاممىسىنى تەشكىللەپ، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىگە، خەلقنىڭ ئېڭىنى زەھەرلەيدىغان قىلمىشلىرىغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەنلىكى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى كاتتا ھادىسە بولۇپ سانىلىدۇ. شۇڭا، كاشغەر شەھىرى كونا ئوردىدىكى كۆتۈپخانىدا سۇيىقەستچىلەر تەرىپىدىن پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلۈشتەك تىراگېدىيەگە دۇچار بولىدۇ. لېكىن، ئالىمنىڭ مۇبارەك نامى ۋە شانلىق ئىدىيەسى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەھمىيەتلىك ئورنىنى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرمەكتە.

شائىرنىڭ «بۇ زاماندىن نەچچە ئەفسانە ھېكايەت ئەيلەيىن» ۋە «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» دېگەن شېئىرىي ئەسەرلىرى داڭلىقتۇر.

ئالدىنقىسى مۇخەممەس شەكلىدە يېزىلغان داستان بولۇپ[1]، شائىر بۇ مۇخەممەسنى لىرىكىلىق كەچۈرمىشلەر تەرزىدە ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق تارىخىنى ئوبرازلىق ئىپادە قىلىدىغان بىر خىل تارىخىي مۇخەممەس شەكلىدە يېزىپ چىققان. مۇخەممەستە لىرىكا بىلەن ئېپىكا، تارىخىيلىق بىلەن ئەدەبىيلىك، ئوبيېكتىپلىق بىلەن سۇبيېكتىپلىق ئەقىلگە سىغارلىق دەرىجىدە جىپسىلاشتۇرۇلغان. شائىر مۇخەممەسنى

---

[1] مۇخەممەس جەمئىي 118 كۇپلېت، 598 مىسرا، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىللىق 1 ـ سانى.

مۇنداق باشلىغان:

بۇ زاماندىن نەچچە ئەفسانە ھېكايەت ئەيلەيىن،
كۆڭلۈمە ناقىسغە يەتكەنىن رىۋايەت ئەيلەيىن،
چەرخى مەككار ھىيلەسىدىنكىم كىنايەت ئەيلەيىن،
ئەھلى ئالەمدىن نەچچە تەئرىف شىكايەت ئەيلەيىن،
دەر تەسەللىم بولسا مۇنسىف زىخىرەد ئەھلى زەمان.

دېمەك، شائىرنىڭ مۇخەممەسنى يېزىشتىكى مەقسىتى تارىخنى ئەسلەش، شۇنداقلا ئاچچىق ساۋاقلار، پاجىئەلىك كۆرۈنۈشلەر، مەسخىرىلىك مەغلۇبىيەتلەر، قايغۇلۇق تۇرمۇشلارنى ئىبرەت قىلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت. ئۇ ئادالەت بىلەن ئىش قىلغان، نەپسىنى يىغىپ، ئىنسابنى دوست تۇتقان، ئىلىم - مەرىپەتكە قىزىققان، ھالال ئەمگەك قىلغان، رەھىم - شەپقەتلىك بولغان، ئەدەپ - ئەخلاق يولىنى تۇتقان كىشىلەرنىڭ نام - نىشانى، شانۇشەۋكىتى زىيادە بولۇپ، تىللاردا داستان قىلىنغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەكسىچە، قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەر بولسا نام - نىشانسىز، ئىز - دېرەكسىز دۇنيادىن كېتىپ قالغانلىقىنى نۇرغۇن مىساللار ئارقىلىق تەسۋىرلەپ كۆرسىتىدۇ.

## 23. ئارەزى

ئەلىخان موللاخۇن ئوغلى ئارەزى (1869 — 1942) ئۆزبېكىستاننىڭ مەرغىلان ۋىلايىتى شەھرىخان ناھىيەسىنىڭ كاشغەر مەھەللىسىدە بىر ئۇيغۇر كوزىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. شائىرنىڭ بوۋىسى مۇھەممەدكەرىم ئاخۇن 1830 — 1835 - يىللار ئەتراپىدا كاشغەر شەھرىدىن ئەنجانغا چىقىپ كەتكەن ئۇيغۇرلاردىن ئىدى. مۇھەممەدكەرىم ئاخۇن كاشغەرنىڭ «كوزىچى

ياربېشى» مەھەللىسىدە ياشىغان كوزىچىلار (كۇلالچىلار) ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن.

ئارەزى 1890 - يىللاردىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممە ئەسەرلىرىنى ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىدا يازغان. شۇ تىلنىڭ ھەممە گۈزەل ۋاسىتىلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، يۈكسەك بەدىئىيلىككە ۋە چوڭقۇر سىياسىي - ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە نادىر شېئىرلىرى بىلەن ئۆزبېكىستان خەلقى ئىچىدە ئۇنتۇلماس خاتىرە قالدۇرغان.

ئارەزى ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ سەمەرىلىك باسقۇچى 1903 — 1917 - يىللاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دەۋردە شائىر ئەينى زامان ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار قانىتى — دېموكراتىك پىكىر ئېقىمى تەرىپىدە تۇرغانىدى. ئۇ يېڭىلىقنى، مەرىپەتنى، دېموكراتىيەنى، ئاياللار ئازادلىقى ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىكنى كۈيلىدى.

ئارەزىنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئاۋۋالقى شېئىرلىرى مەتبۇئات يۈزى كۆرمىگەن بولسىمۇ، خەلق تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، ئۆزبېكىستان خەلق ھاپىزلىرى (خەلق ناخشىچىلىرى) تەرىپىدىن ئاھاڭغا سېلىنىپ پۈتۈن ئۆزبېكىستانغا تارىغانىدى. ئۇنىڭ «تېپىلمايدۇ»، «نىكاھ ئەيلەي»، «ئەي كۆڭۈل»، «كۆردۈم» قاتارلىق شېئىرلىرى ئۆزبېكىستان خەلق ئەشۇلىسى تەرىقىسىدە ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كېلىنمەكتە.

ئارەزى ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭ ھەجۋىي قەلىمى ئۆتكۈر ئىدى. ئۇ جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ناچار ئىللەتلەرنى شەپقەتسىز سۆكۈپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۆڭۈل مايىللىقىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۆتمۈشتىكى شېئىرىيەت ئەنئەنىلىرىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلغان ھالدا تۇرمۇش تېمىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت يۆنىلىشىگە ئايلاندۇرغانىدى. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، ئارەزى ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتىدا مەھمۇد، مۇقىمى ۋە فۇرقەت باشلاپ

بەرگەن دېموكراتىك ئەدەبىي ئېقىمنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئارەزى سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە يازغان ئەسەرلىرى بىلەن دېموكراتىك شائىر، جامائەت ئەربابى سۈپىتىدە نام چىقارغان بولسىمۇ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىجادى سوتسىيالىستىك ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىدە تۆھپە قوشقان ئىلغار ئەدەبىي ئېقىمغا مەنسۇپ بولدى. چۈنكى، سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ۋەقەلەر ئارەزىنىڭ ئېڭىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش ياسىغانىدى. ئۇ سوۋېت ھاكىمىيىتى يىللىرىدا يۈز بەرگەن ھەربىر ھادىسىنى، سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتقان سوۋېت خەلقىنىڭ تارىخىي غەلىبىلىرىنى ئۆز شېئىرلىرى ئارقىلىق مەمنۇنىيەت بىلەن كۈيلىدى.

ئارەزى شېئىرلىرى ئۆز دەۋرىدىكى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. 1958 - يىلى ئۆزبېكىستان بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتى ئارەزى شېئىرلىرىنى تۇنجى قېتىم توپلام قىلىپ نەشر قىلغان.

ئارەزى ئۇيغۇر شائىرى ئىدى. ھازىرقى ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتىدىمۇ ئۇ ئۇيغۇر شائىرى سۈپىتىدە تونۇلغان. شائىر ئۆزىنىڭ كاشغەرلىك ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە قەيت قىلغان.

ئارەزى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا دېموكراتىك ئىدىيە، جۈملىدىن سوتسىيالىستىك ئىدىيەلەرنى دەسلەپ قىلىپ ئىپادە قىلغان شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ مۇبارەك نامىنى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىغا كىرگۈزۈش تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 24. ئوسمان ناتەۋانى

ئوسمان (1860 — 1955) ئابدۇرەھمان دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ناتەۋانى دېگەن سۆزنى



www.uyghurkitap.com

تەخەللۇس قىلغان. تولۇق نامى ئوسمان بىننى ئابدۇرەھمان ناتەۋانى. كاشغەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۆز يۇرتىدىكى «مەتلەئۇل ھەسەنىيە» ۋە كاشغەر شەھىرىدىكى «خانلىق مەدرىسە» دە ئوقۇغان. كېيىن تاشكەنت، ئالمۇتا، ئۇفا، بۇخارا، قازان قاتارلىق جايلارغا، كېيىنچە يەنە دەمەشىق، تېھران، كابۇل قاتارلىق جايلارغا بېرىپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. ئوسمان ئۆز يۇرتىدا ئۇزاق يىل مۇدەررىسلىك قىلىپ ئوقۇغۇچى تەربىيەلىگەن. ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ «غەزەلىيات ئەرەبى»، «دىۋانى ناتەۋانى»، «دىۋان مۇختەلىفات ناتەۋانى» قاتارلىق شېئىرىي توپلاملىرى بولغان. بۇلاردىن باشقا بىر قاتار تارىخىي، نەزەرىيەۋى، تېببىي كىتابلارنى يازغان. تۆۋەندە شائىرنىڭ مۇختەلىف شەكلىدە يېزىلغان شېئىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

«مۇختەلىف» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدا ھەر خىل، تۈرلۈك - تۈمەن، قارىمۇقارشى، ئىختىلاپلىق، ئۆزگىرىپ تۇرغان، قىسقىسى، ئوخشاشمايدىغان شېئىرىي شەكىل دېگەنلىكتۇر. ئۇ ئەكس ئەتكەن پىكىرنىڭ پەلسەپىۋىلىكى جەھەتتە قىتئە ياكى رۇبائىيغا، كۇپلېت تۈزۈلۈشى مەلۇم جەھەتتىن مۇرەببەگە، مىسرالىرىدىكى ئومۇنىم سۆزلىرى مۇھتەمىلات (تۇيۇق) قا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر خىل شەكىل.

مۇختەلىفتە تۆت مىسرا بىر كۇپلېت، بىر كۇپلېتى بىر ئەسەر بولۇپ، مىسرالارنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى (بوغۇم سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى) جەھەتتە چەكلەنمەيدۇ. قاپىيەلىنىش شەكلىدىن ئېيتقاندا: (1) ئالدىنقى ئۈچ مىسرانىڭ ئاخىرقى قاپىيەلىرى ئومۇنىم (شەكىلداش) سۆزلەردىن ئۇدا قاپىيە ھاسىل قىلىشى (aaab شەكلىدە تۈزۈلۈشى)، كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا، بىر خىل سۆزنىڭ ئۈچ خىل مەنىدىكى شەكلىدىن تۈزۈلگەن قاپىيەدە كېلىشى كېرەك؛ (2) ئۈچىنچى مىسرانىڭ ئاخىرقى قاپىيەداش

سۆزى چوقۇم بۇيرۇق پېئىلدىن تۈزۈلۈشى كېرەك. بۇ ئۇنىڭ مۇھتەمىلاتتىن پەرقلىنىدىغان مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرىدۇر؛ (3) تۆتىنچى مىسراسى ئالدىنقى قاپىيەداش مىسرالارغا بېقىنمىغان هالدا ئۆز ئالدىغا قاپىيەسىز (ئوچۇق) قالدۇرۇلۇپ، ئۇ بىر كۇپلېت شېئىر (مۇختەلىف) نىڭ تۈگەللىمىسى (پىكىر يەكۈنى) بولۇشى كېرەك. مانا بۇمۇ مۇختەلىفنىڭ مۇھتەمىلاتقا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكىدۇر.

مۇختەلىف ئۆز ئىچىدە يەنە مۇختەلىف ئادەتى (مۇختەلىف سەغىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، مۇختەلىف كامىلى ۋە مۇختەلىف قەرىن[①] (بەزىدە مۇختەلىف كەبىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دېگەن ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

## مۇختەلىف

ئەي مېئمارى[②] نەقش ئۇر كەيۋانغا[③]، نەۋا قىل،
مۇغەننى[④] مەقامىڭ ئۇر پالۋانغا، نەۋا قىل،
ناتەۋانىغا نەفئىڭ ئۇر، ئەلۋانغا[⑤]، نەۋا قىل،
ۋىسال دەمى مۈشكىلدۇر، تاك بىدارى ياشا.

[ئەي (مۇھەببىتىم قەسرىنى) قۇرغۇچى — مىمار، بۇ بىنانىڭ ناۋالىرىنى، ئىچ - تېشىنى ۋاپا ماتېرىيالى بىلەن نەقىشلە (زىننەتلە)؛ يېقىملىق كۈي - مۇقام ناۋالىرىڭ بىلەن مەندەك (رەقىبلىرىنى مەنستىمەيدىغان) پالۋانلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچ؛ ماڭا ۋە ماڭا ئوخشاش چىن مۇھەببەت يولىدىكى كۈرمىگلىغان

---

① قەرىن — باغلانغان، چېتىلغان دېگەن مەنىدە.
② مېئمار — بىناكار، قۇرۇلۇش ئۇستىسى.
③ كەيۋان — بىنا، قۇرۇلۇش، ئايۋان مەنىسىدە.
④ مۇغەننى — سازەندە.
⑤ ئەلۋان — باشقىلار، ئۆزگىلەر، ياخشىلار، كۈرمىڭلار مەنىسىدە.

مەردلەرگە خالىس ياردىمىڭنى ئايىما (بەخش ئەت)؛ (ئەمما ئىبسىڭدە بولسۇنكى) يار ۋەسلىگە يەتمەك ئۇنداق ئاسان ئەمەستۇر، (ۋىسال شەربىتىنى ئىچمەن دېسەڭ) تۈن ۋە تاڭنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈز، يەنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ھەر دائىم سەگەك بول. ]

بۇنىڭدىكى ئۈچ ئومۇنىم سۆز «ئۇر» بىلەن «نەۋا قىل» قوش قاتلاملىق ئورۇنلاشقان بولۇپ، «ئۇر»نىڭ بىرىنچىسى «چەك»، ئىككىنچىسى «چال»، ئۈچىنچىسى «بەخش ئەت» مەنىسىدە كەلگەن بولسا؛ «نەۋا قىل» نىڭ بىرىنچىسى «زىننەتلەش»، ئىككىنچىسى «كۈي - مۇقام ياڭرات»، ئۈچىنچىسى «نەپ يەتكۈز» دېگەن مەنىلەردە كەلگەن.

## 25. موللا فەنائىي

مولla فەنائىي ۋە «خەمسەتۇلھېكايەت»ناملىق ئەسەر توغرىسىدا

«خەمسەتۇلھېكايەت» «چاھار دەرۋىش» ھېكايىلىرى ئاساسىدا يېزىلغان مۇھىم بىر بەدىئىي يادىكارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر تۆت دەرۋىش ۋە پادىشاھ ئازادە بەختىنىڭ ھېكايىسى بىلەن قوشۇلۇپ بەش ھېكايىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن «خەمسەتۇلھېكايەت» (بەش ھېكايە) دەپ ئاتالغان. بۇ ھېكايىلەر ئىچىدە كىتاب مۇقەددىمىسىگە دائىر بايانلار ۋە بىرىنچى دەۋرۋىشنىڭ ھېكايىسى گۈزەل نەزم شەكلىدە يېزىلغان. ئىككىنچى دەرۋىشنىڭ ھېكايىسىدىن باشلاپ ئاخىرىغىچە بولغان قىسمى راۋان نەسرىي شەكلىدە يېزىلغان. ئەسەرنىڭ نەزمىي قىسمىدا بولسۇن ياكى نەسرىي قىسمىدا بولسۇن، بەدىئىي سەنئەت بىلەن يېزىپ چىقىلغان.

ئەسەرنىڭ نەزمىي قىسمى 2694 مىسرا ھەجىمدە. ئەسەرنىڭ نەسرىي قىسمىدا ئاپتور ئۆزىنىڭ تەخەللۇسىنى «فەنائىي» دېگەن نام بىلەن بىرقانچە يەردە تىلغا ئالغان:

چۈن ياسار كىم بۇزۇق رەباتىنى،
قويغاي ئالەمدە ياخشى ئاتىنى.
ياخشى ئات ئىستەسەڭ، فەنائىي يانا،
ئاتى ئىككى جەھاندا فەقرۇ فەنا.

ئاپتور يەنە «بەيتى غەزەلىيات» قىسمىدا مۇنداق يازىدۇ:

مەستلىكتىن زەمانى تاپمان ھەش،
دەيىر ئارا بەس ماڭا بۇ ئېردى كام.
فەيزى بەرگەي فەنائىي ئەشئارى،
چەكسە مۇترىپ «نەۋا»، «ئەجەم» مەقام.

بۇ بايانلاردىن شائىرنىڭ «فەنائىي» دېگەن سۆزنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئاپتورنىڭ يۇرتى ۋە يېشى مەسىلىسىدە:

بەلەدى كاشغەر دىيارىم ئۇلۇب،
بار ئىدىم دەردى غەم ھىسارىم ئۇلۇب.
ئاھكىم، ئۆتتى ئۆمرى غەفلەتدە،
بولمادىم ھېچ ياخشى خىسلەتىدە.
بار يۇزمىڭ قۇسۇر ھالىمدا،
زاھىر ئولمىشكى ئاق ساقالىمدا.

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ئاپتور يۇرتىنىڭ كاشغەر ئىكەنلىكى قاتارلىق بەزى نۇقتىلار يورۇتۇلغان. ئەمما، شائىرنىڭ ياشىغان ۋاقتى ۋە ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس.
«خەمسەتۇلھېكايەت» گەرچە غەرب ھېكايەتلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئەسەردە ئۇيغۇرلارنىڭ باشقىلارغا سالام بېرىش ۋە سالامنى ئىلىك ئېلىش، باشقىلارنىڭ دەرد ـ ئەھۋالىغا يېتىش، مېھماندارچىلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى تورمۇش



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ئالاھىدىلىكى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، بولۇپمۇ ئۇنىڭدا «ئون ئىككى مۇقام» ھەققىدە مۇھىم مەلۇماتلارمۇ بېرىلگەن:

سازىدىن بەھرلەردە يوق سەيلان،
لەھنىدىن بۇلبۇل بولۇپ ھەيران.
تەركىبتۇر ئانىڭ «ئون ئىككى مەقام»،
زاھىر ئەيلەب يىگىرمە تۆت شۇئبە،
پۇتكىرب ئاندا قىرىق سەككىز لەئبە.
تاپتىلار ئۆز مەھەلىدە تەركىب،
بەردىلەر يۇز نەغمەسىدە يۇز تەرتىب.

يۇقىرىقى مىسال ئېلىنغان مىسرالاردا «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ۋە ئۇنىڭ تەركىبي قىسىملىرى بىر-بىرلەپ تىلغا ئېلىنغان.

دېمەك، ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋىلىك ۋە بەدئىيلىك جەھەتتىكى قىممىتى يۇقۇرى بولۇپ، بۇ ئەسەرنى ئۆگىنىش ۋە داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزغا ئەرزىيدۇ[1].

---

① مولىلا فەنائىي: «خەمسەتۇلھېكايەت» (ھۆرلىقا سىيىت تەييارلىغان)، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2009 - يىلىلىق 2 -، 3 - سانلىرى.

# ئاخىرقى سۆز

1971 - يىلى كۆزدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىنى تۈگىتىش ئالدىدا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچۇم خۇدابەردى ئابدۇللا مۇئەللىم تەرىپىدىن ئارىيەت ئېلىپ كېتىلگەن ۋە مەرھۇم دادام ئوسمان قاسىم ئۇزاق يىللار ساقلاپ كەلگەن «خەنسۇ ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابنى قايتۇرۇپ كېلىشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. ئۇنى قايتتۇرۇۋېلىشىمىزدىكى سەۋەب، ئائىلىمىزدىكى مېنىڭ ۋە باشقا قېرىنداشلىرىمنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى شۇ كىتابتىكى بىر قەغەزگە يېزىپ قويۇلغان دېگەن مەقسەت ئاساس قىلىنغان. بۇ كىتابنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىياتشۇناسى ن. ت. فىدرىنكو رۇس تىلى بىلەن يازغان بولۇپ، 1956 - يىلى رۇسچە نەشر قىلىنغان. باراتوپ ئابدۇللا، خۇدۇمبەردىيوپ خېلەم قاتارلىقلارنىڭ تەرجىمە قىلىشى بىلەن تاشكەنت «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى 1958 - يىلى ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىنى نەشر قىلىپ، ئەينى زامانىنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە «خەنسۇ ئەدەبىياتى» دېگەن نام بىلەن تارقاتقان. كىتاب ئۆكسۈكچىلىك ئېغىر ئاشۇ كۈنلەردە بۇ كىتاب مەن ئۈچۈن قىممەتلىك كىتاب بولۇپ قالدى. ئۇقۇشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئۇنى تەكرار - تەكرار ئوقۇپ چىقتىم. چۈ يۈەن، لى بەي، بەي جۈيى، دۇفۇ، ساۋ شۆچىن، لۇشۈن قاتارلىق جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆتكەن ئۇلۇغ ئەدىبلەرنىڭ ھاياتى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى، بۇ توغرىدىكى تەھلىللەر ئۆسمۈرلۈك قەلبىمنى بىراقلا چۇلغىۋالغانىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ كىتاب مېنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشىمنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە ياردەم بەردى. ئەنە شۇ چاغلاردا

مەندە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭمۇ قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن مۇشۇنداق داڭلىق شائىرلىرى، ئەدىبلىرى بولغىيمىدى، دېگەن ئوي پەيدا بولۇپ قېلىپ، بۇنى دادامدىن بالىلارچە قىياپەت بىلەن سوراپ باقتىم. دادام يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەري، ئەلىشىر نەۋايى، مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي، ئابدۇرەھىم نىزارىي، گۇمنام (ھىرقەتىي)، موللا بىلال قاتارلىق ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئۆتكەنلىكى توغرىسىدا قىسقىچە سۆزلەپ بېرىپ، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەري توغرىسىدا ئەڭ دەسلەپ، 1946 - يىلى كۈزدە كاشغەر شەھىرىدىكى ھېيتگاھ كىنوخانىسىدا ئېچىلغان بىر قېتىملىق چوڭ يىغىندا بۇرھان شەھىدىنىڭ سۆزىدىن ئۇچۇرلارنى ئاڭلىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن بولدى. بۇرھان شەھىدى شۇ قېتىملىق سۆزىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەتلىك خەلقلەردىن ئىكەنلىكىنى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەري قاتارلىق ئەدىبلىرى، تىلشۇناسلىرىنىڭ بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كاشغەردە ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى تىلغا ئالغانىكەن. ۋاھالەنكى، بۇلار مەندە بەك چوڭ ئەكس تەسىر پەيدا قىلالمىغانىدى. چۈنكى، مەن شۇ چاغقىچە ئۇلارنىڭ بىرەر ئەسىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تەرجىمىھالىغا دائىر قىسقىچە بىر ماتېرىيالىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدىم. بۇنىڭ سەۋەبى تولىمۇ ئاددىي بولۇپ، ئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» زامانىسىدا بۇلارغا دائىر ماتېرىياللار ئائىلىمىزدىن ۋە مەكتەپنىڭ قىرائەتخانىسىدىن ئېلىپ چىقىلىپ نابۇت قىلىۋېتىلگەنىدى. 1973 - يىلى كۈزدە ساۋاقدىشىم تۇردى جۇمە مۇقاۋىلىرى يوق بىر ژۇرنالنى ئوقۇۋېلىشىمغا بەردى. ئۇ«شىنجاڭ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى بولۇپ، قانچىنچى يىلىدىكى قايسى سانلىقى ئېنىق ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭدا تېيىپجان ئېلىيوپ تەييارلىغان «گۇمنام غەزەللىرى» بار ئىكەن، 1980 - يىللاردىن كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدىن•بۇ ژۇرنالنىڭ 1962 - يىللىق 8 - سانى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم. 1973 - يىلىدىن سەل ئىلگىرىرەك يەنە بىر مەھەللىلىك ساۋاقدىشىم

ھېكىم زۇنۇن ساقلىغان ئابدۇللا توقاي شېئىرلىرى، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشىم مۇختەر ئۇرايىم ساقلىغان «مۇھەببەت ۋە نەپرەت» (ل. مۇتەللىپنىڭ شېئىرلار توپلىمى) قاتارلىقلارنىمۇ ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولۇپ قالغانىدىم. گۇمنام شېئىرلىرى بىلەن تونۇشۇشۇم مېنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى ھەققىدە تۇنجى قېتىم ئەمەلىي زوققا ئىگە بولۇشۇم ئىدى.

پاساھەتلىك شائىر گۇمنامنىڭ ئاجايىپ ماھارەت بىلەن يېزىلغان لىرىكىلىرى، بولۇپمۇ «كاشغەر» رادىپلىق غەزىلى مېنىڭ يۇمران قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ مەڭگۈگە ساقلىنىدىغانلىقى شۇ چاغلاردىلا بىلىنگەن بولسا كېرەك. مانا شۇ مىنۇتلاردا خۇددى خەنزۇ ئەدەبىياتى تارىخىغا ئوخشاش ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى كىتابى بولغان بولسا ياخشى بولغان بولۇر ئىكەن دېگەن باللارچە خىيالنىڭ خىرە - شىرە ئىپسىمدىن كەچكەنلىكى ھېلىمۇ يادىمدا ئېنىق تۇرۇپتۇ. بەختىمگە يارىشا 1978 - يىل 2 - ئايدا 1977 - يىللىق ئوقۇغۇچى ھېسابىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات كەسپىگە قوبۇل قىلىنىپ، بىر يىل خەنزۇ تىلى، تۆت يىل كەسىپ ئوقۇشقا نېسىپ بولۇندى. بۇ جەرياندا ئەينى چاغدا شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئىشلىرىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاغزىدىن تىل - ئەدەبىيات پېنىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بويىچە سىستېمىلىق بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. ئوقۇش جەريانىدا باشقا پەنلەرگە ئوخشاشلا «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» دەرسىنى قىزىقىپ ئۆگەندىم. مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىنتىلىشىمگە ئالاھىدە دىققەت قىلىۋاتقان ۋە مەزكۇر دەرسنى بېرىۋاتقان ھۆرمەتلىك ئۇستاز شېرىپىدىن ئۆمەر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ۋە مەكتەپ رەھبەرلىرىگە ئالاھىدە ئىلتىماس قىلىپ، مېنى ئۆزىگە شاگىرت قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانىكەن. ئەينى زاماننىڭ ئوقۇتۇش ئېھتىياجى ۋە مۆھتەرەم ئۇستازنىڭ سەمىمىي، ئادىل تەلىپىنىڭ

سەۋەبى تۈپەيلىدىن مەن 1983 - يىل 2 - ئايدا ئوقۇشنى تۈگىتىشىم بىلەنلا ئۆزۈم ئوقۇغان فاكۇلتېتقا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىندىم ۋە شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپلا ئىككى يىل، تۆت مەۋسۇم، ھەر مەۋسۇمدا 72 سائەتتىن جەمئىي 288 سائەتلىك «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» دەرسىنى سۆزلەش ۋەزىپىسىنى زىممەمگە ئالدىم. ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىقىنى قىلىپ باققانلار ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ھەرگىز ئوڭاي ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم بىلىم ئاشۇرۇشۇم، پىراكتىكا قىلىشىم، مەشىق قىلىشىم، مەلۇم ۋاقىت تەجرىبە توپلىشىم، ھېچبولمىدى دېگەندە بىر مەزگىللىك ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشۈم، مۇكەممەل دەرسلىكنى ئاساس قىلىشىم، شۇ دەرسلىكنى ئوقۇپ چۈشىنىشىم كېرەك ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇش مۇنبىرى مەن ئۈچۈن تاۋلىنىش، پىشىش سورۇنى بولدى. مەيدانغا كۆكرەك كېرىپ چۈشۈشۈم بىلەن تەڭ پۈتۈن ئەس - يادىم، دىققىتىم بۇ دەرسنى قانداق قىلىپ ئىككى يىل ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك سۆزلەشكە تۇتۇنۇش بولدى. تەشكىلنىڭ، ئۇستازلارنىڭ، بولۇپمۇ كۆيۈملۈك ئۇستازىم شېرىپىدىن ئۆمەرنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشى، ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ساددا - سەمىمىيلىكى، بىلىمگە ئىنتىلىشچان روھى، بولۇپمۇ «ئۇستاز»غا بولغان ئەنئەنىۋى ھۆرمەت ھېسسىياتىنىڭ ياردىمى بىلەن تۇنجى كىرگەن سىنىپتىن مۇددەتتىن بۇرۇن «قوغلانماي»، بەلكى كۆڭۈللۈك، ئۇتۇقلۇق ئاخىرلاشتۇرۇلغان بۇ دەرس مېنىڭ پۈتۈن تەقدىرىمنى ئۆزگەرتتى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» بىلەن چەمبەرچاس قىلىپ باغلىۋەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مېنى سىنىپتىن قوغلىۋەتمەي، سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشىغا تۇنجى قېتىملىق دەرسنى باشلاشتىن بۇرۇن ئالاھىدە تەلەپپۇزدا ئېيتقان رۇسلارنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى لومونوسوف (1711 — 1765)نىڭ «دۇنيادا بۇرۇن ئالىم بولمىغان، ئالىملارنى ئادەتتىكى كىشىلەر يېتىشتۈرۈپ چىققان» دېگەن

www.uyghurkitap.com

ھېكمەتلىك سۆزى ئاساسلىق سەۋەب بولغانىكەن. شۇنداق قىلىپ مەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇش مۇنبىرىدە 25 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتنى «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» دەرسىنى سۆزلەش، تەتقىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. بۇ جەرياندا «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» (1987 - يىلى)، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» (ئىككى قىسىم، 1996 - يىلى)، «ئۇيغۇر قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى» (1999 - يىلى، خەنزۇچە) ، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2001 - يىلى) قاتارلىق مەخسۇس تېمىلىق ۋە دەرسلىك خاراكتېرىدىكى كىتابلىرىم نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (ئىككى قىسىم، 2002 - يىلى) ناملىق ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى ۋە «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى» (ئىككى قىسىم، 2004 — 2005 - يىلى) قاتارلىق كىتابلارنى تۈزۈش ۋە يېزىشقا يېتەكچىلىك قىلدىم. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (ئۈچ قىسىم، 1993 — 1995 - يىللار)، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (خەنزۇچە، 1998 - يىلى) قاتارلىق كىتابلارنىڭ پروگراممىسىنى تۈزۈش ئىشىنى قىلدىم، يەنە ئاساسلىق مەزمۇنلىرىنى يېزىپ چىقتىم ۋە بۇ كىتابلارنىڭ شەكىل، مەزمۇن، تىل، ئۇسلۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت جاپالىق ئىشنى قىلدىم. يەنە نەچچە ئونلىغان كىتابلارنى يېزىشقا قاتناشتىم، مەخسۇس ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىغا ئالاقىدار دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەتبۇئات ساھەسىدە 100 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدىم. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى جەمئىيەتتە، جۈملىدىن ئىلىم ساھەسىدە بەلگىلىك دەرىجىدە ئىجابىي تەسىر پەيدا قىلدى. شىنجاڭدىكى ۋە دۆلەت ئىچى، ھەتتا چەت ئەللەردىكى بەزى ئالىي مەكتەپلەر مەن تۈزگەن ۋە يېتەكچىلىك قىلغان يۇقىرىقى كىتابلارنى دەرسلىك قىلىپ قوللىنىپ كەلدى. بەزى كىتابلار ماگىستىرلارنىڭ يۈنىلىشلىك زۆرۈرىي ئوقۇشلۇقى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى ۋە

يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا ئېرىشىپ ئېلان قىلغان ئىلمىي قاراشلىرىم كېيىنچە يېزىلغان، ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر ماقالە، كىتابلارنىڭ شۇ مەزمۇندىكى جايلىرىدا ئاساسلىق تەتبىقلىنىدىغان ۋە قوللىنىلىدىغان بىرقەدەر ئۆلچەملەشكەن نەزەرىيەۋى قاراشلار بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئۇچۇن مۇشۇ چاغقىچە ئىلمىي ساھەدە قىلغان ئىشلىرىمنىڭ نەتىجىسىدىن تولىمۇ سۆيۈنىمەن. ئەمما، ماكان، زامان، مۇھىتنىڭ تەسىرى بىلەن ئىشلىگەن بەزى نەتىجىلەر دەۋرنىڭ، ۋەزىيەتنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتەلمەي شاللىنىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل بەك غەش بولدى. بۇنىڭ ئۇچۇن ئۆكۈنۈشنى چەتكە قايرىپ قويۇپ، بۇ يولدا يالتىيىپ قالماستىن، بەلكى بۇ جەھەتتە ئىدىيەمنى يەنىمۇ توغرىلاپ، سىياسىي، نەزەرىيەۋى بىلىم - سەۋىيەمنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئىزدىنىش - تەھقىقلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» ساھەسى بويىچە ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتنى داۋاملاشتۇرۇپ، ، چىدام - غەيرەت بىلەن داۋاملىق ئالغا بېسىشنى نىيەت قىلدىم، شۇنداق قىلغاندىلا مۇراد - مەقسەت ئەمەلگە ئاشىدۇ دەپ ئويلىدىم، ۋەتەن، خەلق تاپشۇرغان ۋەزىپىنى شەرەپ بىلەن ئورۇنلىغان بولىمەن دەپ ھېسابلاپ كەلدىم.

بۇ قېتىم «قەشقەر مەجمۇئەسى»نى تۈزۈش - يېزىش ھەيئىتى مېنىڭ «قەشقەرنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتى» نامىدا بىر كىتاب تەييارلاپ بېرىشىمنى ھاۋالە قىلغانىكەن. مەن دەسلەپ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئاڭلاپ ئېڭىرقاپ قالدىم، يەنە تېخى بىر مەزگىل دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قېلىپ ئويلاندىم. بۇ ۋەزىپىنى قەشقەردە تۇرۇپ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان باشقا بىرەر كىشى قىلسا مۇۋاپىق بولغۇدەك، بۇ ۋەزىپىنى شۇلارغا ئۆتكۈزۈۋېتەي دېگەن خىيالغىمۇ كەلدىم. مانا مۇشۇنداق ئارىسالدى بولۇپ تۇرغان چاغلىرىمدا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «مەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئوغلى» دېگەن مەشھۇر سۆزى ئېسىمدىن

www.uyghurkitap.com

قايتىدىن كەچتى. پۈتۈن دۇنيانىڭ تىنچلىق ئىشلىرى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان بۇ ئۇلۇغ ئەرباب ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ بىر جۇڭگولۇقنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى جاكارلاشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن دۇنيا خەلقلىرىنىڭ تەرەققىياتى، تىنچلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى نىشان قىلغان. بۇ قانداق روھ ۋە قانداق ئىدىيە. بۇنى توغرا ۋە ئىلمىي چۈشىنىش ئۈچۈن تەپەككۇر قىلىشقا، ئىزدىنىشكە توغرا كەلدى. ئاخىر پەلسەپە كىتابلىرىنى ۋاراقلاپ، ئۇنىڭدىكى ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىكنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت كاتېگورىيە دىققىتىمنى يەنە بىر قېتىم ئۆزىگە تارتتى.

ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىك دىيالېكتىكىنىڭ بىر جۈپ مۇھىم كاتېگورىيەسى. ئۇلار شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتى پۈتۈنلۈك ۋە ئايرىملىق جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە يەكۈنلەيدۇ. ئومۇمىيلىق دېگەندە، شەيئىلەرنىڭ پۈتۈنلۈكى ۋە شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي جەريانى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شەيئىلەرنىڭ پۈتۈنلۈكىنى تەشكىل قىلغان ھەرقايسى قىسىملار، ھەرقايسى تەرەپلەر ۋە شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى باسقۇچلار قىسمەنلىك بولىدۇ[1]. يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بىر پۈتۈنلۈك خاراكتېرىدىكى نەرسە قىسمەنلىكتىن ئايرىلىپ مۇستەقىل تۇرالمايدۇ. بىر پۈتۈنلۈك ئۆزىنىڭ بارلىق قىسمەنلىكلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ». «قىسمەنلىك خاراكتېرىدىكى نەرسە بىر پۈتۈنلۈك خاراكتېرىدىكى نەرسىگە تەۋە بولىدۇ.»[2] مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» پېنى بويىچە 25 يىلدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىلىق ۋە تەتقىقات بىلەن مەشغۇل بولۇشۇم ئومۇمىيلىق بولۇپ،

---

[1] «پەلسەپە ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىلى نەشرى، 340 -، 341 - بەتلەر، ئۈرۈمچى.

[2] «جۇڭگو ئىنقىلابى ئۇرۇشىنىڭ ئىستراتېگىيە مەسىلىسى»، «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» I توم، ئۇيغۇرچە كونا يېزىق نەشرى، 325 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، نۇرلاندۇرۇش جەھەتتە تېگىشلىك رولۇمنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەن، خەلق تاپشۇرغان شەرەپلىك ۋەزىپىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئورۇنلاپ چىقتىم. ئەمدى ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە «قەشقەرنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتى»دىن ئىبارەت بۇ ماۋزۇ ئاستىدا كىتاب يېزىشىم قىسمەنلىك بولسىمۇ، بىراق ئۇ بىر پۈتۈن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى»دىن ئىبارەت بۇ پەننىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلىغانلىق ئىكەنلىكى ئەقىلگە سىغمايدىغان نەرسە ئەمەس، دەپ لىللا ئويلاندۇرىدىكەن. مېنىڭ قەشقەردە تۇغۇلۇشۇم، ئالدى بىلەن قەشقەرلىك بولۇشۇم ۋە بۇنىڭ شەرىپى ئۈچۈن «قەشقەرنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتى»دىن ئىبارەت بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىشىم قىسمەنلىك، ئايرىملىق، يەككىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» ساھەسى بويىچە ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ئېلىپ بېرىش مېنىڭ كەسپىي ھاياتىمدا ئىشلىگەن ئاساسلىق ئەمگىكىم بولۇپ كەلگەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىمكانىيەت يار بەرسىلا بۇ ساھەدە يەنە باش چۆكۈرۈپ خىزمەت قىلىمەن. ۋاھالەنكى، مەن بىر ئىلمىي خادىم، دۆلەت ۋە خەلق يېتىشتۈرۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ زىيالىيسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە 30 نەچچە يىللىق ھاياتىم ـ ئۆمرۈمنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئۆتكەن، شىنجاڭدىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن. شۇڭا، «قەشقەرنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتى»دىن ئىبارەت بۇ يەككە تارماق بىلەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى»دىن ئىبارەت ئومۇمىي پەننىڭ دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى چوقۇم ئىلمىي، توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىرادە تىكلىگەنمەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ، ئىلمىي خادىملارنىڭ، مىللەت، جەمئىيەتنىڭ شۇنداق دۇرۇس، بەلەن چۈشىنىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل، شۇنىڭ بىلەن بىرگە

باشقىچە چۈشىنىپ قالىدىغانلارنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلىمەن ھەمدە كىتابنىڭ مەزمۇنى، قۇرۇلمىسى، شەكلى، كۆزقاراشلىرى، مۇددىئا ـ مەقسەتلىرى توغرىسىدا تەكلىپ ـ تەۋسىيەلىرى، تەنقىدىي پىكىرلىرى بولسا قىزغىن قارشى ئالىمەن، مۇۋاپىق جايلىرىنى سەممىي قوبۇل قىلىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كېيىنكى ئىزدىنىش، تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ توغرا، تېخىمۇ ئىلمىي بولۇشى ئۈچۈن تەتبىقلاشقا تەييار تۇرىمەن.

2010 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

本书的本册较系统，全面，详细地介绍喀什噶尔文学创作，文学创作队伍及其近年来在文学方面所取得成绩。

www.uyghurkitap.com
كىتاب تور بېكىتى

图书在版编目(CIP)数据

喀什噶尔古典文学：维吾尔文 / 海热提江·乌斯曼著.
-- 喀什：喀什维吾尔文出版社, 2012.7
（《喀什噶尔》系列丛书；22）
ISBN 978 — 7 — 5373 — 2756 — 5

Ⅰ.①喀… Ⅱ.①海… Ⅲ.①维吾尔族—少数民族文学—古典文学—文学评论—喀什地区—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.①I207.915

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第170764号

责任编辑：阿尔祖古丽·斯迪克
责任校对：拜合提亚尔·阿不力米提

《喀什噶尔》系列丛书 (22)

# 喀什噶尔古典文学

海热提江·乌斯曼 著

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编:844000)
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 开本 12.375 印张 2 插页
2012年 7 月第 1 版 2012 年 7 月第 1 次印刷
印数：1—3000 定价：38.00 元

如有质量问题，请与我社联系调换 电话：0998-2653927